# ئىسلامىيەت، مەسىھىيەت
# ۋە ھەقىقەت

(قۇرئان ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن بۇ ئىككى ئېتىقاتنىڭ ئوخشاشلىقى
ۋە پەرقى ئۈستىدە ئىزدىنىش )

ئەنسالىن



# مۇندەرىجە


- تەرجىماننىڭ سۆزى

**1. خۇدا (ئىلاھ)**

- خۇدانىڭ خاراكتىرى
- تەقدىرچىلىك ۋە ئەركىن ئىرادە
- ئۈچ بىرلىك

**2. ئەيسا مەسىھ**

- قۇرئاندىكى خاتىرىلەر
- ئىنجىلدىكى خاتىرىلەر
- قەدىمقى بىشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى
- گۇناھسىزلىق ۋە گۇناھنى كەچۈرۈم قىلىش
- كىرىست، ئۆلۈم، تىرىلىش
- نام شەرىپى
- مۇقەددەس روھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
- خۇدانىڭ سۆزىنىڭ تەنگە ئايلىنىشتىكى مەقستى

**3. ئىنجىل**

- قۇرئاندىكى خاتىرىلەر
- ئىسلامنىڭ مەيدانى
- مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بەرگەن گۇۋاھلىقى
- مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئىشەنچىلىكلىكى
- بارنابا ئىنجىلى

**4. قۇرئان**

- قۇرئاننىڭ كىتاپ بولۇپ تۈزىلىشى
- قۇرئاننىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى
- ئىچكى زىددىيەت
- تاشقى زىددىيەت
- مۇقەددەس كىتاپ بىلەن بولغان قارشىلىقى
- پاساھەتلىك كىتاپ ؟

**5. مۇھەممەد**

- قالتىس ئادەم

- پەيغەمبەر ؟
- ئەخلاق ـ پەزىلىتى
- مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەد توغرۇلۇق بىشارەت بىرىلگەنمۇ ؟

**6. ئاساسى ئېتىقاد**

- ئىسلام دىنى
- مەسىھ ئېتىقاتى
- قۇرئاندىكى مەسىھلەرگە ئائىت خاتىرىلەر

**7. دۇئا، زاكات، روزا**

- دۇئا (ناماز)
- زاكات (ئىئانە)
- روزا تۇتۇش

**8. قىيامەت، جەننەت، دوزاق**

- ئىسلام دىنى
- مەسىھ ئېتىقاتى

**9. ئەر ۋە ئايال**

- ئورنى
- نىكاھ
- ئاجرىشىش
- زىنا

**10. ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى**

- دىنى ئاساسى
- شەرىئەت
- مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە بولغان مۇئامىلىسى
- ئىسلامدىن يانغانلارغا بولغان مۇئامىلىسى

**11. جىھات**

- ئىسلام دىنى
- مەسىھ ئېتىقاتى
- مەسىھلەر ئۇچرىغان ئازاپ ـ كۈلپەتلەر

**12. دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى**

- ئىسلامنىڭ كۆرىشى
- ئەھلى سەلپ ئارمىيىسى
- مەسىھ ئېتىقاتى باشتىن كەچۈرگەن زۇلۇم

### 13. پەرىشتە

- ئىسلام دىنى
- مەسىھ ئېتىقاتى

### 14. ئەرەپلەر

- ئىسلام دىنى
- مەسىھ ئېتىقاتى

### 15. باشقا مەسىلىلەر

- دۇنياۋىلىقى
- پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى
- ئىسمايىل
- ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن
- ئېرۇسالىم
- يەر تەۋرەش
- قۇربانلىق
- يىمەك-ئىچمەك

### 16. دەججال (ئەيسا مەسىھكە قارشى چىققۇچى)

- مەسىھ ئېتىقاتىدا
- ئىسلام دىنىدا

# تەرجىماننىڭ سۆزى

قەدىمقى دەۋرلەردە پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئايغا، يۇلتۇزغا، تاغقا ۋە تۈرلۈك بۇت-ئىلاھلارغا چوقۇنۇۋاتقاندا، پەرۋەردىگار خۇدا يەھۇدىلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقىنى بىر خۇدالىق ئېتىقات يولىغا باشلايدۇ. بۇندىن 3500 يىل بۇرۇن، يەھۇدىلارنىڭ ئەجدادى مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىل خەلقىگە «تەۋرات» قانۇننى چۈشۈرىدۇ. بۇندىن 3000 يىل بۇرۇن، يەھۇدىلارنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى داۋۇت ئارقىلىق «زەبۇر» بارلىققا كېلىدۇ. بۇندىن 2000 يىل بۇرۇن، يەنە شۇ يەھۇدىلار ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى خۇش خەۋەر (ئىنجىل) يېتىپ كېلىدۇ. بۇ خۇش خەۋەر يەھۇدىلار ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. دېمەك «بىر خۇدالىق ئېتىقات» ئەڭ دەسلەپ يەھۇدىلار ئارىسىدا بارلىققا كېلىپ، يەنە شۇ يەھۇدىلار ئارقىلىق دۇنياغا تارقىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن دۇنيادا باشقا «بىر خۇدالىق دىنلار» (ياكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ قالىدىغان دىنلار) پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: مىلادى 4-ئەسىردە پېرسىيەدە مانى دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 7-ئەسىردە ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 15-ئەسىردە ھىندىستاندا شىك دىنى بارلىققا كېلىدۇ. 19-ئەسىردە ئىراندا باھايى دىنى بارلىققا كېلىدۇ ...

ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا ياشاۋاتقان ئەرەپلەرمۇ ئەسلىدە تۈرلۈك بۇت ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغان خەلقلەر بولۇپ، كېيىن يەھۇدىلار ئىنجىلنى بۇ زېمىنلارغىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمقى ئەرەپلەر ئارىسىدىمۇ «بىر خۇدالىق ئېتىقات» تارقىلىشقا باشلايدۇ. مىلادى 7-ئەسىردە، ئەرەپلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان مۇھەممەت بىر خۇدالىق ئېتىقاتنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام دىنىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇھەممەت پەيغەمبەرگە بىر پەرىشتە ئارقىلىق خۇدانىڭ ۋەھىسى (قۇرئان) كەلگەن، خۇدا مۇھەممەت ۋە قۇرئان ئارقىلىق ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلىماقچى دەپ قارايدۇ. بىراق مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى بىلەن ئەيسانىڭ تەلىملىرى ۋە قىلغان ئىشلىرى پەرقلەنگەچكە، يەنى قۇرئان بىلەن ئىنجىل زىددىيەتلىك بولغاچقا، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈممەتلىرى مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدا تارىخى زىددىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ.

مەزكۇر كىتاب ئاپتورنىڭ مۇشۇ ساھەدە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە يېزىپ چىقىلغان بولۇپ، بۇ كىتاب دىنى ساھەدىكى ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئىدىيىسى ۋە شەخسى تەھلىللىرىنى ئاساس قىلغان بولماستىن، بەلكى بىۋاستە تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار بىلەن قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش ۋە تارىخى پاكىتلارنى ئوتتۇرغا قويۇش ئارقىلىق، قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا مەزكۇر كىتاپنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

دوستۇم، مەيلى سىز قايسى دىنغا ئىشىنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ، ئەگەر ھەقىقەتنى تاپىمەن دەيدىكەنسىز، بۇ كىتابنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ بېقىڭ، ھەم ئۆز ئالدىڭىزغا تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىپ بېقىڭ. ياراتقۇچى ھەقىقەتنى بىلسۇن دەپ ئىنسانغا ئەقىل ۋە قەلبتىن ئىبارەت ئىككى قورالنى بەرگەن، بۇلارغا تايىنىپ ھەقىقەتنى تاپالىشىڭىزغا تىلەكداشمىز!

(بۇ تەرجىمە نوسخا مەزكۇر كىتابنىڭ 2015-يىلى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نوسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى. تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇيغان، 2020-يىلى)

1 ـ قسسم

# ئىلاھ (خۇدا)

# ئىلاھنىڭ خاراكتېرى

● مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىۋاتقان ئىلاھنى مەسىھلەر[1] ۋە يەھۇدىيلار بىلەن ئوخشاش بىر ئىلاھ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 64-ئايەت، 29-سۈرە 46-ئايەت)

● مۇسۇلمانلار ئىلاھنىڭ ئىسمىنى ئاللاھ دەپ ئاتايدۇ، بۇ يەھۇدىيلار ۋە مەسىھلەرنىڭ تىلىدىكى ئىلاھىم (Elohim) دىگەن ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچىسىگە يېقىن كېلىدۇ. ئەمما، تەۋراتتا خۇدانىڭ خاس ئىسمى «يەھۋا» (**YHWH**) دەپ ئاتالغان بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىدا (تەۋراتتا) بۇ نام 6828 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئىلاھىم دىگەن ئاتالغۇ بولسا 2600 قېتىم تىلغا ئېلىنغان. (ئەمما ئاللاھ دىگەن سۆز يوق)

## مۇقەددەس كىتاپ[2] ۋە قۇرئاندىكى خۇدانىڭ نامى

● ئىلاھىم (Elohim) دىگەن سۆز تەۋراتتا خۇدانىڭ خاس نامى بولماستىن بەلكى بىر خىل تەسۋىرى ئاتالغۇسىدۇر. بۇ ئاتالغۇ خۇدانىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە يات دىنىنىڭ ئىلاھلىرىغا، ھەتتا تارىختىكى بەزى ئادەملەرگىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز ئىبرانى تىلىدا كۆپلۈك (ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق) سانىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى ئېلى ( Eli ).

● ئىبرانى تىلىدىكى[3] ئېلى ياكى ئىلاھىم دىگەن ئاتالغۇ بىلەن گىرىك تىلىدىكى تىئوس (Theos ) ، خەنزۇ تىلىدىكى (神) ئوخشاش بىر مەنانى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىغا ئىلاھ دەپ قوبۇل قىلىنغان. قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئىلاھنى تەڭرى دەپ ئاتايتى.

● «يەھۋا» ( **YHWH** ) بولسا مۇقەددەس كىتاپتىكى خۇدانىڭ خاس نامى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى « مەڭگۈ بار بولغۇچى» دۇر. پەرۋەردىگار خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە كۆرۈنگەندە ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەھۋا، ئەجدادىڭ

---

① مەسىھلەر: يەنى خرىستىيانلار. ئىبرانى تىلىدىكى مەسىھ (قۇتقۇزغۇچى) دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا خرىستوس دەپ ئاتالغان، شۇ سەۋەپتىن ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر ياۋرۇپادا خرىستىيانلار دەپ ئاتالغان. قۇرئاندا مەسىھلەرنى ناسارالار دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئەمىلىيەتتە يەھۇدىيلار ئارقىلىق كەلگەن بولۇپ، ئەيسا مەسىھنىڭ يۇرتى ناسىرە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەزكۇر تەرجىمىدە ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر «مەسىھلەر» دەپ ئېلىندى.

② مۇقەددەس كىتاپ: مۇسۇلمانلار «كىتابۇل مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتايدۇ، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ توپلىمى. خەنزۇچە 《圣经》 ، ئىنگلىزچە <Bible> دىيىلىدۇ.

③ ئىبرانى تىلى: يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى ئەجدادلىرى ئىبرانىلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىبرانى تىلى دىگەن ئاتالغۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئىلاھ، بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك نامىم » (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 3 ـ باب 15 ـ ئايەت). تەۋرات،زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا خۇدانىڭ نامى ئىزچىل «يەھۋا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ نام ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن، يەھۇدىيلار ئادەتتە بۇ نامنى تىلغا ئېلىشتىن ئەيمىنىدۇ.

● «ئەيسا» نىڭ ئىبرانى تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى «يەشۇئا» بولۇپ، مەنىسى « يەھۋا قۇتقۇزىدۇ»(خۇدا قۇتقۇزىدۇ) دېگەنلىكتۇر. ئەيسا دېگەن نام ئەرەپلەرنىڭ يەشۇئانى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىشىدىن كەلگەن. ئىنجىلنىڭ ۋەھىلەر قىسمىدىكى «خالىللۇياھ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى « يەھۋانى مەدھىيىلەش» دېگەنلىكتۇر. (ئىنجىل ـ ۋەھىلەر 19 ـ باب 1 ـ ئايەت). مەسىھىلەرمۇ «يەھۋا» دېگەن بۇ نامنى خۇدانىڭ خاس ئىسمى دەپ ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ.

● خۇددى بالا دادىسىنىڭ ئىسمىنى بىۋاستە چاقىرسا ھۆرمەتسىزلىك بولغاندەك، يەھۇدىيلار ۋە مەسىھىلەر ئاددەتتە خۇدانىڭ خاس ئىسمى يەھۋانى بىۋاستە تىلغا ئالمايدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىدا[1] خۇدانى «ئاتا» دەپمۇ ئاتىغان، بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ خۇددى بىر ئاتىغا ئوخشاش ئىسرائىللارنى پەرۋىش قىلغان ۋە تەربىيىلىگەنلىكىدەك مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 32 ـ باب 6 ـ ئايەت، ئەزاكىيال پەيغەمبەر 63 ـ باب 16 ـ ئايەت، مالاكى پەيغەمبەر 2 ـ باب 10 ـ ئايەت) ؛

● ئىسرائىللار خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ياكى ئوغۇل ـ قىزلىرى دەپمۇ ئاتالغان (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 4 ـ باب 22 ـ ئايەت، قانۇن شەرھى 1 ـ باب 31 ـ ئايەت، 14 ـ باب 1 ـ ئايەت، ئەزاكىيال پەيغەمبەر 1 ـ باب 2 ـ ئايەت، ھوشىئا پەيغەمبەر 11 ـ باب 1 ـ ئايەت).

## «ئاللاھ» دېگەن نام توغرىسىدا

● ئاللاھ دېگەن نام ئەسلىدە ئەرەپ تىلىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئىبرانى تىلىدىكى ئىلاھ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە يېقىن كېلىدۇ.

● ئەرەپلەر (مۇسۇلمان ئەرەپلەر، مەسىھى ئەرەپلەر ۋە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان ئەرەپلەرمۇ) ئاللاھ دېگەن سۆز ئارقىلىق ئۆز ئىلاھلىرىنى ئاتاپ

---

[1] كونا ئەھدە: ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشتىن بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلار «كونا ئەھدە» دېيىلىدۇ. مەسىلەن تەۋرات، زەبۇر قاتارلىقلار.

كەلگەن. شۇڭا ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇ ھەرگىزمۇ ياراتقۇچى خۇدانىڭ خاس ئىسمى ئەمەس.

● ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئەمىلىيەتتە ئەرەپ تىلىدىكى «ال ئىلاھ» دىگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، «ال» دىگەن ئالدى قوشۇمچە ئەرەپ تىلىدا «بۇ» دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ (ئىنگىلىز تىلىدىكى the غا ئوخشىشىدۇ). دىمەك ئاللاھ دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى مەنىسى «بۇ ئىلاھ» دىگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا بۇد-مەبۇتلارغا چوقۇنىدىغان قەدىمقى ئەرەپلەردە بۇ ئاتالغۇ بار ئىدى. شۇڭا ھازىرقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ دىگەن بۇ ئەرەپچە ئاتالغۇنى خۇدانىڭ خاس ئىسمى دەرىجىسىگە كۆتىرىۋېلىشى توغرا ئەمەس.

● مۇسۇلمانلار ۋە مەسىھلەرنىڭ خۇدانىڭ خاراكتىرىغا بولغان چۈشەنچىسىدە نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار، مەسىلەن، خۇدانىڭ بىرلىكى، مەڭگۈلۈكلىكى، دۇنيانى ياراتقانلىقى ۋە ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى، ھەممىگە قادىرلىقى، ھەممىنى بىلىدىغانلىقى، ھەممە يەردە مەۋجۇتلىقى، چەكسىزلىكى، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، شان-شەرىپى، قۇدرىتى، ھوقوقى، ئۇلۇغلىقى، ئەقىل-پاراستى، ئىنسانلارنى سوراق قىلىدىغانلىقى، ئىنسانلارنىڭ چوقۇنىشىغا ۋە بويسۇنۇشىغا ئەرزىيدىغانلىقى قاتارلىقلار.

● مۇسۇلمانلارنىڭ خۇداغا بولغان تونۇشى، ئوقۇمى، تەجرىبىسى گەرچە مەسىھلەرگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇن پەرقلەر مەۋجۇد. بۇنى كىيىنكى مەزمۇنلاردا سۆزلەيمىز.

## خۇدانىڭ مىھىر-مۇھەببىتى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىدا :

● ئىسلامدا ئاللا پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنغان ئادەملا (مۇسۇلمانلارنىلا) سۆيىدۇ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى (يەنى كاپىرلارنى) سۆيمەيدۇ دىيىلىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 31،32-ئايەت)

ئاللاھ تۆۋەندىكى مۇسۇلمانلارنى تىخىمۇ بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

● ياخشىلىق قىلغۇچى (قۇرئان 2:195 ، 3:134،148 ، 5:13،93 )

● گۇناھىغا تۆۋە قىلغۇچى (قۇرئان 2:222)

● پاك بولغۇچى (قۇرئان 9:108)

- ئاللاھدىن ئەيمەنگۈچى (قۇرئان 3:76 ، 9:4،7 )
- ئادالەتنى ياقلىغۇچى (قۇرئان 5:42 ، 60:8 )
- ئاللاغا ئامانەت قىلغۇچى (قۇرئان 3:159 )
- سەۋر تاقەت قىلغۇچى (قۇرئان 3:146 )
- ئاللاھ ئۈچۈن جەڭ قىلغۇچى (قۇرئان 61:4 )

ئىسلامدا ئاللاھ تۆۋەندىكى ئادەملەرنى سۆيمەيدۇ دېيىلىدۇ.

- ئىسلامغا ئىشەنمىگەن ئادەم (قۇرئان 3:32 ، 30:45 )
- ئىسلامدىن يانغان ئادەم (قۇرئان 22:38 )
- خاتالىق ئۆتكۈزگۈچى (قۇرئان 2:190 ، 7:55 )
- يامانلىق قىلغۇچى (قۇرئان 2:205 ، 5:64 )
- زىددىيەت تېرىغۇچى (قۇرئان 28:77 )
- گۇناھكار ئادەم (قۇرئان 2:276 ، 4:107)
- ھەققانى بولمىغان ئادەم (قۇرئان 3:57 ، 42:40)
- ھەددىدىن ئاشقۇچىلار (قۇرئان 5:87 ، 6:141 )
- ھاكاۋۇرلار (قۇرئان 4:36 ، 31:18 )
- ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلار (قۇرئان 16:23 )
- ئەيشى ئىشرەت قىلغۇچىلار (قۇرئان 28:76 )
- يالغانچىلار (قۇرئان 8:58 )

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى توغرىسىدىكى تەلىملىرى

- خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى مەڭگۈلۈكتۇر. (زەبۇر 106:1 ، 107:1 )
- خۇدا دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنى شەرتسىز سۆيىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:16 ، رىم 5:8 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 4:10 )
- خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر، مېھىر-مۇھەببەت خۇدادىن كېلىدۇ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ئارقىلىق نامايەن بولدى. (ئىنجىل-يۇھاننا بىرىنچى خەت 4-باب)

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنىڭ تۆۋە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ياخشىلىقنى ئۇنتۇغانلارغا، يامانلىق قىلغۇچىلارغىمۇ رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىدۇ، خۇدا رەھىمدىلدۇر. (ئىنجىل-لۇقا 15-باب)

● شۇڭا دۈشمەنلىرىمىزنىمۇ سۆيۈشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇلارمۇ خۇدا ياراتقان ئادەم. (ئىنجىل-لۇقا 35-6:27 )

## خۇدانىڭ ئاتىلىق خاراكتېرى توغرىسىدا

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى:

● مۇسۇلمانلار ئاللاھنى ئاتا دەپ ئاتىمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ قۇل-چاكىرى دەپ قارايدۇ. ئاللاھمۇ ئۇلارنى قۇل دەپ ئاتايدۇ (قۇرئان 19:93 ، 17،16:39) .

● «ئابد» نىڭ مەنىسى قۇل دېگەنلىك بولۇپ، ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىم ئەرەپچە ئاللاھنىڭ قۇلى دېگەنلىكتۇر.

● ئىسلام دىنىدا ئاللاھ ئىنتايىن يۇقىرى ئورۇندا بولۇپ، ھەممىدىن ھالقىغان مەۋجۇدات، ئۇنى بىلگىلى ۋە تونۇغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور ئارىلىق مەۋجۇد بولۇپ، ئۇنىڭغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆلچىگىلى، چۈشەنگىلىمۇ بولمايدۇ، ئىنسانلار پەقەت ئۇنىڭغا بويسۇنسىلا بولدى.

مەسىھ ئېتىقادىنىڭ تەلىمى:

● خۇدا خۇددى ئاتىغا ئوخشايدۇ، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن ئەرشتە پەرمان چۈشۈرۈپ ئالەمدىكى مۇتلەق ھوقۇقنى، ئۇلۇغلىقنى ۋە قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق رەھىمدىللىكىنى نامايەن قىلىدۇ. خۇدا ۋەھىي قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئىنسانلارغا ئاشكارلايدۇ، ئۇ ھەرۋاقىت ئىنسانلارغا ۋەھىي قىلالايدۇ. ئۇ ھەمخورلۇق قىلىشقا مۇھتاج بولغان بارلىق ئىنسانلارغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇ ئىنسانلار بىلەن ھەر ۋاقىت مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى خالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە قارىتا ئىنسانلارنىڭمۇ مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئىنجىلدا خۇدانىڭ «ئاتا» دەپ چاقىرىلىشى ھەرگىزمۇ جىسمانى تەن جەھەتتىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى خۇدا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت، ئىشەنچ، يار-يۆلەك، چۈشىنىش، بويسۇنۇش ۋە ھەمكارلىقتەك روھىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

● ئادەم خۇدانىڭ ئوبرازى بىلەن يارىتىلغان (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27)، ئادەمدە خۇدانىڭ سۈپەتلىرى (مېھىر-مۇھەببەت، ئەقىل-پاراسەت،

تەپەككۇر، ھسسىيات، ھەق ـ ناھەق قارىشى، تىل قاتارلىق ئامىللار) بار بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىنسانلار ھايۋانلاردىن ۋە تەبىئەتتىكى باشقا بارلىق مەۋجۇداتلاردىن پەرقلىنىدۇ.

- ئادەم خۇداغا بويسۇنىشى كېرەك. (ئىنجىل ـ ياقۇپ 4:7 )

- بىز خۇدادىن ئۇنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى، ئۇنى تونۇيالىشىمىزنى تىلىسەك بولىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 33:13 )

- قەلبى پاك بولغانلار خۇدانى كۆرىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:8 )

- رەبگە تايانغانلار، ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقىتى ۋە ياخشىلىقىنى ھىس قىلالايدۇ. (زەبۇر 34:8 )

- ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ئادەم خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى دېگەن نامغا ئېرىشەلەيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 9:8 )

- خۇدا ئۆزىگە ئېتىقات قىلغان ئادەملەرنىڭ مېھرىبان ئاتىسىدۇر، ئۇ ئىنسانلارنى ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشكە چاقىرىدۇ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى تونۇشىنى خالايدۇ، ياخشى نەرسىلەرنى ئىنسانلارغا ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 7:11 )

- مەسىھلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قۇلى، چاكىرى ئەمەس، بەلكى دوستىدۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 15:15 )

- ئەيسا مەسىھ بىر ئۆمۈر ئۆلۈمدىن قورقۇپ، ئۆلۈمگە قۇل بولغان ئادەملەرنى ئازات قىلغىلى، قۇتقۇزغىلى كەلگەن. (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 15 ـ 2:11 )

- مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ قۇلى ياكى چاكىرى ئەمەس، بەلكى روھى جەھەتتىن ئېيتقاندا خۇدانىڭ بالىلىرىدۇر.

- ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتورىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت بولۇپ، بۇ مۇھەببەت ئەمەلىيەتتە خۇدادىن كەلگەن. مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن باغلىنىدۇ، ئەمما ئىسلام دىنىدا ئاللاھ بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى رەھىمدىللىك ۋە بويسۇنۇش دەپ قارايدۇ. بۇ خۇددى قۇلدار بىلەن قۇل ئوتتورىسىدىكى رەھىم ـ شەپقەت ۋە بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئىنجىلدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

## سەمىملىك، ئالدامچىلىق ۋە سىناقچىلىق دائىر تەلىملەر

ئىسلامدىكى تەلىملەر:

ئىسلامدا ئاللاھنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● ئاللاھ ئۆز گېپىدە تۇرمىسىمۇ بولىدۇ، يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ. ئۇ ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ماھىر. (قۇرئان 3:54، 8:30 )

ئاللاھنىڭ يالغانچىلىق قىلغانلىقى ۋە باشقىلارغا يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى قۇرئاندا كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.

● ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشىدە دۈشمەنلەرنى يالغاندىن ئاز قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە دۈشمەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. (قۇرئان 8:43 )

● ئاللاھ مەريەمنى خورما يەپ، سۇ ئىچىشكە بۇيرۇيدۇ، ئەمما مەريەمگە، باشقا ئادەملەر كىلىپ قالسا روزا تۇتىۋاتىمەن دىگىن - دەپ يالغان سۆزلەشنى ئۆگىتىدۇ. (قۇرئان 19:26 )

● ئاللاھ ئەيسا مەسىنى ئادەملەرگە يالغاندىن ئۆلگەن قىلىپ كۆرسىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئۆلتۈشتىن بۇرۇنلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كىتىدۇ (قۇرئان 4:157 )، ئەيساغا ئەگەشكەن شاگىرتلىرىنى ۋە باشقا ئېتىقاتچىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇلارنى ئەيسا كىرىستقا مىقلىنىپ ئۆلدى دىگەن خاتا قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇپ 600 يىل ئالدايدۇ، 600 يىلدىن كيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئاشكارلايدۇ.

ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللاردا يالغان گەپ قىلىشىغا، ۋەدىسىدىن يېنىۋىلىشىغا، ھىلە-مىكىر ئىشلىتىشىگە يول قويىدۇ. مەسىلەن:

● مەجبۇرلانغان ئەھۋاللاردا يالغاندىن ئىسلامغا ئىشەنمەيمەن دىيىشكە بولىدۇ. (قۇرئان 16:106 )

● باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ، ئەمما ئۇلاردىن قورققان ئەھۋاللاردا يالغاندىن دوستلىشىپ ئىتتىپاقلىششقا بولىدۇ. (قۇرئان 3:28 )

● تۆۋەندىكى تۆت خىل ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ جىھاد ئۇرۇشى قىلغاندا يالغان گەپ قىلىپ قارشى تەرەپنى ئالدىسا بولىدۇ.

○ ئىككى ئەر كىشىنى ياراشتۇرماقچى بولغاندا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ كۆپ خوتۇنلىرىنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

○ ئايالى ئېرىنىڭ ئالدىدا يالغان گەپ قىلسا بولىدۇ.

(مۇسلىم ھەدىسلىرى 32: 6303 ، تىرمىزى، Birr 26 ؛ Musnad 6: 459, 461 )

● مۇھەممەد ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئەبۇ لافىر نىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا ئۆلتۈرگۈزىۋەتتىدۇ. مۇھەممەت قاتىلنىڭ يالغان گەپ قىلىشىغا يول قويىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5: 59: 369ـ372 )

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ سەممىلىك ۋە سىناققا دائىر تەلىملىرى

مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ مۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● خۇدا ۋە ئۇنىڭ سۆزى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ (تەۋرات ـ نوپۇس سانى 23:19 ؛ زەبۇر 102:27 ؛ ئىنجىل ـ مەتتا 24:35 ، ئىبرانىلار 13:8 ، ياقۇپ 1:17)

● خۇدا ھەقىقى ئىشەنچىلىك، سەممىي ۋە راستچىلدۇر. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 7:9 ؛ زەبۇر 40:10 ،88:11 ؛ يەشايا پەيغەمبەر 25:1 ، 49:7 ؛ ئىنجىل ـ رىملىقلار 3:4 ،ئىبرانىلار 10:23 )

● خۇدا قەتئىي يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ (تەۋرات ـ نوپۇس سانى 23:19، سامۇئىل پەيغەمبەر بىرىنچى پۈتۈك 15:29 ؛ ئىنجىل ـ تىتوس 1:2 )

● خۇدا پاك ۋە مۇقەددەستۇر (تەۋرات ـ يەشۇئا 24:19 ، لاۋىيلار 11:44 ؛ ئىنجىل ـ ۋەھىلەر 4:8 ) .

● خۇدا ئادىل ھەم ھەققانىدۇر. (زەبۇر 11:7 ؛ ئىنجىل ـ رىملىقلار 2:5 )

● خۇدانىڭ سۆزى مۇكەممەل ھەم ئۆزگەرمەستۇر، ئۇنىڭ سۆزلىرى چىن ھەم مەڭگۈلۈكتۇر (زەبۇر 119:86،160 )

● خۇدانىڭ سۆزى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 46:11 ، 55:11 ؛ يەرەميا پەيغەمبەر 1:12 )

● خۇدانىڭ سۆزى مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 40:8)

● خۇدا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 14:24)

● خۇدانىڭ قىلغان ۋەدىسى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ. (تەۋرات ـ پادىشاھلار 1 ـ كىتاپ 8:56 )

● خۇدانىڭ سۆزى ھەرگىز ئەمەلدىن قالمايدۇ. (يەشايا 14:27 ؛ ئىنجىل-مەتتا 5:18 ، 24:35 )

● خۇدا ئادەملەرنى ئېزىقتۇرمايدۇ. (ئىنجىل-ياقۇپ 1:13 )

مەسىھ ئېتىقاتى ئادەملەرگە مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ:

● ئادەم راستچىل، سەممى بولۇش كېرەك. يالغان گەپ قىلىشقا، ئالدامچىلىق قىلىشقا، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايدۇ، ھىيلە-مىكىرلىك بولۇشقا بولمايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 23:1 ، لاۋىيلار 19:11 ، ئايۇپ پەيغەمبەر 27:4 ، زەبۇر 5:6 ، پەند-نەسىھەتلەر 12:17 ؛ ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 4:15 ، گالاتىيالىقلار 3:9 )

● قەسەم قىلىپ ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئۆزى زىيان تارتسىمۇ ۋەدىسىدىن يېنىۋالماسلىق كېرەك. (زەبۇر 15:4 )

● خۇداغا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، گېپىدىن يېنىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئالغان نەرسىنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش كېرەك، بولمىسا گۇناھ بولىدۇ. (تەۋرات-نوپۇس سانى 30:2 ، قانۇن شەرھى 23-23:21، ھېكمەتلەر 5:4 )

● ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان ۋەدىنى قىلماسلىق كېرەك (ئىنجىل-ياقۇپ 5:12 )

● باشقىلارغا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، خۇدانىڭ سۆزىنى بۇرمىلاشقا بولمايدۇ، پەقەت ھەقىقەتنىلا سۆزلەش كېرەك. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 4:2 )

● باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھنى ئېتىراپ قىلغانلارنى، ئەيسا مەسىھمۇ خۇدانىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 10:32،33 )

● ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمگە قارشى تۇرغان ئادەملەرگىمۇ مۇلايىملىق بىلەن نەسىھەت قىلىش كېرەك. خۇدا ئۇلارغىمۇ ھەقىقەتنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن توۋا قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. (ئىنجىل-تىموتى ئىككىنچى خەت 2:25 )

## خۇدانىڭ ئادەملەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى

ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى:

ئىسلام دىنى بىر قىسىم ئادەملەرگە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىدۇ:

● ئاللاھ بىر قىسىم ئادەملەرنى يەنە بىر قىسىم ئادەملەردىن نەچچە دەرىجە يۇقىرى قىلغان. (قۇرئان 6:165 ، 16:71 )

● ئەرلەرنىڭ ئۇرنى ئاياللاردىن بىر دەرىجە يوقىرى. (قۇرئان 2:228 )

● قۇللار بىلەن ھۆر ئادەملەر باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 16:75 )

● قارغۇ بىلەن ساق ئادەم باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 35:19 )

● بىلىملىك ئادەم بىلەن بىلىمسىز ئادەم باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 39:9 )

● بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئادەملا قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7 )

● بىلىمى چوڭقۇر بولغان، قۇرئانغا ۋە بۇرۇن نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىدىغان، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتەيدىغان، زاكاتنى ئايرىيدىغان، ئاللا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان ئادەملەرگە ئاللاھ زور ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 4:162 )

قۇرئاندا ئاللاھنىڭ نىمە ئۈچۈن ئادەمنى ياراتقانلىقى، ئادەمنىڭ يارىتىلىش قىممىتى زادى نىمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

● ئاللاھ ئادەمنى مايمۇنغا ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋىتىدۇ. (قۇرئان 5:60 )

● ئاللاھ ئادەم ۋە جىنلار بىلەن دوزاخنى توشقۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 11:119 )

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىملىرى:

● خۇدا ئادەمگە شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەت تاجىنى كەيدۈرۈپ ئەزىز قىلدى، ئادەم ئارقىلىق ئۆزى ياراتقان دۇنيانى باشقۇرغۇزدى، ئادەمنى بارچە مەۋجۇداتتىن ئۈستۈن قىلدى. (زەبۇر 8-8:5 )

● خۇدا ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ باھا بەرمەيدۇ. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 10:17 ؛ ئىنجىل-مەتتا 22:16 ، ماركوس 12:14 ، لۇقا 20:21 ، گالاتىيالىقلار 2:6 ،ياقۇپ 2:1،2،9 )

● خۇدا ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 10:34 ، رىملىقلار 2:11 ، كولۇسىلىقلار 3:25 )

● مەيلى خۇجايىن ياكى چاكار بولسۇن، قۇل ياكى ھۆر بولسۇن، بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولسۇن، قارغۇ ياكى ساق بولسۇن، خۇدا ھەممە ئادەمگە ئوخشاش قارايدۇ. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 6:9 ، كورىنتلىقلار 1-خەت 12:13 ، گالاتىيالىقلار 3:28 ، ئەفەسلىكلەر 3:11 )

● ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە بىلىمگە تايىنىپلا خۇدانى تونىيالمايدۇ. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:21)

● بۇ دۇنيانىڭ ئەقىل-پاراستى خۇدانىڭ نەزىرىدە يەنىلا نادانلىقتۇر. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 3:19 )

● خۇدا يەر يۈزىدىكى بىلىمسىز، ئاجىز، كەمسىتىشكە ئۇچرىغان، تاشلىۋېتىلگەن، يوقسۇل ئادەملەرنى تاللايدۇ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ خۇدا ئالدىدا مەنمەنچىلىك قىلىپ ماختىنالماسلىقى ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 29-1:27 )

ئادەم مۇنداق بولۇشى كېرەك:

● پۈتۈن نىيەت-ۋۇجۇدى بىلەن خۇداغا تايىنىش كېرەك، ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىغا تايىنىشقا بولمايدۇ. (پەند-نەسىھەت 3:5 )

● جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئادەملەرگىمۇ كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ئۆزىنى ئەقىللىق، بىلىملىك چاغلاپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 12:16)

## خۇدانىڭ قەسەم قىلىشى توغرىسىدا

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

● ئاللاھ قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 36:2 ، 38:1 )

● ئاللاھ يۇلتۇزلار بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 53:1 ، 86:1 )

● ئاللاھ قەلەم بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 68:1 )

● ئاللاھ ئاينى، تۈن كېچىنى، تاڭ سەھەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 34-74:32 )

● ئاللاھ ئاسمان بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 86:1 )

● ئاللاھ يەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 90:1 )

● ئاللاھ ئادەم بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 90:3)

● ئاللاھ كېچە ۋە كۈندۈز بىلەن قەسەم قىلىدۇ. (قۇرئان 92:1،2 )

مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر:

● خۇدا پەقەت ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ، چۈنكى دۇنيادا خۇدانىڭ ئۆزىدىنمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ مەۋجۇدات يوقتۇر. (يەشايا پەيغەمبەر 45:23 ، يەرەميا پەيغەمبەر 22:5 ؛ ئىنجىل-ئىبرانىلار 6:13 )

● ئادەم ئۆزىدىن چوڭ ۋە ئۇلۇغ بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. (ئىنجىل-ئىبرانىيلار 6:16 )

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاندىكى ئاللانىڭ تەۋرات،زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى پەرۋەردىگار خۇدانىڭ ئۆزى بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

## مۇقەددەس كىتاپتىكى پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ پەرقى

| مەسىھ ئېتىقادىدىكى خۇدا | ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھ |
|---|---|
| خۇدا مۇتلەق پاكتۇر | ئاللاھ مۇتلەق پاك دەيدىغان ئايەت يوق |
| خۇدا رەھىمدىللا ئەمەس، بەلكى مېھىر-مۇھەببەتتۇر. | پەقەت مۇسۇلمانلارغىلا رەھىمدىل، ئەمما ئاللاھنىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەت دىيىلمىگەن. |
| يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئادەملەرنى ئالدىمايدۇ، ئېزىقتۇرمايدۇ. ئادەملەرگىمۇ يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ. | يالغان گەپ قىلىدۇ، ئادەملەرنى ئالدايدۇ، ئېزىقتۇرىدۇ، ھىلە-مىكىرغا ماھىر، ئادەملەرگىمۇ يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. |
| پۈتكۈل ئىنسانىنى سۆيىدۇ، ھەممە ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدۇ. | پەقەت مۇسۇلمانلارنىلا سۆيىدۇ، ئادەملەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلمايدۇ. |
| ئىنسانىنى قەدىرلىك ۋە ئەزىز قىلىپ ياراتقان. دۇنيانى باشقۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان. | ئىنسانىنى قانداق قىممەتتە، نىمە ئۈچۈن ياراتقانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئادەمنى مايمۇنغا ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئىشلىرى بار. |
| ئىنسان بىلەن خۇددى ئاتا-بالىدەك مېھىر-مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ. | ئادەم بىلەن خۇددى خوجايىن ۋە قۇلدەك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. پەقەت رەھىم-شەپقەتلا كۆرسىتىدۇ، ئەمما مېھىر-مۇھەببەتلىك دىيىلمىگەن. |

| | |
|---|---|
| ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق مەۋجۇداتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلمايدۇ. | ئاسمان، زېمىن، ئاي، يۇلتۇز ھەتتا قەلەمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قەسەم قىلىدۇ. |
| يوقۇرقى پەرقلەردىن كۆرىۋىلىشقا بولىدۇكى، مۇقەددەس كىتاپتىكى پەرۋەردىگار خۇدا بىلەن قۇرئاندىكى ئاللاھنىڭ بىر ئىلاھ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. | |

## تەقدىرچىلىك ۋە ئەركىن ئىرادە

ئىسلام دىنىدا :

● ئىسلام دىنى تەقدىرنىڭ ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ئالدىن پۈتۈلۈش نەزىرىيىسى ئەمەلىيەتتە بىر خىل تەقدىرچىلىكتۇر. تەقدىرچىلىك ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئالەمدە مەلۇم بىر خىل تەڭداشسىز كۈچنىڭ ھەممىنى مۇتلەق كونترول قىلىپ تۇرغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

(Samuel Zwemmer دوكتۇر يازغان «Moslem Doctrine of God» 97 ـ بەت)

● ئىسلامنىڭ تەلىملىرىدە، ئاللاھ ھەممىگە مۇتلەق قادىر بولۇپ، ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرقانداق بىر ھەركىتىنىڭ ئۆز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ) . گەرچە ئادەمنىڭ مەلۇم ئىشنى قىلىش ئەركىنلىكى بار دەپ قارالسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ ئىشنى شۇ ئادەمنىڭ پېشانىسىگە ئالدىن پۈتۈلۈپ كەتكەن دېيىلىدۇ. دېمەك نىگىزىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىشنى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزى قىلمىغان، بەلكى مەلۇم بىر كۈچ كەينىدە تۇرۇپ قىلغۇزغان. شۇڭا ئادەمنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئاللانىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلغانلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

( William Montgomery Watt 1983 ـ يىلى يازغان « Islam and Christianity Today, A Contribution to Dialogue » 126 ـ بەت )

● ئىسلامنىڭ تەقدىرچىلىك نەزىرىيىسىدە قەدىمقى ئەرەپلەرنىڭ غەيرى دىنى ئىدولوگىيەسىنىڭ تەسىرى بار.

● ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، شۇڭا ئادەمنىڭ ئەخلاقى مەسئۇلىيىتى ۋە گۇناھى توغرۇلۇق سۆز ئېچىشقا ئىمكانىيەت قالمايدۇ. ئاللاھ بىر قىسىم ئادەملەرنى جەننەتكە كىرسۇن دەپ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنى دوزاققا كىرسۇن دەپ ياراتقان، ئىنسان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئىسلام ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ:

● ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەملەرنى خاتا يولغا باشلايدۇ، ئۆزى خالىغان يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. (قۇرئان 6:35،39 ، 7:155 ، 13:27 ، 14:4 ، 16:93 ، 35:8 ، 74:31 )

● ئاللاھ كىمنى جازالىغۇسى كەلسە شۇنى جازالايدۇ، كىمنى كەچۈرگىسى كەلسە شۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. (قۇرئان 2:284 ، 3:129 ، 5:1،18،40،118 ، 48:14 )

● ئاللاھ كىمنى يېتەكلىسە، شۇ توغرا يولدا ماڭىدۇ؛ كىمنى ئىزىقتۇرسا، شۇ زىيان تارتىدۇ. (قۇرئان 7:178)

● ئاللاھ ئىرادە قىلمىغىچە، ئادەملەر قائىدە- يوسۇنغا ئەمەل قىلىشنى خالىمايدۇ. (قۇرئان 81:2 )

● دۇنيادىكى بارلىق چوڭ-كىچىك ئىشلار، ياخشى-يامان، كۈچلۈك-ئاجىز، غەلىبە-مەغلۇبىيەت، شۇنداقلا ھەر بىر تەبىئەت ھادىسىسى ۋە جەمىيەتتىكى تۈرلۈك ۋەقەلەر، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن، ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ؛ ئاللاھ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنى بېكىتىۋەتكەن؛ ئادەمنىڭ تەقدىر پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى چوقۇم كېلىدۇ، پۈتۈلمىگەن نەرسىنى ھەرقانچە قوغلاشقان بىلەنمۇ كەلمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ بىرەر ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.

● يەر يۈزىدىكى بارلىق ئاپەتلەر، ئادەملەر ئۇچرىغان بالا-قازالار، مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئادەملەرنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن. (قۇرئان 57:22 )

● ئادەملەر پەقەت ئاللاھ ئالدىن بېكىتىۋەتكەن غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىدۇ. (قۇرئان 9:51 )

● بەخت ياكى بالا-قازانىڭ ھەممىسى ئاللاھدىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:78 )

● ئاللاھ خالىمىغىچە، ئادەم بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلالمايدۇ. (قۇرئان 76:30)

● ئەگەر ئاللاھ ئادەمگە بالا-قازا چۈشۈرسە، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم ئۇنى توسۇۋالالمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئادەمگە بەخت ئاتا قىلسا، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئارلىشالمايدۇ. (قۇرئان 6:17 )

● ئاللاھ كىمنى باياشات قىلماقچى بولسا شۇنى باياشات قىلىدۇ. كىمنى مۇھتاج قىلماقچى بولسا شۇنى مۇھتاجلىقتا قالدۇرىدۇ. (قۇرئان 39:52 )

● ئاللاھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۇنىڭ بويىنىدا قالدۇرىدۇ؛ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ دەپتىرىنى ئۆزىگە ئوقۇتۇپ ھېساب-كىتاب قىلىدۇ. (قۇرئان 17:13، 14 )

● ئاللاھ ھاكىمىيەتنى كىمگە بەرگۈسى كەلسە شۇنىڭغا بېرىدۇ، كىمدىن تارتىۋالغۇسى كەلسە شۇنىڭدىن تارتىۋالىدۇ؛ كىمنى قەدىرلىك قىلغۇسى كەلسە شۇنى قەدىرلىك قىلىدۇ، كىمنى پەسلەشتۈرمەكچى بولسا شۇنى پەسلەشتۈرىدۇ. بەخت-سائادەت ئاللاھنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەمگە شەپقەت كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 3:26، 27 )

● ئاللاھ ئۆزى دېگەن گەپنىڭ ۋە قارارىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيدۇ.

● كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار تەقدىر پىشانىگە ئىشىنىدۇ. بارلىق ئىشلارنىڭ، مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن پۈتۈۋېتىلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ بىر ئىش قىلالمايدۇ. بۇ تەلىملەر مۇسۇلمانلارنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىگە تەسەللى بولالىسىمۇ، ئەمما ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ۋە گۇناھىغىمۇ باھانە بولالايدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا دائىم دېيىلىدىغان «ئىنشائاللا» (ئاللا خالىسا) دېگەن سۆزمۇ مۇشۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققان.

ئىسلام تارىخىدا، «ئالدىن پۈتۈلۈش» ۋە «ئەركىن ئىرادە» توغرىسىدا مۇنازىرە بولۇپ باققان. مۇسۇلمانلار بۇ ئارقىلىق ئاللانىڭ ھەممىگە قادىرلىقى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئادەمنىڭ ياخشى-يامان قىلمىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققان.

مۇتەزىلاھ مەزھىپى (مىلادى 730-يىلى ۋاسىل ئىبنى ئاتادىن باشلانغان) مۇنداق قارايدۇ : ئاللاھ ئادىلدۇر، ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئەركىن بولىدۇ، ئادەم ئۆز قىلمىشىنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا ئاساسەن جاۋابىنى بېرىدۇ. يامانلىق بىۋاستە ئاللاھدىن كەلمەيدۇ، شۇڭا ئادەم ئۆزى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك-دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ:

● سىلەر ئۇچرىغان بالا-قازانىڭ ھەممىسى ئۆزەڭلارنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن كەلگەن. (قۇرئان 42:30 )

● توغرا يولدا ماڭغۇچىنى ئاللاھ تېخىمۇ يېتەكلەيدۇ. (قۇرئان 47:19)

● قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئادىل تارازىسى بىلەن ئادەمنىڭ گۇناھى ۋە ساۋابىنى ئۆلچەيدۇ، قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ئېغىر توختىسا غەلبە قىلىدۇ، يىنىك كىلىپ قالسا زىيان تارتىدۇ. ھېچكىم ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىمايدۇ. (قۇرئان 9،7:8 ، 21:47 )

بۇ ئايەتلەر ئالدىدا كۆرستىلگەن تەقدىرچىلىككە ئائىت ئايەتلەر بىلەن زىت كىلىدۇ، شۇڭا ئەشەرى مەزھىپى (al-Ashari ، 935~873 ) مۇتەزىلاھ مەزھىپىگە قەتئى قارشى تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى بىدئەتلەر دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھوقوقىنى تەكىتلەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنى بىلەن ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئادەمنىڭ ئەركىن تاللىيالىشمۇ ئاللانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنىدىن بولغان دەيدۇ.

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى :

● مىلادى 853-يىلى ئېچىلغان ۋالنىس يىغىنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن : «بىز خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقى، يامان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن پۈتۈۋىتىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما قۇتقۇزۇلغانلارنىڭ تاللىنىشىدا، خۇدانىڭ شەپقىتى ئادەملەرنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ؛ ھالاك بولغۇچىلارنىڭ جازالىنىشىدا، ئادەملەرنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى خۇدانىڭ ئادىل سوتىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. ئالدىن پۈتۈۋىتىلىشتە، خۇدا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ رەھىم-شەپقىتى ۋە ئادىل سوتى بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرىنى بېكىتىپ بولغان . خۇدا يامان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامانلىقىنى ئالدىن بىلىدۇ، يامانلىق خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋىتىشىدىن كەلمىگەن، بەلكى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگەن. چۈنكى يامانلىق ھەرگىز خۇدادىن كەلمەيدۇ. »

(«جوڭگو خرىستىيان دىنى مەجمۇئەسى» ‹ئوتتورا قەدىمقى زاماندىكى ئادەملەر شەرھى› 2 )

كالۋىنىزىم ۋە ئارمىنيانىزىم

● كالۋىنىزىمچىلار ئالدىن پۈتۈلۈش نەزىرىيىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ: خۇدا شەرتسىز تاللايدۇ، چەكلىك كەچۈرۈم قىلىدۇ. خۇدادىن كەلگەن شەپقەتنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ، بىر قىتىم قۇتقۇزۇلغانلىق مەڭگۈ قۇتقۇزۇلغانلىقتۇر؛ خۇدا مۇتلەق ھوقوققا ئىگە، ھەممىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىنى ئالدىن بىلىشى بىلەن ئالدىن پۈتۈۋىتىشى ئۆزئارا باغلىنىشلىق. دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا خۇدانىڭ پىلانى

بار ئىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى ئالدىن پۈتۈۋەتكەن. دۇنيانى يارىتىش ۋە قۇتقۇزۇشمۇ بۇ پىلاننىڭ ئىچىدىدۇر. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىش-ھەركىتى، تەقدىرى، كەلگۈسى، ھەتتا يامان قىلمىشلىرىمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىچىدە بولىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ تاللىنىپ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىشى، بەزىلەرنىڭ تاللانمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيسا مەسىھكە ئىشەنمەي ھالاك بولىشىنى خۇدا ئالدىن پۈتۈۋەتكەن. بىر ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا كىلەلىشى، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئىچىدە شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن بىكىتىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. خۇدا بىر ئادەمگە ئىرادە ۋە ئىقتىدار بېرىش ئارقىلىق، شۇ ئادەمنى ھامان ئۆزىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. خۇدا خالىغان ئىش چوقۇم ئادىل ۋە ياخشى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئادىللىقى بىلەن ئىشەنچىلىكلىكىدەك سۈپەتلىرى ئۇنىڭ ئىرادە قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدۇ.

● ئارمىنيانىزىمچىلار ئەركىن ئىرادىنى تەشەببۇس قىلىدۇ: خۇدا شەرتلىك تاللايدۇ، مۇئەييەن شەرت ئىچىدە كەچۈرۈم قىلىدۇ، خۇدانىڭ شەپقىتىنى رەت قىلغىلى بولىدۇ، ئادەم قۇتقۇزۇلغاندىن كيىنمۇ يەنە چۈشكۈنلىشىپ گۇناھنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ كىتىشى مۇمكىن. خۇدا ئىنسانغا ئەركىن ئىرادە ئاتا قىلغان، ئادەم ئەركىن ئىرادىسىگە ئاساسەن تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەخلاقى-پەزىلىتى ئۈچۈن خۇدا ئالدىدا جاۋاپكار بولىدۇ. خۇدا ئادەملەرنىڭ تاللىغان يولىغا ئاساسەن ئۇلارنى ئادىل سوراق قىلىدۇ. خۇدا ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئەمەس، بەلكى تۈزۈمنى ئالدىن بىكىتىۋىتىدۇ (يەنى ئىشەنگەن ئادەم قوتقۇزۇلۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ، ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھى بىكىتىلىپ بولغان بولىدۇ). خۇدا ئادەمدە ئەخلاقى خاراكتىرنىڭ بارلىقىنى شۇنداقلا ئاسىيلىق تەبىئىتىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئاسىيلىق قىلمىشلىرى خۇدانىڭ سەۋەبىدىن كىلىپ چىقمىغان بولۇپ، خۇدانىڭ بۇنى ئالدىن پۈتۈۋىتىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئالدىن پۈتۈلۈش نەزىرىيەسىنى قوللايدىغان ئايەتلەر:

● خۇدا ئادەملەرنىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۈلگە قىلىشىنى، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىنىقاتچى قېرىنداشلار ئىچىدە تۇنجى ئوغۇل بولىشىنى ئالدىن بىكىتىۋەتكەن. خۇدا ئالدىن بىكىتىۋەتكەن ئادەملەرنى چاقىرىدۇ، كەلگەنلەرنى ھەققانى دەپ ئاتايدۇ، ھەققانى دەپ ئاتالغانلارغا شان-شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 8:29،30 )

● خۇدا دۇنيانى يارىتىشتىن بۇرۇنلا، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بۇيىچە، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنى تاللاپ پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا شەپقەت ۋە شان-شەرەپ ئاتا قىلىدۇ. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 1:4،6 )

● ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلىشى خۇدانىڭ شەپقىتىدىن كەلگەن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىدىنمۇ كەلگەن، بۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىدۇر. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 2:8،9 )

● خۇدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ۋاقتى ـ سائىتى توشقاندا بارلىق مەۋجۇداتنى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 1:10،11 )

● خۇدا كىمگە رەھىمدىللىك قىلغۇسى كەلسە، شۇنىڭغا رەھىمدىللىك قىلىدۇ. كىمگە شەپقەت كۆرسەتمەكچى بولسا، شۇنىڭغا شەپقەت كۆرسىتىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 9:15 )

● مۇقەددەس ئاتىمىز (خۇدا) جەلپ قىلغان، ئۇنىڭ تەلىمىنى ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەن ئادەم، ئەيسا مەسىھنىڭ يېنىغا كىلىدۇ، ئۇلار قىيامەتتە تىرىلدۈرىلىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 6:44،45 )

● ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشكەن ئادەملەرنى باشقىلار (شەيتانمۇ) تارتىۋالالمايدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:28،29 )

● مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ دەپ ئالدىن پۈتۈۋىتىلگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى (ئەيسا مەسىھكە) ئىشەندى. (ئىنجىل ـ ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 13:48 )

● ئېتىقاتچىلارنىڭ ياخشى ئىشقا ئىرادە قىلىشى، خۇدانىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەركەت ئېلىپ بارغانلىقى ۋە ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانلىقىدىن كىلىپ چىققان. (ئىنجىل ـ فىلىپىلىكلەر 2:12،13 )

● خۇدا دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە تاللىغان ۋە ئۆزىنى سۆيگەن ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 8:28)

ئەركىن ئىرادىنى قوللايدىغان ئايەتلەر:

● ئىنجىل رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 8 ـ باب 29، 30 ـ ئايەتلەر ۋە ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 1 ـ باب 4 ـ 6 ئايەتلەر كىملەرنىڭ قۇتقۇزۇلىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن پۈتۈۋىتىلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى شەرت جەھەتتىكى ئالدىن بېكىتىلىشتۇر (يەنى ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇش). ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھ بىلەن بىرلىشىش ئارقىلىقلا خۇدانىڭ تاللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ.

● خۇدانىڭ ئادەملەرنى تاللىشى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن ئاققۇزغان قېنى

ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنىنىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزىلىشى مۇمكىن ئەمەس. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 1:7 )

● ئىنجىل ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 2-باب 8-، 9- ئايەتلەردىكى «قۇتقۇزۇلۇش خۇدانىڭ شەپقىتىدىن، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن كېلىدۇ» دېگەن قۇتقۇزۇلۇش پىرىنسىپىنى خۇدانىڭ ئۆزى بېكىتكەن.

● خالىغانلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق سۈيىنى ھەقسىز ئىچەلەيدۇ. (ئىنجىل-ۋەھىلەر 22:17)

● خۇدا بەخت ۋە قارغىش سۆزىنى ئادەملەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 11:26،28 )

● ئادەم ئۆزى ئېتىقات قىلماقچى بولغان ئىلاھنى تالليالايدۇ. (يەشۇئا 24:15 )

● ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلىدۇ، ئەيسا مەسىھكە ئىشەنمىگەن ئادەمنىڭ گۇناھى بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:16، 18 )

● ئادەمنىڭ ئېزىقتۇرۇلۇشى ئۆزىنىڭ شەخسى ھاۋايى ھەۋىسىدىن بولىدۇ، ئۇ گۇناھنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، گۇناھ ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. (ئىنجىل-ياقۇپ 1:14، 15 )

● خۇدا ۋە ئەيسا مەسىھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە ئاساسەن ئۇنى سوراق قىلىدۇ. (ئىزەكىئال 18:30، 33:20 ؛ ئىنجىل-رىملىقلار 2:6 ، ۋەھىلەر 22:12 )

● ھەققانى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى ئۆزىگە قايتىدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقىمۇ ئۆزىگە يانىدۇ. (ئىزەكىئال 18:20 )

● قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى خۇدانىڭ ئالدىدا بايان قىلىدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 14:12 )

● خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن ھەر بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ. (زەبۇر 139:16 )

● خۇدا دۇنيانىڭ باشلىنىشىدىلا زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن كۆرسەتكەن، قەدىمقى زامانلاردىلا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئېنىق بايان قىلغان. (يەشايا پەيغەمبەر 46:10 )

● خۇدا ھەممە ئادەمنىڭ قۇتقۇزىلىشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل-تىموتى بىرىنچى خەت 2:4 )

● خۇدا بىزنىڭ جازالىنىشىمىزنى ئالدىن پۈتۈۋەتكەن ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشىمىزنى ئالدىن پۈتۈۋەتكەن. (ئىنجىل-سالونىكىلىقلار بىرىنچى خەت 5:9 )

● خۇدا پۈتكۈل ئىنسانىنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ۋە ھەقىقەتنى تونۇشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل-تىموتى بىرىنچى خەت 2:4 )

● خۇدا ھېچكىمنىڭ مەڭگۈلۈك ھالاك بولۇشىنى خالىمايدۇ، بەلكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ توۋا قىلىشىنى خالايدۇ. (ئىنجىل-پېتروس ئىككىنچى خەت 3:9 )

خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە لوگىكىسى چۈشىنەلەيدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. مۇقەددەس كىتاپتا خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكەنلىكى ۋە ئالدىن بىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭمۇ تاللاش ۋە ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى بارلىقى بايان قىلىنغان. خۇدانىڭ ئىگىدارلىق ھوقوقى بىلەن ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى ئۆزئارا زىت بولماستىن بەلكى ئۆزئارا ماسلاشقان بولىدۇ. خۇدا ئالدىن بىكىتكەن نەتىجە بىلەن ئادەمنىڭ ئەركىن ئىرادىسى ئارقىلىق تاللىغان نەتىجىسى بىردەك بۇلالايدۇ. خۇدا ئادەمنىڭ تاللاش ئىقتىدارىنىڭ دائىرىسى ئىچىدە، ئادەمنىڭ تاللىشىنى ئۆزىنىڭ ئالدىن بىكىتكەن نەتىجىسى بىلەن بىردەك قىلالايدۇ. ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن، ئۆزىنىڭ خاھىشىدىن بولىدۇ، چۈنكى ئادەم ياخشى - يامانىنى تاللىيالايدۇ. خۇدانىڭ شەپقىتى ئادەمنىڭ قىلغان قارارىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. خۇدا ئۆز قۇدرىتى ئارقىلىق ئادەملەرگە زور تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئىنسانىنىڭ گۇناھ ئىچىدە چىرىپ كەتكەن ئىرادىسىنى ئەسلىدىكى نورمال ھالەتكە قايتۇرالايدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى-ئىدراكىنى ئويغۇتۇپ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنەلەيدىغان قىلالايدۇ. ئادەممۇ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ قانداق تاللاش ۋە ھەركەت قىلىشنى قارار قىلالايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ نىيىتى ۋە ھەركىتى ئۈچۈن جاۋاپكار بولىدۇ. خۇدا ئادەمنىڭ ئەمىلىيىتى ۋە ئۇستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئۆلچەم قىلىپ تورۇپ سوراق قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئالدىن پۈتۈۋەتكىنى ياكى ئالدىن بىلگىنى بويىچە سوراق قىلمايدۇ. خۇدا ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىغا كىرىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ھوقوقىغا ئىگە، ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنى قۇتقۇزالايدۇ.

# ئۈچ بىرلىك

## ئىسلام دىنىنىڭ ئۈچ بىرلىك توغرىسىدىكى قارىشى

ئىسلام دىنىنىڭ خۇدا توغرىسىدىكى تەلىمى:

● ئىسلام ئاللاھ بىر، ئۇنىڭدىن باشقا چوقۇنىدىغان ئوبىكت يوق دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 112:1 ، 20:14 ، 59:23 )

● ھەرقانداق مەۋجۇدات ئاللاھقا ئوخشمايدۇ. (قۇرئان 42:11 )

● پەرىشتە ۋە ئادەملەر يارىتىلىشتىن بۇرۇن، ئاللانىڭ مۇناسىۋەتلىشىدىغان ئوبىكتى يوق ئىدى.

● بەزى مۇسۇلمانلار مۇنداق قارايدۇ: ئەگەر ئاللاھ بىردىن ئارتۇق بولسا، زىددىيەت، قالايمىقانچىلىق، ئۆچمەنلىك، قىزغىنىش، تەنقىت يۈز بېرىدۇ، پىكىر بىردەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن چوڭ قالايمىقانچىلىق كىلىپ چىقىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا ئادەتتە بىرلا ھۆكۈمران بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھوقوق تالاشقۇچى ئۆلتۈرۈۋىتىلىدۇ، شۇڭا ئاللاھمۇ چوقۇم بىر بولىدۇ.

● ئاللاھ تۇغۇلمىغان ھەم تۇغمايدۇ. (قۇرئان 37:152 ، 112:3 )

قۇرئان ھىچقاچان مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك يەنى «مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل، مۇقەددەس روھ» توغرىسىدىكى ئېتىقاتىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان (دىمەك قارشىمۇ تۇرمىغان) . ئەمما ناسارالار (مەسىھلەر) ئۈچ خۇدا بار دەيدۇ دەپ تىلغا ئالغان.

● ئاللاھنى ئۈچ دىمەڭلار ... ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ ئوغلى بولمايدۇ. (قۇرئان 4:171 )

● مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسانى ئىلاھ دىگەنلەر، ئىماندىن ئاجرىغانلاردۇر. (قۇرئان 5:17، 72 )

● ئاللاھنى ئۈچ ئىلاھنىڭ ئىچىدىكى بىرسى دىگەنلەر، ئىماندىن ئاجرىغانلاردۇر. بىر ئاللاھدىن باشقا چوقۇنغۇچى يوق. (قۇرئان 5:73 )

● مەريەم ئوغلى ئەيسا پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئانىسى سەمىمى ئادەم ئىدى. ئۇلارمۇ تاماق يەيتى. (قۇرئان 5:75 )

● ئاللاھ دەيدۇ: «مەريەم ئوغلى ئەيسا، سەن بۇرۇن كۆپچىلىككە ‹سىلەر ئاللاھنى تاشلاپ منى ۋە ئانام مەريەمنى رەببىمىز دەمسىلەر› دىگەن ئىدىڭ». (قۇرئان 5:116 )

ناھايىتى روشەنكى، قۇرئان (ياكى مۇھەممەت) مەسىھلەرنى ئەيسا، مەريەم ۋە ئاللاھدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنىدۇ دەپ قارىغان. قۇرئان مانا مۇشۇنداق ئۈچ ئىلاھ تەلىماتىغا قارشىدۇر. (بۇنىڭغا مەسىھ ئېتىقاتىمۇ قارشى ئەلۋەتتە)

● ئەمما ئىنجىلدا ھېچقاچان يوقۇرقىدەك دېيىلمىگەن، تارىختىكى ئاساسلىق خىرىستىيان مەزھەپلىرىدىمۇ ئاللا، ئەيسا ۋە مەريەمدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان ئەھۋال بولۇپ باقمىغان. بۇنىڭغا مەسىھ ئېتىقاتىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

● گەرچە كاتولىك مەزھىپى مەريەم ئانىنىڭ ئورنىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ ئالاھىدە ھۆرمەتلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارمۇ ھېچقاچان مەريەم ئانىنى ئىلاھ دەپ باقمىغان. كاتولىك مەزھىپىدە ئەزەلدىن تارتىپلا، خۇدا بىلەن مەريەم جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ ئەيسانى تۇققان، خۇدا، مەريەم ۋە ئەيسا ئۈچ ئىلاھتۇر، دەيدىغان بۇنداق بىدئەت قاراش بولۇپ باققان ئەمەس.

● ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبىستاندىكى بەزى بىدئەت دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ھەمدە بۇ بىدئەت دىنلارنى خاتا ھالدا مەسىھ ئېتىقاتى دەپ ئويلاپ قالغان. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتىدىكى ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى بىلمىگەن. دىمەك مۇھەممەت (ياكى قۇرئاندىكى ئاللاھ) بۇ جەھەتتە تۈپتىن خاتالاشقان.

● «ئۈچ بىرلىك» تەلىماتى ھەقىقەتەن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسىدۇر. ۋاھالەنكى، ئەگەر بۇ خاتا بولسا، ئەگەر خۇدا راستىنلا بۇ خاتالىقنى تۈزەتمەكچى بولسا، ئەگەر قۇرئان راستىنلا خۇدادىن كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاندىكى ئاللاھ نىمە ئۈچۈن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ» تىن ئىبارەت بۇ ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى بىلمەيدۇ؟ ئەكسىچە مەسىھ ئېتىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان باشقا بىر بىدئەت ئېتىقاتنى تەنقىتلەپ يۈرۈيدۇ؟ يىغىپ ئېيتقاندا، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىماتى مەيلى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، قۇرئاندىكى ئەيىپلەشلەر پۈتۈنلەي خاتادۇر.

● قۇرئاندا يەنە ناسارالار (مەسىھلەر) بىر ئىلاھقا ئىشىنىدۇ دېيىلگەن (قۇرئان 29:46 ، 3:113،114 ، 5:82 ) ، بۇمۇ يوقۇردا كۆرسىتىلگەن قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەر بىلەن زىت كېلىدۇ.

ئىسلامدا ئاللاھنىڭ روھى مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

● ئاللاھنىڭ روھى مەخپى سىردۇر. (قۇرئان 17:85 )

● ئاللاھ روھىنى ئادەم ئاتىنىڭ ھەيكىلىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 15:29 ، 32:9 ، 38:72 )

ئاللاھنىڭ روھى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى

- ئاللاھ ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىغا كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 21:91 ، 66:12 )

- مەريەم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 21:91 )

- ئەيسا ئاللاھدىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )

- ئاللاھ مۇقەددەس روھى بىلەن ئەيسانى يۆلىگەن. (قۇرئان 2:87،253 5:110، )

ئاللاھنىڭ روھى بىلەن مۇھەممەتنىڭ مۇناسىۋىتى:

- مەلۇم بىر روھ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قۇرئاننى ئېلىپ چۈشكەن. (قۇرئان 16:102 )

- ئاشۇ روھ قۇرئاننى مۇھەممەتنىڭ قەلبىگە سالغان. (قۇرئان 26:193)

- ئاللاھ مۇھەممەتكە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىققان روھنى ۋەھى قىلىدۇ. (قۇرئان 42:52)

- قىيامەت كۈنى روھ ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىلىدۇ. (قۇرئان 70:4)

- قىيامەت كۈنى روھ ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەپ-سەپ بولۇپ تىك تۇرىدۇ. (قۇرئان 78:38)

ھازىرقى مۇسۇلمانلار مەسىھ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ بىرلىك» تەلىماتىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ سەۋەبى ئۈچ بىرگە تەڭ ئەمەس. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ نوقتىنەزىرى قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەردىن كېلىپ چىقمىغان.

### مەسىھ ئېتىقادىدىكى ئۈچ بىرلىك تەلىماتى

- مەسىھلەرنىڭ «ئۈچ بىرلىك» كە ئىشىنىشى بۇ سۆزنىڭ مۇقەددەس كىتاپتا بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتاپتىكى خۇدانىڭ تەسۋىرلىنىشىگە بەرگەن ئىنكاسىدۇر. ئۈچ بىرلىك تەلىماتى پۈتۈنلەي مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار) دا مەنا جەھەتتىن ئىپادىلەنگەن بولسا، يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دا روشەن ھەم كونكرېت

ئىپادىلەنگەن. تارىختا پەرۋەردىگار خۇدا ئۆزىنى ئىنسانلارغا ھەقىقەتەنمۇ ئۈچ شەخس ھالىتىدە نامايەن قىلىدۇ، ئۇلار مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتۇر. بۇ ئۈچ شەخس ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان ئاشۇ كۆرۈنمەس خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازى ۋە خاراكتېرىنى ئىنسانلارغا نامايەن قىلىدۇ.

• مۇسۇلمانلارنىڭ «ئاللا بىر» دىگەن تەلىماتىنى ئىپادىلەيدىغان «تەۋھىد» دىگەن ئاتالغۇمۇ ئەسلىدە قۇرئاندا يوق بولۇپ، بۇ سۆزمۇ ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئاندىكى ئاللانىڭ تەسۋىرلىنىشىگە بەرگەن بىر خىل ئېنىقلىمىسىدۇر.

• ئەڭ دەسلەپكى مەسىھىي جامائەتلەرمۇ «ئۈچ بىرلىك» دىگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. گىرىك تىلىدىكى trias دىگەن سۆزنى ئانتاكىيادىكى تىئافىلور (مىلادى 181 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) تۇنجى بولۇپ ئىشلەتكەن. لاتىن تىلىدىكى trinitas دىگەن سۆزنى تېرتۇلىئان (مىلادى 230 ـ 152 يىللىرى) ھەممىدىن بۇرۇن قوللانغان.

• مىلادىيە 325 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن نىسىيە چوڭ يىغىنىدا، ئۈچ بىرلىك تەلىماتى رەسمى ھالدا «نىسىيە ئېتىقاتنامىسى» بولۇپ بىكىتىلگەن. بۇ ئېتىقاتنامىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئۈچ چوڭ مەزھەپ كاتولىك، پراۋسلاۋىيان ۋە پروتاستىنىت مەزھەپلىرى ئورتاق قوبۇل قىلىدۇ.

## «نىسىيە ئېتىقاتنامىسى» نىڭ مەزمۇنى :

بىز بىر خۇداغا ئىشىنىمىز، ئۇ ھەممىگە قادىر مۇقەددەس ئاتىمىزدۇر، ئاسمان ـ زىمىننى ھەمدە شەكلى بار ۋە شەكلى يوق بارلىق مەۋجۇداتلارنى ياراتقۇچىدۇر.

بىز رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىمىز، ئۇ خۇدانىڭ يېگانە ئوغلىدۇر، دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس ئاتىدىن تۇغۇلغان. ئۇ ئىلاھتىن تۇغۇلغان ئىلاھتۇر، نۇردىن تۆرەلگەن نۇردۇر، راست ئىلاھتىن تۇغۇلغان راست ئىلاھتۇر. ئۇ مۇقەددەس ئاتىدىن تۇغۇلغان، يارىتىلمىغان، ماھىيەت جەھەتتە مۇقەددەس ئاتا بىلەن بىردۇر. پۈتكۈل مەۋجۇداتلار ئۇ ئارقىلىق يارىتىلغان. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەرشتىن چۈشكەن. ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرىدە پاك قىز مەريەمنىڭ ھاملدار بولىشى ئارقىلىق ئىنسان تىنىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بىز ئۈچۈن پونتىس پىلاتوسنىڭ قولىدا كىرستتا مىقلىنىپ

زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە دەپنە قىلىنغان. ئىنجىلدا دېيىلگەندەك، ئۇچىنچى كۈنى تىرىلگەن، ئاسمانغا كۆتىرىلىپ مۇقەددەس ئاتىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇ كەلگۈسىدە زور شان-شەرەپ بىلەن قايتىپ كېلىپ، تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۆلىتى مەڭگۈلۈكتۇر.

بىز مۇقەددەس روھقا ئىشىنىمىز، ئۇ رەب ھەم ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. ئۇ مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇلدىن چىققان، مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇل بىلەن ئوخشاش شان شەرەپكە ۋە ئىبادەت قىلىشقا لايىقتۇر. ئۇ بۇرۇنمۇ پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق سۆزلىگەن.

بىز مەسىھ ئەلچىلىرىدىن قالغان مۇقەددەس ئومۇم جامائەتچىلىككە ئىشىنىمىز، گۇناھنى يۇيىدىغان بىردىنبىر چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىمىز، بىز ئۆلۈكلەرنىڭ تىرىلىشىنى ۋە كەلگۈسى دۇنيادىكى ھاياتلىقنى كۈتىمىز. ئامىن !

- شۇنىڭدىن باشلاپ ئۈچ بىرلىك تەلىماتى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاتىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە كەڭ تارقىلىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرمەيدۇ.
- نىسىيە يېغىنىدىن 300 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرئان مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىماتىغا قارشى چىقماقچى بولىدۇ، ئەمما ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى ئېنىق ئايرىيالماي، ئۇنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندۈرىدۇ (مەسىلەن، ناسارالار ئاللا،مەريەم ۋە ئەيسانى ئۈچ ئىلاھ دەيدۇ، ئۇلار ئۈچ خۇداغا چوقۇنىدۇ، دىگەندەك). دىمەك ناھايىتى ئېنىقكى، مەيلى ئۈچ بىرلىك تەلىماتى توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ئەمما قۇرئان ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىلگۈچى پەرۋەردىگار خۇدادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەس.

## ئەگەر ئۈچ بىرلىك تەلىماتى پۈت تىرەپ تۇرالمىسا، مەسىھ ئېتىقاتى بەربات بولامدۇ؟

مەسىھ ئېتىقاتى قانداقتۇر مەلۇم بىر تەلىماتتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھتىن باشلانغان. ئەيسا مەسىھ كونا ئەھدە (تەۋرات،زەبۇر ۋە باشقا قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلار) دىكى ئالدىن بېرىلگەن ۋەھى ۋە بىشارەتلەرگە ئاساسەن دۇنياغا كەلگەن. قەدىمقى بىشارەتلەردە ئالدىن كۆرسىتىلگەندەك، ئۇنىڭ ھاياتى، مۆجىزىلىرى، تەلىمى، نام-شەرىپى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى، ئۆلۈشى، تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆز ھاياتى بىلەن قىلغان گۇۋاھلىقى، ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ

تارىخى ۋەقەلىكلەرنى ئىنجىلنىڭ ئۆزىدىنلا ئەمەس، ھەتتا باشقا تارىخى ماتېرىياللاردىنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. دىمەك، مەسىھ ئېتىقاتى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنى ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن.

**ھەقىقى ئۈچ بىرلىك تەلىماتىنىڭ مېغىزى:**

پەقەت بىرلا ياراتقۇچى خۇدا بار.

● پەقەت بىرلا خۇدا بار. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 20:2،3 ، قانۇن شەرھى 4:35،39 ، 6:4 ، 32:39 ، سامۇئىل ئىككىنچى پۈتۈك 7:22 ، ئالدىنقى پادىشاھلار 8:60 ، ئالدىنقى تارىخنامە 17:20 ، زەبۇر 86:10 ، يەشايا 43:10 ، 44:6،8 ، 45:5،6،14،18،21،22 ، 46:9 ، ھۇشىئا 13:4 ، زەكەرىيا 14:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 22:37 ، ماركوس 12:28-32 ، يۇھاننا 17:3 ، رىملىقلار 3:29،30 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 8:4-6 ، گالاتىيالىقلار 3:20 ، ئەفەسلىكلەر 4:4-6 ، تىموتى بىرىنچى خەت 1:17 ، 2:5 ، ياقۇپ 2:19 )

● خۇدا ئۆز شان-شەرىپىنى يالغان ئىلاھلارغا ياكى بۇتلارغا بەرمەيدۇ. (يەشايا 42:8 )

● باشقا ساختا ئىلاھلارغا ياكى قولدا ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنۇشقا بولمايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 20:3،5 ، لاۋىيلار 26:1 )

● بۇتقا چوقۇنغانلار خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدۇ. (ئىنجىل-گالاتىيالىقلار 5:20 )

● خۇداغا ئىشەنمىگەنلەر، بۇتقا چوقۇنغانلار دوزاققا مەھكۇم بولىدۇ. ( ئىنجىل-ۋەھىيلەر 8،21:9 )

مۇقەددەس ئاتا (پەرۋەردىگار خۇدا)

● مۇقەددەس ئاتا خۇدادۇر، ئۇ ئاسمان زىمىننى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى، شۇنداقلا ئالەملەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە تەۋرات قانۇننى تۈزگۈچىدۇر. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1-باب، مىسىردىن چىقىش 20:3-6 ، پادىشاھلار 18:39 ، يەشايا 44:24 ؛ ئىنجىل-يۇھاننا 6:27 ، 20:17 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 8:6 ، گالاتىيالىقلار 1:1 ، فىلىپىلىكلەر 2:11 )

● مۇقەددەس ئاتا مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21:33 ، مىسىردىن چىقىش 3:14 ، زەبۇر 90:2 ، 16 ـ 145:9 ، يەشايا 9:6 ، 41:4 ، 57:15 ، دانىيال 6:25،26 )

● مۇقەددەس ئاتا ھەممە يەردە مەۋجۇد بولىدۇ. (زەبۇر 139:7 ، يەرەمىيا 23:23،24 ؛ ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 4:6 )

● مۇقەددەس ئاتا ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 4:23 ، 5:23 )

● مۇقەددەس ئاتا مېھىر ـ مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 3:16 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 11 ـ 4:7 )

● مۇقەددەس ئاتا پاكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:11 )

مۇقەددەس ئوغۇل (ئەيسا مەسىھ)

● ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر، ئۇنىڭ باشلىنىشى يوق، ئۇ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلمىغان بەلكى خۇدانىڭ ۋۇجۇدىدىن چىققان نۇردۇر. ئۇ ئەزەلدىن مۇقەددەس ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇد. پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇ ئارقىلىق يارىتىلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. قەدىمقى زامانلاردا خۇدانىڭ سۆزى پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق كىتابقا پۈتۈلگەن بولسا، ئاخىردا خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان تېنىدا بۇ دۇنياغا كەلدى. ئۇ خۇدانىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

● مۇقەددەس ئوغۇلنىڭ ئۆزى ئىلاھتۇر. (يەشايا پەيغەمبەر 7:14 ، 9:6 ؛ ئىنجىل ـ يۇھاننا 1 ـ باب 1 ـ 5 ، 12 ـ 14 ، 18 ـ ئايەتلەر ۋە 14 ـ باب 9،10 ـ ئايەتلەر، ماركوس 2:5،7 ، 4:39،41 ، ئىبرانىلار 1:3،8 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 5:20 ، فىلىپىلىكلەر 11 ـ 2:6 ، ۋەھىلەر 22:12،13 )

● مۇقەددەس ئوغۇل مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 8:58 ، ئىبرانىلار 1:8،9 ، پېتروس ئىككىنچى خەت 3:18 ، ۋەھىلەر 1:8 )

● مۇقەددەس ئوغۇل ھەممە يەردە مەۋجۇد. (ئىنجىل ـ مەتتا 18:19،20 )

● مۇقەددەس ئوغۇل ئىبادەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 14:33 ، 28:17 ، لۇقا 24:52 ، ۋەھىلەر 5:13 ، 22:8،9 )

● مۇقەددەس ئوغۇل مېھىر ـ مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 15:12،13 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:16 )

● مۇقەددەس ئوغۇل پاكتۇر. (ئىنجىل ـ لۇقا 1:35 )

مۇقەددەس روھ (يارىيۆلەكچى)

● ئەيسا مەسىھ ئۆزىدىن كېيىن ئىنسانلارغا يەنە بىر يارىيۆلەك بولغۇچىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ ئىنجىلدا Parakletos دەپ ئاتالغان. بۇ سۆزنىڭ گىرىك تىلىدىكى ئەسلى مەنىسى ياندا بىرگە تۇرغۇچى بولۇپ، يارىيۆلەك بولغۇچى، ياردەمچى، يول كۆرسەتكۈچى، ئاقىلغۇچى دېگەندەك مەنىلىرى بار. ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئورما ھېيتىدا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئېتىقاتچىلار ئارىسىغا چۈشىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 14:16،17 ، ئەلچىلەر 4ـ2:1 )

● مۇقەددەس روھ خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ روھىدۇر، ئۇ خۇداغا مەنسۇپ بولۇپ خۇدادىن چىققان، ئۇنىڭدا خۇدانىڭ مۇكەممەل خاراكتېرى ۋە سۈپىتى بار. ئۇ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىدە تۇرىدۇ، ئۇلارغا يېڭى ھاياتلىق ۋە ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ، ئادەمنىڭ گۇناھقا پاتقان ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ، گۇناھنىڭ كونتروللۇقىنى يېڭىدۇ. ئۇ ھەرخىل ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئادەملەرگە خۇدانىڭ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈپ توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئىنسانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ.

● مۇقەددەس روھ ئىلاھتۇر. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:2 ، 2:7 ، 6:3 ، ساموئىل بىرىنچى پۈتۈك 19:23 ، ئايۇپ 33:4 ، زەبۇر 104:30 ، يەشايا 42:1 ، 48:16 ؛ ئىنجىل ـ مەتتا 12:32 ، يۇھاننا 3:5،6،8 ، 4:24 ، 6:63 ، ئەلچىلەر 5:3،4 ، 13:2 ، رىملىقلار 11ـ8:9 ، 15:16 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:10 ، 3:16 ، 6:11،19 ، 12:11 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 3:8 ، تىتوس 3:5 ، ئىبرانىلار 12ـ3:7 )

● مۇقەددەس روھ مەڭگۈ مەۋجۇد بولىدۇ. (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 9:14 )

● مۇقەددەس روھ ھەممە يەردە مەۋجۇد بولىدۇ. (زەبۇر 10ـ139:7 )

● مۇقەددەس روھ ئىبادەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 8:26 )

● مۇقەددەس روھ مېھىر ـ مۇھەببەتلىكتۇر. (ئىنجىل ـ تىموتى ئىككىنچى خەت 1:7 )

● مۇقەددەس روھ پاكتۇر. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 4:30 )

بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتى

● مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ بۇ ئۈچىنىڭ ئورنى باراۋەر، ماھىيىتى بىر، ھەم مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇلار ھەم خاسلىقتا ھەم ئورتاقلىقتا ئىگە. (ئىنجىل ـ لۇقا 2:49 ، 19:45،46 ، يۇھاننا 1:1 ، 5:17،18 ، 30ـ10:25 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:10،11 )

● ئۇلارنىڭ ئۈچى مۇكەممەل بىرلىكتۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:22 )

● خۇدا بىرلا ۋاقىتتا بىرلىك ۋە كۆپلۈك ساندا بولالايدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26 ، 3:22 ، 11:7 ، قانۇن شەرھى 6:4 ، ئايۇپ 35:10 ، پەند ـ نەسىھەتلەر 9:10 ، ھېكمەتلەر 12:1 ، يەشايا 6:8 ، 48:16 ، 54:5 ، 61:1 )

● يوقۇردا كۆرسىتىلگەن قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى ئايەتلەردە، ئىلاھ دىگەن سۆز ئىبرانى تىلىدا كۆپلۈك ساندا كىلىدۇ ( Elohim ) ، خۇدا نۇرغۇن ئايەتلەردە كۆپلۈك ساندا سۆزلەيدۇ (قۇرئاندىمۇ ئاللاھ «بىز» دەپ سۆزلەيدۇ). بۇلارمۇ مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خۇدانىڭ ئۈچ بىرلىك قارىشىنى قوللايدۇ.

● خۇدا بىردۇر، ئەمما ئۇ ئىنجىلدا مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچ شەخس ئارقىلىق، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئىنسانلارغا نامايەن قىلىدۇ.

گەرچە مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ ماھىيەت جەھەتتىن بىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە:

● خۇدا بىلەن رەبنىڭ خاسلىقى (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 ، ھۇشىئا 1:7 ؛ ئىنجىل ـ تىمۇتى ئىككىنچى خەت 1:8 )

● مۇقەددەس ئاتا بىلەن مۇقەددەس ئوغۇلنىڭ خاسلىقى (زەبۇر 2:7 ، 45:6 ، يەشايا 59:20 ، 63:9 ؛ ئىنجىل ـ يۇھاننا 17:3 ) .

● مۇقەددەس ئوغۇل خۇدانىڭ ئوغلى دەپلا ئاتىلىپ قالماستىن (ئىنجىل ـ رىملىقلار 1:4)، بەلكى يەنە يىگانە ئوغۇل (ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:14،18 ، 3:16،38 ) ، تۇنجى ئوغۇل (ئىنجىل ـ ئىبرانىلار 1:6 ) دەپمۇ ئاتالغان.

● ئەيسا مەسىھ ئىنسان ھالىتىدە دۇنياغا كەلگەندىن كىيىن ئاندىن خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالمىغان، بەلكى قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇنىڭ ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈلۈك خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. (يەشايا 9:6 ، مىكا 5:2 )

● مۇقەددەس روھنىڭ خاسلىقى (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1،2 ، 6:3 ، نوپۇس سانى 27:18 ، زەبۇر 51:11 ، يەشايا 40:13 ، خاگگاي 2:4 )

● مۇقەددەس روھ بىلەن رەبنىڭ خاسلىقى (يەشايا 63:10 )

● خۇدا ئالەمنى ياراتقاندىمۇ ئوخشىمىغان ئۈچ ھالەتتە نامايەن بولىدۇ. يەنى خۇدا، خۇدانىڭ روھى ۋە خۇدانىڭ سۆزى. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 ، يەشايا 4:21 ، 48:16 )

ئۈچ شەخس ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا بىرلىكتە ماسلىشىپ ئىش قىلىدۇ، مەسىلەن :

● ئالەمنى ياراتقاندا (تەۋرات - ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1،2،26 ، پەند - نەسىھەتلەر 31 - 22:8 )

● ئەيسا مەسىھ ئىنسان تېنىدە دۇنياغا كەلگەندە (يەشايا 11:2 ، 42:1 ، ئىنجىل - لۇقا 1:35 ، 19 - 4:17 )

● ئەيسا مەسىھ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلگەندە (ئىنجىل - مەتتا 3:16،17 ، لۇقا 3:21،22 )

● مەسىھ ئەلچىلىرىنى يېتىشتۈرگەندە (ئىنجىل - لۇقا 24:49 ، ئەلچىلەر 8 - 1:4 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 6 - 12:4 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 13:13،14 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:1،2 )

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى دۇئا قىلغاندا، مۇقەددەس روھ ئېتىقاتچىلارنى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن مۇقەددەس ئاتىغا دۇئا قىلغۇزىدۇ.

● باشقا ئەھۋاللار (تەۋرات - مىسىردىن چىقىش 5 - 31:3 ، نوپۇس سانى 11:25 ، زەبۇر 16:8 ، 110:1 ، يەشايا 59:21 ؛ ئىنجىل - مەتتا 12:28 ، 45 - 22:43 ، 28:19 ، لۇقا 11:20 ، يۇھاننا 14:26 ، 15:26 ، ئەلچىلەر 2:32،33 ، 32 - 5:29 ، 10:38 ، كورىنتلىقلار 13:14 ، ئەفەسلىكلەر 20 - 5:18 ، تىتوس 2:13 ، پېتروس بىرىنچى خەت 3:18 )

● مۇقەددەس ئاتا مۇقەددەس ئوغۇلنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ، مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس ئاتىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (زەبۇر 2:7 ، يەشايا 48:16 ؛ ئىنجىل - لۇقا 9:35 ، 10:21،22 ، يۇھاننا 1:14،18 ، 8:18 ، 12:49،50 ، 14:6،7،9،11،20 ، گالاتىيالىقلار 4:4،5 )

● مۇقەددەس ئاتا بىلەن مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس روھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ، مۇقەددەس روھ مۇقەددەس ئاتا ۋە مۇقەددەس ئوغۇلغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (يەشايا 48:16 ؛ ئىنجىل - يۇھاننا 26 - 14:16, 17, 23 ، 15:26 ، 15 - 16:13 ، گالاتىيالىقلار 4:6 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 5:6،7 )

● ئۈچ بىرلىك مۇناسىۋىتى مەسىھ جامائىتى ئارىسىدىكى بىرلىكنىڭ ئاساسى. (ئىنجىل - يۇھاننا 17:20،21 )

● ئىنجىلنىڭ ھېچقانداق يېرىدە مەريەمنى خۇدا دەيدىغان خاتىرە يوق. ئىنجىلدا مەريەم ئۆزىنى خۇدانىڭ ئاجىز قىزى، ئەرزىمەس بەندىسى دەپ ئاتايدۇ. (ئىنجىل - لۇقا 1:48 )

كۇنا ئەھدىدىكى (تەۋراتتىكى) ئۈچ بىرلىككە ئائىت دەلىل-ئىسپاتلار :

● ئىبرانى تىلىدا خۇدانىڭ بىرلىكى « **echad** » دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە دىگەنلىكتۇر. تەۋراتتا خۇدانىڭ بىرلىكى كۆپ قىتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن : « ئى ئىسرائىللار، ئاڭلا، رەببىمىز خۇدا بىردۇر» (تەۋرات-قانۇن شەرھى 6:4 )

● ئىبرانى تىلىدا يەككە-يىگانە ، مۇتلەق بىر دىگەن ئۇقۇمنى « **yachid** » دىگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا خۇدانىڭ بىرلىكى سۆزلەنگەندە ئەزەلدىن بۇ سۆز قوللىنىپ باقمىغان.

● خۇدا روھتۇر، ئۇنىڭ بىرلىكنى ئاددى ھالدا ماددى دۇنيادىكى «بىر» (بىر تاغ، بىر دەرەخ، بىر ئادەم ) دىگەن ئۇقۇم بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ بىرلىكى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە لوگىكىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بىرلىكتۇر.

● مۇقەددەس كىتاپتا گەرچە خۇدانىڭ بىرلىكى كۆپ قىتىم تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما خۇدا كۆپلۈك ساندا ئىپادىلەنگەن (قۇرئاندىمۇ ئاللا «بىز» دەپ سۆزلەيدۇ). ئىبرانى تىلىدا ئىلاھنىڭ بىرلىك شەكلى « El » ، كۆپلۈك شەكلى « Elohim » ، مۇقەددەس كىتاپتا « Elohim » دىگەن سۆز 2000 قىتىمدىن ئارتۇق قوللىنىلغان. ئىبرانى تىلىدا رەبنى ئىپادىلەيدىغان « Adonai » دىگەن سۆزمۇ كۆپلۈك شەكلىدە بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپتا بۇ سۆزمۇ ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان.

● ئايۇپ پەيغەمبەر 35-باب 10-ئايەتتە، خۇدانى ئىنسانلارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دەپ ئاتىغان. يەشايا پەيغەمبەر 54-باب 5-ئايەتتە، خۇدانى ئىسرائىللارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دىيىلگەن. زەبۇر 149-پارە 2-مىسرادا، خۇدانى ئىسرائىللارنىڭ «ياراتقۇچىلىرى» دىيىلگەن. ھىكمەتلەر 12-باب 1-ئايەتتە، سىلەر «ياراتقۇچىلار» نى ئەسلەڭلار دىيىلگەن. يەشۇئا 24-باب 19-ئايەت ۋە پەند-نەسىھەتلەر 9-باب 10-ئايەتلەردىمۇ خۇدا كۆپلۈك ساندا ئىپادىلەنگەن.

● مۇقەددەس كىتاپتا خۇدانىڭ ئاتىلىشى كۆپلۈك ساندا كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىكى سۆزلەر بولسا بىرلىك ساندا كەلگەن، ھەتتا خۇدانىڭ بىرلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. دىمەك مۇقەددەس كىتاپ كۆپ ئىلاھنى ئەمەس بەلكى بىر ئىلاھنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلگەن.

خۇدانى ئىپادىلەيدىغان ئالماش سۆزلەرمۇ كۆپلۈك ساندا كەلگەن.

● خۇدا: **بىز ئۆزىمىزنىڭ** ئوبرازى بويىچە، **ئۆزىمىزنىڭ** سىياقىدا ئىنسانلارنى يارىتايلى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:26،27 )

● پەرۋەردىگار خۇدا: ئۇ ئادەم **بىزگە** ئوخشاپ قالدى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:22 )

● خۇدا: **بىز** چۈشۈپ ئۇلارنىڭ تىلىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلى-دەيدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:7 )

● خۇدا: مەن كىمنى ئەۋەتىمەن، كىم **بىز** ئۈچۈن بارالايدۇ-دەيدۇ. (يەشايا 6:8 )

● ئىبراھىم پەيغەمبەر مۇنداق دەيدۇ: **ئۇلار** (خۇدا) مىنى باشقا يۇرتلارغا مۇساپىر قىلىپ چىقارغاندا... (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 20:13 )

● **ئۇلار** (خۇدا) بەيتەلدە ياقۇپ پەيغەمبەرگە كۆرۈندى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 35:7 )

● **ئۇلار** (خۇدا) ئىسرائىللارغا يېقىنلىشىدۇ. (قانۇن شەرھى 4:7 )

● **ئۇلار** (خۇدا) ئىسرائىللارنى مىسىردىن قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ. (سامۇئىل ئىككىنچى پۈتۈك 7:23 )

● **ئۇلار** (خۇدا) يەر يۈزىدە سوراق قىلىدۇ. (زەبۇر 58:11 )

بەزى ئايەتلەردە خۇدانىڭ ئىككى ياكى ئۈچ شەخسلىك ھالىتىنىڭ ھەممىسى خۇدا دەپ ئاتىلىدۇ.

● **خۇدا** گۈڭگۈرت ۋە ئوتنى ئاسماندىكى **خۇدانىڭ** دەرگاھىدىن سودوم ۋە گومورا شەھىرىگە چۈشۈردى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24 )

● ئى **خۇدا**، سىنىڭ تەختىڭ مەڭگۈلۈكتۇر، سەلتەنىتىڭ ئادالەتلىكتۇر... شۇڭا **خۇدا**، يەنى **سىنىڭ ئىلاھىڭ**، سىنى شاتلىق مېيى بىلەن مەسىھ قىلدى، ھەمراھلىرىڭدىن يوقۇرى قىلدى. (زەبۇر 45:6،7 )

● مەن **خۇدادۇرمەن**، مەن باش ھەم ئاخىردۇرمەن... **خۇدا** مىنى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئەۋەتتى. قۇتقۇزغۇچۇڭ خۇدا، ئىسرائىلنىڭ مۇقەددەس بولغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ: مەن خۇدا سىنىڭ ئىلاھىڭدۇرمەن. (يەشايا 17-48:12 ) (بۇ ئايەتتىكى ئەۋەتكۈچى خۇدا بىلەن سۆزلەۋاتقان خۇدا بىر شەخس ئەمەس)

● خۇدا ھوشىئا پەيغەمبەرگە مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭغا لورۇھاماخ دەپ ئىسىم قويغىن، چۈنكى **مەن** ئەمدى ئىسرائىللارغا رەھىم قىلمايمەن، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرمەيمەن. بەلكى يەھۇدالارغا رەھىم قىلىمەن. ئۇلارنى ئوقيا، قىلىچ، ئۇرۇش، ئات ۋە چەۋەندازلارغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى **پەرۋەردىگارى خۇداغا** تايىنىپ قۇتۇلدۇرىمەن. (ھوشىئا 1:6،7 ) ( بۇ ئايەتتىمۇ «پەرۋەردىگارى خۇدا» بىلەن سۆزلەۋاتقان خۇدا ئوخشىمىغان ئىككى شەخس)

● كونا ئەھدىدە ئۈچتىن تەركىپ تاپقان دۇئا، تىلەك ۋە مەدھىيەلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 48:15،16 ، نوپۇس سانى 6:24،26 ، يەشايا 6:3 ، دانىيال 9:19 )

● پەرۋەردىگار خۇدا بىزنىڭ سوراق قىلغۇچىمىز، خۇدا بىز ئۈچۈن قانۇن تورغۇزۇپ بەردى، خۇدا بىزنىڭ پادىشاھىمىز. (يەشايا 33:22 )

● ئىشنى پۈتكۈزگۈچى خۇدا، ئۇنى ياساپ تۇرغۇزماقچى بولغان خۇدا، نامى يەھۋا بولغۇچى مۇنداق دەيدۇ... ( يەرەمىيا 33:2 )

● مۇقەددەس ئاتا (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 32:6 ، يەشايا 63:16 ، 64:8 ، مالاكى 2:10 )

● خۇدانىڭ سۆزى، خۇدانىڭ ئەلچىسى، خۇدانىڭ ئوغلى ( تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:7 ـ 14 ، 21:17 ـ 18 ، 22:9 ـ 18 ، 28:10 ـ 22 ، 32:22 ـ 32 ، مىسىردىن چىقىش 3:6 ، 13:21 ، 23:20 ـ 22 ، نوپۇس سانى 22:21 ـ 41 ، سەردارلار 2:1 ـ 5 ، 6:7 ـ 24 ، 13:3 ـ 22 ، ساموئىل ئىككىنچى پۈتۈك 24:16 ، زەبۇر 2:7، 110:1 ، يەشايا 7:14 ، 9:6 ، 63:9 ، يەرەمىيا 23:5،6 ، پەندى ـ نەسىھەتلەر 30:4 ، زەكەرىيا 1:10،11 ، 12:8 ، مالاكى 3:1 )

● مۇقەددەس روھ، خۇدانىڭ روھى ( نەھەمىيا 9:20 ، ئايۇپ 26:13 ، 33:4 ، زەبۇر 104:30 ، 106:32،33 ، 139:1 ـ 24 ، 143:10 ، ساموئىل ئىككىنچى پۈتۈك 23:1،3 ، يەشايا 11:2 ، 40:13 ، ئىزەكىيال 11:5 ، مىكا 2:7 )

● تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1 ـ بابتا، خۇدا ئۆزىنىڭ روھى ۋە سۆزى ئارقىلىق ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى يارىتىدۇ.

● زەبۇرنىڭ 33 ـ باب 6 ـ ئايىتىدىمۇ يوقۇرقى ئىش تىلغا ئېلىنىدۇ.

● يەشايا پەيغەمبەر 42 ـ باب 1 ـ ئايەتتە، خۇدا ھەمدە ئۇنىڭ روھى ۋە تاللانغۇچى (مەسىھ) بىرلا ۋاقىتتا تىلغا ئېلىنىدۇ. خۇدانىڭ ئۇلار ئارقىلىق ھەقىقەتنى دۇنياغا تارقىتىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

● يەشايا پەيغەمبەر 48 ـ باب 12 ـ 16 ئايەتلەردە، باش ۋە ئاخىر بولغۇچى، يەنى خۇدانىڭ  پەرۋەردىگار خۇدا تەرىپىدىن دۇنياغا ئەۋەتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

● ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىشتىن 700 يىل بۇرۇن ياشىغان يەشايا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق بىشارەت قىلىدۇ، كەلگۈسىدە خۇدانىڭ خۇش خەۋىرى (يەنى ئىنجىل) نى ئېلىپ كەلگۈچى، پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى بىلەن مەسىھ قىلىنىدۇ، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بولىدۇ (يەشايا 61:1) . ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەرۋەردىگار خۇدا... مەن خەلقىم بىلەن مەڭگۈلۈك ئەھدە تۈزەيمەن، ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا تونۇلىدۇ، جاھان ئەھلى ئۇلارنى خۇدا بەخت ئاتا قىلغانلارنىڭ ئەۋلاتلىرى دەپ تونۇيدۇ. (يەشايا 61:8 )

● يەشايا پەيغەمبەر 63 ـ بابتا، پەرۋەردىگار خۇدا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى شۇنداقلا مۇقەددەس روھ قۇتقۇزۇلۇش شەپقىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ ـ دېيىلگەن.

ئۈچ شەخس ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن خۇدا ئۆز تەبىئىتىدىكى مۇكەممەل مېھىر-مۇھەببەتنى نامايەن قىلىدۇ.

● ئەڭ ئۇلۇغ مەۋجۇدات ھېساپلانغان خۇدا چوقۇم مۇكەممەلدۇر. مۇكەممەل بولغان مەۋجۇدات چوقۇم مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. مېھىر-مۇھەببەت ئەخلاق جەھەتتىكى بىر خىل مۇكەممەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى بېغىشلاش مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ماھىيىتى بولۇپ، خۇدانىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان مېھىر-مۇھەببەت باردۇر، بۇ مۇھەببەت مۇكەممەل ھەم مەڭگۈلۈكتۇر.

● خۇدا ئىنسانلارنى ياراتمىغان چاغدىمۇ مېھىر-مۇھەببەتلىك ئىدى.

● ئىنجىلدا، خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر دېيىلگەن. دۇنيا ئاپىرىدە بولمىغاندىلا، ئۈچ بىرلىكتىكى خۇدا مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە بىر ئىدى.

● ئىسلام ئاللانى بىر شەخس بىر ماھىيەت دەپ قارايدۇ، بۇنداق بولغاندا دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدا مېھىر-مۇھەببەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇد بولالمايدۇ، ئۇ چوقۇم مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىش ئوبيېكتى بولغان بىر قىسىم مەۋجۇداتلارنى يارىتىشى كېرەك. شۇڭا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئاللانىڭ رەھىمدىللىكى ھەرگىزمۇ ئىنجىلدا دېيىلگەن «خۇدانىڭ ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر» دېگەن ئوقۇم بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ.

● ئۈچ بىرلىك تەلىماتى يەنى خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك ئۈچ بىرلىكنىڭ ئىچىدە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشى، خۇدانىڭ بىر مەنبەلىك تەلىماتىدىن (مەسىلەن ئىسلام دىنىدىن) تېخىمۇ ئەقىلغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

● مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس روھ ماھىيەت جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەن مۇكەممەل بىر خۇدادۇر، گەرچە ئۇلار ئوخشىمىغان ئۈچ شەخس ھالىتىدە نامايەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ ئۈچى مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان بىر ئورتاق گەۋدىدۇر. ئۇلار زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا تولۇق تەسىرلىشەلەيدۇ.

● مۇقەددەس ئوغۇل مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىزگە مۇقەددەس ئاتىنى بىلدۇرۇپ، بىزنى خۇدانىڭ بالىلىرى قىلىدۇ. ئۇ ئارقىلىق بىز ئەمدى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان ئادەتتىكى مەخلۇقاتلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولالايمىز.

ئىسلامنىڭ «يېگانە ئىلاھى» مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «ئۈچ بىرلىك ئىلاھى» دىن ئىلغارمۇ؟

● مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دىن ئاساسلىقى دىنى ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئادەمنىڭ ئەقلى بىلەن بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلارنىڭ يەنە بىر قىسىم ئەقىدە ۋە ئەمرىمەرۇپلاردىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مۇسۇلمانلار خۇدا ئىنسانلارغا پەقەت ئۆزىنىڭ دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ئەمرىمەرۇپلىرىنىلا ۋەھى قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

● ئەمما ئەڭ مۇھىمى، بۇلار راستىنلا خۇدادىن كەلگەن ۋەھىلەرمۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتمۇ؟ بىزنى قۇتقۇزالامدۇ؟ ـ دىگەنلەرنى چوقۇم ئويلىشىپ بېقىش كېرەك.

● مەسىھلەر خۇدانىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ھېس قىلالايدۇ. مەڭگۈ ھايات بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا بىلەن ھاياتلىق جەھەتتە ئۆز ئارا باغلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ ۋەھىسى(سۆزى) دۇر، ئۇنىڭ ئۆزى ھەقىقەتتۇر. ئىنسان پەقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا خۇدانىڭ ھوزورىغا بارالايدۇ.

● ئىنسان ھەرقانچە بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پۈتكۈل ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك خۇدانى تونۇپ يېتەلمەيدۇ، تاكى خۇدا ئۆزى ئىنسانلارغا ۋەھى قىلمىغۇچە.

● ئادەم ھەرقانچە ئىخلاسمەن بولسىمۇ، تەقۋادار بولۇشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، خۇدا ئالدىدا يەنىلا ناپاك ۋە گۇناھكاردۇر (بۇنى ھەر بىر ئادەم ئۆز قەلبىدىن سوراپ باقسا بولىدۇ). ئادەم ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ھەققانى سورىقىدا گۇناھىم يوق دەپ تىك تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارغا خۇدانى ئايان قىلىدۇ. ئۇ ئادەملىك سالاھىيتى بىلەن ئارىمىزغا كىلىپ بىزنىڭ گۇناھىمىزنى يۇيىدۇ. بىراق ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىلاھتۇر.

● ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق يېزىلغان خاتىرىلەر بىلەن باشقا تارىخى مەنبەلەردىكى خاتىرىلەر ئۆزئارا ماسلىشىدۇ.

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەرشتە، زىمىندا ۋە ئىنسان قەلبىدە مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدۇ، ھەم بۇنىڭ سىرىنى چۈشىنىدۇ.

● بىز ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھىمىزنى يۇيىشىنى قوبۇل قىلساق، ئۇنىڭغا ئەگەشسەك، ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ ئىگىسى دەپ ئېتىراپ قىلساق، مۇقەددەس روھ

قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ، بىزنى يىتەكلەيدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا كىرىشى ۋە مۇقەددەس روھنىڭ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشى، ئۇلارغا خۇدانى تونۇتىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانى خۇددى ئۆز ئاتىسىنى چاقىرغاندەك «خۇدا ئاتا» دەپ چاقىرالايدۇ. ئۇلارنىڭ خۇداغا بولغان تونۇشى ئادەمنىڭ چەكلىك ئەقىل-پاراستى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۈچ بىرلىكتىكى ئاشۇ خۇدانى بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

## 2- قىسىم

# ئەيسا مەسىھ

## قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرگە ئائىت خاتىرىلەر

- ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ئىبرانى تىلىدا ئەسلى ئاتىلىشى يەشۇئا ( Yeshua ) بولۇپ، مەنىسى «خۇدا قۇتقۇزىدۇ» دىگەنلىكتۇر. مۇھەممەد بۇ ئىسمنى خاتا ھالدا ئەرەپچە ئەيسا دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئەسلىدىكى ئىسمنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ي» نى كەينىگە سۈرۈپ، كەينىدىكى «ئا» ھەرپىنى ئالدىغا ئەكىلىپ تەتۈر ئوقۇيدۇ. مۇھەممەتنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمنى بۇنداق خاتا ئاتىغانلىقى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. مەيلى قانداقلا بولسۇن، مۇھەممەد ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقى ئىسمنى بىلمىگەن.
- پاك قىز مەريەم خورما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئەيسانى تۇغۇدۇ.(قۇرئان 19:16_35 )
- قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ پاك قىز ئارقىلىق (دادىسىز) تۇغۇلغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە يوق.
- قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئائىت ھىكايە ئىنجىل بىلەن پەرقلىنىدۇ.
- قۇرئاندىكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشى توغرىسىدىكى ھىكايىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئەرەپ رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن ساختا ئىنجىل ۋە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئائىت مىسىر رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن.

(「Infancy Gospel of Matthew」 or「Birth of Mary and Infancy of the Savior」)

قۇرئاندا خاتىرلەنگەن ئەيسا پەيغەمبەر بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى

- ئاللا ئەيسانىڭ رەببىدۇر. (قۇرئان 3:51 ، 5:72،117 ، 19:36 ، 43:64 )
- ئەيسا ئاللانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 19:21 ، 21:91 ، 23:50 )
- ئەيسا ئاللادىن ئىنسانلارغا كەلگەن شەپقەتتۇر. (قۇرئان 19:21 )
- ئەيسا ئاللانىڭ پەيغەمبىرىدۇر. (قۇرئان 2:87،136 ، 4:157،171 ، 57:27 ، 61:6 )
- ئەيسا ئاللادىن كەلگەن كەلىمە سۆزدۇر، ئاللادىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )

- ئاللانىڭ نەزىرىدە، ئەيسا ھەقىقەتەن ئادەم ئاتىغا ئوخشاشتۇر. (قۇرئان 3:59 )
- ئاللا خالىسا، ئەيسانى يوقىتىۋېتەلەيدۇ. (قۇرئان 5:17 )
- ئاللا ئەيساغا نۇرغۇن روشەن دەلىللەرنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 2:87،253 ، 43:63 ، 61:6 )
- ئەيسا ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىسرائىللارغا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 3:49،50 ، 5:110 )
- ئەيسا بۆشۈكتە تۇرۇپلا ئادەملەرگە سۆزلەيدۇ. (قۇرئان 3:46 ، 5:110 ، 19:29،30 )

(بۇ ئايەتنىڭ مەنبىئى ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبىستاندا تارقىلىپ يۈرگەن ساختا ئىنجىل ۋە بىدئەت مەزھەپلەردىن كەلگەن)

- ئاللا ئەيساغا يېزىقچىلىق ۋە ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنجىلنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 19:30 )
- ئەيسا لاي بىلەن بىر قۇش ياساپ ئۇنىڭغا پۈلەيدۇ، قۇشقا شۇھامان جان كىرىپ ئۇچىدۇ. (قۇرئان 3:49 ، 5:110 )
- قۇرئاندا ئەيسادىن باشقا بىرەر پەيغەمبەرنىڭ جانسىز نەرسىلەرگە ھاياتلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقى خاتىرلەنمىگەن.
- قۇرئاندا كۆپ قېتىم پەقەت ئاللالا ھاياتلىق ئاتا قىلالايدىغانلىقى دېيىلگەن، مەسىلەن ئۇ ئادەم ئاتىنىڭ لايدىن ياسالغان ھەيكىلىگە پۈلىگەندىن كېيىن ئادەم ئاتىغا جان كىرىدۇ. (قۇرئان 15:29 ، 32:9 ، 38:72 )
- قۇرئاندا بۇدلار (ساختا ئىلاھلار) ھەتتا بىر تال چىۋىننىمۇ يارىتالمايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 22:73 )
- ئەيسا قارىغۇنىڭ كۆزىنى ئاچالايدۇ، ماخاۋ كېسەلنى ساقايتالايدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ نېمە يېگىنىنى، ئۆيىدە قانداق يېمەكلىكلەرنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. (قۇرئان 3:49 )
- ئەيسا ئاللادىن تىلەپ ئاسماندىن ناز-نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان چۈشۈرۈپ بېرەلەيدۇ. (قۇرئان 5:114 )
- ئەيسا ئىنسانلارغا ئەقىل-پاراسەت ئېلىپ كەلگەن، شۇڭا ئىنسانلار ئۇنىڭغا بويسۇنىشى كېرەك. (قۇرئان 3:50 ، 43:63 )
- ئەيسا شاگىرتلىرىدىن ياردەم سورايدۇ (قۇرئان 3:52 ) ، ئەيسا ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان مەزگىلدە ئۇلارغا گۇۋاھ بولىدۇ. (قۇرئان 5:117 )

- ئەيسا توغرا دىنغا يىتەكلەيدۇ. (قۇرئان 42:13 )
- ئەيسا مەيلى قەيەردىلا بولمىسۇن بەختلىكتۇر. (قۇرئان 19:31 )
- ئەيسا ئانىسغا كۆيۈمچان بولۇپ، ھېچكىمگە زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان. (قۇرئان 19:32 )
- ئەيسانىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىككىلا دۇنيالىقتا يۈزى باردۇر، ئاللاغا يېقىندۇر. (قۇرئان 3:45 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەر ئەيسا پەيغەمبەردەك بۇنداق يوقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولمىغان.

- ئاللا ئەيسانى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىدۇ. (قۇرئان 4:158 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللا تەرىپىدىن ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈرۈلگەن خاتىرە يوق.

- ئەيسا تىرىلىش ۋاقتىنىڭ بىشارىتىدۇر (قۇرئان 43:61 )

قۇرئاندا باشقا پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا بۇنداق دېيىلمىگەن.

- قۇرئاندا بايان قىلىنغان ئەيسا بىلەن ئىنجىلدا بايان قىلىنغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە ئوخشاشلىقلار بار، ئەمما پەرقلەرمۇ كۆپ.

**ئەيسا مەسىھ، مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

- قۇرئاندىكى خاتىرىلەرنى ئاساس قىلغان تەقدىردىمۇ (گەرچە ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردە كەمتۈكلۈك ۋە خاتالىقلار مەۋجۇد بولسىمۇ)، ئەمما ئەيسا پەيغەمبەر يەنىلا مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردىن زور پەرقلىنىدۇ.
- ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تېخى نىكاھلىق بولمىغان پاك قىزدىن توغۇلىدۇ. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق مۆجىزىلىك ھالدا تۇغۇلمىغان.
- ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ كەلىمىسى(سۆزى)، خۇدادىن چىققان روھ دېيىلگەن. ئەمما مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئادەملەردۇر.
- پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرلا پاك ۋە گۇناھسىز دېيىلگەن. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان.
- ئەيسا پەيغەمبەر جانسىز نەرسىگە جان كىرگۈزىدۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەردە بۇنداق ئىقتىدار يوق.
- ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ بۇدۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئىككىلا دۇنيالىقتا يۈزى بولىدۇ (يوقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولىدۇ). مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق دېيىلمىگەن.

- ئەيسا پەيغەمبەر ئىنسانلارنىڭ تىرىلىش ۋاقتىدىكى بىشارەتتۇر. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنداق ئەمەس.

- خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنى ئاسمانغا كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كىتىدۇ، دىمەك ئەيسا پەيغەمبەر 2 مىڭ يىلدىن بۇيان تاكى ھازىرغا قەدەر خۇدا بىلەن بىرگە تۇرماقتا. مۇھەممەد ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر بۇنداق زور ئىلتىپاتقا ئېرىشكىنى يوق. مۇھەممەت ئۆلۈپ ھازىرمۇ قەبرىدە ياتماقتا.

- خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىشەنگەن ھەم ئۇنىڭ يولىدا ماڭغان ئادەملەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە باشقا ئادەملەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55 )

- ئەيسا پەيغەمبەر قۇرئاندىمۇ «مەسىھ» دەپ ئاتالغان (قۇرئان 3:45، 4:157،171،172 ، 5:17،72،75 ، 9:30،31). مۇھەممەت ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنداق دەپ ئاتالمىغان.
(مەسىھ: تەۋرات ۋە زەبۇردا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان، ئەرشتىن چۈشۈپ ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاپ گۇناھ ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان سىرلىق بىر زات. گەرچە قۇرئاندىمۇ ئەيسا مەسىھ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما مەسىھ توغرىلىق چۈشەنچە بېرىلمىگەن.)

- ھەتتا قۇرئاننىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئەيسا پەيغەمبەر ھەر جەھەتلەردە باشقا پەيغەمبەرلەردىن ناھايىتى يوقۇرى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ مۇھەممەتتىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## مۇقەددەس كىتاپتىكى ئەيسا مەسىھكە ئائىت خاتىرىلەر

- ئەگەر ھازىرقى مۇسۇلمانلار قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئېتىراپ قىلسا، ئىنجىلنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرى خاتىرلەنگەن مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلسا، بىتەرەپلىمە قاراشلاردىن خالى ھالدا ئىنجىلنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ باقسا، ھەمدە ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنى ئىنچىكە كۆزىتىش بىلەن بىرگە بۇ زات توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلىنىپ باقسا، ئۇلار چوقۇم شۇنى كۆرۈپ يىتەلەيدۇكى، ئەيسا مەسىھ تارىختىكى ھېچقانداق بىر ئادەمگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ تەلىملىرى باشقا دىنى ئۇستازلارنىڭ تەلىملىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرىشى شۇنچە ئۆزگىچە ۋە ئاجايىپ بولۇپ، ئادەملەرگە ۋە جەمىيەتكە بەرگەن تەنقىدى ھەرقانداق دىنلاردىن كەسكىن، قويغان تەلىپىمۇ شۇنچە ئۈزۈل-كىسىلدۇر.

- ئەيسا دىگەن بۇ ئىسمىنىڭ ئىبرانى تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى يەشۇئا ( Yeshua ) بولۇپ، مەنىسى «خۇدا قۇتقۇزىدۇ» دىگەنلىكتۇر.

- ئەيسا مەسىھنىڭ يەنە بىر نامى «ئىمانۇئىل» بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «خۇدا بىز

بىلەن بىرگە» دىگەنلىكتۇر. (يەشايا 7:14 ، ئىنجىل-مەتتا 1:23 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزى، نۇرى، ھاياتلىق ئېلىپ كەلگۈچى. (ئىنجىل-يۇھانا 18-1:1)
- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىدىن پارلىغان نۇر، خۇدانىڭ تەبىئىتىنىڭ ھەقىقى ئوبرازىدۇر. (ئىنجىل-ئىبرانىلار 1:3 )
- خۇدانىڭ تەبىئىتىدىكى بارلىق مۇكەممەللىك، بارلىق ئەقىل-پاراسەت ۋە بىلىم ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىدۇر. (ئىنجىل-كولۇسلىقلار 9،2:3 )
- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ قۇدرىتى، خۇدانىڭ پاراستى، خۇدانىڭ سىرىدۇر. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:24 ، كولۇسلىقلار 2:2 )
- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ خىزمەتكارى سىياقىدا مەيدانغا چىقىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 26،3:13 ، 30،4:29 ؛ تەۋرات-يەشايا پەيغەمبەر 49،42،53،50 )
- خۇدا ئەيسا مەسىھتىن خۇرسەندۇر، ئۇ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىردىنبىر كېلىشتۈرگۈچىدۇر. (ئىنجىل-مەتتا 3:17، ماركوس 1:11 ، لۇقا 3:22 ، تىمۇتى بىرىنچى خەت 2:5 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمانى جەھەتتىن ئاتىسى يوق بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھامىلدار بولىدۇ، ئۇنىڭ غايىپتىن تۇغۇلىشى خۇدانىڭ مۆجىزىسىدۇر. (ئىنجىل-مەتتا 1:20 )

### ئەيسا مەسىھنىڭ بۇ دۇنيادىكى چاغدا قىلغان ئىشلىرى ۋە تەلىملىرى

- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرگە تەربىيە بەرگەن، خۇش خەۋەر تارقاتقان، كىشلەرنىڭ تۈرلۈك كېسەللىرىنى داۋالىغان. (ئىنجىل-مەتتا 4:23 )
- ئەيسا مەسىھ : « ۋاقىت-سائەت يېتىپ كەلدى، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى نامايەن بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. شۇڭا توۋا قىلىڭلار، خۇش خەۋەرگە ئىشىنىڭلار! » - دەيدۇ. (ئىنجىل-ماركوس 1:15)
- ئەيسا مەسىھ ئۆزگىچە مىسال ۋە تەلىملەر ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىنى تەستىقلايدۇ، ھەم خۇدانىڭ قانۇنىنىڭ تېخىمۇ يوقىرى ماھىيىتىنى جاكارلايدۇ. مەسىلەن ئۇنىڭ «تاغ ئۈستىدىكى تەلىملىرى». (ئىنجىل-مەتتا 5:7 )

- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا، خۇددى مەن سىلەرگە مېھرى-مۇھەببەتلىك بولغاندەك، سىلەرمۇ بىر-بىرىڭلارغا ئۆز ئارا مېھرى-مۇھەببەتلىك بولۇڭلار دەپ تەلىم بېرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 13:34 ، 15:12 )

- ئەيسا مەسىھ جەلىلىيە ئۆلكىسىنىڭ كانا دېگەن يېرىدە سۇنى شاراپ (ئۈزۈم شەربىتىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك) كە ئۆزگەرتىدۇ. بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ تۇنجى مۆجىزىسىدۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 2:11 )

- ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن كېسەللەرنى، جىن چاپلاشقانلارنى ساقايتىدۇ، قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئاقساق-چولاقلارنى ماڭغۇزىدۇ، ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى پاكلايدۇ، گاسلانىڭ قۇلىقىنى ئاچىدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 8:28-32 ، 9:27-30 ، 11:5 ، ماركوس 7:37 ، لۇقا 5:12،13 ، 7:21،22 ، يۇھاننا 11:43،44 )

- ئەيسا مەسىھ ئىبادەتخانا مەسئۇلى يائىرنىڭ قىزىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-ماركوس 5:35-42 )

- نائىن شەھىرىدىكى بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-لۇقا 7:11-17 )

- بەيتانىيا يېزىسىدىكى لازارنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 11:1-45 )

- ئەيسا مەسىھ 5 نان ۋە 2 بېلىق بىلەنلا 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 14:15-21 ، ماركوس 6:30-44 ، لۇقا 9:10-17 )

- ئەيسا مەسىھ 7 نان ۋە نەچچە تال كىچىك بېلىق بىلەنلا 4000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 15:32-39 ، ماركوس 8:1-9 )

- ئەيسا مەسىھ سۇنىڭ ئۈستىدە ماڭىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 14:25 )

- ئەيسا مەسىھ دېڭىزدىكى بوران-چاپقۇننى توختىتىپ، دولقۇننى تىنجىتىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 8:23-27 ، ماركوس 4:39 ، لۇقا 8:22-25 )

(خۇدا بوراننى توختىتىشى بىلەن دېڭىز دولقۇنىمۇ تىنجىدى. - زەبۇر 107:29 )

- ئەيسا مەسىھ يەنە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن (ئىنجىلدىكى تۆت پارچە خۇش خەۋەردە بولاردىن پەقەت بىر قىسمىلا خاتىرلەنگەن) ؛ ئىنجىلدا بۇ مۆجىزىلەرنىڭ خاتىرلىنىشى كىشىلەرگە ئەيسا مەسىھنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا

ئېرىشەلەيدىغانلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 20:30،31 )

- ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئوي-خىيالنى بىلەلەيتى. (ئىنجىل-مەتتا 9:4 ، يۇھاننا 2:24،25 )
- ئەيسا مەسىھ ئازغان ئادەملەرنى قۇتقۇزغىلى، گۇناھنى تونۇغانلارنى چاقىرغىلى كەلدى. (ئىنجىل-لۇقا 19:10 ، مەتتا 9:13 ، لۇقا 5:32 )
- ئەيسا مەسىھ ئەرشتىن چۈشكەن، ھەم شاگىرتلىرى بىلەن نۇرغۇن ئېتىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا ئاسمانغا كۆتىرىلگەن. ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئادەم ئەرشتىن چۈشكەن ھەم ئاسمانغا كۆتىرىلگەن ئەمەس. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:13 ، 6:38 )
- دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا ئەيسا مەسىھ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن بەھرىمەن بولغان (ئىنجىل-يۇھاننا 17:5 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى خۇدا ئاتىسى تەرىپىدىن تاللانغان ئادەملەرگە نامايەن قىلغان (يۇھاننا 17:6 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەن (يۇھاننا 5:43 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسى بىلەن ئەسلىدە بىر ئىدى (يۇھاننا 10:30 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى كۆرگەنلىك خۇدا ئاتىنى كۆرگەنلىكتۇر، ئىنسان پەقەت ئەيسا مەسىھ ئارقىلىقلا خۇدا ئاتىنىڭ دەرگاھىغا بارالايدۇ (مەتتا 11:27 ، يۇھاننا 14:6،9،11 ) ؛ خۇدا ئاتىنىڭ ئۆزىمۇ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ (يۇھاننا 5:37 ) ؛ خۇدا ئاتا نىمە قىلسا، ئەيسا مەسىھمۇ شۇنى قىلىدۇ (يۇھاننا 5:19 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى ھۆرمەت قىلمىغانلىق ئۇنىڭ ئاتىسى خۇدانى ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر (يۇھاننا 5:23 ) ؛ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىق خۇدا ئاتىغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقتۇر (يۇھاننا 15:22-24 ) ؛ خۇدا ئاتىدا بار بولغانىنىڭ ھەممىسى ھەم ئەيسا مەسىھنىڭكىدۇر (يۇھاننا 16:15 )
- ئەيسا مەسىھمۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتايدۇ (ئىنجىل-مەتتا 16:15-17 ، 26:63،64 ، لۇقا 22:70 ، يۇھاننا 5:17،18 ، 6:51 ، 8:23 ، 9:36،37 ، 10:33، 36-38 ، 13:13 ، 16:8 ، 17:1 ، 19:7 )
- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى تېخىمۇ مول ھاياتلىققا ئېرىشسۇن دەپ كەلگەن (ئىنجىل-يۇھاننا 10:10 )
- ئەيسا مەسىھ كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 10:27،28 ) ؛ ئۇ ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگۈچى ۋە ھاياتلىق بەرگۈچىدۇر (يۇھاننا 11:25 ) ؛ ئۇ ئۆزى خالىغان كىشىگە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 5:21 )
- ئەيسا مەسىھ ھاياتلىق بەرگۈچى ناننىڭ ئۆزىدۇر. ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنلەر ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلەر مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. (يۇھاننا 6:35 )

- ئەيسا مەسىھ دۇنيانىڭ نۇرىدۇر، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا قالمايدۇ، ئۇلار ھاياتلىق نۇرىغا مۇقەررەر ئېرىشىدۇ. (يۇھاننا 8:12 )
- ئەيسا مەسىھ ئىشىكتۇر، ئۇ ئارقىلىق كىرگەنلەر چوقۇم قۇتقۇزۇلىدۇ، ھەم مول نېمەتلەرگە ئېرىشىدۇ. (يۇھاننا 10:9 )
- ئەيسا مەسىھ ياخشى قويچىدۇر، ياخشى قويچى ئۆزىنىڭ قويلىرى ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلالايدۇ. (يۇھاننا 10:11 )
- ئەيسا مەسىھ ھازىرمۇ ھاياتتۇر، ئۇ كەلگۈسىدە بۇ دۇنياغا يەنە كېلىدۇ. (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر)
- پۈتۈن دۇنيا، پۈتكۈل مەۋجۇدات ئەيسا مەسىھكە بويسۇنىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:27،28 ، ئەفەسلىكلەر 1:10 ، ۋەھىيلەر)
- ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:19 ، لۇقا 24:51 ، ئەلچىلەر 1:9 )
- ئەيسا مەسىھتىن باشقا ھېچكىم ئەرشتىن چۈشكەن ئەمەس. (يۇھاننا 3:13 )
- ئەيسا مەسىھ ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ شانلىق تەختتە ئولتۇرىدۇ، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ. (مەتتا 19:28 ، 25:31 ، 22:44 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ تەختى مەڭگۈلۈكتۇر، سەلتەنىتى ئادىلدۇر. (ئىبرانىيلار 1:8)
- ئەيسا مەسىھ قىيامەتتە قايتىپ كېلىدۇ (ئەلچىلەر 1:11 ، سالونىكا بىرىنچى 4:16 ، ئىبرانىيلار 9:28 ، ۋەھىيلەر 1:7 )
- ئەيسا مەسىھ پۈتۈن دۇنيانى سوراق قىلىدۇ (مەتتا 25:31،32 ، يۇھاننا 5:22 ) ؛ ئەيسا مەسىھنى رەت قىلغان، ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى، قىيامەت كۈنى، ئۇنىڭ سۆزلىرى سوراق قىلىدۇ. (يۇھاننا 12:48 )
- ئەيسا مەسىھ مەڭگۈ ھايات، ئۇنىڭ دۆلىتى مەڭگۈلۈكتۇر. (لۇقا 1:31،33 ، ۋەھىيلەر 1:5،18 ، 11:15 ، 19:16 )
- ئەيسا مەسىھ بۇرۇن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە مەڭگۈ بار بولغان، شۇنداقلا ھەممىگە قادىر بولغۇچىدۇر. (ۋەھىيلەر 1:8 )
- ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق ھوقۇق بېرىلگەن (مەتتا 28:18 ) ؛ ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سۆزى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ (ئىبرانىيلار 1:3) ؛ خۇدا بارلىق مەۋجۇداتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان (يۇھاننا 3:35 ) ؛ پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ (كورىنتلىقلارI 15:27 ) .

- ئەيسا مەسىھ ئۆزىگە ئىتائەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قۇتقۇزۇلۇش مەنبەسى بولدى. (ئىبرانىلار 5:9 )
- ئەيسا مەسىھ چەكسىز ھاياتلىق قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈلۈك كاھىن بولدى. (ئىبرانىلار 7:16 )
- ئەيسا مەسىھ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇ خۇدانىڭ ئوڭ يېنىدا تۇرىدۇ، ئۇ ئۆزى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن بارلىق ئادەملەرنىڭ قۇتقۇزۇلىشى ئۈچۈن مۇراجەت قىلىدۇ. (رىملىقلار 8:34 ، ئىبرانىلار 7:25 )
- ئەيسا مەسىھ زامان ئاخىرىغىچە ھەر دائىم ئۆز ئېتىقاتچىلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ. (مەتتا 28:20 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى شەيتاننىڭ قىلمىشلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈندۇر. (يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:8 )

## ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى ياكى ئىلاھ دېگەنمۇ ؟

- يوقۇردا خاتىرلەنگەن نۇرغۇن ئايەتلەر، ئەينى ۋاقىتتا كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر) نى ياخشى بىلىدىغان يەھۇدىيلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغان بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەيسا مەسىھ دەل مۇشۇ سەۋەپتىن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قەستلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.
- ئەيسا مەسىھ «دانىيال پەيغەمبەر 7-باب 13-ئايەت» كە ئاساسەن ئۆزىنى ئىنسان ئوغلى دەپ ئاتايدۇ، بۇ ئەمىلىيەتتە ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغان بىلەن باراۋەر ئىدى.
- تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى، ئىلاھ دەپ ئاتىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق خاتىرلەنگەن. مەسىلەن، ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 26:63،64 ، 27:43 ، ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:61،62 ، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 22:70 ، يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 9:35،37 ، 10:36 ، 19:7 قاتارلىق ئايەتلەر.
- ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلارمۇ مۇنداق دېگەن: ئۇ خۇداغا تايىناتتى، ئەگەر خۇدا خالىسا، ھازىرلا كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزمىسۇنمۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەنغۇ. (ئىنجىل-مەتتا 27:43 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىمۇ ئۇنى ئىلاھ دەپ ئاتىغان. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:1،2،18 ، 20:28 ، رىملىقلار 9:5 ، ئىبرانىلار 1:8 )
- ئەيسا مەسىھ ئەسلىدىنلا خۇدا بىلەن بىر ئىدى، پۈتكۈل دۇنيا ئۇ ئارقىلىق

يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئۆزى دۇنيانى ياراتقان رەبدۇر. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 10 ,4ـ1:1 ، 17:5 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 8:6 ، كولوسىلىقلار 1:15،16،28 ) ؛ دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا خۇدا ئاتا ئۇنى سۆيەتتى (يۇھاننا 17:24)؛ ئىبراھىم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئۇ بارتى (يۇھاننا 8:58 ) .

## نىمە ئۈچۈن ئەيسا مەسىھ ئىلاھ قىلمايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ؟

- قۇرئان كىشىلەرگە مۇنداق تەسىر بېرىدۇ، پەقەت بىرلا تاللاش ئىمكانىيىتى بار: ئەيسا ياكى خۇدا ياكى ئادەم، ئۇنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككىلىسى بولىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنىڭ بىر ئادەم بولغانلىقى، ئۇنىڭمۇ ئادەملەر ئۇچرايدىغان تۈرلۈك تەبىئى چەكلىملەرگە (مەسىلەن، قانداشلىق، دۆلەت تەۋەلىكى، ئادىمى ھىسسىيات، جىسمانى ئاجىزلىق قاتارلىقلارغا) ئۇچرايدىغانلىقىغا ئاساسەنلا ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى تەبىئىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.
- مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى بولسا: ئەيسا مەسىھ ھەم ئادەم ھەم ئىلاھ. ئەيسا مەسىھنىڭ يەر يۈزىدىكى قىسقىغىنە ھاياتىدا ئۇچرىغان ئىنسانىي چەكلىمىسگە ئاساسەنلا ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. خۇدا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك كالامىنى (سۆزىنى) ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە ئەۋەتتى، خۇدانىڭ سۆزى مۇكەممەل ئادەم ئەيسا مەسىھ بولدى. ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ ئىلاھى قۇدرىتىدىن ۋاز كېچىپ ئىنسان بولۇپ ئارىمىزدا ياشىدى. شۇڭا ئۇ ئىنسانلىق سالاھىيىتى بىلەن خۇدا قىلىدىغان ياكى قىلالايدىغان ئىشلارغا ئىشتىراك قىلمىدى. ئۇ خۇدانىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان سىناق ۋە قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئەمما گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، مۇكەممەل قۇربانلىقنى بەردى.

## ئىنجىلنىڭ ئەيسا مەسىھ بىلەن خۇدا ئاتىنى ئايرىشى ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىنكار قىلامدۇ ؟

- «ئىلاھ» دىگەن بۇ سۆز ئوخشىمىغان مەنىلەرنى ئاڭلىتالايدۇ، ئۇلار كونتېكست ۋە ئىشلىتىش ئورنىغا باغلىق. ئىنجىلدا بۇ سۆز ئادەتتە خۇدا ئاتىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا مۇقەددەس ئوغۇل ۋە مۇقەددەس ئاتىدا بار بولغان ئورتاق ماھىيەتنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنجىل «ئىلاھ» دىگەن سۆز ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنى ئىپادىلىگەندە، بۇ مەنەن جەھەتتىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئەيسا مەسىھتە ئىلاھى ماھىيەت ۋە بارلىق مۇقەددەس خاراكتېرنىڭ بارلىقىنى جەزىملەشتۈرىدۇ.

- ئىنجىل يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ 1 ـ باب 1 ـ ئايىتىدە «كالامنىڭ ئۆزى خۇدادۇر» دېيىلگەن. كالام خۇدانىڭ سۆزى دېگەنلىك بولۇپ، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ كالامىدۇر.

- خۇدا ئاتىدا بار بولغان ئىلاھى خاراكتېرنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتىمۇ بار. ئەمما ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنى ئىلاھ دەپ ئاتىغان چاغدا، گىرېكچە «ئىلاھ» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا ئىنىق ئارتىكىل يوق بولۇپ، بۇ ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا ئاتىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەيسا مەسىھ مەڭگۈلۈك كالامدۇر، ئۇ دۇنيا ئاپىرىدە بولۇشتىن بۇرۇنلا خۇدا ئاتا بىلەن بىرگە بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە خۇدا بىلەن بىر ئىدى. دېمەك، ئەيسا مەسىھ ئەسلىدىنلا بار بولغان خۇدانىڭ كالامىدۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ئىلاھى ماھىيەت مەۋجۇد، ئەمما ئۇ شەخسلىك جەھەتتە خۇدا ئاتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

- ئىنجىلدىكى بەزى ئايەتلەر «ئىلاھ» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئەيسا مەسىھنىڭ تەبىئىتى ۋە ماھىيىتىنى سۈپەتلەپ، ئۇنى خۇدا ئاتا بىلەن باراۋەر قىلىپ كۆرستىدۇ. شۇڭا ئەيسا مەسىھ بىلەن خۇدانى ئايرىش ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ماھىيىتىدىكى پەرق بولماستىن بەلكى شەخسلىك جەھەتتىكى پەرقتۇر. يەنى، ئەيسا مەسىھ شەخسلىك جەھەتتە خۇدا ئاتا بىلەن پەرقلىنىدۇ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتە خۇدا ئاتا بىلەن بىردۇر.

**قەدىمقى بىشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى**

- ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە قىلغان ئىشلىرى تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىكى مەسىھ توغرىسىدا بېرىلگەن بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۇ تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزىنى روياپقا چىقاردى. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:17 )

- بۇ خۇش خەۋەرنى خۇدا قەدىمقى زامانلاردا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق مۇقەددەس يازمىلاردا ۋەدە قىلغانىدى. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 1:2 )

- خۇدا ئالدى بىلەن ئادەم ئاتىغا ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىش 3:14، 15 )

- خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:18 )

- خۇدا موسا پەيغەمبەرگە ۋەدە قىلىدۇ. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 18:15 ـ 19 )

- خۇدا داۋۇت پەيغەمبەرگە، ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇتقۇزغۇچىنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. (سامۇئىل پەيغەمبەر 7:16)

## كونا ئەھدىدىكى قۇتقۇزغۇچى مەسىھكە ئائىت بىشارەتلەر

| كونا ئەھدە | بىشارەت | ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھ |
|---|---|---|
| يەرەمىيا پەيغەمبەر 23:5 ، 33:14،15 ، ئىزەكىئال پەيغەمبەر 34:24 | قۇتقۇزغۇچى مەسىھ داۋۇتنىڭ ئەۋلادىدىن چىقىدۇ. | ئىنجىل ـ مەتتا 1:17 ، ئەلچىلەر 13:23 ، ۋەھىيلەر 5:5، 22:16 |
| مىكا پەيغەمبەر 5:2 | مەسىھ بەيتلەھەمدە تۇغۇلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 2:1،5،6 ، لۇقا 2:4ـ7 |
| يەشايا پەيغەمبەر 7:14 | ئۇ پاك قىزدىن تۇغۇلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 1:18ـ21 |
| ھوشىئا پەيغەمبەر 11:1 | ئۇ مىسىردىن قايتىپ چىقىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 2:13ـ15 |
| يەشايا پەيغەمبەر 40:3 ، مالاكى پەيغەمبەر 3:1 | بىر ئادەم چۆل جەزىرىلەردە ئۇنىڭ كىلىشى ئۈچۈن يول تەييارلايدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 3:1،2 ، ماركوس 1:7 ، يۇھاننا 1:29ـ34 |
| يەشايا پەيغەمبەر 42:1 | خۇدا ئۆزىنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 1:18ـ21 ، لۇقا 3:22 |
| يەشايا پەيغەمبەر 9:1،2 | ئۇ جەلىلىيەگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 4:12ـ16 |
| يەشايا پەيغەمبەر 42:6 | ئۇ يات مىللەتلەرنىڭ نۇرى بولىدۇ | ئىنجىل ـ لۇقا 2:10 ، يۇھاننا 8:12 |
| زەبۇر 78:2 | ئۇ تەمسىل بىلەن سۆزلەيدۇ | ئىنجىل ـ مەتتا 13:35 |

| | | |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 35:5 | ئۇ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ | ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بايان قىلىنغان. |
| زىكارىياھ پەيغەمبەر 9:9 | ئۇ ئىشەككە مىنىپ يېرۇسالىمغا كىرىدۇ | ئىنجىل-مەتتا 21:1-9 ، لۇقا 19:35،36 ، يۇھاننا 12:12-16 |
| يەشايا پەيغەمبەر 44:6 ، 48:12 | ئۇ باش ھەم ئاخىردۇر | ئىنجىل-ۋەھىلەر 1:17،18 ، 22:12،13،16،20 |

**ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىزلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشى**

ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر:

- قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەر پاك، گۇناھسىز دەپ خاتىرلەنگەن (قۇرئان 19:19 ) ، ئۇ بىر ياخشى ئادەم (قۇرئان 3:46 ) .
- ھەدىسلەردىمۇ ئەيسا پەيغەمبەر گۇناھسىز دېيىلگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:236 )
- ئىسلام دىنىدا، پەقەت مەريەم ئانا بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرلا پاك گۇناھسىز بولۇپ، ئۇلار ئاللانىڭ بەلگىسى ( Ayatollah ) دەپ قارىلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا پەقەت ئۇ ئىككىسىلا تۇغۇلغاندا يىغلىمىغان ئىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:3،71،236 ، 4:55:641 ، 4:54:506 )
- پەقەت ئاللالا گۇناھنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ. (قۇرئان 3:135)

مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى :

- ئەيسا مەسىھ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان (يەشايا پەيغەمبەر 53:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 27:4 ، لۇقا 23:4،41،47 ، يۇھاننا 8:46 ، كورىنتلىقلارII 5:21 ، ئىبرانىلار 4:15 ، پېتروسI 2:22 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:5 ) ؛

ئۇ دائىم خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 8:29 ) ؛ ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ بارلىق سۆزىگە ئەمەل قىلىدۇ (يۇھاننا 8:55)

- دۇنيادىكى باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەر جۈملىدىن مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. پەقەت خۇدالا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ. بۇمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
- ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقى بار. (ئىنجىل-مەتتا 9:2،6 ، ماركوس 10-2:5 ، لۇقا 26-5:17 ، 7:48،49 ، يۇھاننا 8:11 )
- پەقەت خۇدالا گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ (ئىنجىل-ماركوس 2:7 ). ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقوقى بار، دېمەك بۇمۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
- خۇدا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ (زەبۇر 103:3 )

**كىرست، ئۆلۈم ۋە تىرىلىش**

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

- يەھۇدىلار، ئۇلار ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈردى- دەيدۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمىدى، ئۇنى كىرستتقىمۇ مىقلىمىدى، ئاللا ئەيسانى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. (قۇرئان 4:157،158 )
- يوقۇرقى ئايەتتىن 3 خىل ئەھۋال كىلىپ چىقىدۇ

  1. ئەيسا مەسىھ ئۆلمىگەن،
  2. ياكى يەھۇدىلار ئۇنى ئۆلتۈرمىگەن،
  3. ۋە ياكى، يەھۇدىلار ئەمەس بەلكى پەقەت خۇدالا ئۇنىڭ ھاياتىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

ئەمما قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىگە ئائىت خاتىرلەرمۇ بار:

- ئەيسا ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، ئەھلى كىتاپلاردىن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بىرسىمۇ يوق ئىدى، قىيامەت كۈنى ئۇ ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 4:159 )

- ئەيسا تۇغۇلغان كۈنى، ئۆلگەن كۈنى، تىرىلگەن كۈنىنىڭ ھەممىسىدە تىنچلىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 33،19:15 )

يوقۇرقى ئايەتلەر ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

- ئاللا ئەيسانىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ چىقىپ كىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەملەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئىشەنمىگەنلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55 )

بۇ ئايەتمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

- ئەيسا ئۆلگەندىن كيىن، ئاللا ئادەملەرگە باشپاناھ بولىدۇ. (قۇرئان 5:117 )

بۇ ئايەتمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

قۇرئاندىكى يوقۇرقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسى مۇجمەل بولۇپ، تۈرلۈك مەزھەپتىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى ھەرخىل ۋە ئۆزئارا زىددىيەتلىك چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

- بەزى مەزھەپلەر ئەيسا پەيغەمبەر كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلمىگەن، ئۇ ھايات چېغىدىلا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كىتىلگەن، ئاللا ئەيساغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئادەمنى ئەيسانىڭ ئورنىدا كىرستقا مىخلاپ ئۆلتۈرگۈزگەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ (بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ئادەمنى ئەيساغا ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدا دەپ قارايدۇ) .
- كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار يوقۇرقى چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلىدۇ.
- بۇ خىل چۈشەندۈرۈش پۈتۈنلەي پەرەز ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەمىلىيەتتە ئۇ قەدىمقى بىدئەت مەزھەپ نوسدىلچىلارنىڭ داھىسى باسلىدنىڭ (Basilid ،مىلادى 120ـ180) رىۋايەتلىرى، شۇنىڭدەك كيىنكى دەۋرلەردە توقۇلۇپ ئەرەبىستان رايونىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن ساختا ئىنجىللار («ئەلچىلەرنىڭ ساياھىتى»، «پىتروسنىڭ خۇش خەۋىرى»، «يۇھاننا تەزكىرىسى»)، ۋە گىرىتسيەلىك Docetists نىڭ بىدئەت تەلىملىرىدىن كەلگەن.
- ئەگەر بۇ چۈشەندۈرۈش توغرا بولسا، ئۇنداقتا، خۇدا ئۆزى ئەۋەتكەن ئەيسا پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن شاگىرتلار ۋە بارلىق ئېتىقاتچىلارنى 600 يىل ئالداپ، ئۇلارنى ئەيسانىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازاپ-ئوقۇبەت تارتقۇزۇپ ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلغۇزۇپ، 600 يىلدىن كيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق «ھەقىقى ئەھۋال» نى ئاشكارلىغان بولمامدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ھەرگىزمۇ ھەققانى ئادىل خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس.

- بەزى مۇسۇلمانلار ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشىنى يالغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ.
- بەزى مۇسۇلمانلار، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تىنى ئۆلگەن، ئەمما روھى ئۆلمىگەن - دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (قۇرئان 2:154 )
- بەزى مۇسۇلمانلار، پەقەت ئاللالا هايات-ماماتنى كونترول قىلالايدۇ، ئەگەر ئاللا ئىرادە قىلمىسا، ئادەملەرنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرۈۋتىش هوقوقى يوق-دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (قۇرئان 8:17 ۋە ئىنجىل-يۇهانىنا 19:11 گە ئاساسلانغاندا، بۇ چۈشەندۈرۈش ئىنجىلغا بىر قەدەر يېقىن كېلىدۇ)
- ئەهمەدىيە مەزهىپى (مىلادى 1879-يىلى پاكىستاندا بارلىققا كەلگەن، ئىسلام دىنىنىڭ بىر بىدئەت مەزهىپى، ئەنئەنىۋى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، پاكىستان هۆكۈمىتى ئۇلارنى مۇسۇلمان ئەمەس دەپ جاكارلىغان)، ئۇلار مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ئەيسا پەيغەمبەر كىرستتا ئۆلمىگەن بەلكى هۇشىدىن كەتكەن، ئۇ سالقىن ۋە نەم بولغان قەبرە ئىچىدە هۇشىغا كېلىپ، ساقايغان. كېيىن شەرققە كېتىپ، پارىس، ئافغانىستانلاردىن ئۆتۈپ تاكى كەشمىرگىچە كەلگەن. ئۇ ئۇيەردە دىن تارقىتىپ، ئاخىرى سىلىناگاردا ۋاپات بولۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.
- ئىسلام دۇنياسىدا يەنە باشقا هەرخىل چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بار.
- گەرچە يوقۇرقى ئايەتلەر توغرىسىدا ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەر بولسىمۇ، ئەمما قۇرئان تۆۋەندىكى ئىككى نوقتىنى ئىنكار قىلمىغان. (بۇ ئىككى نوقتا مەسىه ئېتىقاتىغا ماس كېلىدۇ)

  1. يەهۇدىلار ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان.
  2. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئۆلۈشكە رازى بولغان.

- مۇسۇلمانلار كىرستتىكى قۇربانلىقنىڭ هەقىقى ئەهمىيتىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستقا مىخلانغانلىقىدەك پاكىتنى قۇبۇل قىلالمايدۇ.

ئىنجىلدىكى خاتىرىلەر:

- ئەيسا مەسىه خۇش خەۋەر تارقىتىۋاتقان چاغدىلا ئۆزىنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت بەرگەن. (ئىنجىل-مەتتا 12:40 ، 16:21 ، 17:23 ، 20:19،28 ، 26:27،28 ؛ ماركوس 8:31 ، 9:31 ، 10:34،35 ؛ لۇقا 9:22 ، 18:33 ؛

يۇھاننا 2:19 ، 3:14،15 ، 6:15،51 ، 10:11،15،17،18 ، 12:32،33 )

- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى ئۆزى تاللىغان. (ئىنجىل ـ مەتتا 20:18،28 ، 26:39،53 ؛ لۇقا 9:22،44 ؛ يۇھاننا 10:11،17،18 ، 12:27 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دېگەچكە، يەھۇدىيلار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 19:7 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتە بەرگەن قۇربانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى ئىنجىلدا ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان. (ئىنجىل ـ مەتتا 26:28 ؛ لۇقا 22:20 ؛ رىملىقلار 8:3،4 ؛ كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 5:21 ؛ تىموتى بىرىنچى خەت 2:5،6 ؛ تىتوس 2:14 ؛ ئىبرانىلار 2:17 ، 9:22،28 ، 10:5 ـ 10 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 2:24 ؛ يۇھاننا بىرىنچى خەت 2:2 ) .
- ئەيسا مەسىھ گۇناھسىز بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئادالىتىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىرستتا قۇربانلىق بېرىپ، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ گۇناھنى يۇيۇش قۇربانلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاك قېنىنى ئاققۇزۇش ئارقىلىق، بىزنىڭ گۇناھىمىزنى يۇدى. بۇ گۇناھ ئادەم ئاتىدىن كەلگەن ئەسلى گۇناھ ۋە ھاياتىمىزدا ئۆتكۈزگەن تۈرلۈك گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ گەدىنىمىزگە يۈكلەنگەن گۇناھنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇپ، ئەرشنىڭ دەرۋازىسىنى بىز ئۈچۈن ئېچىپ بېرىدۇ، بىزنى ھەققانى ئادەم قىلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ قۇتقۇزۇلىشىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.
- يەھۇدىيلارنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئەيسا پەيغەمبەرنى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئەمەس دەپ قارىغان. (ئىنجىل ـ لۇقا 23:2 )
- مۇھەممەتنىڭ (ياكى قۇرئاندىكى ئاللانىڭ) ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرى تولىمۇ مۇجمەل بولۇپ، گەرچە ئەيسانى مەسىھ دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما «مەسىھ» نىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەنمىگەن.
- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگىچە بولغان 40 كۈن ئىچىدە، ئېتىقاتچىلارغا كەم دېگەندە 10 قېتىم كۆرۈنگەن.
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى مەجدەللىك مەريەمگە كۆرۈنىدۇ. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:9 ـ 11 ، يۇھاننا 20:11 ـ 18)
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى قەبرىدىن قايتقان ئاياللارغا كۆرۈنىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 28:8 ـ 10 )

- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن پېتروسقا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:34؛ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:5 )
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى كەچقۇرۇن ئىمائۇس يېزىسىغا كېتىۋاتقان ئىككى شاگىرتىغا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ لۇقا 32 ـ 24:13 ، ماركوس 16:12 )
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كۈنى كەچتە شاگىرتلىرىغا كۆرۈندى، بۇ چاغدا شاگىرت توماس يوق ئىدى. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:14 ؛ لۇقا 43 ـ 24:36 ؛ يۇھاننا 25 ـ 20:19 )
- ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى كەچتە شاگىرتلىرىغا يەنە بىر قېتىم كۆرۈندى، بۇ چاغدا توماسمۇ بار ئىدى. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 31 ـ 20:26 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:5 )
- ئەيسا مەسىھ جەلىلىيە كۆلىنىڭ بويىدا 7 شاگىرتىغا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 21 )
- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرى ۋە 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىغا بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ مەتتا 20 ـ 28:16 ، ماركوس 18 ـ 16:15 ،كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ بىر قورساق قېرىندىشى ياقۇپقا كۆرۈندى. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:7 )
- ئەيسا مەسىھ زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە شاگىرتلار ۋە باشقا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. (ئىنجىل ـ ماركوس 16:19،20 ، لۇقا 53 ـ 24:44 ، ئەلچىلەر 12 ـ 1:3 )

ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە 3 ئادەمگە كۆرۈندى.

- ستىفان چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئەيسا مەسىھ ئاسماندا تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۆرۈندى. (ئەلچىلەر 60 ـ 7:55 )
- پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى تۇتۇپ جازالاش ئۈچۈن دەمەشققە كېتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتتى. (ئەلچىلەر 17 ,8 ـ 9:3 ، 15 ,14 ,11 ـ 22:6 ، 19 ـ 26:12 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 9:1 ، 15:8 ) ؛
- ئەيسا مەسىھ كېيىنمۇ پاۋلۇسقا كۆرۈندى. كورىنت شەھىرىدە كۆرۈندى (ئەلچىلەر 18:9،10)؛ ئېرۇسالىمدا كۆرۈندى (ئەلچىلەر 23:11)؛ باشقا جايلاردىمۇ كۆرۈندى (كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 4 ـ 12:1 )

- يۇھاننا پاتمۇس ئارىلىدا قاماقتا تۇرغان مەزگىلدە ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرۈنىدۇ ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ۋەھىي قىلىدۇ. (ئىنجىل-ۋەھىلەر)
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزى «مەن ئۆلگەن ھەم تىرىلدىم» دەيدۇ. (ۋەھىلەر 1:18 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ، زور قۇدرىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ (ئىنجىل-رىملىقلار 1:4 ) ، كۆپلىگەن كىشىلەرگە ئىشەنچلىك ئىسپات قالدۇرىدۇ (ئەلچىلەر 17:31 ) ، بۇلار بىزنىڭ ھەققانى دەپ ئاتىلىشىمىز ئۈچۈندۇر. (رىملىقلار 4:25 )
- ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، ئۆلۈپ تىرىلىدۇ، بۇلار كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر) دىكى مەسىھ توغرۇلۇق بېرىلگەن بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 26:56، لۇقا 46-27,44-24:25 ، ئەلچىلەر 3:8 ، 26:22،23 ، 10:43 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )

**كونا ئەھدىدە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشى توغرىسدا بېرىلگەن بىشارەتلەر**

| كونا ئەھدە | مەسىھ توغرىسىكى بىشارەت | ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھ |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 49:7 ، 53:3 | ئۇ كەمسىتىلىدۇ، ئۆچمەنلىككە ئۇچرايدۇ | يۇھاننا 1:11 |
| زەبۇر 35:19 ، 69:4 | كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ | يۇھاننا 15:24،25 |
| زەبۇر 41:9 ، زېكارىياھ پەيغەمبەر 11:12،13 | دوستى 30 تەڭگە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدۇ. | مەتتا 26:15،47،48<br>يۇھاننا 30-13:18 |
| زېكارىياھ پەيغەمبەر 13:7 | ھوجۇمغا ئۇچرىغاندىن كېيىن شاگىرتلىرى قېچىپ كېتىدۇ | ماركوس 14:50 |

| | | |
|---|---|---|
| يەشايا پەيغەمبەر 53:7 | باشقىلار تەرىپىدىن ئىزىلگەندە ئۈن-تىن چىقارمايدۇ | مەتتا 27:12-14<br>يۇھاننا 18:1-11<br>لۇقا 22:47-53 |
| يەشايا پەيغەمبەر 50:6 | ئادەملەر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرىدۇ،<br>هاقارەتلەيدۇ، تۈكۈرىدۇ. | مەتتا 26:67 ، 27:26،30<br>يۇھاننا 18:22 ، 19:1 |
| يەشايا پەيغەمبەر 53:9،12 | جىنايەتچىلەر قاتارىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ،<br>ئۆلۈشتىن بۇرۇن جىنايەتچىلەرنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. | مەتتا 27:38 ،<br>ماركوس 15:27<br>لۇقا 22:37 ، 23:32،34 |
| زەبۇر 22:7،8 | كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىدۇ،<br>باشلىرىنى چايقىشىپ، ئۇ ئۆزىنى خۇداغا ئاتىغان ئىدى، ئەگەر خۇدا ئۇنى ياخشى كۆرسە، كىلىپ قۇتقۇزمامدۇ، دىيىشىدۇ. | مەتتا 27:39-43 |
| زەبۇر 69:21 | ئادەملەر زەھەرلىك ئوتنى ئۇنىڭغا يىمەكلىك قىلىپ بىرىدۇ، ئۇسسىغاندا ئاچچىق سۇنى ئىچكۈزىدۇ. | يۇھاننا 19:28-30 |
| زەبۇر 22:16 ،<br>زىكارىياھ پەيغەمبەر 12:10 | پۇت قولىغا مىق سانجىلىدۇ | لۇقا 23:33 ،<br>يۇھاننا 19:31-37 |

| | | |
|---|---|---|
| زەبۇر 22:18 | ئادەملەر ئۇنىڭ تاش كىيىمىنى بۆلىشىدۇ، ئىچ كىيىمى ئۈچۈن چەك تاشلىشىدۇ. | مەتتا 27:35<br>ماركوس 15:24<br>يۇھاننا 19:23،24 |
| زەبۇر 22:1 | ئۇ «ئىلاھىم، ئىلاھىم، نېمىشقا مەندىن ئايرىلىسەن» دەيدۇ. | مەتتا 27:46 |
| ئاموس پەيغەمبەر 8:9 | ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى چۈشتە قۇياش نۇر بەرمەي، يەر يۈزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. | مەتتا 27:45 |
| زەبۇر 34:20 | ئۇنىڭ بىر تال سۆڭىكىمۇ سۇنمايدۇ | يۇھاننا 19:32،33،36 |
| يەشايا پەيغەمبەر 53:9 | ئۆلگەندىن كېيىن باينىڭ قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىدۇ. | مەتتا 27:57_60<br>ماركوس 15:42_47<br>لۇقا 23:50_56 |
| زەبۇر 16:10 ، 110،1<br>يەشايا پەيغەمبەر 53:5،6،11،12<br>دانىيال پەيغەمبەر 9:26 | ئۇ ئىنسانلارنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، جازالىنىدۇ، قامچىلىنىدۇ، ئۆلىدۇ، ئەمما تىنى چىرىمايدۇ، تىرىلىدۇ. | مەتتا 27،28 ، ماركوس 15،16<br>لۇقا 23،24 ، يۇھاننا 19،20<br>ئەلچىلەر 2:23،24،31 ، 3:15<br>كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 |
| زەبۇر 68:18 | ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ | لۇقا 24:50،51 |

**يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى**

- يۇنۇس پەيغەمبەر بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كېچە كۈندۈز تۇرىدۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ تىنىمۇ يەر ئاستىدا شۇنداق تۇرىدۇ.

- مۇقەددەس كىتابنىڭ يۇنۇس پەيغەمبەر قىسمىدا ئاجايىپ بىر ئىش خاتىرلەنگەن. يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ ئاگاھلاندۇرىشى بىلەن، خۇدانى تونۇمايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن قورقمايدىغان ئاسسۇرىيەنىڭ پايتەختى نىنەۋى شەھرىدىكى خەلق گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا خۇدانىڭ ۋەھىسىنى قوبۇل قىلغان يۇنۇس پەيغەمبەر ئۇلارغا نىنەۋى شەھرى 40 كۈندىن كېيىن ۋەيران بولىدۇ دەپ جاكارلايدۇ. گەرچە ئەينى چاغدا يۇنۇس پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلسا كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئەمما نىنەۋىلىكلەر پادىشادىن تارتىپ ئاددى پۇقراغىچە ھەممىسى گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن خۇداغا ئىشەنمەيدىغان بۇنداق بىر خەلقتە شۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ بىردىنبىر چۈشەندۈرلىشى : ئەينى ۋاقىتتا نىنەۋىلىكلەر چوقۇم يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ بېلىقنىڭ قارنىدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ھايات قالغىنىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ، ھەممە گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىپ يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ئارقىلىق، خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىششنى ئۈمىد قىلىدۇ.

- ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: « يۇنۇس پەيغەمبەردە يۈز بەرگەن ئىشلار نىنەۋى شەھرىدىكى خەلققە بىر مۆجىزىلىك ئالامەت بولغىنىغا ئوخشاش، مەن ئىنسان ئوغلىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارمۇ بۇ ئەۋلادقا يەنە شۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەت بولىدۇ.» (ئىنجىل-لۇقا 11:30 ) يۇنۇس پەيغەمبەرنىڭ بېلىق قارنىدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز تۇرىشى نىنەۋىلىكلەر ئۈچۈن بېرىلگەن بىر مۆجىزىلىك ئالامەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ چوڭ بىر ئىشنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر، يەنى ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىش ئارقىلىق خۇدانىڭ زامان ئاخىرىدىكىلەر ئۈچۈن بىر چوڭ مۆجىزىلىك ئالامەت بېرىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بۇ ئىبادەتخانىنى چېقىۋەتسەڭلار، مەن ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە ئۇنى قايتا قۇرۇپ چىقىمەن» (ئىنجىل-يۇھاننا 2:19) . ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلىدىغانلىقىغا بىشارەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزە ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ قايتا تىرىلىشى بولۇپ، پەقەت ئەيسا مەسىھلا شۇنداق قىلالايدۇ. ئۇ

ئاسمانغا كۆتىرىلىپ مەڭگۈ ياشايدۇ. خۇددى نىنەۋىلىكلەر ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغانغا ئوخشاش، ئەگەر ئادەم ھاياتىنى ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربان بولۇپ ئۆچىنچى كۈنى تىرىلگەن ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرسا، مەڭگۈلۈك ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

**ئەيسا مەسىھنىڭ كىرىستتا مىخلانغانلىقى توغرىسىدىكى باشقا تارىخى خاتىرىلەر**

- ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن بارلىق شاگىرتلار ئۆز ئاغزى ۋە ھاياتى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ كىرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بىرىدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 1:3،21،22 ، 4:10 ، پېتروس ئىككىنچى خەت 1:16 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3-1:1 )
- ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كىيىن بىرلا ۋاقىتتا 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىغا كۆرۈنىدۇ، بۇلاردىن كۆپ قىسمى تاكى پاۋلۇس «كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت» نى يازغان ۋاقىتلاردىمۇ (مىلادى 55-يىللىرى) يەنىلا ھايات ئىدى. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىدەك پاكىت ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائەتچىلىرى ئېتىقاتىنىڭ يادرۇلۇق مەزمۇنى ئىدى.
- يەھۇدىيلارنىڭ كىتابى «تالمۇد» تىمۇ، ئەيسانىڭ كىرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خاتىرلەنگەن.
- قەدىمقى رىم تارىخچىسى كورنىليۇس تاسىتۇس (Cornelius Tacitus) مىلادى 70-يىللىرى يازغان «رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ تارىخى» ( The Annals of Imperial Rome ) دىگەن كىتابىنىڭ 15-باب 44-پاراگىرافتا، ئەيسا رىم ئىمپىرىيىسىنىڭ تىبىرىيەدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىسى پونتىس پىلاتوسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن دەپ يېزىلغان.
- پەيلاسوپ فىلاۋىئوس جاستىنىس مىلادى 139-يىلى ئىمپىراتور پىئوسقا يازغان خىتىدە بۇنىڭغا ئائىت خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.
- تىرتولىئان مىلادى 199-يىلى كارتاگودا يازغان خىتىدە مۇناسىۋەتلىك خاتىرلەرنى قالدۇرغان.
- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرىستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك بۇ بىر تارىخى پاكىت يۈز بىرىپ 600 يىل ئىچىدە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئىشنى بىلەتتى، نۇرغۇن تارىخچىلار بۇ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرغان ئىدى.

- هالبۇكى قۇرئانىدىكى مۇجمەل بايانلار بولسا 600 يىلدىن كېيىن ئاندىن يېزىلغان.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەنلىكىگە دائىر ئىسپاتلار

ماددى ئىسپات:

- ئەيسا مەسىھ كىرستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، رىم لەشكىرى ئۇنىڭ راست ئۆلگەن ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن نەيزە بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىغا سانجىيدۇ، ئۇنىڭ تېنىدىن قان بىلەن سۇ ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئىش ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا ئالىلقاچان جان ئۈزگىنىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 19:34)
- ئەيسا مەسىھ دەپنە قىلىنغان قەبرىدە، جەسەتنىڭ ئىز-دەرەكسىز يوقاپ كېتىشى، قەبرىنىڭ قۇرۇق قېلىشى، كېپەنلىك داكا، خۇشپۇراق دورىلار، قەبرە ئېغىزىنى ئېتىپ تۇرغان زور تاشنىڭ يۆتكىۋېتىلىشى قاتارلىقلار ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە ماددى ئىسپات بولالايدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 28:2 ، ماركوس 16:3،4 ، لۇقا 24:2 ، يۇھاننا 20:1 )

ئادەم ئىسپاتى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاياللار.
- ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى
- 500 دىن ئارتۇق ئېتىقاتچىلار (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:6 )

باشقا پاكىتلار:

- يەھۇدىيلارنىڭ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى
- قەبرىنى قوغداۋاتقان رىم لەشكەرلىرى ۋە رىمنىڭ قاتتىق ھەربى تۈزۈمى
- ئەيسا مەسىھ قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قاتتىق قورقۇپ كېتىپ ھەتتا ئىشەنچ ۋە ئىرادىسىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كېيىن ئۇلاردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولىدۇ، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ، ھەتتا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، ھەرگىزمۇ ئۆز ھاياتى بىلەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرمەس ئىدى.

- دەسلەپكى مەسىھ جامەئەتچىلىكى بىر تۈركۈم سەممى، دىيانەتلىك، ئىخلاسمەن ئېتىقاتچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان.
- ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى ئەيسا مەسىھكە قارشى تۇرغان كىشىلەرمۇ بۇلارنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

## ئەيسا مەسىھنىڭ نام ـ شەرىپى

ئىسلامنىڭ تەلىمى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى بولۇشتەك سالاھىيتىنى قۇرئان جىسمانى جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. قۇرئاندا خۇدا پەقەت ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندىلا ئاندىن بالىلىق بولالايدۇ دېگەن خاتا قاراش مەۋجۇد.
- قۇرئاندا، ناسارالارنىڭ (خىرىستىيانلارنىڭ) مەسىھنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىشى خاتا دېيىلگەن (قۇرئان 9:30) ، قۇرئاننىڭ قارىشىچە بۇ خۇدا بىلەن مەريەم جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ ئەيسانى تۇققان دېگەنلىك بولارمىش.
- قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرىشى بۇيىچە بولغاندا، خىرىستىيانلار خۇدانى مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا شۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 2:116 ، 5:17،72 ، 10:68 ، 19:88 )
- ئاللا تۇغمايدۇ، ھەم تۇغۇلمايدۇ (قۇرئان 112:3 ) ؛ ئۇنىڭ ئايالى ۋە بالىسى يوق (قۇرئان 4:171 ، 6:101 ، 19:35،88،92 ، 72:3 ) ؛ ئۇ ھېچقانداق بالا بېقىۋالمىغان (قۇرئان 17:111 ، 18:4 ، 25:2 ، 39:4 ) ؛ ھېچقانداق ئىلاھ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەس (قۇرئان 23:91) ؛ شۇڭا قۇرئان «ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەننى ئىنكار قىلىدۇ.
- ئىنجىلدا «خۇدا جىسمانى جەھەتتىن مەريەم بىلەن بىرلىشىپ ئەيسانى تاپقان، خۇدا ئەيسا مەسىھتۇر» دەيدىغان گەپ يوق. تارىختىكى ۋە ھازىرقى ئەنئەنىۋى مەسىھ جامائەتچىلىكىدىمۇ بۇنداق قاراش ۋە تەلىم مەۋجۇد ئەمەس. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى بەزى بىدئەت دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇ ئىنجىلدىكى ۋە ھەقىقى مەسىھ ئېتىقادىدىكى «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن.
- ئەل مەكرىزى (Al_Makriizi) نىڭ «ئىبرىزلارنىڭ رىۋايىتى توغرىسىدا» (al_Qawial_Ibrizi) دېگەن ئەسىرىنىڭ 26 ـ بېتىدە، ۋە ئىبىن ھازىم ( Ibn

دىگەن ئەسىرىنىڭ 48-بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىسلام دىنى پەيدا بولغان (Hazm) نىڭ «قەيەرگە بارىسىز» (Al-Milal Wal-Ahwa' Wal-Nihal) دەسلەپكى مەزگىللەردە، بىر قىسىم بىدئەتلەر ئىسلام جامائەتچىلىكىگە ئارىلىشىپ قالغان، ئۇلار مەريەم ئانىنى بىر ئايال ئىلاھ دەپ قارىغان، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئايال ئىلاھى ۋېناسىنىڭ ئورنىغا مەريەمنى دەسسەتمەكچى بولغان. ئۇلار ئىلاھ ئىنسانلار ئارىسىدىن خوتۇن ئېلىپ بالا تاپقان دىگەندەك بىدئەت ئىدىيىلەرنى تارقاتقان.

ھەقىقى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تەلىمى:

- ئەيسا مەسىھ ئىنجىلدا خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان.
- ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ سۈپەتلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خۇدانىڭ جىسمانى جەھەتتىكى بالىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ نام روھى جەھەتتىكى مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ روھى جەھەتتە خۇدانىڭ ۋۇجۇدىدىن كەلگەنلىكىنى، ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ كالامى (سۆزى) نىڭ ئىنسان تېنىدە نامايەن بولىشى بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن پارلىغان نۇردۇر. بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە سۆزلىرىگە قاراپ بىرنى ياراتقان ئاشۇ كۆرۈنمەس خۇدانىڭ قانداق خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. (ئىنجىل-مەتتا 3:17 ، 9:27 ، 16:16،17 ، 17:5 ، 27:54 ، ماركوس 1:1 ، 3:11،12 ، 5:7،9،11 ، 9:7 ، 15:39 ، لۇقا 1:32،35 ، 2:49 ، 3:21،22 ، 4:41 ، 23:46 ، يۇھاننا 1:18،34،49 ، 3:16 ، 5:18،20،36،38 ، 6:27 ، 8:16،18،24 ، 10:29،30،33،36،38 ، 11:27 ، 12:49، 14:10،28 ، 19:7 ، 20:28،31 ، ئەلچىلەر 8:37 ، رىملىقلار 1:4 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 1:19 ، ئەفەسلىكلەر 4:13 ، كولوسلىقلار 1:15 ، ئىبرانىلار 1:2،3،8 ، 4:14 ، 5:8 ، پېتروس ئىككىنچى خەت 1:16،17 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 3:8 ، 5:12،20 ، ۋەھىيلەر 2:18 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ جىسمانى جەھەتتە دادىسى يوق بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن مۆجىزىلىك ھالدا ھايپىتىن تۆرىلىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 1:18 ، لۇقا 1:35 )
- قۇرئاندا مەسىھلەر ئەيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىۋالغان دىيىشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەينى ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىغان. بۇنىڭغا ھەتتا ئۇنىڭغا قارشى چىققان

يەھۇدىيلارنىڭ باش كاھىنى، تەۋرات موللىلىرى ۋە ئاقساقاللارمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن (ئىنجىل-مەتتا 27:43 ) ، ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىكى تۈپ سەۋەب دەل ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى-قۇتقۇزغۇچى مەسىھ دەپ ئاتىغانلىقىدىندۇر (مەتتا 26:63-66 ، ماركوس 14:61-64 ، لۇقا 22:66-71 )

- ئىنجىلدا «خۇدا مەريەمنى خوتۇن قىلىپ، جىسمانى جەھەتتىن بىرلىشىپ، ئەيسانى تاپقان» دەيدىغان بۇنداق خاتىرە يوق.
- ئىنجىلدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:
  - پەقەت بىرلا خۇدا بار.
  - ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ پەقەت بىرلا خۇدا بار دىگەن.
  - ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى
- ھازىرقى مۇسۇلمانلار «ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەننى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار كۆرسەتكەن قۇرئاندىكى ئاساسلار ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىنجىلغىمۇ ماس كەلمەيدۇ.
- ئىنجىلدىلا ئەمەس، بەلكى تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردىمۇ «ئوغلى» ، «قىزى» دىگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق جىسمانى جەھەتتىن بولمىغان مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن (ھىكمەتلەر 12:4 ، يەرەمىيا پەيغەمبەر 46:11 ، مالاكى پەيغەمبەر 2:11 ؛ ئىنجىل-مەتتا 13:38 ، ماركوس 3:17 ، يۇھاننا 8:42،44 ، ئەفەسلىكلەر 1:2،3 ) .

قۇرئاندىمۇ «ئاتا» ،«ئوغۇل» دىگەندەك سۆزلەر بىلەن جىسمانى جەھەتتىن بولمىغان بىر قىسىم مۇناسىۋەتلەرنى سۈپەتلىگەن ئەھۋال مەۋجۇد. مەسىلەن:

- ساياھەتچىنى «يول ئوغلى» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 2:177 )
- مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئابدۇل ئۇزانى «ئوت يالقۇنىنىڭ ئاتىسى» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 111:1 )
- مۇھەممەتنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئەلى ئەبۇتۇراب دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى «چاڭ تۇزاننىڭ ئاتىسى» دىگەنلىك ئىدى.
- گەرچە كۆپ قىسىم يەھۇدىيلار «ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەننى قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى مۇھەممەت ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئۇنداق بۇرمىلانغان خاتا ھالەتتە ئەمەس.

**مۇقەددەس كىتاپتا نۇرغۇن ئادەملەر خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتالغان، شۇڭا ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. راست شۇنداقمۇ؟**

- ئەيسا مەسىھ تەۋراتتا دېيىلگەن «ئىلاھنىڭ بالىلىرى» دىن پەرقلىنىدۇ.
- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ «يېگانە ئوغلى» دەپ ئاتالغان. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:14، 3:16،18، يۇھاننا بىرىنچى خەت 4:9)
- «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن نام بەزىدە «مەسىھ»(قۇتقۇزغۇچى) دېگەن نام بىلەن تەڭداش مەنىدە كەلگەن. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:49، 11:27، 20:30،31، مەتتا 16:16)
- ئىنجىلدا «ئاتا»، «ئوغۇل» دېگەن سۆزنىڭ كۆپ قېتىم بىر يەردە كېلىشى ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھ ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن ماھىيەت جەھەتتە بىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ئىقتىدارلىرى ۋە نام شەرىپىمۇ ئۇنىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ جەھەتلەردە ئۇ خۇدانىڭ باشقا «بالىلىرى» بىلەن قەتئىي ئوخشىمايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 10:30-33، 3:35، 5:19-27، 6:27، 14:13، ماركوس 13:32، مەتتا 23:9،10)
- يەھۇدىلار ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇلار بۇنى كۇپۇرلۇق دەپ قارىغاچقا ئەيسا مەسىھنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. «تەۋرات قانۇنى بويىچە، ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە لايىق» (ئىنجىل-يۇھاننا 19:7)
- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىمەيدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 14:25-33، ماركوس 5:6-7، يۇھاننا 20:26-29)
- ھەر قېتىم ئەيسا مەسىھ ئۆزى بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالغاندا، «مېنىڭ ئاتام» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما ئۇ شاگىرتلىرىغا ئۇلارنىڭ خۇدانىڭ بالىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا، «سىلەرنىڭ ئاتاڭلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى شاگىرتلىرى ۋە ئېتىقادچىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ خۇدانى «بىزنىڭ ئاتىمىز» دەپ ئاتاپ باقمىغان.
- يەھۇدىلار مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن سۆزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ. مەيلى ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدى ئارقا

كۆرۈنۈشكە ئىگە ئادەملەر ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ چۈشەنچىسىدە «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەنلىك ئۆزىنى خۇدا بىلەن باراۋەر دىگەنلىك بولاتتى. ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدانى «ئاتا» ياكى «ئاتام» دەپ ئاتىشى ئىنجىلدا 104 قېتىم تىلغا ئېلىنغان.

## ھەزرىتى ئەيسا «مەسىھ» دەپ ئاتالغان

- قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا «مەسىھ» دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 3:45 ، 4:157،171،172 ، 5:17،72،75 ، 9:30،31 )
- ئەمىلىيەتتە بۇ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىلاھى ماھىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. چۈنكى كونا ئەھدە (تەۋرات) ۋە يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) نىڭ ھەممىسىدە «مەسىھ» دىگەن بۇ نام ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلىدىغان مەسىھ قىلىنغۇچى يەنى ئاخىرقى قۇتقۇزغۇچىغا قارىتىلغان. (دانىيال پەيغەمبەر 9:25 ، مەتتا 22:42 ، 26:63،64 ، ماركوس 14:61،62 ، لۇقا 9:20 ، 24:25،26،46،47 ، يۇھاننا 1:41 ، 4:25،26 ، 7:27،41،42 ، 10:24،25 ، 12:34 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )
- ئىنجىلدا، ھەزرىتى ئەيسا ئۆزىنى «مەسىھ» دەپ تونۇشتۇرىدۇ. (لۇقا 4:18،19 ، يەشايا پەيغەمبەر 61:1،2 )

## ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزى (كالامى) دەپ ئاتالغان

- قۇرئاندا، ئەيسا ئاللادىن چىققان بىر كەلىمە سۆز دىيىلگەن. (قۇرئان 3:45 )
- ئەيسا ئاللانىڭ مەريەمگە بەرگەن بىر كەلىمە سۆزىدۇر. (قۇرئان 4:171 )
- ئەيسا ھەق سۆزدۇر. (قۇرئان 19:34 )
- قۇرئاندا ھەزرىتى ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنى (جۈملىدىن مۇھەممەتنى) خۇدانىڭ سۆزى (كالامى) دىمىگەن.
- قۇرئاندىكى بۇ ئايەتلەر ۋاستىلىق ھالدا مەسىھ ئېتىقاتىدىكى «ئۈچ بىرلىك» نى نامايەن قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ سۆزى يارىتىلغان مەۋجۇدات بولماستىن بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىدىن چىققان بولىدۇ.
- ئىنجىلدا مۇنداق دەيدۇ: ئەيسا مەسىھ ھەممىدىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغان كالامدۇر (يۇھاننا 1:1،14 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 1:1 ) ، ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ

كالامىنىڭ ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە كېلىشى، ئۇ ئىنسانلارنى قۇتقۇزماقچى. (گالاتىيالىقلار 4:4،5 )

- ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى، ئۇ خۇدانىڭ سۆزى ۋە ئىرادىسىنى ئىنسانلارغا بىلدۈردى. (ئىبرانىلار 1:1،2 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ يەنە بىر نامى «خۇدانىڭ كالامى» دۇر. (ۋەھىيلەر 19:13 )

ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھ

- قۇرئاندا، ئاللا ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ، ئۇ مەريەم بىلەن ئەيسانى دۇنياغا بىشارەت قىلىپ بېرىدۇ. (قۇرئان 21:91 ، 66:12 )
- ئەيسا ئاللادىن چىققان روھتۇر. (قۇرئان 4:171 )
- قۇرئاندا، ئەيسا پەيغەمبەردىن باشقا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنى (جۈملىدىن مۇھەممەتنى) خۇدادىن چىققان روھ دېمىگەن.
- ئاللا روھىلقۇددۇس بىلەن ئەيسانى يۆلەيدۇ. (قۇرئان 2:87،253 ، 5:110 )
- قۇرئاندىكى بۇ ئايەتلەر ۋاستىلىق ھالدا مەسىھ ئېتىقادىدىكى «ئۈچ بىرلىك» نى نامايەن قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ روھى يارىتىلغان ئايرىم مەۋجۇدات بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ماھىيىتىدىن چىققان بولىدۇ.
- ئىنجىلدا، مۇقەددەس روھ مەريەمگە چۈشىدۇ، مەريەم ھامىلدار بولۇپ، ھەزرىتى ئەيسانى تۇغىدۇ. پەرىشتە بۇ مۇقەددەس پەرزەنتنى «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ - دەپ جاكارلايدۇ. (لۇقا 1:35 )
- مۇقەددەس روھ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. (لۇقا 3:22 ، 4:18 )
- بۇ كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى «پەرۋەردىگار خۇدانىڭ روھى مىنىڭ ۋۇجۇدۇمدا» دېگەن بىشارەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.
- ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنى مۇقەددەس روھ بىلەن چۆمۈلدۈرىدۇ. (ئىنجىل - يۇھاننا 1:33 )
- ئەيسا مەسىھ ئۆزىگە ئىشەنگەن ئادەمگە مۇقەددەس روھنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل - يۇھاننا 7:39 )
- ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا مۇقەددەس روھنى ئەۋەتىدۇ. (ئىنجىل - يۇھاننا 14:16،26 ، 15:26 ، 20:21،22 )
- ئەيسا مەسىھ ئەلچىلەرنىڭ مۇقەددەس روھ بىلەن چۆمۈلدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئەلچىلەر 1:4،5 )

- مۇقەددەس روھ ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى شاگىرتلارنىڭ سەمگە سالىدۇ، ئۇلارغا ھەممىنى ئۆگىتىدۇ. (ئىنجىل 14:26 ، 16:13،14 )
- مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىدە كىشىلەر ئەيسانى رەببىم دەپ ئاتايدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 12:3 )

## خۇدانىڭ كالامىنىڭ (سۆزىنىڭ) ئىنسان تېنىدە كېلىشتىكى مەقستى

- بىر قىسىم مۇسۇلمانلار خۇدانى ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىر، ئۇنىڭ ئۆزىنى پەسلەشتۈرۈپ ئادەم بولۇپ ئارىمىزغا كېلىشى، ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىشى، ھاقارەتلىنىشى، جازالىنىپ ئۆلتۈرۈلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار كىرستىنى خۇدانىڭ مەغلۇبىيىتىگە، خۇدانىڭ پەيغەمبەرنى تاشلىۋەتكەنلىكىگە سىمووۇل قىلىنغان دەپ قىياس قىلىشىدۇ.
- بۇ خىل قاراش ئەمىلىيەتتە قۇرئانغىمۇ ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى قۇرئاندا بۇرۇنمۇ ئادەملەرنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى خاتىرلەنگەن. (قۇرئان 2:61،87،91 ، 3:21،112،181،183 ، 4:155 ، 5:70 )
- مەسىھلەر خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم بۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، چۈنكى خۇدانىڭ سۆزى بىۋاستە ئىنسان بولۇپ ئارىمىزغا كەلگەن، بىز بىلەن بىرگە بولغان، پاراڭلاشقان، بىز ئۈچۈن ئۆلۈپ تىرىلگەن.

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ «كالامىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى» توغرىسىدىكى تەلىمى

- خۇدا پاكتۇر، ئۇ گۇناھنى قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇڭا گۇناھنىڭ قەرزى چوقۇم قايتۇرىلىشى كېرەك.
- ئىنسانلار گۇناھ ئۆتكۈزدى، شۇڭا چوقۇم بۇ گۇناھنىڭ قان-قەرزىنى قايتۇرۇش كېرەك.
- پەقەت خۇدادىلا پۈتكۈل ئىنساننىڭ گۇناھىنى يۇيالايدىغان قۇدرەت بار، چۈنكى پەقەت خۇدالا گۇناھسىز پاكتۇر.
- شۇڭا ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇدىغان بىردىنبىر ئامال، خۇدانىڭ سۆزى (كالام) ئادەم بولۇپ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ، ئادەملىك سالاھىيىتىدە قۇربانلىق بېرىپ، گۇناھنىڭ قان-قەرزىنى قايتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى خۇدا بىلەن قايتا ياراشتۇرۇشتۇر.

خۇدانىڭ ئادەم بولۇپ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشتىكى سەۋەبى يەنە :

- بىزنى ياراتقان ئاشۇ خۇدانىڭ قانداق خۇدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن.

- بىزگە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن.
- بىزنىڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىمىزنى تەڭ كۆتىرىش ئۈچۈن.

ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ تەبىئىتىدىن پارلىغان نۇر بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە ئىلاھتۇر. خۇدا ئۇنىڭغا بەدەن تەييارلىدى (ئىبرانىلار 10:5 ) ، ئۇ مۇقەددەس روھتىن ھامىلدار بولۇپ، بۇ دۇنياغا ئادەم شەكلىدە كەلدى، ئۇ خۇدا ئاتىسىنىڭ ئوبرازىنى ئىنسانلارغا ئايان قىلدى. (يۇھاننا 1:17،18 ، ئىبرانىلار 1:1ـ3 ، 10:5 )

**ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا قۇربانلىق بېرىشى تۆۋەندىكى مەقسەت ئۈچۈن :**

- ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشى، ئۆزىنىڭ پاك قېنى ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ، ئۇلارنى رەزىل شەيتانىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. (مەتتا 1:21 ، 9:13 ، ماركوس 10:45 ، لۇقا 19:10 ، يۇھاننا 1:29 ، 3:17 ، 4:42 ، 12:47 ، گالاتىيالىقلار 3:13 ، 4:4،5 ، تىموتى بىرىنچى خەت 1:15 ، تىتوس 2:14 ، ئىبرانىلار 2:9،14،15 ، يۇھاننا بىرىنچى خەت 1:7 ، 4:10،14 ، ۋەھىلەر 1:5 )
- ئادەملەرنى خۇدانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىلىپ، خۇدا بىلەن ئىنسانلارنى ياراشتۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ ھىسابىنى كۆتىرۋىتىش ئۈچۈندۇر. (پېتروس بىرىنچى خەت 3:18 ، كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 5:19 )
- ئېتىقاتچىلارغا ئۈلگە بولۇپ، مىھرى ـ مۇھەببەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن. (يۇھاننا 3:15ـ17 ، فىلىپىلىكلەر 2:5 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 11:1 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن ئالاھىدە شەپقىتىدۇر (كورىنتلىقلار ئىككىنچى خەت 8:9 )
- ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈشى ۋە تىرىلىشى خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر (ئەلچىلەر 2:23،24 ) . ئۇنىڭ ھاياتىنى باشقىلار تارتىۋالمىغان، بەلكى ئۆزى رازى بولۇپ قۇربان قىلغان. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش ۋە قايتۇرۋېلىش ھوقوقى بار. بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. (يۇھاننا 10:17،18 )
- كىرستتىكى قۇربانلىق مەغلۇبىيەت ئەمەس، ئەيسا مەسىھ چوقۇم قۇربان بولىشى كىرەك، شۇنداق بولغاندىلا شەيتانىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى، ئىنسانلارنى

گۇناھ ۋە ئۆلۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر.

بىز ئادەملەردىكى تولىمۇ تار بولغان ئىلاھىيەت قارىشىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، قۇدرەتلىك خۇدانىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا چەكلىمە قويساق بولمايدۇ. چۈنكى:

- ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئادەملەر ئۈچۈن تولىمۇ ئەخمىقانە تۇيۇلىدۇ، ئەمما ئۇ قۇتقۇزۇلغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇدانىڭ زور قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 1:18،23 )
- قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بولمىغان كىشلەر مۇقەددەس روھنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلارغا بىمەنە تۇيۇلىدۇ. ئەمما قەلبىدە خۇدانىڭ روھى بار ئادەملەر ئۇنى كۆرۈپ تىگىگە يېتەلەيدۇ. (كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:14 )
- خۇدانىڭ ئوي-پىكرى ۋە يولى ئىنسانلارنىڭكىدىن كۆپ يوقىرى تۇرىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 55:8،9 )
- خۇدانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىلىم-ھىكمىتى چوڭقۇردۇر، ئۇنىڭ ھۆكۈمنى پەرەز قىلماق تەس، يۇلىنى چۈشەنمەك قىيىندۇر. (رىملىقلار 11:33 )

## 3 ـ قىسىم

# مۇقەددەس كىتاپ[①]

[①] مۇقەددەس كىتاپ: «كىتابۇل مۇقەددەس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ قەدىمقى دەۋىرلەردە خۇدا تەرىپىدىن ئىسرائىللارغا بېرىلگەن تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر پۈتۈكلىرىنىڭ ئومومى توپلىمىنى كۆرستىدۇ. ئىنگلىزچە Holly Bible، خەنزۇچە 圣经 دېيىلىدۇ.

**قۇرئاندىكى مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر**

• يەھۇدىلار ۋە ناسارالار (مەسىھلەر) ئەھلى كىتاپلاردۇر (خۇدا تەرىپىدىن مۇقەددەس كىتاپ بېرىلگەنلەر)، ئۇلارنىڭ قولىدا ئاللادىن كەلگەن دەلىل بار. (قۇرئان 2-سۈرە 44،40،113-ئايەتلەر؛ 2-سۈرە 140-ئايەت)

• مۇقەددەس كىتاپ ئاللا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، بەخت-سائادەت ئەپكىلىدىغان كىتاپتۇر. شۇڭا ئادەملەر بۇ كىتاپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاللانىڭ رەھىم شەپقىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 155-ئايەت)

قۇرئان مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) نىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، قۇرئاندا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرىلەر بار:

• قۇرئان بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ جۈملىدىن مۇھەممەتنىڭ ۋاقتىدىكى يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات بىلەن مەسىھىيلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىلنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 97،91،89،83،41،40-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 3-ئايەت؛ 4-سۈرە 81،47-ئايەتلەر؛ 5-سۈرە48-ئايەت؛ 6-سۈرە 92-ئايەت؛ 7- سۈرە 157-ئايەت؛ 10-سۈرە 37-ئايەت؛ 12-سۈرە 111-ئايەت؛ 35-سۈرە 31-ئايەت؛ 46-سۈرە 30،12-ئايەتلەر )

• قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا قۇرئان تىلغا ئېلىنغان دەيدۇ. (قۇرئان 26-سۈرە 196-ئايەت)

• ئەھلى كىتاپلار (يەنى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر) قۇرئانغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. (قۇرئان 13-سۈرە 43-ئايەت)

•مۇقەددەس كىتاپ بىلەن قۇرئان ئوخشاش نوپۇزغا ئىگە. (قۇرئان 4-سۈرە 60-ئايەت؛ 9-سۈرە 111-ئايەت؛ 28-سۈرە 49-ئايەت؛ 29-سۈرە 46-ئايەت)

مۇھەممەت بىلەن مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

• مۇھەممەت مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەقلىقىغا ئىشىنىدۇ. (قۇرئان 42-سۈرە 15-ئايەت)

• مۇھەممەت ئەھلى كىتاپلارنى ئۈلگە قىلىدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 90،89-ئايەتلەر)

قۇرئان تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ

• قۇرئان موسا ۋە ئىبراھىملارغا چۈشۈرۈلگەن كىتاپنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 87-ئايەت؛ 53-سۈرە 37،36-ئايەتلەر)

قۇرئاندىكى ئاللا بىلەن تەۋراتنىڭ مۇناسىۋىتى

• ئاللا مۇسا پەيغەمبەرگە تەۋرات ۋە توغرا يولنى بەردى. ئىسرائىللار ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى روشەن دەلىل، يېتەكلىگۈچى، تەربىيىلىگۈچى، خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە توغرا يولى دەپ ئەمەل قىلدى. (قۇرئان 2-سۈرە 53-ئايەت؛ 28-سۈرە 43-ئايەت؛ 40-سۈرە 53،54-ئايەت؛ 42-سۈرە 15-ئايەت) .

• ئادەملەر مۇقەددەس كىتاپنى قوبۇل قىلىشتىن ئىككىلەنمەسلىكى كېرەك. (قۇرئان 32-سۈرە 23-ئايەت )

• ئاللا تەۋراتنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭدا ئاللانىڭ قانۇنى، يولى ۋە نۇرى بار. ئادەملەر ئۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 5-سۈرە 43،44،45-ئايەتلەر)

• قۇرئاندا ئەيسا مەسىھ تەۋراتنى تەستىقلايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 3-سۈرە 52-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 61-سۈرە 6-ئايەت )

• ئاللا چۈمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرگە تەۋراتتا چىڭ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 19-سۈرە 12-ئايەت)

• ئاللا ئۆزىنىڭ روھىنى مەريەمنىڭ تېنىگە پۈلەپ كىرگۈزىدۇ. مەريەم مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنەتتى. (قۇرئان 66-سۈرە 12-ئايەت)

• ئاللا زەبۇردا، زىمىنغا ياخشى نىيەتلىك بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ-دېگەن. (قۇرئان 21-سۈرە 105-ئايەت)

يۇقۇرقى ئايەت ئەمىلىيەتتە زەبۇرنىڭ 37-پارە 29-مىسرادىكى «ھەققانى ئادەملەر زىمىنغا مىراسخۇر بولىدۇ، ئۇلار زىمىندا مەڭگۈ ياشايدۇ.» دېگەن ئايەتتىن كەلگەن.

## قۇرئان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ

قۇرئاندا خاتىرلەنگەن ئاللا بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئايەتلەر:

• ئاللا ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىنجىلنى ئاتا قىلىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 87-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 19-سۈرە 30-ئايەت؛ 57-سۈرە 27-ئايەت)

• ئەيسا پەيغەمبەرگە تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆگىتىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 48-ئايەت؛ 5-سۈرە 110-ئايەت )

يۇقۇرقى ئايەتلەردە گەرچە ئەيسا مەسىھ بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنجىلنىڭ ھەقىقى شەكىللىنىش تارىخىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن مۇھەممەتنىڭ ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بىر

كىتاپ دەپ ئويلاپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئىنجىلنى ھەقىقى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنجىل ئەمىلىيەتتە ئاسماندىن چۈشكەن بىر تەييار كىتاپ ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئېتىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى خاتىرلەنگەن كىتاپتۇر. ئۇنىڭدا خۇدانىڭ ھەقىقەتلىرى ۋە خۇش خەۋىرى چۈشەندۈرۈلگەن، ئېتىقاتچىلارنىڭ قانداق ياشاش كىرەكلىكى ئۆگىتىلگەن، كەلگۈسىدە ۋە قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلار ئالدىن بىشارەت قىلىنغان.

● قۇرئاندا خاتىرلىنىشچە تەۋرات ۋە ئىنجىلدا مۇنداق تەمسىل قىلىنغان: ئاللانىڭ يولىدا ماڭغانلار خۇددى زىرائەتكە ئوخشايدۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ ئۆسىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن چىققان شاخلار تەدرىجى يوغىنايدۇ، ئاساسى مۇقىملىشىدۇ، دىھقاننى خۇرسەن قىلىدۇ. (قۇرئان 48-سۈرە 29-ئايەت)

يوقۇرقى ئايەت ئىنجىلدىكى ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر 4-باب 26،27،28-ئايەتلەرگە ئوخشىشىپ قالىدۇ: «خۇدانىڭ دۆلىتى خۇددى بىر ئادەم ئۇرۇقنى يەرگە چاچقانغا ئوخشايدۇ، ئۇ كېچىسى ئۇخلاپ كۈندۈزى تۇرىدۇ، بۇ ئۇرۇق نوتا چىقىرىپ كۈنسىرى يوغىنايدۇ، ئۇ ئادەم بولسا ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەردىن ئاشلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى تەبىئىدۇر، ئۇلار ئاۋال نوتا چىقىرىدۇ، ئاندىن باشاقلايدۇ، ئاخىرىدا دانلىق مىۋىلەرنى بېرىدۇ.»

**قۇرئان كىشىلەرنى مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدۇ**

قۇرئاننىڭ مۇسۇلمانلارغا بەرگەن تەلىمى:

● قۇرئان مۇسۇلمانلارغا مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى، ئۇلار بىلەن مۇنازىرلەشمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 136،285-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 84-ئايەت؛ 4-سۈرە 136-ئايەت؛ 5-سۈرە 46-ئايەت؛ 29-سۈرە 46-ئايەت)

●قۇرئان ھەتتا يەھۇدىلارنىمۇ تەۋراتقا ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. قۇرئاندا يەھۇدىلارغا «ھازىرلا تەۋراتنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار» دەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 93-ئايەت)

● قۇرئان يەھۇدىلارنى قۇرئانغا ۋە بۇرۇن نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىڭلار دەپ دەۋەت قىلىدۇ. (قۇرئان 4-سۈرە 162-ئايەت)

• قۇرئان يەھۇدىلارنىڭ ئاللادىن كەلگەن شەپقەت يەنى تەۋراتنى يادىدا چىڭ تۇتۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 2 ـ سۈرە 46 ـ ئايەت)

• قۇرئان يەھۇدىلارنىڭ تەۋراتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 45،44،43 ـ ئايەتلەر)

## قۇرئان مەسىھلەرنى ئىنجىلغا ئىشىنگىلار ۋە ئەمەل قىلىڭلار دەپ دەۋەت قىلىدۇ

• قۇرئان مەسىھلەرنى ئىنجىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلىڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 47 ـ ئايەت)

• قۇرئاندا مەسىھلەرنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلىڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 68،66 ـ ئايەتلەر)

• قۇرئاندا مەسىھلەرنى ئىنجىلنى ئېنىق چۈشەندۈرۈڭلار، ئۇنى يوشۇرماڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 3 ـ سۈرە 187 ـ ئايەت)

## قۇرئان بارلىق ئادەملەرنى مۇقەددەس كىتاپقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ

• قۇرئان كىشىلەرنى ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا بىرىپ ئەھلى كىتاپلاردىن (يەنى يەھۇدى ۋە مەسىھلەردىن) سوراپ بېقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 10 ـ سۈرە 94 ـ ئايەت؛ 21 ـ سۈرە 7 ـ ئايەت)

• قۇرئان كىشىلەرنى ئەگەر قۇرئاندىكى تەلىملەرنى چۈشەنمىسە، بىرىپ يەھۇدى ۋە مەسىھلەردىن سوراپ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى ئاللا ئۇلارغا روشەن دەلىل ۋە كىتاپ بەرگەن دەيدۇ. (قۇرئان 16 ـ سۈرە 44،43 ـ ئايەتلەر)

• قۇرئان كىشىلەرنى تەۋراتقا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 45،44 ـ ئايەتلەر)

## قۇرئان مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىنى تەستىقلايدۇ

• قۇرئاندا ئاللا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ۋە تەلىملەرنى قوغدايدۇ دىيىلگەن. (قۇرئان 5 ـ سۈرە 48 ـ ئايەت؛ 15 ـ سۈرە 9 ـ ئايەت)

• ئاللانىڭ سۆزىنى ھىچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.(قۇرئان 6 ـ سۈرە 115،34 ـ ئايەتلەر؛ 10 ـ سۈرە 64 ـ ئايەت؛ 18 ـ سۈرە 27 ـ ئايەت؛ 48 ـ سۈرە 23 ـ ئايەت)

**قۇرئاندا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتابلار ئۆزگىرىپ كەتكەن دىگەن تەلىم يوق**

● قۇرئاندا ئەيسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن ئىنجىل بىلەن ھازىرقى مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىل ئوخشىمايدۇ دىگەن گەپ يوق.

● قۇرئاندا يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دىگەن گەپ يوق.

قۇرئاندا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق مەزمۇنلار بار:

● يەھۇدىلار ئىچىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر تەۋراتتىكى ئايەتلەرنى بۇرمىلايدۇ، ئۇلار، بىز ئاڭلىساقمۇ ئەمەل قىلمايمىز-دەيدۇ. (قۇرئان 4-سۈرە 46-ئايەت)

● ئۇلار قەستەن ھەقىقەتنى، مۇقەددەس كىتاپنى يۇشۇرىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 146-ئايەت؛ 3-سۈرە 71-ئايەت)

● ئۇلار مۇقەددەس كىتاپنىڭ بىر قىسمىنى ئاشكارلاپ، كۆپ قىسمىنى يۇشۇرىدۇ. (قۇرئان 6-سۈرە 91-ئايەت)

● ئۇلار ئۆز قوللىرىدا ئايەتلەرنى يېزىپ ئاندىن بۇنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھى دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاز تولا نەپكە ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 174،79-ئايەتلەر؛ 3-سۈرە 187-ئايەت)

● ئۇلار خۇدانىڭ سۆزىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بۇرمىلايدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 75-ئايەت) خۇدانىڭ نامىنى سېتىپ يالغان گەپلەرنى توقۇيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 78-ئايەت)

● ئۇلار ئۆزلىرىگە كەلگەن تەلىملەر ۋە خۇدانىڭ كىتاپلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كىچىدۇ، ئۇلار خۇددى بىلمەيدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. (قۇرئان 5-سۈرە 14،13-ئايەتلەر؛ 2-سۈرە 101-ئايەت)

● ئۇلار مۇقەددەس كىتاپقا ئاساسەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى قۇبۇل قىلغۇسى كەلمەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 23-ئايەت)

يوقۇرقى ئايەتلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، ئەمىلىيەتتە قۇرئاندا پەقەت بىر قىسىم يەھۇدىلارنىڭلا تەۋراتنى قىرائەت قىلغاندا ياكى چۈشەندۈرگەندە ئۇنى قەستەن بۇرمىلايدىغانلىقى، بىر قىسىم ئايەتنى ئوقۇپ بىر قىسىم ئايەتنى يۇشۇرىدىغانلىقى، تەۋراتتىكى خۇدانىڭ سۆزلىرىگە خىلاپ بولغان بەزى خاتا تەلىملەرنى سۆزلەيدىغانلىقى ۋە كىشىلەرگە ئۇنى ھەقىقەت دەپ چۈشەندۈرىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى يەھۇدىلارنىڭ ساختا ئايەتلەرنى توقۇپ چىقىپ ئۇنى خۇدادىن كەلگەن ۋەھى دەۋالىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەۋرات بۇيىچە ھۆكۈم قىلمايدىغانلىقى سۆزلەنگەن، بىراق قۇرئاننىڭ ھىچقانداق بىر يىرىدە تەۋرات، زەبۇر

ۋە ئىنجىل قاتارلىق خۇدانىڭ مۇقەددەس كىتاپلىرى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئەمدى ئۇ كىتاپلارنى تاشلىۋېتىڭلار دېگەن گەپ يوق.

بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىمۇ قۇرئاندىكى يوقۇرقى ئايەتلەرنى مۇنداق شەرھىلەيدۇ، ئۇلار (يەنى بىر قىسىم يەھۇدى موللىلار) تەۋراتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى بەزى ئايەتلەرنى خەلققە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگەن.

## قۇرئاندا مەسىھلەر توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن

• بىر قىسىم مەسىھلەر كەچتە ئاللانىڭ كىتابىنى (ئىنجىلنى) ئوقۇيدۇ، ئاللاغا سەجدە قىلىدۇ، قىيامەتكە ئىشىنىدۇ، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقنى توسۇيدۇ، ھەممىنىڭ ئالدىدا خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىدۇ، ئۇلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ئاللانىڭ ئالدىدا ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 113، 114، 115-ئايەتلەر)

• ئۇلار ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ۋەھىسىگە ئىشىنىدۇ، ئاللانىڭ يولىنى تۇتىدۇ، ئاز تولا مەنپەئەت ئۈچۈن ئېتىقاتىنى ساتمايدۇ. ئۇلار ئاللانىڭ ئالدىدا زور ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 3-سۈرە 199-ئايەت)

• ئۇلار (مەسىھلەر) ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدۇ، ئاللا نازىل قىلغان كىتاپنى قىرائەت قىلغاندا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە چۈشۈرۈلگەن ھەقىقەتكە ئىشىنىدۇ، ئاللا چوقۇم ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (قۇرئان 5-سۈرە 82، 83، 84، 85-ئايەتلەر)

## قۇرئاندا يەھۇدىلار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن

• موسا پەيغەمبەرنىڭ خەلقى (يەنى يەھۇدىلار) ئىچىدە بىر قىسىم ئادەملەر ھەقىقەتكە ئاساسەن باشقىلارنى يېتەكلەيدۇ، ھەقىقەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئادالەتنى ياقلايدۇ. (قۇرئان 7-سۈرە 159-ئايەت)

• تەۋراتنى چىڭ تۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىشلىرى ئاللانىڭ ئالدىدا ھەرگىز بىكار كەتمەيدۇ. (قۇرئان 7-سۈرە 170-ئايەت)

• ئۇلار ھەقىقەتەن تەۋراتقا ئەمەل قىلىدۇ. (قۇرئان 2-سۈرە 121-ئايەت)

• ئاللا ۋەھىي ۋە تەۋراتنى ئۇلارغا ئىلتىپات قىلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا توغرا يولدا ماڭىدىغانلار بار. (قۇرئان 57-سۈرە 26-ئايەت)

## قۇرئاندا مۇقەددەس كىتاپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دېيىلگەنمۇ ؟

قۇرئاندا ھېچقاچان مۇقەددەس كىتاپلار ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ئەمدى ئۇلارغا ئىشەنمەڭلار، تاشلىۋېتىڭلار دېگەن گەپ يوق. ۋاھالەنكى ئەگەر قۇرئان مۇقەددەس كىتاپنى خاتا دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇقەددەس كىتاپ چوقۇم خاتا، قۇرئان چوقۇم توغرا بولۇپ قالمايدۇ، بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ۋە ئاساسىغا قاراش كېرەك. ئىنجىلنىڭ توغرىلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا تۆۋەندىكى پاكىت ۋە ئاساسلار بار:

● ئەڭ دەسلەپكى 300 يىل ئىچىدىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئۆز ھاياتى بىلەن قىلغان گۇۋاھلىقى، شۇ دەۋرلەردە يېزىلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئىنجىلنىڭ ئونمىڭلىغان كۆچۈرۈلمە نوسخىلىرى، ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان خەت-چەك ۋە باشقا يازمىلار، ياۋروپا-ئاسىيا-ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە تارقالغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى، شۇنداقلا ئىنجىلنىڭ نۇرغۇن تەرجىمە نوسخىلىرى قاتارلىقلار بار.

● يوقۇردا كۆرسىتىلگەن دەلىل-ئىسپاتلار ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى تامامەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچى يوقۇرقى پاكىت ۋە ماتېرىياللارنى ئۆزى بىۋاستە تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقسا بولىدۇ.

● ئەيسا مەسىھتىن كېيىن 600 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، توساتتىن بىر ئادەم چىقىپ ئىنجىلنى خاتا دېسە، بۇ ھەرگىزمۇ ئادەمنى قايىل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخىمۇ مۇھىمى، مەيلى مۇھەممەت بولسۇن ياكى قۇرئان بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۇچۇق ئاشكار ھالدا ئىنجىلنى خاتا ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دېمىگەن. ئەمىلىيەتتە ئۇلار كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تاپقان ئۆسەك سۆزلىرى خالاس.

● كېيىنكى دەۋرلەردىكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنجىل ئۆگەرتىۋېتىلگەن دېگەن قارىشى ۋە ھېكايىسى قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى نۇرغۇن ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ. مەسىلەن:

- 2: 41, 44, 89, 91, 113, 121, 136, 140
- 3: 3, 50, 84, 93, 199
- 4: 47, 136, 162
- 5: 47, 48, 66, 68, 82-85
- 6: 34, 92, 115
- 7: 157, 170
- 10: 37, 94

- 12：111
- 13：43
- 18：27
- 21：7
- 29：46
- 32：23
- 35：31
- 40：53，54
- 46：12，30
- 48：2
- 53：36，37
- 57：26。

● قۇرئاندا تەۋرات ۋە ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاپ دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىمۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ مۇقەددەس كىتاپلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. قۇرئاندىكى تەۋرات دىگەن سۆز ئىبرانى تىلىدىكى «Torah» (قانۇن) دىگەن سۆزگە يىقىن كىلىدۇ، ئىنجىل دىگەن سۆز گىرىك تىلىدىكى « **Euangélion** » (خۇش خەۋەر) دىگەن سۆزگە يېقىن كىلىدۇ. قۇرئاندا تەۋرات يەھۇدىلارنىڭ كىتابى، ئىنجىل مەسىھلەرنىڭ كىتابى دىيىلگەن. تارىخ ئىسپاتلايدۇكى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئەزەلدىن تارتىپلا «كونا ئەھدە» ۋە «يېڭى ئەھدە» دۇر.

● بەزى مۇسۇلمانلار تەۋرات كونا ئەھدە بىلەن باراۋەر ئەمەس، بەلكى كونا ئەھدىنىڭ ئىچىدىكى موسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن بەش پارە كىتاپنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئاندا ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان كىتاپ دىيىلگەن، شۇڭا ئەيسا مەسىھنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ خاتىرلەپ يازغان پۈتۈكلىرى ئىنجىل ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ خىل قاراش مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىچىدە ئاساسى ئېقىم ئەمەس. چۈنكى قۇرئاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىل يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى دىيىلگەن، ھالبۇكى يەھۇدى ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپ ئەزەلدىن تارتىپلا «كونا ئەھدە»

بىلەن «يېڭى ئەھدە» دۇر. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش قۇرئاندىكى يەنە بىر خاتالىقنى ئاشكارلاپ قويىدۇ، يەنى، قۇرئان خاتا ھالدا يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا پەقەت تۇراخ بىلەن زەبۇردىن ئىبارەت ئىككىلا مۇقەددەس كىتاپ بار، مەسىھلەرنىڭ قولىدا بولسا پەقەت «خۇش خەۋەر» (گىرىكچە ئوقۇلىشى ئىنجىل) دىن ئىبارەت بىرلا مۇقەددەس كىتاپ بار دەپ قارىغان. بۇلار تارىخى پاكىتلارغا قەتئىي ماس كەلمەيدۇ.

• قۇرئاننىڭ ئىنجىلنى ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان بىر پارچە كىتاپ دەپ قارىشى تارىخى پاكىتلارغا قەتئىي ماس كەلمەيدۇ. يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تەلىملىرىنى خاتىرىلەپ يازغان كىتابىدۇر. ئەيسا مەسىھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ قولىدا بىر پارچە ئىلاھى كىتاب بار ئىدى دەيدىغانغا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات يوق. مۇھەممەت دەۋرىدىكى ناسارالار بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەسىھ ئۈممەتلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ قولىدا ساقلاۋاتقان ئىنجىل دەل دەسلەپكى مەسىھ ئەگەشكۈچىلىرى يېزىپ قالدۇرغان كىتاپتۇر.

• ئەگەر ئەينى دەۋردىكى يەھۇدىي ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپنى تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەمەس ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ قارالسا، بۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ. قۇرئان كۆپ قېتىم يەھۇدىي ۋە مەسىھلەرنى قولۇڭلاردىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇڭلار، ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى ئۇنىڭدا خۇدادىن كەلگەن دەلىللەر بار دەيدۇ. قۇرئان ھەتتا مۇسۇلمانلارنىمۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىشىنىڭلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار دەيدۇ. مۇھەممەت يەھۇدىي ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قۇرئاننىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئادەملەرگە دېيىلگەن. قۇرئان مۇھەممەتنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەھلى كىتاپلارنى (يەھۇدىي ۋە مەسىھلەرنى) ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئەسكەرتىدۇ. قۇرئان ھەتتا كىشىلەرنى تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشنى، ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا بېرىپ ئەھلى كىتاپلاردىن (يەھۇدىي ۋە مەسىھلەردىن) سوراپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

• ئەگەر قۇرئاندا دېيىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىي ۋە مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى مۇقەددەس كىتاپ بولمىسا، ئۇنداقتا قۇرئاندا دېيىلگەن يۇقۇرقى مەزمۇنلار پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز ياكى خاتا بولغان بولىدۇ.

• قۇرئاندا ئاللا مۇقەددەس كىتاپلارنى قوغدايدۇ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھېچقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ دېيىلگەن. بۇمۇ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دېگەن قارىشى ۋە ھېكايىسىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ.

● قۇرئاندىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى بەزى مۇسۇلمانلار باشقىچە چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن، ئەمما بۇ قۇرئاننى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ياكى چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئەسلى ئايەتنىڭ مەنىسىنى يوشۇرۇپ، پاكىتنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن باشقا ئىش ئەمەس. قۇرئاننىڭ ئەسلى ئەرەپچە ئايەتلىرىدە ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىلنىڭ توغرىلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەكلىكى ناھايىتى ئېنىق جەزىملەشتۈرۈلگەن.

● قۇرئاندىن مىسال كەلتۈرۈلگەن يۇقۇرقى بىرەر يۈز ئايەتتە، ئەگەر پەقەت بىرلا ئايەت يۇقۇرقىدەك قاراشنى ئىسپاتلىيالىسا، ئۇنداقتا بۇ قۇرئاندا ئەجەللىك زىددىيەت ۋە مەسىلىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى، قۇرئاننىڭ ھەرگىزمۇ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەگەر راست شۇنداق بولسا، مەيلى ئىنجىل توغرا ياكى خاتا بولسۇن، ھەر ئىككى خىل ئەھۋالدا قۇرئان ئۆخشاشلا خاتالاشقان بولىدۇ.

**ئىسلامنىڭ مەيدانى**

يوقۇرقىلاردىن ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى:

● قۇرئان مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) نىڭ نوپوزى ۋە توغرىلىقىنى ئىنكار قىلمىغان، بەلكى ئۇنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللىمەكچى بولغان.

● بىراق قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە بەزى تارىخى خاتىرىلەر ئىنجىلدا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە تارىخى خاتىرىلەر بىلەن زىت كېلىدۇ.

● شۇڭا بىزنىڭ يەكۈنىمىز: قۇرئان ئۆز ئۆزىگە زىت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ خۇدادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەس.

● مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدە، ئىنجىلنىڭ ئەرەپ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم تەرجىمە نوسخىلىرى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:605 ؛ 6:60:478 )

● ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئىنجىلغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلاتتى، مەسىلەن:

ئەل تەبەرى ـ ئەڭ دەسلەپكى نوپۇزلۇق قۇرئان تەپسىرچىسى (قۇرئاننى چۈشەندۈرۈپ شەرھىلىگۈچى) ، مىلادى 839ـ923 يىللىرى ياشىغان. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: مۇھەممەت پەيغەمبەر تەۋراتنىڭ خۇدادىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، پەقەت يەھۇدىلارنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم تەلىملەرنى يوشۇردى دەپ ئەيىپلەيدۇ.

ئەل بۇخارى- ئەڭ دەسلەپكى نوپۇزلۇق ۋە داڭلىق ھەدىسشۇناس، ئىسلام قانۇنشۇناسى، تارىخشۇناس ئالىم. مىلادى 810 ـ 870 يىللىرى ياشىغان.

ئەنسارى- داڭلىق ئىسلام ئۆلىماسى، پەيلاسوپ، ئىسلام قانۇنشۇناسى، مائارىپشۇناس ئالىم. مىلادى 1058 ـ 1111 يىللىرى ياشىغان. ئۇ يازغان كىتاپلىرىدا ئىنجىلدىكى نۇرغۇن ئايەتلەرنى نەقىل ئالغان، ئۆلارنىڭ ئىشەنچلىكلىكىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان.

ئەمىر ئەل ھاپىز ـ مىلادى 869 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەسئۇد ـ 956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇ ھۆسەيىن ـ 1037 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

فەخىردىن ـ مىلادى 1209 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئىبىن خالدون ـ 1406 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

سەئىد ئەھمەدخان- يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق ئىسلام ئالىمى، ئىسلام ھازىرقى زامان ھەركىتىنىڭ باشلامچىسى، ئاسىيادىكى 100 داڭلىق ئۇنىۋېرستىنىڭ بىرى بولغان ئالىگىر ئىسلام ئۇنىۋېرستېتىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1817 ـ 1898 يىللىرى ياشىغان. ئۇ ئىنجىلنى ئىشەنچلىك ھەم قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يوقۇرقى ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن باشقا يەنە ئىبىن ئابباس، ئەل بەدەۋى، ئىبىن تەمىر، مەۋلاۋى مۇھەممەد سەئىدى، سەئىد ئەھمەد ھۆسەيىن، مەۋلاۋى چىراگۇدىن ، ئادىل يەزدىمىر، مەھمۇد ئايۇب ... قاتارلىق كىشىلەر بار.

● ئەمىلىيەتتە مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدىن 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن بەزى مۇسۇلمان ئالىملار قۇرئان بىلەن ئىنجىلدا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات شەكلى ۋە تارىخى پاكىتلاردا نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مىلادى 994 ـ 1064 يىللىرى ياشىغان ئىبىن كازىم، ئىككىنچىسى 1085 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئەل جۇۋەينى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاندىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە خىرىستىيانلار ئىنجىلنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دىگەن سۆز- چۆچەك پەيدا بولۇشقا باشلىغان. ئەمما :

كىم؟ نىمە سەۋەپتىن؟ قاچان (مۇھەممەتتىن بۇرۇنمۇ ياكى كېيىنمۇ)؟ قەيەردە (قايسى دۆلەت قايسى شەھەردە) ؟ قانداق ئۇسۇل بىلەن ؟ قايسى قىسمىنى ؟ قانداق ئۆزگەرتكەن ؟ نىمىشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان ؟

دىگەن مەسىلىلەرگە ھېچكىم قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمىگەن. بەزىلەر پەقەت پەرەزگە ئاساسلىنىپ ھەرخىل ھېكايىلەرنى توقۇپ چىققان، كېيىنكىلەر بولسا ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن.

**مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:**

• مۇقەددەس كىتاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مىڭلىغان ئونمىڭلىغان قەدىمقى كۆچۈرۈلمە نوسخىلىرى مەۋجۇد. (ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارالغان شۇنچە كۆپ ئىنجىلنى بىرلا ۋاقىتتا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي ئۆزگەرتىۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس)

• قادىر خۇدا ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىرى ۋە تەلىملىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزگەرتىۋېتىشىگە يول قويمايدۇ، ئۇ بۇنى قوغداشقا تامامەن قادىر.

• ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىغا كەڭ تارقالغان ئوخشىمىغان دۆلەت، ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان تىللاردىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئىنجىلنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

• يەھۇدىيلار بىلەن مەسىھلەرنىڭ بىرلىشىپ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

• ئۆزگەرتىلگەن مۇقەددەس كىتاپنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسلىدىكى ھەقىقى مۇقەددەس كىتاپلارنى يەر يۈزىدىن پاك-پاكىز يوقىتىۋېتىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

• تارىختا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ بولغان، شۇنداقلا دۇنياغا كەڭ تارقىلىپ بولغان، ئەسلىدىكى مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ ۋە ئۇلارنى ئىز دېرەكسىز يوقىتىۋېتىپ، ئاندىن ساختا مۇقەددەس كىتاپلارنى قايتا تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا تارقىتىش مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، مۇقەددەس كىتاپ ئۆزگەرتىۋېلىنگەن دېگەن قاراش پەقەت كېيىنكى دەۋرلەردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ پەرىزى ۋە تۆھمىتى بولۇپ، قۇرئان، مۇھەممەت ۋە ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردا ئۇنداق قاراش بولمىغان.

**مۇقەددەس كىتاپتا «خاتالىقلار» بار، شۇڭا ئۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەنمۇ ؟**

• مەيلى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار مۇقەددەس كىتاپ ئۆزگىرەپ كەتكەن دەپ قارىسۇن ياكى قارىمىسۇن، بىز پەقەت زەبۇر 23-پارە ۋە ئىنجىل مەتتانىڭ 5-7 بابلىرىدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنى مىسال قىلىش ئارقىلىقلا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىنجىلنىڭ گۈزەللىكى، پاساھەتلىكى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى، شۇنداقلا ئەيسا مەسىھ ئىپادىلىگەن ئالىجاناپ پەزىلەت ۋە ئەقىل-پاراسەتنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

• مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا، ئېتىقاتچىلار ھەر تەرەپتىن كەلگەن تۈرلۈك تۆھمەتلەرگە ۋە ھوجۇملارغا دۇچ كەلگەن ئىدى، ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان

بۇ خىل تۆھمەت ۋە ھوجۇملار توختاپ قالغىنى يوق. ھالبۇكى ھازىرقى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىغا قىلىۋاتقان تۆھمەتلىرى ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ (بولۇپمۇ يىقىنقى زاماندىكى خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېزىمچىلارنىڭ) گەپلىرىنى تېرىشتۇرۇپ ئەكىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تەلىمى قىلىۋېلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. ئىنجىلدا خاتالىق بار دىگەن قاراشنىڭ ئەمەلىيەتتە قۇرئان ۋە ئىسلام دىنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار قۇرئاندىكى تەلىملەرگە ئاساسەن بۇنداق پىتنە-پاساتلارنى قىلىپ يۈرمىگەن. شۇڭا بۇ مەسىلىنى مۇشۇ ساھەدە ئىلمى ئۇسۇلدا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا تاپشۇردۇق. ئەگەر قىزىقسىڭىز تۆۋەندىكى تور بېكەتلەرگە چىقىپ كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ. باشقىلارنىڭ قاراشلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەي، ئۆزىڭىزمۇ ئىزدىنىپ بېقىڭ.

- http://www.tochrist.org/book/download_books/sjnthb/
- http://www.inerrancy.org/
- http://blog.sina.com.cn/s/blog_4a9c4a4f01000b4s.html
- http://www.godoor.net/jidianlinks/shj.htm
- http://www.godoor.net/jidianlinks/apologetics.html

- «ئىنجىلدا خاتالىقلار بار» دىگەننى ئىسپاتلاش ئارقىلىق «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دەپ قاراش ئەمەلىيەتتە لوگىكىلىق باغلىنىشى بولمىغان ئىككى ئىشتۇر. «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى 8 نوقتىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كىلىدۇ:

1) كىملەر ئۆزگەرتكەن، 2) نىمە سەۋەپتىن ئۆزگەرتكەن، 3) قاچان ئۆزگەرتكەن، 4) قەيەردە ئۆزگەرتكەن (قايسى دۆلەت قايسى شەھەردە)، 5) قانداق ئۇسۇلدا ئۆزگەرتكەن، 6) ئىنجىلنىڭ قايسى جايلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، 7) نىمىنى نىمىگە ئۆزگەرتكەن، 8) تارىختا نىمىشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىغان.

خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېزىمچىلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئالاقىدار ماقالىلىرىدە بۇ 8 نوقتا تىلغا ئېلىنمىغان. ئىنجىلنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى، ياخشى ياكى يامانلىقى بىلەن «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن قاراشنىڭ مۇناسىۋىتى يوق.

• ئاتېزىمچىلار ھەرقانداق بىر دىننى تەنقىتلىمەكچى بولسا، ئۆزىنىڭ ئالدىن پەرىزى ۋە مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق شۇ دىنىنىڭ كىتابىدا خاتالىق بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار مەسىھ ئېتىقاتىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىنجىلدىن قۇسۇر ئىزدەشكە تىرىشىدۇ، ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئىنجىلدىكى خاتىرىلەرنىڭ ئومۇمى گەۋدىسى ۋە تەلىمىنى، ھەر بىر ئايەتنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنى، سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ھەرخىل چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى، سۆز-جۈملىلەرنىڭ كونتېكىسىنى (ئالدى-كەينىدىكى جۈملىلەرنى) ئويلاشمايدۇ. شۇنداقتىمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئاكتىپ پوزىتسيە ۋە ئىنچىكە تەھلىللەر ئارقىلىق تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ئەستايىدىللىق ۋە سەمىمىلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ كەلمەكتە.

• ئاتېزىمچىلارنىڭ «ئىنجىلدا خاتالىقلار بار» دىگەن پىكىر قىلىش يولى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەننى ئىسپاتلاشتا قوللانغان يولى بىر يول ئەمەس.

• «ئىنجىلدا خاتالىق بار» ياكى «ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» - بولغان تەقدىردىمۇ، قۇرئان مۇقەررەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى قۇرئاندا مۇنداق دىيىلگەن:

1. ئىنجىل خۇدانىڭ كىتابىدۇر.

2. قۇرئاننىڭ نوپۇزى ئىنجىلدىن كەلگەن بولۇپ، ئىنجىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

3. خۇدانىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ، خۇدا ئۇنى قوغداشقا قادىر.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئۆزىنىڭ باياناتى

• مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ كىتابىدۇر، ئۇنىڭ ھەقىقى ئاپتورى خۇدا.

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى يازغۇچىلار خۇدانىڭ روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرىشى ۋە يېتەكلىشى بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن.

• مۇقەددەس كىتاپتا 3808 قېتىم « پەرۋەردىگار خۇدا شۇنداق دەيدۇ» دىيىلگەن.

• مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ سۆزىدۇر. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 34:27 ، يەشايا پەيغەمبەر 30:8 ، يەرەميا پەيغەمبەر 25:13 ؛ ئىنجىل-يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14:26 ، ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 1:1،2 )

• مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى سۆزلىشىدۇر. (ئىنجىل-پېتروسII 1:21 )

● پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ھەققانىيلىققا يېتەكلەيدۇ. (ئىنجىل ـ تىموتىغا يېزىلغان ئىككىنچى خەت 3:16 )

● دىمەك مۇقەددەس كىتاپتا، خۇدانىڭ ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ دىلىغا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى سېلىپ، ئۇلارنى مۇقەددەس روھى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق قەلەم تەۋرەتكۈزۈپ، مۇقەددەس يازمىلارنى يازدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپ گەرچە خۇدادىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئادەم يازغان. بۇ ئىككىسى زىددىيەتلىك ئەمەس. مۇقەددەس كىتاپ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 66 پارچە كىتاپتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 1500 يىل جەريانىدا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ مىلادى 1 ـ ئەسىر ئارلىقىدا) 40 نەچچە ئادەمنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئادەملەر ئوخشىمىغان جايلاردا، ئوخشىمىغان دەۋردە، مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان، ھالبۇكى ھەرقايسى يازمىلار بىر ـ بىرسىنى قوللايدۇ ۋە دەلىللەيدۇ، ئۇلاردا باشتىن ئاخىر بىر ئورتاق تېما بار بولۇپ، يەنى ئىنسانلارنىڭ گۇناھى بىلەن خۇدانىڭ مېھرى ـ شەپقىتىدۇر.

● ئىنجىل ـ تىموتى ئىككىنچى خەت 3 ـ باب 16 ـ ئايەتتە، مۇقەددەس كىتاپ خۇدا تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ دىلىغا سېلىنغان دېيىلگەن. دىمەك، خۇدا ئادەملەرنىڭ دىلىغا سېلىش ئارقىلىق مۇقەددەس كىتاپنى يازدۇرغان. ئۇنىڭ يازغۇچىسى ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقى ئاپتورى خۇدادۇر.

● خۇدا ھەرگىزمۇ ماشىنا ئادەمنى كونترول قىلغاندەك پەيغەمبەرلەرنى كونترول قىلىپ، ئۇلارغا خۇدانىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇبىر يازدۇرغان بولماستىن، بەلكى ئۆز سۆزىنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىلى بىلەن يازدۇرغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقايسى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ تىلى، يېزىقچىلىق مىتودى ۋە خاس مەدىنىيەت ئارقا كۆرىنىشىنى يوغۇرغان ھالدا خۇدانىڭ ئۆز دىلىغا سالغانلىرىنى يېزىپ چىققان. ئۇندىن باشقا، مۇقەددەس كىتاپ خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئاساسەن تەدرىجى ھالدا يېزىلغان. كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار بۇرۇنقى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، بۇرۇنقى ئىشلار كېيىنكى ئىشلارغا سەۋەب ۋە ئاساس بولغان.

**ئىنجىلنىڭ ئوبىكتى**

● ئىنجىلنىڭ ئوبىكتى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئىنسانىيەتتۇر.

● ئىنجىل ئىنسانلارغا، ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ۋە ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزۇلۇش يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 20:31 )

**مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋاقىت دائىرىسى ۋە مەزمۇنى**

● ئالەمنىڭ باشلىنىشىدىن باشلىنىدۇ (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1 ، ئىنجىل ـ يۇھاننا 1:1 )

● مەڭگۈلۈك بولىدۇ (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر 22:5)

● مەسىھلەر بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەت قىلغان سۆزلەرنى (تەۋراتنى) ۋە مەسىھ ئەلچىلىرى تارقاتقان ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىنى (ئىنجىلنى) ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. (ئىنجىل ـ پېتروس ئىككىنچى خەت 3:2 )

● خۇدانىڭ قۇتقۇزۇش شەپقىتىنى ئالدى بىلەن ئەيسا مەسىھ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان، ئۇنى بىۋاستە ئاڭلىغانلار بۇ قۇتقۇزىلىشنىڭ ھەقلىقى توغرىسىدا كېيىنكىلەرگە گۇۋاھلىق بەرگەن. خۇدامۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە، ھەرخىل مۆجىزە، كارامەت ۋە قۇدرەتلىك ئىشلارنى قىلىپ، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ ھەدىيىلىرىنى ئېتىقاتچىلارغا ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن. ( ئىنجىل ـ ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 2:3،4 )

● ئېتىقاتچىلار ئەيسا مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ بۇرۇن ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى كېرەك. (ئىنجىل ـ يەھۇدا يازغان خەت 17)

**مۇقەددەس كىتاپ بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر**

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ باش تېمىسى ئەيسا مەسىھتۇر. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:25،27 ؛ يۇھاننا 5:39.46،47 ؛ ئەلچىلەر 18:28 )

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقى ئەمەل قىلىدىغان كىشى، مىنىڭ سۆزلىرىمنىڭ خۇدادىن كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 7:17 )

● ئەيسا مەسىھ تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 5:17،18 ، 12:40 ، 22:29،32،43 ، 24:37 ؛ لۇقا 16:31 ؛ يۇھاننا 10:35 ، 17:17 )

• ئەيسا مەسىھ ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى تەستىقلايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 14:25،26 ، 16:12-15 )

ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى كىلىپ ئېتىقاتچىلارنى يېتەكلەيدۇ. ئۇ ئېتىقاتچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئىنجىلنى يازدۇرىدۇ. خۇدا ئىنجىلنى مەڭگۈ قوغدايدۇ.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

• مۇقەددەس كىتاپ روھتۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 6:63 ؛ ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت 6:17 )

• مۇقەددەس كىتاپتا خاتالىق بولمايدۇ (زەبۇر 19:7 ، پەند-نەسىھەتلەر 30:5،6 )

• مۇقەددەس كىتاپ مەڭگۈلۈكتۇر (زەبۇر 111:7،8 ، 119:89 ؛ ئىنجىل-مەتتا 24:35 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 1:25)

• مۇقەددەس كىتاپ زور كۈچ-قۇدرەت ۋە ھوقۇققا ئىگە. (يەشايا پەيغەمبەر 55:11 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 23:29 ؛ ئىنجىل-گالاتىيالىقلارغا يىزىلغان خەت 3:10 ؛ ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 4:12 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 2:10 )

• مۇقەددەس كىتاپ مۇكەممەلدۇر، ئىنجىل ئەڭ ئاخىرقى كىتاپتۇر، ئەمدى ئۇنىڭغا ھىچكىم بىر نەرسە قوشالمايدۇ ۋە ئېلىۋېتەلمەيدۇ. (ئىنجىل-ۋەھىيلەر 22:18،19 )

(مۇقەددەس كىتاپنىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنجىل خۇدانىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىتابى، خۇدا ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ. شۇڭا كىيىن ئوتتورغا چىققان قۇرئانىڭمۇ خۇدادىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس)

ھەقىقەتنى ئىزدىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەم مۇقەددەس كىتاپنى ئەستايىدىللىق ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئوقۇپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ باقسا، خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى ۋە مىھرى-مۇھەببىتىنى كۆرەلەيدۇ.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ رولى

• مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇستەھكەم ئاساس سىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيدۇ، كىشىلەرنى گۇناھتىن قۇتقۇزۇپ يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلالايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 8:31،32 ؛ ئەلچىلەر 20؛32 ؛ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 1:16 ؛ تىموتى ئىككىنچى خەت 3:15 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 1:21 ؛ پېتروس بىرىنچى خەت 1:23 )

• مۇقەددەس كىتاپ ھەقىقەت توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سەۋەنلىكلەرنى تۈزىتىپ، كىشىلەرنى ھەققانىلىققا يېتەكلەيدۇ. ئۇ ئادەملەرنى مۇكەممەل بولۇشقا، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەپ، توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. (تىموتىي ئىككىنچى خەت 3:16،17 ؛ زەبۇر 119:105 )

• مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنى پاكلاپ، خۇدانى رەنجىتىپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئازدۇرۇشلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇزىدۇ، ئىبرەت بېرىدۇ. (زەبۇر 119:9،11 ؛ ئىنجىل ـ مەتتا 4:4،7،10 ؛ يۇھاننا 15:3 ؛ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 10:11)

• مۇقەددەس كىتاپ ئادەمگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭغا تايانغانلار بەخت تاپىدۇ. (زەبۇر 119:42 ؛ ئىنجىل ـ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 15:4 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 1:25 )

• مۇقەددەس كىتاپ ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، كۆزىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. كىشىلەرگە تىنچ ـ ئامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئوتتەك قىزغىنلىققا چۆمدۈرىدۇ. (زەبۇر 19:8 ، 119:165 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 15:16 ؛ ئىنجىل ـ لۇقا 24:32 )

## بىزنىڭ مۇقەددەس كىتاپقا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز توغرىسىدىكى تەلىملەر

• بىز خۇدادىن ئۇنىڭ بىزنى تەربىيىلىشىنى، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى، ئۇنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلالىشىمىزنى، بىزگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىشىنى تىلىشىمىز كېرەك. (زەبۇر 119:12،18،27،35،73،125 ؛ ئىنجىل ـ كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 2:12،13 )

• بىز مۇقەددەس كىتاپنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل ـ لۇقا 8:15 ؛ رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 10:17 )

• بىز مۇقەددەس كىتاپنى ئوقۇشىمىز ۋە قىرائەت قىلىشىمىز كېرەك. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 17:19 ؛ ئىنجىل ـ ۋەھىلەر 1:3 )

• مۇقەددەس كىتاپنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل ـ ئەلچىلەر 17:11 )

• مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا كېچە ـ كۈندۈز ئويلىنىشىمىز، تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك. ( يەشۇئا 1:8؛ زەبۇر 1:2،3 ، 119:15،16،23،24،59،60،97.100،147،148 )

• بىز مۇقەددەس كىتاپنى قەلبىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. (تەۋرات ـ قانۇن

شەرھى 11:18 ؛ زەبۇر 119:11 ؛ پەندى-نەسىھەتلەر 7:3 ؛ ئىنجىل-كولوسلىقلارغا يېزىلغان خەت 3:16 )

- بىز مۇقەددەس كىتابقا ئەمەل قىلىشىمىز، ئۇنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك. (ئىنجىل-مەتتا 7:24-27 ؛ لۇقا 11:28 ؛ يۇھاننا 7:17 ؛ ياقۇپ يازغان خەت 1: 22-25 )
- بىز مۇقەددەس كىتاپنى ئېنىق سۆزلىشىمىز، توغرا چۈشەندۈرىشىمىز كېرەك. (نەھەمىيا 8:8 ؛ ئىنجىل-تىموتى ئىككىنچى خەت 2:15 )

## «كونا ئەھدە» دىن باشلاپ، مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئەگەر مۇسۇلمانلار خالىسا، «كونا ئەھدە» (تەۋرات) تىن باشلاپ مۇقەددەس كىتاپ توغرىسىدا ئىزدىنىپ باقسا بولىدۇ. مۇقەددەس كىتاپنىڭ تەرتىپى بۇيىچە كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان پىلانى ۋە ئەڭ ئاخىرى «يېڭى ئەھدە» (ئىنجىل) دا ئەيسا مەسىھنىڭ قانداق قىلىپ خۇدانىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس كىتاپتىكى ھېكايە ۋە ئادەملەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا

خۇدا پاك ۋە ياخشى نىيەتلىكتۇر. ئادەمنى خۇدا ياراتقان. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:1 دىن 2:17 گىچە)

2. گۇناھ

ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا شەيتاننىڭ ئېزىقتۇرىشى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خۇدادىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەمما خۇدا ئۇلارغا ۋەدە قىلىپ، كەلگۈسىدە ئايالنىڭ ئەۋلادىدىن (يەنى دادىسىز) بىرسىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، شەيتاننىڭ بېشىغا دەسسەيدىغانلىقىنى بىشارەت قىلىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:15- 3:24 )

3. ئىبراھىم پەيغەمبەر

گەرچە ئىنسانلار خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولسىمۇ، ئەمما خۇدا يەنىلا ئىنسانلارنى قۇتقۇزماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدا قۇربانلىق قىلىش ۋە گۇناھنى يۇيۇش توغرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:1-19 )

4. مۇسا پەيغەمبەر

خۇدانىڭ نەزىرىدە بىرمۇ ھەققانى ئادەم يوق، ھەممە ئادەمدە گۇناھ بار. كەلگۈسىدە خۇدا ئىسرائىللار ئىچىدىن موسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى تىكلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇدانىڭ پۈتۈن سۆزلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىشارەت قىلىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 17 ـ 20:1 ، قانۇن شەرھى 18:18)

5. قۇتقۇزغۇچى

خۇدا ئىنسانلارنىڭ بىر قۇتقۇزغۇچىغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەيدۇ. (تەۋرات ـ لاۋىيلار: 34 ـ 16:1 )

6. داۋۇت پادىشاھ

گۇناھىنى تونىغان ۋە خۇداغا چىن يېپىشقان ئۇلۇغ پادىشاھ (زەبۇر 51 ـ پارە). خۇدا ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن بىر قۇتقۇزغۇچىنى تىكلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. ( تارىخI 14 ـ 17:11 )

7. يەشايا پەيغەمبەر

كەلگۈسىدە كېلىدىغان خۇدا ۋەدە قىلغان قۇتقۇزغۇچى ۋە ئۇنىڭ خاس بەلگىلىرىنى ئالدىن بىشارەت قىلىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 52:13 ـ 53:12)

8. ئەيسا مەسىھ

ئەيسا مەسىھ زادى كىم ؟ (ئىنجىل ـ لۇقا 38 ـ 1:26 ؛ 40 ـ 2:1 )

(قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا مەسىھ دەپ ئاتايدۇ، ئەمما مەسىھنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن قانداق پەرقى بارلىقىنى دىمەيدۇ.)

9. تىرىلىش

ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا بەرگەن قۇربانلىقى، ئۆلۈمدىن تىرىلىشى، ئاسمانغا كۆتىرىلىشى ۋە قىيامەتتە قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسى (ئىنجىل ـ لۇقا 22:63 ـ 24:49) .

خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق بۇ ئىشلارنى قىلىشى زادى نىمە ئۈچۈن ؟ شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىشنى قىلغان خۇدا ئىنجىلنىڭ ئۆزگىرىپ كىتىشىگە، ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ۋە كىيىنكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قىلىشىغا يول قويۇپ، 600 يىلدىن كىيىن ئاندىن مۇھەممەت ئارقىلىق باشقا بىر دىننى يارىتامۇ؟

## كونا ئەھدە (تەۋرات) بىلەن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) نىڭ مۇناسىۋىتى

● كونا ئەھدە (تەۋرات) بىلەن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) خۇدانىڭ ئادەملەرنىڭ دىلىغا سېلىشى بىلەن يېزىلغان خۇدانىڭ كىتابلىرىدۇر. خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى تەۋراتتىن باشلانغان. تەۋرات بۇ ئۇلۇغ پىلانىنىڭ كۆلەڭگىسى بولۇپ، ئەيسا مەسىھ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى ئاشكارلىنىپ ئەمىلىيەتكە ئايلانغان. ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىك ھالدا تۇغۇلۇشى، كۆرسەتكەن كارامەتلىرى، كىرستتىكى قۇربانلىقى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلىشى قاتارلىقلار قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلاردا كۆرستىلگەن مەسىھنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىنسانلار ئارىسىغا كىلىش توغرىسىدىكى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئەيسا مەسىھتىن 700 يىل بۇرۇن ياشىغان يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى روشەن بىشارەت قىلىنغان: «ئۇ بىزنىڭ ئىتائەتسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن يارىلاندى، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز سەۋەبىدىن ئېزىلدى. ئۇنىڭ جازالىنىشى بىلەن بىز تىنچلىققا ئېرىشتۇق، ئۇنىڭ يارىلانغان تېنى بەدىلىگە بىز شىپالىق تاپتۇق» (يەشايا پەيغەمبەر 53:5) . كونا ئەھدە (تەۋرات) تا قەدىمقى پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىدىغان يېڭى بىر دەۋرنىڭ يېتىپ كىلىدىغانلىقىنى ۋە قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئالدىن بىشارەت قىلغان. ئەخلاق قانۇنى تەۋراتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسرائىللارنىڭ ئۇنىڭغا قاتتىق ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق ئەڭ ئىخلاسمەن ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئەرشتىن كەلگەن ئەيسا مەسىھلا تەۋرات قانۇنىغا تولۇق ئەمەل قىلالايدۇ. ئۇ گۇناھسىز ھاياتى بىلەن كىرستتا قۇربانلىق بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرى مېھرى-مۇھەببەت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەۋراتتا ئىنجىل يوشۇرۇنغان، ئىنجىل ئارقىلىق تەۋرات نامايەن قىلىنغان. ئەيسا مەسىھ تەۋراتتىكى بىر قىسىم بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولدى، بىر قىسمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۋاتىدۇ، قالغان قىسمىنى كەلگۈسىدە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

● ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى تەۋراتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنجىل مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 5-باب 18-ئايەتتە تەۋراتنىڭ ۋاقىت چېكى كۆرستىلگەن، يەنى ئاسمان-زېمىن مەۋجۇتلا بولىدىكەن، تەۋراتنىڭ بىر تال ھەرپى ياكى بىر تال چېكىتىمۇ بىكار قىلىنمايدۇ، تەۋراتتا دېيىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىراق تەۋراتتىكى ئىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ ئاسمان-زېمىن يوقالغان تەقدىردىمۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرى يەنىلا مەۋجۇد بولىدۇ، مەڭگۈ بىكار قىلىنمايدۇ (ئىنجىل-مەتتا 24:35 ). دېمەك ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان سۆزلىرىنىڭ

ۋاقىت چىكى يوق بولۇپ، مەڭگۈلۈك جەھەتتە تەۋراتنىڭ ئۈستۈن تۇرىدۇ.

خۇدا ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەرگە تەۋراتنى ئوقۇغۇچىلار دەپ ئەمر قىلىدۇ. ئەمما تەۋراتنى ئوقۇغاندا ئەگەر ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىنى چىراق قىلمىسا، تەۋراتنىڭ تىگىگە يەتكىلى، ئۇنى ھەقىقى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە مېھرى-مۇھەببىتى تەۋراتتا غۇۋا كۆرۈنگەن بولۇپ، ئىنجىل ئارقىلىق ئاندىن روشەنلىشىدۇ.

● كونا ئەھدە دەۋرىدە مۇقەددەس روھ پەقەت ئاز ساندىكى ئادەملەرگىلا بېرىلەتتى. يېڭى ئەھدە دەۋرىدە مۇقەددەس روھ پۈتۈن دۇنيادىكى ئېتىقاتچىلار جامائەتچىلىكىگە چۈشۈرىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرۇپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. يۇئىل پەيغەمبەرنىڭ كىتابى 2-باب 28-32 ئايەتلەردە خۇدا كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئىنسانلارغا چۈشۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ. ئەيسا مەسىھمۇ ئۆزى كەتكەندىن كېيىن خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (ئىنجىل-يۇھاننا 16-16:5 )، بۇ ۋەدە كېيىن ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشىدۇ، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تولغان ئېتىقاتچىلار زور جاسارەتكە تولىدۇ ۋە ھەرخىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، خۇش خەۋەرنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىشقا باشلايدۇ (ئىنجىل-ئەلچىلەر 2). ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان شۇنداقلا ھازىرمۇ خۇدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى ئۇنى تىلىگەن ئادەملەرگە ئاتا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

● پاۋلۇس خۇدانىڭ ئىنسانلار تارىخىدا قىلغان ئىشلىرىنى ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىيدۇ. «خۇدا ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتتى، ئۇ بىر ئايالدىن تۇغۇلغان بولۇپ، تەۋرات قانۇنىغا بويسۇنۇپ ياشىدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت، خۇدا تەۋرات قانۇنىغا قۇل بولغان بىزلەرنى بەدەل تۆلەپ ھۆرلۈككە چىقىرىپ، بىزنى ئۆزىگە پەرزەنت قىلىشتۇر» (ئىنجىل-گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت 5-4:4 ) . ئىنجىل ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەتتە بۇرۇنقى ۋەھىلەر بىلەن كېيىنكى ۋەھىلەر ئېنىق ئايرىپ كۆرسىتىلگەن: « قەدىمقى زامانلاردا، خۇدا ئەجدادلىرىمىزغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەر خىل يوللار بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلىگەنىدى. مۇشۇ ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بولسا بىزگە ئۆز ئوغلى ئارقىلىق سۆزلىدى. خۇدا كائىناتنى ئوغلى ئارقىلىق ياراتتى ۋە ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ بېكىتتى» (ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 2،1:1 ) . قەدىمقى دەۋرلەردە، خۇدا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئادەملەرگە ۋەھى قىلغان بولسا، ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئوغلى ئارقىلىق ئىنسانلارغا ۋەھى قىلدى (خۇدانىڭ سۆزى بىۋاستە ئىنسان بولۇپ ئارىمىزغا كەلدى).

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: « پەرۋەردىگارىڭ خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن

جېنىڭ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن سۆيگىن. ئەڭ مۇھىم ئەمر مانا شۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر مۇھىم ئەمر بولسا، قوشناڭنى(ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنى) ئۆزەڭنى سۆيگەندەك سۆي. بۇ ئىككى ئەمر پۈتۈن تەۋرات قانۇنى ۋە پەيغەمبەرلەر قىلغان تەلىملەرنىڭ باش پىرىنسىپىدۇر» (ئىنجىل-مەتتا 40-22:37 ). ئەيسا مەسىھ تەۋرات قانۇنىدىكى بارلىق ئەمرى-مەرۇپلارنى «خۇدانى سۆيۈش ۋە ئادەمنى سۆيۈش» تىن ئىبارەت ئىككى نوقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. بۇ تەۋراتتىكى ئەخلاق قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئەڭ ياخشى كۆرسەتمىدۇر. ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر ئۇنىڭ نامى بىلەن مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان پاك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. « مېھرى-مۇھەببەت كۆرستىشتە بىر-بىرىڭلارغا قەرزدار بولغاندىن باشقا، ھېچكىمگە ھېچقانداق قەرزدار بولماڭلار. چۈنكى باشقىلارنى سۆيگەن كىشى تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ. زىنا قىلما، قاتىللىق قىلما، ئوغرىلىق قىلما، ئاچكۆزلۈك قىلما دېگەن پەرزلەر ۋە باشقا پەرزلەر قوشناڭنى ئۆزەڭنى سۆيگەندەك سۆي دېگەن ئەمرگە يىغىنچاقلانغان. باشقىلارنى سۆيگەن كىشى ئۇلارغا يامانلىق قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېھرى-مۇھەببەت تەۋرات قانۇنىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ» (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 10-13:8 ) . بىز پەقەت مۇقەددەس روھ ئاتا قىلغان يېڭى ھاياتلىققا تايىنىپلا ھەقىقى مېھرى-مۇھەببەتنىڭ ئىچىدە ماڭالايمىز. ئادەم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خۇدانى سۆيەلمەيدۇ، بەلكى خۇدا مۇقەددەس روھى ئارقىلىق بىزنى ئۇنى سۆيۈشكە جەلىپ قىلىدۇ.

● ھارون ئەلەيكىسالام تەۋرات دەۋرىدىكى ئەڭ يوقىرى كاھىن ئىدى، ئەمما ئۇنى ئىنجىلدىكى باش كاھىن ئەيسا مەسىھ بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ھارون يەر يۈزىدىكى خۇدانىڭ چېدىرىغا كىرگەن بولسا، ئەيسا مەسىھ ئاسماندىكى خۇدانىڭ دەرگاھىغا كىرىدۇ. ھارون يىلدا بىر قېتىم كىرىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ ھەر دائىم ئۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. ھارون نۇرغۇن قېتىم قۇربانلىق قىلىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ بىرلا قېتىم قۇربانلىق بېرىدۇ. ھارون ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدۇ، ئەمما ئەيسا مەسىھ باشقىلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربان بولىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ گۈزەل ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان باش كاھىن بولۇپ، ئادەم قولى بىلەن ياسالمىغان، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولمىغان، ئەرشتىكى تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ئىبادەت چېدىرىغا كىردى. ئۇ بۇ ئەڭ مۇقەددەس جايغا ئۆچكە ياكى موزايلارنىڭ قۇربانلىق قېنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق بىرلا قېتىمدا كىردى. مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇپ، ئىنسانلارنى مەڭگۈگە ئازات قىلدى. كونا ئەھدە دەۋرىدە ئۆچكە ۋە بۇقىلارنىڭ قېنى ھەم ئىنەكنىڭ كۈلى ناپاك ئادەملەرنىڭ ئۈچىسىغا

سىپىلسە،ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن تازلىنىپ پاك بولاتتى. ئۇنداقتا ئەيسا مەسىھنىڭ قېنىچۇ؟ ئۇ ۋىجدانىمىزنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان قىلمىشلاردىن پاك قىلىپ، بىزنى مەڭگۈ ھايات خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا تېخىمۇ يېتەكلىمەمدۇ؟! ئۇ خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك روھى ئارقىلىق ئۆزىنى كەم-كۈتىسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن خۇداغا ئاتىدىغۇ (ئىنجىل-ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 14-9:11 ). بۇ ئايەتلەر تەۋراتتىكى قۇربانلىق تۈزۈلمىسى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ بىردىنبىر قۇربانلىقىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىدۇ. تەۋراتتىكى قۇربانلىق خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن بولغان باش كاھىنلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ۋاقىتلىق چېدىرنىڭ ئىچىدە، ھايۋانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى، ھالبۇكى يېڭى ئەھدىدىكى قۇربانلىق بولسا ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس قېنىنى ئەرشتىكى خۇدانىڭ بارگاھىدا قۇربانلىق قېلىش ئارقىلىق پۈتىدۇ. تەۋرات ۋاقىتلىق ئالامەتلەر ئارقىلىق كەلگۈسىدىكى ئىشلاردىن بىشارەت بەرگەن بولسا، ئىنجىل ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇردى. كونا ئەھدىدە ھايۋانلارنىڭ قېنى ئارقىلىق قىلىنغان قۇربانلىق ۋە ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ۋە قۇتقۇزۇش پىلانىنى دەلىللەيدۇ. يېڭى ئەھدىدە ئەيسا مەسىھ ئادەمنىڭ قەلبىنى پاكلايدۇ. ئۇنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ گۇناھكار ئىنسانلارغا بولغان غەزىپى كىرستتە قۇربان بولغان ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق توختايدۇ.

• تەۋراتنىڭ لاۋىيلار دېگەن پارىسىدا دېيىلگەن قۇربانلىقلار ئەمەلىيەتتە ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، بىز خۇداغا قىلغان ھەمدۇسانا مەدھىيىلىرىمىزنى قۇربانلىق ئورنىدا سۇنۇش ئارقىلىق، بۇ تۈزۈمنى ئەمەلدە كۆرسەتتۇق. « شۇڭا بىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق، ھەمىشە ھەمدۇسانا مەدھىيىلىرىمىزنى خۇداغا قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنىشىمىز كېرەك، مانا بۇ ئۇنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلغانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان مېۋىدۇر» (ئىنجىل-ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت 13:15 ) . پاۋلۇس بىز ئۆز تېنىمىزنى قۇربانلىق سۈپىتىدە سۇنىشىمىز كېرەك دەيدۇ: « شۇڭا ئەي قېرىنداشلار، خۇدا بىزگە شۇنداق رەھىم-شەپقەت كۆرسەتكەنىكەن، ئۆزۈڭلارنى خۇدانى خۇرسەن قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئاتالغان تىرىك قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بېغىشلىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. مانا بۇ سىلەرنىڭ خۇداغا قىلغان ھەقىقى ئىبادىتىڭلاردۇر» (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 12:1). ئەيسا مەسىھ بارلىق ئېتىقاتچىلارنى تەسىرلەندۈرۈپ ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى مەنزىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىنى ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن يۆتكەپ ئۆزىگە تەلپۈندۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قىلىنغان بىردىنبىر قۇربانلىقتۇر، شۇڭا ئېتىقاتچىلارمۇ ئۇنى ئەمەلدە

كۆرستىشى، روھى جەھەتتىكى قۇربانلىقنى بېغىشلىشى كېرەك.

• كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى خەتنە قىلىش ۋە ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتەك تەلىملەرنىڭ ئەمدى چەكلەش كۈچى قالمىدى. پاۋلۇس كونا ئەھدىدىكى تەلىملەر ئارقىلىق بىزگە قەلبتىكى ھەقىقى خەتنىنى ئۆگەتتى (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 2:28،29)، تەۋراتتىكى جىسمانىيەتكە چېتىشلىق كونا ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم روھى ھەقىقەت دەرىجىسگە كۆتۈردى. بىزنىڭ قەلبىمىز «خەتنە» قىلىنغاندىلا ئاندىن يېڭى ئەھدە ئىچىگە كىرەلەيمىز. قانداق نەرسىنى يېيىش ياكى يېمەسلىكىمىز «بىزنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرالمايدۇ» (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت 8:8 ). «ئېتىقاتچىلارنىڭ خەتنە قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى خۇدانىڭ ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر» (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان خەت 7:19 ، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 16:3). تەۋراتتىكى ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە چېتىلىدىغان ئىشلار ئەڭ ئاخىرىدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق روھىيەت دۇنياسىدىكى ئىشلارنى كۆرستىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە، بارلىق يېمەكلىك قائىدە-يوسۇن جەھەتتىن پاك ھېساپلىنىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، پېتروسقا بىر غايىبانە ئالامەتنى كۆرستىش ئارقىلىق، بارلىق جانلىقلارنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: «خۇدا پاك قىلغاننى ناپاك دەپ قاراشقا بولمايدۇ» (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 10:15)

• تەۋراتتا خۇدا ئىسرائىللارغا يۆتكىلىشچان چېدىر تىكلەشنى بۇيرۇيدۇ (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 25:27)، كېيىن سولايمان پادىشاھقا ئىبادەتخانا سېلىشنى بويرۇيدۇ (پادىشاھلار 1:5-6:38 ، 7:13-8:66 ). ئەيسا مەسىھ يەرسىلەرگە (ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدى موللىلارغا) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئېيتىپ قۇيايكى، بۇ يەردە ئىبادەتخانىدىنمۇ ئۇلۇغ بىرسى بار» (ئىنجىل-مەتتا 12:6). ئەيسا مەسىھ شەخس ھەم جامائەتنىڭ ئىچىدە ئىبادەتخانىدا يۈرگۈزىلىدىغان قانۇن بىلەن قۇربانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى ئارقىلىق ھايات ئىبادەتخانىنى يەنى جامائەتنى شەكىللەندۈردى. (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 3:16 ، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت 2:4-8 )، مەسىھ جامائىتى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ تېنى ۋە جامائىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭ ۋە مۇكەممەل بولغان خۇدانىڭ «چېدىرى» نى تىكلىدى (ئىنجىل-ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 9:11). بۇ تەۋرات دەۋرىدىكى چېدىرنىڭ يەنە بىر يوقىرى بالداققا كۆتىرىلىشىدۇر. ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىنى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى ئىسرائىللارنىڭ قانان رايونىغا كىرىشىدىن ھالقىپ پۈتۈن دۇنياغا كېڭىيىدۇ (ئىنجىل-مەتتا 20-28:18). مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن

چاقىرىلىپ، روھى دۇنيادىكى كۆرەشكە ئاتلىنىشى، ھەربى ئۇرۇش بولماستىن بەلكى خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش خۇش خەۋىرىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ، ئىنسانلارنى شەيتاننىڭ قۇللىقى ۋە ئۆلۈمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازات قىلىشتۇر. «ئەيسا» دىگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئەسلى ئىبرانىچە ئاتىلىشى «يەشۇئا» بولۇپ، موسا پەيغەمبەردىن كىيىن خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلىپ ئىسرائىللارغا يىتەكچى بولغان ۋە ئۇلارنى خۇدا ۋەدە قىلغان قانان رايونىغا باشلاپ ئەكىرگەن داھىنىڭ ئىسمىمۇ يەشۇئا ئىدى. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى خۇدا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا (جەننەتكە) باشلاپ كىرگۈچى ئىككىنچى يەشۇئادۇر.

● ئەيسا مەسىھ زەبۇرنىڭ 118-پارە 22-23 مىسرالىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى ئىنكار قىلغان كاھىنلار ۋە يەھۇدى موللىلارنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر زەبۇردىكى مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇمىغانمۇ؟ تامچىلار تاشلىۋەتكەن تاش قۇرۇلۇشنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالدى. بۇنى پەرۋەردىگار شۇنداق قىلغان، بۇ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ بىر ئىشتۇر» (ئىنجىل-مەتتا 21:42 ؛ زەبۇر 118:22،23 ). باش كاھىن ۋە يەھۇدى موللىلار بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 21:45)

● ستېپان دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە مەسىھ ئېتىقاتى ئۈچۈن تۇنجى بولۇپ شېھىت بولغان كىشىدۇر. ئۇ تەۋراتنىڭ تارىخىنى يەكۇنلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى ھەققانى دەپ ئاتىۋالغان يەھۇدى موللىلارنى ئەيىپلەيدۇ. (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 7:1-8:1 ) . بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ روھى دۇنيادىكى ئارقا كۆرىنىشى بولسا، شۇ دەۋردىكى يەھۇدىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەۋرات چۈشەنچىسى بويىچە تۈزىۋالغان تۈزۈمىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالدىن بىشارەت قىلغان ئەيسا مەسىھتەك بىر ھەققانى ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدا ئىدى. (ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 7:51،52 )

● ئىنجىل تەۋراتنى نەقىل كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، ئىشەنچ، ئەخلاق، خۇداغا بولغان ئۈمىد ۋە مەدھىيە، شۇنداقلا باشقا مەڭگۈلۈك تىمىلار توغرىسىدا ئېتىقاتچىلارغا تەلىم بېرىدۇ. تەۋراتتىكى روھىيەت دۇنياسىغا ئائىت تەلىملەر ۋە ئومومى ھەقىقەتلەر، مەسىلەن خۇداغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش قاتارلىق تەلىملەر، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا نىسبەتەن يەنىلا نوپۇزلۇق ۋە كۈچكە ئىگىدۇر.

● ئىنجىل ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 4-بابتا، تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1-3 بابلاردىكى خۇدانىڭ 7-كۈنى ئارام ئېلىشىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئاراملىق كۈنى ئەيسا مەسىھ ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىز ئۇنىڭ كىرستتە بەرگەن قۇربانلىقى ئىچىدە ئارام تاپىمىز. خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرگە بىر ئوغۇل پەرزەنت بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ، ئىبراھىم خۇدانىڭ

سۆزىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن ھەققانى ئادەم دەپ ئاتىلىدۇ (تەۋرات- ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 15:6). تەۋراتتىكى بۇ ساۋاق بىزنىڭمۇ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ھەققانىيىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى ئۆگىتىدۇ. ئەلچى پاۋلۇس تەۋراتتىكى بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق بىزنىڭ قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىدىغىنىمىزنى ۋە ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىشەنچنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ (ئىنجىل-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت).
خۇدا ئىسرائىللارغا كۆپ قېتىم مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىڭلار، ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى يۇقتۇرماڭلار، شۇنداق بولغاندا مەن سىلەرنى قوبۇل قىلىمەن. مەن سىلەرگە ئاتا، سىلەر ماڭا پەرزەنت بولىسىلەر (تەۋرات-لاۋىيلار 26:12 ؛ يەرەمىيا پەيغەمبەر 32:38 ؛ ئىزەكىيال پەيغەمبەر 37:27 ؛ يەشايا پەيغەمبەر 52:11 ) . پاۋلۇس تەۋراتنى نەقىل قىلىپ ئېتىقاتچىلارنىڭ پاكلىقنى ساقلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ۋە ئېتىقاتچى ئەمەسلەرنىڭ ئارىسىدا ناپاك نەرسىلەرنى ئۆزىگە يۇقتۇرماي ئالغا ئىلگىرلىيەلەيدىغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ. (ئىنجىل-كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 6:17)

• تەۋراتتا زىنا قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن (تەۋرات-لاۋىيلار 20:10). ئەلچى پاۋلۇس ئېتىقاتچىلار جامائەتچىلىكى ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرۇن زىنا قىلىپ باققانلىقىنى (ئۇ يەنە تەۋراتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلاردىن باشقىلار ۋە ھەمجىنسلارنى تىلغا ئالىدۇ) ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىر ئەيسا مەسىھنىڭ نامى ۋە خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ پاكلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل-كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 6:11)

• كونا ئەھدە دەۋرىدە، تەۋرات قانۇنىغا ئاساسەن بەزى گۇناھلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما يېڭى ئەھدە دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىنجىلغا ئاساسەن گۇناھكار ئادەملەر باشقىچە ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. ئۇلار ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلىش ئارقىلىق قۇتقۇزىلىدۇ ۋە گۇناھى يۇيۇلۇپ پاكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنداق قىلىشنى خالىمىسا، ئۇمۇ ئۇزىنىڭ تاللىشى. مۇشۇنداق ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋالدىمۇ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يەنىلا تەلىم بېرىش ۋە دۇئا قىلىش ئارقىلىق روھى كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. گۇناھكار ئادەملەرگە تەھدىت سېلىش، جىسمانى زەربە بېرىش ياكى ئۆلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئەيسا مەسىھ كىرىستتا بەرگەن قۇربانلىقى ئارقىلىق تەۋراتتا ئىنسانلارغا بېرىلگەن قاتتىق جازانى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بولغان.

**ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىكى ئوبرازى**

تەۋراتتا:

- «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دا، ئەيسا مەسىھ «ئايالنىڭ ئەۋلادى» دۇر.
- «مىسىردىن چىقىش» تا، ئۇ ئۆتۈپ كىتىش بايرىمىدىكى قۇربانلىق قوزىدۇر.
- «لاۋىيلار» دا، ئۇ ئەڭ ئالى كاھىندۇر.
- «نوپۇس سانى» دا، ئۇ ئىسرائىللارنى چۆلدە يىتەكلەپ ماڭغان بۇلۇت ۋە ئوت تۈۋرىكىدۇر.
- «قانۇن شەرھى» دە، ئۇ كەلگۈسىدە كىلىدىغان موساغا ئوخشايدىغان چوڭ پەيغەمبەردۇر.
- «يەشۇئا» دا، ئۇ خەلقنى يىتەكلىگۈچى باش قوماندانىدۇر.
- «سەردارلار» دا، ئۇ باش سەردار ۋە قانۇن تۈزگۈچىدۇر.
- «رۇت» تا، ئۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرىمىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر.
- «سامۇئىل» دا، ئۇ ئىشەنچىلىك پەيغەمبەردۇر.
- «پادىشاھلار» ۋە «تارىخلار» دا، ئۇ ھوقۇق تۇتقان پادىشاھتۇر.
- «ئەزرا» دا، ئۇ ئۆرۈلگەن سېپىلنى قايتا قوپۇرغۇچىدۇر.
- «نەخەمىيا» دا، ئۇ ۋەيران بولغانلارنى قايتا قۇرغۇچىدۇر.
- «ئەستىر» دە، ئۇ خەلقنى بالا-قازادىن ساقلىغۇچىدۇر.
- «ئايۇب» تا، ئۇ مەڭگۈ ھايات قۇتقۇزغۇچىدۇر.
- «زەبۇر» دا، ئۇ ئۆز قويلىرىنى باقىدىغان ۋە قوغدايدىغان ياخشى قويچىدۇر.
- «پەند-نەسىھەت» ۋە «ھىكمەت» تە، ئۇ ئەقىل-پاراسەتتۇر.
- « سۆيگۈ ناخشىسى» دا، ئۇ سۆيۈملۈك كۆيئوغۇلدۇر.
- «يەشايا» دا، ئۇ تىنچلىق ئوغلىدۇر.
- «يەرەمىيا» دا، ئۇ ھەققانىيەتنىڭ شېخىدۇر.
- «مەرسىيە» دە، ئۇ يىغلىغان پەيغەمبەردۇر.
- «ئىزەكىئال» دا، ئۇ غايىپتىن كەلگەن تۆت يۈزلۈك ئىنسانئوغلىدۇر.

- «دانىئال» دا، ئۇ ئوت يالقۇنى ئىچىدە پەيدا بولغان 4-ئادەمدۇر.
- «ھوشىئا» دا، ئۇ بىۋاپا خوتۇننى مەڭگۈ تاشلىمايدىغان سادىق ئەردۇر.
- «يوئىل» دا، ئۇ مۇقەددەس روھ ۋە ئوت بىلەن چۆمۈلدۈرگۈچىدۇر.
- «ئاموس» تا، ئۇ بىزنىڭ ئېغىر يۈكىمىزنى كۆتۈرگۈچىدۇر.
- «ئوبادىيا» دا، ئۇ قۇدرەتلىك قۇتقۇزغۇچىدۇر.
- «يونۇس» تا، ئۇ يات ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن ئۇلۇغ مىسسىئونىردۇر.
- «مىكا» دا، ئۇ ئايىغى قۇتلۇق ئەلچىدۇر.
- «ناھۇم» دا، ئۇ خۇدا تاللىغان قىساسكاردۇر.
- «خاباقۇق» تا، ئۇ خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچىدۇر.
- «زىفانىيا» دا، ئۇ بىزنىڭ قۇتقۇزغۇچىمىزدۇر.
- «ھاگاي» دا، ئۇ خۇدانىڭ يوقالغان مۈلكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچىدۇر.
- «زاكارىياھ» تا، ئۇ گۇناھ ۋە ناپاكلىقنى يۇيۇش ئۇچۇن، داۋۇتنىڭ ئۆيىدە قىزىلغان بۇلاقتۇر.
- «مالاكى» دا، ئۇ ھەققانىيەت قۇياشى بولۇپ، شىپالىق قانىتى بىلەن كۆككە ئۆرلەيدۇ.

ئىنجىلدا:

- «مەتتا» دا، ئۇ يەھۇدىلارنىڭ پادىشاھىدۇر.
- «ماركوس» تا، ئۇ خەلقنىڭ چاكىرىدۇر.
- «لۇقا» دا، ئۇ بىزنىڭ بارلىق ھېسسىياتىمىزنى چۈشىنىدىغان ئىنسانئوغلىدۇر.
- «يۇھاننا» دا، ئۇ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر.
- «ئەلچىلەر» دە، ئۇ دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر.
- «رىملىقلار» دا، ئۇ خۇدانىڭ ھەققانىيىتىدۇر.
- «كورىنتلىقلار 1» دە، ئۇ ئىسرائىللارنىڭ قورام تىشىدۇر.
- «كورىنتلىقلار 2» دە، ئۇ غەلىبە ئېلىپ كەلگۈچىدۇر.
- «گالاتىيالىقلار» دا، ئۇ بىزنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر.

- «ئەفەسلىكلەر» دە، ئۇ جامائەتنىڭ بېشىدۇر.
- «فىلىپىلىكلەر» دە، ئۇ بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزدۇر.
- «كولوسىلىقلار» دا، ئۇ بىزنى پۈتۈن قىلغۇچىدۇر.
- «سالونىكالىقلار» دا، ئۇ بىزنىڭ ئۈمىدىمىزدۇر.
- «تىموتىي 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزدۇر.
- «تىموتىي 2» دە، ئۇ بىزنىڭ كاپالىتىمىزدۇر.
- «تىتوس» تا، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر.
- «فىلىمون» دا، ئۇ بىزنىڭ شەپقەتچىمىزدۇر.
- «ئىبرانىيلار» دا، ئۇ بىزنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.
- «ياقۇپ» تا، ئۇ ئېتىقاتىمىزنىڭ كۈچ مەنبەسىدۇر.
- «پېتروس 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ئۈلگىمىزدۇر.
- «پېتروس 2» دە، ئۇ بىزنىڭ پاكلىقىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 1» دە، ئۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 2» دە، ئۇ بىزنىڭ نەمۇنىمىزدۇر.
- «يۇھاننا 3» تە، ئۇ بىزنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىمىزدۇر.
- «يەھۇدا» دا، ئۇ ئېتىقاتىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.
- «ۋەھىيلەر» دە، ئۇ ئەرشتىن كەلگەن پادىشاھتۇر.

## مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىشەنچلىكلىكى

• ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە كېلىپ چىقىشى ئوخشىمىغان 40 نەچچە ئادەم (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر بىرىنى تونىمايدۇ)، 1500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1450-يىلدىن مىلادى 98-يىلىغىچە)، جەمئىي 66 پارچە كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇلار تارىخ، قانۇن، تەرجىمىھال، شېئىر، خەت چەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كېيىن بىر كىتاب بولۇپ تۈپلەنگەندە، ئۇلارنىڭ باش تېمىسى ۋە مەزمۇنى باشتىن ئاخىر باغلىنىشچانلىقى ۋە ئىزچىللىققا ئىگە بولۇپ، خۇددى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن چىققان كىتابتەك مۆجىزىلىك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇ كىتابنىڭ كەينىدە گويا بىر غايىبانە كۈچ-قۇدرەت ۋە ئەقىل-پاراسەت باردەك، مانا

شۇ سىرلىق كۈچ قۇدرەت بۇ كىتاپنى لايىھىلەپ پىلانلىغاندەك كۆرىنىدۇ. مۇقەددەس كىتاپتا باشتىن ئاخىر بىر باش تېما قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، بۇ باش تېما دەل خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىدۇر. خۇدانىڭ سۆزلىرى ھەر بىر يازغۇچىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرىنىش بىلەن زىچ يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى يازمىلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ۋاقىت ۋە تارىخى ئارقا كۆرىنىشكە ئاساسەن ناھايىتى تەرتىپلىك ۋە مەنتىقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، باش تېمىنىڭ بىر قەدەم-بىر قەدەمدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. تۇنجى يازما «تەۋرات- ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دىن باشلاپ ئەڭ ئاخىرقى يازما «ئىنجىل- ۋەھىلەر» گىچە بولغان 66 پارچە يازمىدا بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئادىمزاتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى ۋە دۇنيانىڭ ئاخىرلىششىغىچە بولغان، باش-ئايىقى ئېنىق بولغان بىر ۋەقەلىك ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. مۇقەددەس كىتاپتا ئىنتايىن يوقىرى ۋە مۇكەممەل بولغان ئەخلاق ئۆلچىمى، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەت، شۇنداقلا زامان جەھەتتە مەڭگۈلۈك بولغان، ماكان جەھەتتە پۈتۈن دۇنياغا ماس كېلىدىغان ھەقىقەت باردۇر.

- مۇقەددەس كىتاپتا كەلگۈسى توغرىلىق ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەر 8352 ئايەت بولۇپ، پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ.

- ئارخىلوگلار يەر ئاستىدىن مۇقەددەس كىتاپتا دېيىلگەن ئادەم، جاي ۋە بۇيۇملارغا ئائىت نۇرغۇن ئارخىلوگىيىلىك يادىكارلىقلارنى تاپقان بولۇپ، بۇلار مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرە ۋە بايانلارنىڭ ئىشەنچىلىكلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرەلەيدۇ. مەسىلەن:

  - 1952-يىلى قېزىپ چىقىلغان قەدىمقى يەرىكو شەھرىنىڭ خارابىسى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەزكۇر شەھەرنىڭ ھەقىقەتەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 13-ئەسىرلەردە ھوجۇمغا ئۇچراپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى بايقالغان. تېخىمۇ غەلىتە بولغىنى مەزكۇر شەھەرنىڭ سېپىل تېمى سىرتىغا قاراپ ئۆرۈلگەن. («يەشۇئا» 6-بابتىكى خاتىرىگە ماس كېلىدۇ)

  - ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، سامارىيەدە قەدىمقى ئىسرائىل پادىشاھى ئاھاب سالدۇرغان پىل چىشى ئوردىسىنىڭ خارابىسى تېپىلغان. («پادىشاھلار» 22:39 )

**مۇقەددەس كىتاپتا پۈتكۈل ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى تەپسىلى بايان قىلىنغان، باشقا دىنلارنىڭ كىتاپلىرىدا بۇنداق ئەھۋال كەم ئۇچرايدۇ.**

● مۇقەددەس كىتاپ نوقۇل تارىخى كىتاپلا ئەمەس، ئۇنىڭدا يەنە خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئىرادىسى ۋە پىلانى سۆزلىنىدۇ. تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1 ـ بابتىن 11 ـ بابقىچە خۇدانىڭ ئالەمنى يارىتىشى ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خاتىرلەنگەن. 12 ـ بابتىن باشلاپ تاكى كونا ئەھدىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇدا بىلەن ئىبراھىم پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئىسرائىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت خاتىرلەنگەن. ۋاقىت دائىرىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن تارتىپ تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 400 ـ يىللارغىچە بولغان. ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى شۇنداقلا دەسلەپكى جامائەتچىلىكنىڭ مىلادىيەنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مىلادى 90 ـ يىللارغىچە بولغان ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرلەنگەن. مۇقەددەس كىتاپتا يەنە نۇرغۇن تارىخى بىشارەتلەر ئالدىن بىرىلگەن بولۇپ، كونا ئەھدە (تەۋرات) تىكى بەزى بىشارەتلەر كونا ئەھدە دەۋرىدىلا ئەمەلگە ئېشىپ بولغان. كونا ئەھدە دەۋرىدىكى قەدىمقى يازمىلاردا قۇتقۇزغۇچى مەسىھ توغرۇلۇقمۇ يۈزلىگەن بىشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھتە ئەمەلگە ئاشقان. يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دا مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىش مىلادى 70 ـ يىلى ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن. ئىنجىلدا يەنە ئىسرائىللارنىڭ پۈتۈن دۇنياغا چېچىلىپ كىتىدىغانلىقى ۋە كەلگۈسىدە دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئالدىن بىشارەت قىلىنغان، بۇمۇ 1948 ـ يىلى ئەمەلگە ئاشقان. ئىنجىل ۋەھىلەردە ۋە باشقا يازمىلاردا زامان ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ۋە يېڭى ئاسمان ـ زىمىن توغرۇلۇق بىشارەتلەر بېرىلگەن، بۇ ئىشلارمۇ ھەقىقەتەن يۈز بېرىشكە باشلاۋاتىدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپتا دۇنيا ۋە ئىنسانلارغا مۇناسىۋەتلىك شۇنچە كۆپ تارىخى خاتىرىلەر ۋە ئالدىن بىشارەتلەر بولۇپ، بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دىنىنىڭ كىتابىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپتىكى تارىخى خاتىرىلەرنىڭ چىن ياكى ئەمەسلىكى، ئالدىن بېرىلگەن بىشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشقان ـ ئاشمىغانلىقىنى ھەرقانداق بىر ئادەم ئوبىكتىپ ئەمىلىيەتتىن ئىزدىنىپ تەكشۈرۈپ باقسا، شۇ ئارقىلىق مۇقەددەس كىتاپنىڭ خۇدادىن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى تەپەككۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ. باشقا دىنلار، پەلسەپە ۋە ياكى ھەرخىل ئىدىيە ـ ئىزىملارنىڭ كىتابلىرىدا ئومۇمەن تارىخىلىق بولمايدۇ، گەرچە بەزىلىرىدە قىسمەن تارىخى تەھلىللەر بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مەلۇم بىر بۆلەك تارىخ ياكى دەۋرگە بولغان قىسمەن قاراش بىلەنلا چەكلىنىدۇ، تەپسىلىلىك ۋە مۇكەممەللىك بولمايدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپتا خاتىرلەنگەن، يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر ئېتىقات قىلىپ كەلگەن خۇدا، مانا شۇ تارىختا ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە نوپۇزىنى ئىنسانلارغا روشەن نامايەن قىلغان ھەقىقى خۇدادۇر.

• گەرچە قۇرئاندىمۇ ئاللانىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقى، ئادەم ئاتا ۋە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنىڭ ھېكايىلىرى، قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاق توغرۇلۇق قىسمەن خاتىرلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ خاتىرىلەر ناھايىتى پارچە-پۇرات ۋە چۇۋالچاق بولۇپ، تەرتىپ ۋە ئىزچىللىقتا ئىگە ئەمەس، باش-ئاخىرى يوق. قۇرئاندا ئەمەلگە ئاشقان بىرەر روشەن بىشارەتمۇ يوق. بۇ جەھەتلەردىن ئۇنى مۇقەددەس كىتاپ بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ يېزىلىشغا ئائىت پاكىتلار

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ مەزمۇنى ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئەزەلدىن ئۆزگۆرۈپ باققىنى يوق. بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان مۇقەددەس كىتاپ بىلەن قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش.

• كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرى) يېزىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس يازمىلار دەپ مۇقۇملاشتۇرۇلغان ۋە ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس كىتاپ بولۇپ تۈپلىنىپ بولغان. يەھۇدى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمى مىلادىدىن بۇرۇنقى 458-يىللىرى ئەزرا تەرىپىدىن رەتلەنگەن.

يېڭى ئەھدە (ئىنجىل)

• يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دىكى ئەڭ دەسلەپ يېزىلغان يازما «ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 45-55 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان. ئەڭ كېيىن يېزىلغىنى «ۋەھىلەر» بولۇپ، مىلادى 98-يىلى يېزىلغان.

پېتروسنىڭ گۇۋاھلىقى (ئەيسا مەسىھنىڭ چوڭ شاگىرتى)

• پېتروس ۋە باشقا شاگىرتلار ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكى ۋە تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 32-5:30 )

• پېتروس ئۆز كۆزى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ نۇر ئىچىدە شان-شەرەپكە پۈركەنگىنىنى كۆرگەن، ئاسماندىن خۇدانىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ: «بۇ مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇم، مەن ئۇنىڭدىن خۇرسەنمەن» دىگىنىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان. (پېتروس ئىككىنچى خەت 18-1:16 )

• پېتروس ئەلچى پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ( پېتروس ئىككىنچى خەت 3:15،16 )

• ئىنجىل «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نىڭ يازغۇچىسى مۇنداق دەيدۇ:

نۇرغۇن كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ قىلغان ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرلەشكە كىرىشتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى باشتىن-ئاخىر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ خۇش خەۋەر تارقاتقانلارنىڭ بايانلىرىنى ئاساس قىلغان. مەنمۇ بۇلارنى باشتىن تارتىپ تەپسىلى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتىم، ھەممە ئۆز تەرتىپى بويىچە رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. (لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 3-1:1 )

● پاۋلۇس لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەردىن نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (تىموتىي بىرىنچى خەت 5:17 ، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 10:7 )

● «ۋەھىيلەر» ئۆزىنى خۇدادىن كەلگەن بىشارەتلەر دەپ جاكارلايدۇ. (ۋەھىيلەر 1:1،3 ، 22:18،19 )

● يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ بولغان يازمىلار مىلادى 190-200 يىللىرىغىچە ئاساسى جەھەتتىن بېكىتىلىپ بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ئالېكساندىرىيەدىكى جامائەتچىلىكنىڭ داھىسى كلېمېنت (Clement) ۋە تېرتۇلىئان (Tertullianus) لارنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

● تارىختا پەيدا بولغان بەزى ئاتالمىش ئىنجىل كىتاپلار (مەسىلەن نوستىك ئىنجىلى) ئەمىلىيەتتە خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىلغان كىتاپلار بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە دەسلەپكى ئىنجىل بىلەن زىت كېلىدۇ، شۇڭا مەسىھ جامائىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

● مىلادى 324-يىلى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇچيۈزدىن ئارتۇق مەسىھ جامائەتچىلىكنىڭ باش يېتەكچىلىرى بىرلىكتە قارار قېلىپ، تۆۋەندىكى ئۆلچەم بويىچە يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ بولغان يازمىلارنى رەسمى بېكىتىدۇ.

1) ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى يازغان بولىشى كېرەك.

2) ئەيسا مەسىھنى ياكى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۇلار بىلەن بىرگە بولغانلار يازغان بولىشى كېرەك.

3) بىرىنچى ئەۋلاد مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بار دەۋرلەردىلا مەۋجۇد بولغان بولىشى كېرەك.

4) يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ نوپۇزى تارىخى ئەنئەنە تەرىپىدىن دەلىللىنىشى كېرەك.

(دىمەك 3،4 كە ئاساسلانغاندا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا توساتتىن ئوتتۇرغا چىقىپ قالغان يازمىلار ئېتىراپ قىلىنمايدۇ)

5) ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جامائەتچىلىكلەر تەرىپىدىن ئومومىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان، ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان بولىشى كېرەك.

6) ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ تەلىملىرىگە ماس كېلىشى كېرەك.

دىمەك يوقۇرقى 6 شەرتنى قانائەتلەندۈرگەن يازمىلارلا ئاندىن يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا مەنسۇپ يازمىلار دەپ قوبۇل قىلىنغان.

## مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئىسپاتلىرى

● كونا ئەھدىگە مەنسۇپ مۇقەددەس يازمىلار ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنلا كىتاپ قىلىپ توپلىنىپ بولغان.

● «ئۆلۈك دېڭىز پۈتۈكلىرى». 1947-يىلى بىر ئەرەپ قويچى ئىئوردان دەرياسى بويىدىكى قۇمران ئۆڭكۈرىدىن نۇرغۇن قەدىمقى پۈتۈكلەرنى بايقايدۇ. كىيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق بۇ پۈتۈكلەرنىڭ بۇندىن 2 مىڭ يىل بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپنىڭ قوليازما پارچىلىرى ئىكەنلىكى ئاشكارلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، مىسىردىن چىقىش، لاۋىيلار، نوپۇس سانى، قانۇن شەرھى، سامۇئىل پەيغەمبەر 1- ۋە 2-كىتاپ، ئايۇب پەيغەمبەر، زەبۇر، خاباقۇق ۋە يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى قاتارلىق مۇقەددەس يازمىلار تېپىلىدۇ. كىيىن قۇمرانغا يېقىن جايدىكى يەنە بىر ئۆڭكۈردىن كونا ئەھدىگە مەنسۇپ بولغان باشقا قەدىمقى پۈتۈكلەرمۇ تېپىلىدۇ. تېپىلغان بۇ قەدىمقى قوليازمىلارنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى مۇقەددەس كىتاپتىكى مەزمۇنلار بىلەن پەرقلەنمەيدۇ.

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 250-100 يىللار ئارلىقىدا، ئالىكساندىرىيەدە ياشاۋاتقان يەھۇدىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 70 يەھۇدى ئۆلىماسى كونا ئەھدىنى ئىبرانى تىلىدىن گىرىك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ تارىختا «70 ئۆلىمانىڭ تەرجىمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كىتاپنى مىلادى 1-ئەسىردىكى يەھۇدىلار ۋە مەسىھىلەر ئورتاق ئىشلەتكەن.

● ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) تارىختا كۆچۈرۈلمە نوسخىسى ئەڭ كۆپ يېزىلغان كىتاپ بولۇپ، ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن جەمئى 24 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كۆچۈرۈلمە نوسخىسى تېپىلدى. بۇ جەھەتتە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كىتاپنى ئىنجىلغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ قوليازمىلارنىڭ بەزىلىرى تولۇق نوسخا يەنە بەزىلىرى قىسمەن نوسخىدۇر، ئۇلار:

▼ 5 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق گىرىكچە قولياز مىلار.

▼ 10 ملك پارچىدىن ئارتۇق لاتىنچە قولىيازمىلار.

▼ 9 ملك پارچىدىن ئارتۇق باشقا تىل-يېزىقتىكى قولىيازمىلار.

● يوقۇردا كۆرسىتىلگەن نۇرغۇنلىغان قەدىمقى قولىيازمىلار بىلەن ھازىرقى مۇقەددەس كىتاپنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (98.33%) پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىدا (1.67%) ئىنتايىن كىچىك پەرقلەر كۆرۈلگەن. بۇ قەدىمقى نۇسخىلارنىڭ ھەممىسى ھازىر ساقلىنىۋاتىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، بۇ كىچىك پەرقلەر نەچچە ملك يىللاردىن بۇيان كىشلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىلارنى قولدا كۆچۈرۈپ تارقىتىشى ۋە كۆچۈرۈلمە سانىنىڭ ئىنتايىن كۆپ بولىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. كۆپىنچە پەرقلەر ئاساسلىقى ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشى ياكى كۆچۈرگۈچىنىڭ ئايەتلەرنىڭ كەينىگە قىسقىچە ئىزاھات يېزىپ قويۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىسى ۋە تەلىملىرىگە ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. قولدا كۆچۈرۈش جەريانىدا كېلىپ چىققان بۇ خىل كىچىك پەرقلەرنىڭ كۆرىلىشى بىلەن «ئىنجىل تارىختا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن تۆھمەت پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىككى ئىشتۇر.

(قۇرئاننىڭ گەرچە ھازىرغىچە تېپىلغان قەدىمقى قولىيازما نۇسخىلىرى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ يەنىلا پەرقلەرنىڭ مەۋجۇد ئىكەنلىكى ئاشكارلىنىۋاتىدۇ. قۇرئان دىگەن قىسمىغا قاراڭ)

**ئىنجىلنىڭ ئەڭ قەدىمقى قولىيازما پارچىلىرى**

● ماگدالىن قولىيازمىسى. ھازىر ئەنگىلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتىنىڭ ماگدالىن ئىنىستىتوتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 65-70 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

● ئاسىنىۇ قولىيازمىسى. مىسىردىن تېپىلغان، يىكەن قەغەزگە يېزىلىپ قوم دۆۋىسىگە كۆمۈلگەن. ئارىسىدا يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 125-يىلى يېزىلغان.

● يۇھان رېيلاندس قولىيازمىسى. 1935-يىلى مىسىردا تېپىلغان، ھازىر ئەنگىلىيە مانچېستىر شەھىرىدىكى يۇھان رېيلاندس كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنىڭ بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغان. مىلادى 125-150 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• بادمو سامان قەغەز قولیازمىسى. ھازىر ئامېرىكا مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتىدە ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 200-يىلى يېزىلغان.

• چېستېر بىتتى سامان قەغەز قولیازمىسى. ئىنجىلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (تۆت خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، پاۋلۇسنىڭ خەتلىرى، ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت، ۋەھىيلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مىلادى 200-250 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

## ئىنجىلنىڭ تولۇق قولیازما نۇسخىلىرى

• ۋاتىكان قولیازما نۇسخىسى. قوي تېرىسىغا ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان. ھەر بىر بەتتە 3 ئىستون، ھەر بىر ئىستوندا 42 قۇر بار. ۋاتىكان كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325-400 يىللار ئارلىقىدا يېزىلغان.

• ئالېكساندىرىيە قولیازما نۇسخىسى. بۇ قولیازما نۇسخىسىنى مىلادى 1628-يىلى كونىستانتىنپول ئېپىسكوپى لۇكاس ئالېكساندىرىيەدىن ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېلىپ، ئەنگلىيە پادىشاھى چارلىزغا تەقدىم قىلىدۇ. ھازىر ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھرىدىكى بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325-450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• سىناي قولیازما نۇسخىسى. مىلادى 1844-يىلى گېرمانىيەلىك ئالىم كونىستانتىن تىسچىندوف مىسىرنىڭ سىناي تېغىدىكى كەسرىن مۇناستىرىدىن تاپىدۇ. ئۇ قولیازمىنى ئەينى ۋاقىتتىكى چاررۇسىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىرغا تەقدىم قىلىدۇ. 1933-يىلى ئەنگلىيە بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسى سۆۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى سېتىۋالىدۇ. ھازىر بۇ قولیازمىنىڭ 347 بېتى ئەنگلىيە بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا، 6 بېتى روسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا، 43 بېتى گېرمانىيە لەيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا، 12 بېتى مىسىردا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 325-450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• ئېفرايىم قولیازما نۇسخىسى. قوي تېرىسىغا يېزىلغان، خەتلىرى كۆركەم، تىنچ بەلگىلىرى يوق، ھەر بىر بەتنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلغان. ھازىر فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. گىرېك تىلىدا. مىلادى 400-450 يىللىرى ئارلىقىدا يېزىلغان.

• بېزەك قولیازما نۇسخىسى. ھازىر ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مىلادى 450-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان.

**باشقا قولىيازما ئىسپاتلار**

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (مىلادى 4-ئەسىرگىچە، يەنى مەسىھ ئېتىقاتى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە)، مەسىھ جامائەتچىلىكىنىڭ يېتەكچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان يازمىلاردا ئىنجىلدىن كۆپلەپ نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، جەمئىي 36 مىڭ 289 قېتىم (بۇلار پەقەت 11 ئايەتتىن باشقا ئىنجىلدىكى بارلىق ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى مۇھەممەت دەۋرىگىچە (مىلادى4-ئەسىردىن 7-ئەسىرگىچە) نەقىل ئېلىنغان قېتىم سانى 50 مىڭ قېتىمدىن ئاشىدۇ.

○ ئىگناتىئۇس (مىلادى 1-ئەسىردە ياشىغان) ، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاناننىڭ شاگىرتى، كېيىن ئەنتاكىيا جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا ئەرشنىڭ پادىشالىقىدا كىم ئەڭ ئۇلۇغ دىگەن تەلىمنى بەرگەن چاغدا، قوچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرگەن بالا دەل مۇشۇ ئادەممىش. ئۇنىڭ ئەسەر ۋە خەت-چەكلىرىدە ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، رىملىقلارغا يېزىلغان خەت، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت، ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت، فىلىپىلىقلارغا يېزىلغان خەت، گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت، كولوسلىقلارغا يېزىلغان خەت، ياقۇپ يازغان خەت، سالونىكالىقلارغا يېزىلغان 1- ۋە 2-خەت، تىموتىغا يېزىلغان 1- ۋە 2-خەت، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت قاتارلىقلار نەقىل ئېلىنغان.

○ پولىكارپۇس (مىلادى 69-155 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاناننىڭ شاگىرتى، كېيىن سىمىرنا (ھازىرقى تۈركىيەدىكى ئىزمىر) جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ خەت-چەكلىرىدە 40 قېتىمدەك ئىنجىل ئايەتلىرىدىن نەقىل ئېلىنغان.

○ پاپىئاس (مىلادى 70-155 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھاناننىڭ شاگىرتى، كېيىن پامۇككالدىكى جامائەتچىلىكنىڭ (ھازىرقى تۈركىيەدە) يېتەكچىسى بولغان. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتى مەتتانىڭ «مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نى يازغانلىقىنى، بۇ كىتاپنىڭ گىرىك جامائەتچىلىكى ئىچىدە كەڭ تارقالغانلىقىنى؛ ئەلچى پېتروسنىڭ شاگىرتى ماركوسنىڭ ئۇستازىنىڭ بايانىغا ئاساسەن «ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» نى يېزىپ چىققانلىقىنى، بۇ كىتاپنىڭمۇ جامەئەتچىلىك ئىچىدە ئىشلىتىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ.

○ يۇستىن (مىلادى 89-165 يىللىرى ياشىغان)، ئۇ مىلادى 133-يىللىرى يازغان خەت-چەكلىرىدە جەمئىي 330 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئالغان بولۇپ،

ئىنجىلدىكى بارلىق ئايەتلەرنى دىگۈدەك نەقىل ئالغان. ئۇ ھاياتىدا مەسىھ ئېتىقاتىنى قوغدايدىغان كىتاپتىن بىر قانچىنى يازغان. ئاخىرى ئېتىقات ئۈچۈن شىھىت بولغان.

○ ئەرەنىئۇس (مىلادى 130ـ202 يىللىرى ياشىغان)، مەسىھ ئەلچىسى يۇھانانىڭ شاگىرتى پولىكارپۇسنىڭ ئوقۇغۇچىسى، كىيىن لىئون جامائەتچىلىكىنىڭ يىتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ خەت-چەكلىرىدە ئىنجىلدىن 1819 قېتىم نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ماركوس بايان قىلغان خۇش خەۋەر، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت، پېتروس يازغان بىرىنچى خەت، ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت، تىتوسقا يېزىلغان خەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

○ كلېمېنس (مىلادى 150ـ212 يىللىرى ياشىغان) ، ئالىكساندىرىيە جامەئەتچىلىكىنىڭ يىتەكچىسى بولغان. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دىكى 27 پارە كىتاپتىن 24 پارىنى 2406 قېتىم نەقىل ئالغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىنجىلدىكى تۆت پارە خۇش خەۋەرگە ھەممە جامائەتچىلىكنىڭ ئىشىنىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

○ تېرتۇلىئانۇس (مىلادى 160ـ220 يىللىرى ياشىغان)، مەشھور پەيلاسوپ، ئىلاھىيەتشۇناس. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا 7258 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 3800 قېتىمى ئىنجىلدىكى تۆت خۇش خەۋەر كىتاپتىن نەقىل ئېلىنغان. پېتروس يازغان ئىككىنچى خەت، ياقۇپ يازغان خەت، يۇھانا يازغان 2- ۋە 3- خەتلەردىن باشقا، ئىنجىلدىكى بارلىق خەت-چەكلەردىن نەقىل ئالغان. ئۇ جامائەت باشلانغاندىن تارتىپلا ئىنجىلدىكى تۆت خۇش خەۋەر كىتابىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن.

○ ئورىگىن (مىلادى 182ـ251 يىللىرى ياشىغان)، ئالىكساندىرىيە جامائىتىنىڭ يىتەكچىسى بولغان، داڭلىق ئىلاھىيەتشۇناس. ئۇنىڭ يازمىلىرىدا 17 مىڭ 922 قېتىم ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان. ئۇ يازمىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «جاھاندىكى خۇدانىڭ پۈتۈن جامائىتى قىلچە قورقماي ۋە تالاشماي تۆت خۇش خەۋەر كىتاپقا ئىشىنىدۇ.»

○ خىپولىتۇس (مىلادى 3-ئەسىرلەردە ياشىغان)، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا ئىنجىلدىن 1378 قېتىم نەقىل ئېلىنغان.

○ يۇسېبىئۇس (260ـ339 يىللىرى ياشىغان)، مەشھۇر تارىخشۇناس، ئۇنىڭ يازمىلىرىدا ئىنجىلدىن 5176 قېتىم نەقىل ئېلىنغان.

• قەدىمقى كىتاپلارنىڭ ئىچىدە، ئىنجىلدىن قالسا، ساقلىنىپ قالغان قولىيازما نۇسخىسى ئەڭ كۆپ بولغان كىتاپ قەدىمقى گرېك شائىرى ھومېرنىڭ «ئىلىيادا» داستانى بولۇپ، 643 پارچە قولىيازما نۇسخىسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمقى نۇسخىسى ئەسلى كىتاپ يېزىلىپ 500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن كۆچۈرۈپ يېزىلغان نۇسخىسىدۇر. دېمەك، كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنىڭ ئەسلى نۇسخا بىلەن يېقىنلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر قەدىمقى كىتاپنى ئىنجىل بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

## مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ دەلىللىرى

• پاپانىئۇس، ئالېكساندىرىيەلىك كلېمېنس، تېرتۇلىئانۇس ئىنجىلنى چۈشەندۈرىدىغان شەرھى كىتاپلارنى يازغان.

• رىم جامائىتىنىڭ يېتەكچىسى كلېمېنس (مىلادى 30 ـ 100 يىللىرى)، ئۇ ئەلچى پاۋلۇس بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان (فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت 4:3 )، ئۇنىڭ مىلادى 96 ـ يىلى كورىنتتىكى جامائەتچىلىككە يازغان خېتىدە ئىنجىلدىكى مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، رىملىقلارغا يېزىلغان خەت، كورىنتلىقلارغا يېزىلغان بىرىنچى خەت ۋە ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەتنى نەقىل ئالغان.

• بارنابا خەت چەكلىرىدە (مىلادى 120 ـ يىللىرى يېزىلغان)، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەرنى نەقىل ئالغان.

• ھېرمىسنىڭ قويچىسى (The Shephard of Hermas) دا، مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر، لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر ۋە يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر نەقىل ئېلىنغان.

• شۇ دەۋرلەردىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يازغان نۇرغۇن شېئىر ـ ناخشىلارمۇ ئىنجىلنى دەلىللەيدۇ.

## تارىخى خاتىرلەردىكى دەلىللەر

• رىملىق تارىخشۇناس سېتونىئۇس (مىلادى 69 ـ 130 يىللىرى) يازغان «12 ئىمپىراتور تەزكىرىسى» دىكى خاتىرە بىلەن ئىنجىل ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 18 ـ باب 2 ـ ئايەتتە خاتىرلەنگەن كىلادىئوسنىڭ رىمدىكى يەھۇدىلارنى قوغلىغانلىقىدەك ۋەقەلىك ئۆز ئارا ماس كېلىدۇ.

● مىلادى 2ـ ئەسىردە يېزىلغان يۇلىئۇس ئافرىكانۇسنىڭ كىتابىدا رىم تارىخشۇناسى تاللۇسنىڭ مىلاى 52ـ يىلى يېزىپ قالدۇرغان بىر ۋەقەلىك نەقىل ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەيسا مەسىھ كىرستتقا مىقلانغان كۈنى ئاسمان ـ زىمىننى قاراڭغۇلۇق باسقانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ ئىنجىلدىكى ئالاقىدار خاتىرىگە ماس كېلىدۇ.

● يەھۇدى تارىخشۇناسى يۈسۈپ (مىلادى 37ـ 100 يىللىرى ياشىغان)، ئۇ «يەھۇدىلارنىڭ قەدىمقى تارىخى» ۋە «يەھۇدىلارنىڭ ئۇرۇش تارىخى» دىگەن كىتاپلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ كىتابلىرىدا ئىنجىلغا ماس كېلىدىغان تۆۋەندىكى مەزمۇنلەر خاتىرلەنگەن.

○ ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىرى، تەلىملىرى، كىرستتقا مىقلىنىشى، تىرىلىشى ۋە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى. («قەدىمقى يەھۇدى تارىخى» 18ـ پارە 111ـ باب 3ـ پاراگىراف)

○ چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيانىڭ تەلىم بېرىشى، چۆمۈلدۈرۈشى ۋە شېھىت بولىشى.

○ پىلاتوس، هانىنان، قاياپا، ھىرود، فېلىكس، پوركىيۇس فېستۇس قاتارلىقلارغا دائىر ئىشلار.

○ ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئىنىسى ياقۇپ.

○ مەسىھ ئەلچىسى ياقۇپنىڭ شېھىت بولىشى.

● رىم ئىمپىراتورى ترايانۇسنىڭ تارىخچىسى پىلىنىئۇس (مىلادى 61ـ 113 يىللىرى ياشىغان) دەسلەپكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقاتى توغرىسىدىكى خاتىرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

● مىلادى 150ـ يىللىرى، كلېمېنت ئىنجىل ۋە ئەلچىلەر جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا بارلىقىنى ئېيتقان.

● رىم ئىمپىراتورى تروياىنۇس (53ـ 117) ۋە خادىريانۇس (76ـ 138) قاتارلىقلارنىڭ تارىخى خاتىرلىرى.

**باشقا دەلىللەر**

● ئارخىلوگىيە ئىلمى مۇھەممەت دەۋرىدىكى ئىنجىل بىلەن بۈگۈنكى بىز ئوقۇۋاتقان ئىنجىلنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

● يوقۇردا كۆرستىلگەن بارلىق ماتىرىياللار جەمىيەتكە ئاشكارا بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.
(ئەمما مۇسۇلمانلار تا هازىرغا قەدەر قۇرئاننىڭ بارى يوق بىرنەچچە پارچە قەدىمقى كۆچۈرۈلمە نوسخىسىنى باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا يول قويمايۋاتىدۇ)

● دەسلەپكى ئېتىقاتچىلار نۇرغۇن بېسىم ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولۇپ، ئېتىقات ئۈچۈن ھەرۋاقىت شېھىت بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئىنجىلغا ئىشەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىغان بولاتتى.

● مۇقەددەس كىتابقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرغان ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئىنجىلغا بىر نەرسە قوشىشى ياكى ئۇچۇرۇپ ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقەددەس كىتاپتا بۇنداق قىلمىشقا قارىتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 4:2 ، 12:32 ؛ پەند-نەسىھەتلەر 30:6 ؛ ئىنجىل-ۋەھىلەر 19،22:18 )

● كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرى) نى يەھۇدىلار بىلەن مەسىھىلەر ئورتاق ئىشلىتىدۇ، ئۇلاردا ھېچقانداق پەرق ۋە ئىختىلاپ يوق. تارىختا يەھۇدىلار بىلەن مەسىھىلەرنىڭ بىرلىشىپ پۈتكۈل كونا ئەھدە (تەۋرات،زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرى) نى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

## تارىختا شۇنچىۋالا كۆپ ئادەملەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىل قولىيازما نۇسخىلىرىدا ھېچقانداق پەرق ۋە خاتالىق بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

● ئىنجىلنىڭ تارىخى قۇرئاندىن كۆپ ئۇزۇن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەدىمقى قولىيازما نۇسخىلىرى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. ئىنجىلنىڭ كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىشىدا «تەرجىمە قىلغۇچىلار ۋە كۆچۈرۈپ يازغۇچىلار قىلچە خاتالىق سادىر قىلمىغان» دەپ خۇراپىلارچە پەرەز قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. چۈنكى ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمقى ئىنجىل قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ ۋاقتى ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ياشىغان دەۋرلەرگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئونمىڭلىغان قولىيازما نۇسخىلار، خەت-چەكلەر، شېئىرلار، تارىخى خاتىرىلەر ۋە ھەرخىل تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى بار بولۇپ، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا بىر-بىرسىگە دەلىل بولالايدۇ. (ئەڭ دەسلەپ ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ سانىلا 500 دىن ئاشاتتى). بۇ ماتىرىياللارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ تەتقىق قىلىشىغان ئاشكارا ئېچىۋېتىلگەن. بۇ نەچچە ئونمىڭلىغان تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق 98% تىن يوقىرى بولۇپ، قالغانلىرى پەقەت كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىنتايىن كىچىك پەرقلەردۇر، بۇلار مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىسى ۋە تەلىملىرىگە ھەرگىز تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. تارىخى ماتىرىياللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا دەلىللەش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىنجىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى

ھالىتىنى ئىلمى جەھەتتىن تامامەن ىبكىتكىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ تارىختا قۇرئاننى كۆچۈرۈپ يېزىش جەريانىدا ھېچكىم، ھېچقاچان، ھەتتا قۇرئاننىڭ بىر تال ھەرپىي ياكى بىر تال چېكىتنىمۇ خاتا يېزىپ قويمىغان دېگەن قارغۇلارچە چوقۇنىشىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەسىھلەرنىڭ ئىنجىلغا بولغان ئىلمى پوزىتسىيىسى تېخىمۇ ئىلغاردۇر.

(ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ قورئانغا بولغان يوقۇرقىدەك خۇراپىي قارىشى ۋە تەشۋىقاتىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكى بارغانسىرى ئاشكارلىنىۋاتىدۇ)

• مەسىھلەر ئەزەلدىن ئىنجىلنى خۇدا ئاسماندىن ئەيسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن بىر كىتاپ دەپ‌باقمىغان (بۇ مۇھەممەتنىڭ ياكى قۇرئاننىڭ ئىنجىلغا بولغان خاتا قارىشىدۇر). پاك ۋە مۇقەددەس بولغان ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئارقىلىق تەۋراتتىكى قەدىمقى بىشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئەيسا مەسىھنىڭ غايىپتىن تۆرىلىشى، ياراتقان مۆجىزىلىرى، كىرستتا قۇربان بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن چوڭ مۆجىزىلەر بولۇپ، بۇلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى شاگىرتلار ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئېتىقاتچىلار ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن. ئىنجىل بولسا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرىشى بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە شۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن تارىخى ۋەقەلىكلەر خاتىرلەنگەن كىتاپتۇر. ئىنجىلنىڭ كىتاپ بولۇپ تۈزىلىشىدە ھەقىقەتەن خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى مەۋجۇد بولۇپ، خۇدا ئىنجىلنى مەڭگۈ قوغدايدۇ. ئاسمان-زىمىن يوقىلىدۇ، ئەمما خۇدانىڭ سۆزى مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

## بەزى مۇسۇلمانلار نىسىيە يىغىنىدا[2] ئىنجىل ئۆزگەرتىۋىتىلگەن دەپ قارايدۇ، راست شۇنداقمۇ؟

بۇ تامامەن مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:

• بۇنىڭغا ھېچقانداق تارىخى دەلىل-ئىسپات يوق.

• ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئىنجىل كىتاپلارنى قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي يوقىتىۋىتەلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا (مىلادى 4-ئەسىردە) مەسىھ ئېتىقاتى ئاسيا،ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە تارقىلىپ بولغان بولۇپ،

[2] نىسىيە يىغىنى (Councils of Nicaea ). مىلادى 325-يىلى رىم ئىمپىراتورى كونىستانتىنىنىڭ باشچىلىقىدا نىسىيا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، مەسىھىيەت تارىخىدىكى مۇھىم يىغىنلارنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

غەربى-شىمالدا تاكى ئەنگلىيەگىچە، شەرقى شىمالدا ئەرمەنىيەگىچە، شەرقتە ھىندىستانغىچە، غەربى-جەنۇپتا ئافرىقىدىكى مىسىر ۋە ئېفئوپىيەگىچە بولغان بىپايان زېمىندا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بار ئىدى. ئىنجىلنىڭ گىرىك تىلىدىكى نوسخىسىدىن باشقا يەنە ئاسىيادىكى سۈرىيە تىلى، ئافرىقىدىكى كوپتىت تىلى(قەدىمقى مىسىرنىڭ يەرلىك ئاھالىسىنىڭ تىلى)، ئېفئوپىيە تىلى، ياۋروپادىكى لاتىن تىلى، گود تىلى (قەدىمقى گېرمانلارنىڭ تىلى) قاتارلىق نۇرغۇن تەرجىمە نوسخىلىرى مەيدانغا كېلىپ بولغان ئىدى. ھەرقايسى جايلاردىكى مەسىھ جامائىتى ئۆزئارا مۇستەقىل بولۇپ، بىر بىرسىنىڭ تەۋەلىكىدە ئەمەس ئىدى. 4-ئەسىرلەردە رىم ئىمپىرىيىسى بىرلىككە كېلىپ، مەسىھ ئېتىقادىنى دۆلەت دىنى قىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا كۆپ قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى رىم ئىمپىرىيىسى تەۋەلىكىنىڭ سىرتىدىكى رايونلاردا ئىدى.

● ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان نۇرغۇن قەدىمقى ئىنجىل قوليازما نوسخىلىرىنىڭ ۋاقتى نىسىيا يىغىدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار بىلەن ھازىرقى ئىنجىلنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش.

● دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارىسىدا شەكىللىنىپ بولغان، ئۇلارغا ئورتاق بولغان دىنى ئەقىدە ۋە مۇراسىملارنى «نىسىيا يىغىنى» قانداق قىلىپ پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتەلەيدۇ. مەسىلەن: ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى خاتىرلەش ئۈچۈن يېيىلىدىغان «مۇقەددەس غىزا» مۇراسىمى، ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان يەكشەنبىلىك ئىبادەت، ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق گۇناھنى يۇيۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان «سۇغا چۆمۈلدۈرۈش» مۇراسىمى، يەنە كىرستىقا بولغان قاراش ۋە ئەقىدىلەر. ئەگەر بۇ ئەقىدە ۋە مۇراسىملار ئۆگەرتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنداقتا ئەسلىدىكى ئاتالمىش ئىنجىلدا قانداق ئەقىدە ۋە مۇراسىملار بار ئىدى. يوقاپ كەتكەن ياكى ئۆزگەرتىۋېتىلگەن ئاشۇ ئەقىدە ۋە مۇراسىملار نىمە ئۈچۈن تارىختا قىلچە ئىز قالدۇرماي، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىز-دىرەكسىز يوقاپ كىتىدۇ ؟

● نىسىيا يىغىنىدىن بۇرۇنقى (يەنى 4-ئەسىردىن بۇرۇنقى) دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان، ئىنجىلدىن نەقىل ئېلىنغان، نەچچە ئونمىڭلىغان تارىخى ۋەسىقىلەر (خەت-چەكلەر) ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى ئىنجىلنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئەگەر شۇ زامانلاردا ھەقىقەتەن باشقا بىر ئىنجىل بولغان بولسا، نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ تارىخى يادىكارلىقلاردا ئۇنىڭ قىلچە ئىزى قالمايدۇ؟ ئەجىبا نىسىيا يىغىنىدىن كېيىن رىم ئىمپىرىيىسى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاشۇ «ھەقىقى ئىنجىل» دىن نەقىل ئېلىنغان تارىخى ۋەسىقىلەر(خەت-چەكلەر) نىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ

ئۇرنىغا نۇرغۇن ئادەملەرنى ئىشلىتىپ ھازىرقى ساختا تارىخى ۋەسىقىلەرنى ئويدۇرۇپ چىققانمىدۇ؟ مۇشۇنداق چوڭ بىر تارىخى ۋەقەلىك ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن بولسا، نىمە ئۈچۈن تارىختا قىلچىلىك ئىز قالدۇرمايدۇ؟ يىغىپ ئېيتقاندا بۇلار مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئەلۋەتتە.

● مۇسۇلمانلارنىڭ «نىسىيا يىغىنىدا ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن ھىكايىسى، ئەمىلىيەتتە مىلادى 11 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئاندىن توقۇپ چىقىلغان.

● بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى كىتاپلىرىدا بولمىغان، ئىسلامىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق بولغان، ئاتالمىش ماتېرىياللارنى قىزىپ، توقۇپ ۋە ئىجاد قىلىپ چىقىشى، ئەمىلىيەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى يېپىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى قۇرئاندا كۆپ قېتىم ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاپ دەپ كۆرسىتىدۇ، ئەمما قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئىنجىل بىلەن زىت كىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى قوغداش ئۈچۈن خۇدانىڭ قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلىرى بولغان ئىنجىل ۋە تەۋراتقا تۆھمەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. (تارىخى پاكىت ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇلار بۇ ئىشتا ھەرگىزمۇ غەلىبە قىلالمايدۇ)

● گەرچە كەڭ مەنىدىكى خىرىستىيان دىنىدا ھەرخىل مەزھەپلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، مەسىلەن ئىتالىيە،ئىسپانىيە، فىرانسىيە، بىرازىلىيە، ئارگىنتىنا،فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كاتولىك مەزھىپى؛ روسىيە، گىرتسىيە، رومانىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پراۋىسلاۋىيە مەزھىپى؛ ئەنگىلىيە، ئامرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، شۋىتسارىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى پىروتاستىنت مەزھىپى؛ شۇنداقلا يوقۇرقى ئۈچ چوڭ مەزھەپتىن سىرىت يەنە قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كىلىۋاتقان ئەرمەنىيە جامائىتى، سۈرىيە ،ئىراق ۋە ھىندىستاندىكى ئاسسۇرىيە جامائىتى، مىسىردىكى كوپىت جامائىتى، ئافرىقىدىكى ئىفىئوپىيە جامائىتى قاتارلىقلاربولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىل ئوخشاش  بولۇپ، ھەممىسىدە تۆۋەندىكىدەك ئورتاق دىنى ئەقىدىلەر مەۋجۇد :

○ ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئەقىدە

♦ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىشىدۇر.

♦ ئەيسا مەسىھ ماھىيەت جەھەتتە ئىلاھتۇر.

♦ ئەيسا مەسىھ پاك قىزدىن تۇغۇلغان (خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن دادىسىز تۇغۇلغان)

♦ ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن بەدەل تۆلىگەن (قۇربان بولغان)

- ♦ ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلگەن.
- ♦ ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەن.
- ♦ قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ قايتا كېلىپ تىرىكلەر ۋە ئۆلۈكلەرنى سوراق قىلىدۇ.
  - o «ئۈچ بىرلىك» ئەقىدىسى
  - o مۇقەددەس روھ ئىلاھتۇر
  - o ئىشەنچ ئارقىلىق ھەققانى دەپ ئاتىلىش
  - o ئىنساننىڭ قۇتقۇزۇلىشى خۇدادىن كەلگەن شەپقەتتۇر.

## ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ قولىدىكى ئىنجىل ۋە تەۋرات پەرقلىنەمدۇ؟

● ئالدى بىلەن ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، ئەمىلىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ تەۋرات، ئىنجىل ۋە مۇقەددەس كىتاپقا بولغان چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس. «مۇقەددەس كىتاپ» قەدىمقى مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئومومى توپلىمىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن كىتاپ بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىدىن كونا ئەھدە ۋە يېڭى ئەھدە دەپ ئىككى قىسمغا ئايرىلىدۇ. ئەيسا مەسىھتىن بۇرۇن يېزىلغانلىرى كونا ئەھدىگە تەۋە، ئەيسا مەسىھتىن كېيىن يېزىلغانلىرى يېڭى ئەھدىگە تەۋە يازمىلار ھىساپلىنىدۇ. كونا ئەھدە تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى ئەھدە بولسا تۆت پارچە خۇشخەۋەرنامە بىلەن مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ مەكتۇپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى «كونا ئەھدە» نى تەۋرات دەپ ئاتايدۇ، مەسىھىلەرنىڭ قولىدىكى «يېڭى ئەھدە» نى بولسا ئىنجىل دەپ ئاتايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. مەسىھىلەرنىڭ قولىدىكى «يېڭى ئەھدە» جەمئى 27 پارچە يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەيلى قايسى مەزھەپ بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئوخشاشتۇر، يەنى دۇنيادا پەقەت بىرلا خىل «يېڭى ئەھدە» (ئىنجىل) باردۇر؛ يەھۇدىلارنىڭ قولىدىكى «كونا ئەھدە» بولسا تەۋرات، زەبۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئى 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەھۇدىلار ئۇنى «تاناخ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى «تاناخ» (كونا ئەھدە) نى پۈتۈن مەسىھلەر جامائىتى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پروتاستىنت مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كونا ئەھدە كىتابىمۇ 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يەھۇدىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. كاتولىك مەزھىپى ۋە پراۋسلاۋىيە مەزھىپىدىكىلەرمۇ بۇ 39 پارچە مۇقەددەس يازمىدىن تۈزۈلگەن كونا ئەھدىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار يەنە بىر قىسىم قەدىمقى يازمىلارنىمۇ مۇقەددەس يازمىغا تەۋە دەپ كونا ئەھدىگە قوشۇۋالىدۇ (كاتولىك مەزھىپى 7 پارچە، پراۋسلاۋىيە مەزھىپى 11 پارچە يازمىنى

قوشۇۋالغان). بىراق ئۇلاردىكى بۇ پەرقنىڭ مۇسۇلمانلار دەۋاتقان ئاتالمىش « تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن، ھازىر دۇنيادا ھەرخىل تەۋرات ۋە ئىنجىل بار» دېگەن بوھتانى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. يىغىپ ئېيتقاندا، كونا ئەھدە ئىچىدىكى تەۋراتتىن دۇنيادا پەقەت بىرلا خىلى بار، يېڭى ئەھدە ھېساپلانغان ئىنجىلدىنمۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا خىلى بار. پۈتۈن دۇنيادىكى تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئوخشاش.

● ئىنجىل ياكى مۇقەددەس كىتاپنىڭ دۇنيادا ھەرخىل تەرجىمە نۇسخىلىرى بار، بۇ خۇددى قۇرئاننىڭمۇ ھەرخىل تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغاندەكلا بىر ئىش. بەزىلەرنىڭ بۇ ئارقىلىق دۇنيادا ھەرخىل ئىنجىل بار، شۇڭا ئىنجىل ئۆزگەرتىۋېتىلگەن دەپ پىتنە-پاسات تارقىتىشى ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن ياكى يامان نىيىتىدىن كېلىپ چىققان خالاس.

### «بارنابا ئىنجىلى»

● مۇسۇلمانلار ئىنجىلدىن پەقەت بىرسىلا بار، يەنى ئاللا ئەيسا پەيغەمبەرگە نازىل قىلغان بىر كىتاپ دەپ قارايدۇ.

● ئاتالمىش «بارنابا ئىنجىلى» دېگەن كىتاپ مىلادى 1709-يىلى ئالدى بىلەن گوللاندىيەنىڭ ئامستېردام دېگەن شەھرىدە پەيدا بولۇپ قالدۇ. بۇ كىتاپ ئىتالىيە يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھازىر ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنا شەھرىدىكى خانلىق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار تارىختا يۈتۈپ كەتكەن ھەقىقى ئىنجىل تېپىلدى، يەنى «بارنابا ئىنجىلى» شۇ دەيدۇ. ئۇلار ھازىرقى مەسىھلەر ئىشلىتىۋاتقان ئىنجىلنى ساختا دەيدۇ.

● بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دېيىشىچە، مىلادى 16-ئەسىردە فان مارىئان ئىسىملىك بىر ئېپىسكوپ ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا پاپا Sixtus V (1521-1590) نى زىيارەت قىلىدۇ، ئېپىسكوپ پاپىنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كۇتۇپخانىدىكى كىتاپلارنى كۆرىدۇ، ئۇ توساتتىن بىر كىتاپنى تېپىۋالىدۇ، بۇ كىتاپ دەل «بارنابا ئىنجىلى» ئىدى. ئۇ بۇ كىتاپنى ئوغۇرلاپ ئەكىتىدۇ ۋە ئۇنى ئوقۇپ كېيىن مۇسۇلمان بولىدۇ.

● بارنابا ئىنجىلىنىڭ ئاساسى مەزمۇنى قۇرئانغا ئوخشاپ قالىدۇ (ئەمما يەنىلا پەرق بار)، بىراق تارىختىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان ئىنجىل بىلەن زىت كېلىدۇ. مەسىلەن:

○ ئەيسا پەيغەمبەر خۇدانىڭ ئوغلى ئەمەس. (بارنابا ئىنجىلى 53، 70، 72، 96، 128، 198، 222 )

○ ئەيسا پەيغەمبەر كىرستىقا مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلمىگەن. خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ چىرايىنى ساتقۇن يەھۇدانىڭ چىرايىغا، يەھۇدانىڭ چىرايىنى ئەيسا پەيغەمبەرگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. شۇڭا كىشىلەر خاتا ھالدا يەھۇدانى تۇتۇپ ئۇنى كىرستىقا مىقلاپ ئۆلتۈرگەن. ئەيسا پەيغەمبەرنى بولسا تۆت پەرىشتە كۆتىرىپ ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. (بارنابا ئىنجىلى 112، 219، 220، 222 )

○ ئەيسا پەيغەمبەر ئالدىن بىشارەت بېرىپ، كەلگۈسىدە مۇھەممەت پەيغەمبەر كىلىدۇ، ئۇ قۇتقۇزغۇچىدۇر دەيدۇ. (بارنابا ئىنجىلى 72، 96 )

○ پەرىشتە جەبرائىل ئەيسا پەيغەمبەرگە ئىنجىل كىتاپىنى بېرىدۇ. (بارنابا ئىنجىلى 10 )

ئەمىلىيەتتە بۇ كىتاب پۈتۈنلەي توقۇپ چىقىرىلغان ساختا كىتاپ بولۇپ، سەۋەبى:

● مىلادى 17-ئەسىردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ھىچكىم بۇنداق بىر كىتاپنى كۆرۈپ باقمىغان، قەدىمقى يازمىلاردىمۇ بۇ كىتاپتىن نەقىل ئېلىنىپ باقمىغان.

● ئۇنىڭ مەزمۇنى تارىختىن بۇيان پۈتۈن دۇنيادا ئورتاق ئىشلىتىلىپ كىلىۋاتقان ئىنجىل بىلەن زىت. مەسىلەن :

| بارنابا ئىنجىلىدىكى خاتىرىلەر | «ئىنجىل» دىكى خاتىرىلەر |
|---|---|
| ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بارنابا، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى دەپ ئاتىۋالغان. | بارنابا ئەيسا مەسىھنىڭ 12 شاگىرتىنىڭ بىرى ئەمەس (مەتتا 4-10:1 ، ماركوس 19-3:16 ، لۇقا 16-6:14 )؛ ئۇ ئورما ھېيتىدىن كيىن ئاندىن ئەيسا مەسىھكە ئىتىقات قىلغان. |
| ئەيسا پەيغەمبەر ئاسمانغا كۆتىرىلىشتىن 3 يىل بۇرۇن ئۇنى بارنابا دەپ ئاتىغان. (بارنابا 19) | ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كيىن، ئاندىن ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ئۇنى بارنابا دەپ ئاتىغان، مەنىسى رىغبەتلەندۈرگۈچى. (ئەلچىلەر 4:36) |

| | |
|---|---|
| بارنابا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرى بولغان پېتروس، يۇھاننا ۋە ياقۇپلار بىلەن بىللە تاغ ئۈستىدە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن ھالىتىنى كۆرگەن. (بارنابا 42 ) | پەقەت پېتروس، يۇھاننا ۋە ياقۇپلارلا تاغ ئۈستىدە ئەيسا مەسىھنىڭ نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن ھالىتىنى كۆرگەن. (مەتتا 17:1ـ8 ،ماركوس 9:1ـ8، لۇقا 9:28ـ36 ) |
| ئەيسا پەيغەمبەر بارناباغا ئۆزىنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بارنابا 112) | ئەيسا مەسىھ كۆپ قېتىم شاگىرتلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتقان، ئاخىرىدا ئۇ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇنىڭغا ئۇنىڭ بارلىق شاگىرتلىرى گۇۋاھلىق بەرگەن. (ئىنجىل) |
| بارنابا پاۋلۇسقا ھوجۇم قىلىدۇ. | بارنابا پاۋلۇسنىڭ ھەققەتەن ئەيسا مەسىھ تاللىغان ئەلچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ (ئەلچىلەر 9:27)؛ پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە شۇنداق تارقىتىدۇ (ئەلچىلەر 9:20) ؛ بارنابا پاۋلۇس بىلەن بىرلىكتە بىر قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا تەنبىھ بېرىدۇ (ئەلچىلەر 11:25،26)؛ بارنابا بىلەن پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغان يات مىللەت ئېتىقاتچىلىرىنىڭ خەتنە قىلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ (ئەلچىلەر 15:1،2)؛ بارنابا خىلى ئۇزۇن مەزگىل پاۋلۇس بىلەن بىرلىكتە خۇش خەۋەر تارقىتىپ ئاندىن ئايرىلىپ كىتىدۇ (ئەلچىلەر 15:39)؛ 9 يىلدىن كيين پاۋلۇس ئۆزىنىڭ خېتىدە بارنابانى ياخشى تەرەپتىن تىلغا ئالىدۇ (كورىنتلىقلارI 9:6)؛ پاۋلۇس بارنابانىڭ جيەن ئوغلى ماركوس بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ (كولوسىلىقلار 4:10 ، تىموتىII 4:11). |

| | |
|---|---|
| ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا ئۈچ مۇنەججىم شەرقتىن كىلىپ بەيئەت قىلىدۇ.(بارنابا 6) | ئىنجىلدا مۇنەججىملەرنىڭ سانى 3 دەپ ئېنىق ئېيتىلمىغان (مەتتا 2:1). 3 مۇنەججىم دىگەن پەرەز ئەملىيەتتە كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان. |
| ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلارنىڭ چوڭ كاھىنى ئەيسا پەيغەمبەرگە تىزلىنىپ بەيئەت قىلماقچى بولغاندا، ئەيسا ئۇنى توسۇپ، بۇنداق قىلىش خۇدانى رەنجىتىدۇ دەيدۇ. (بارنابا 93) | بۇ بايانلار ئىنجىلدىكى مەزمۇنلارغا زىت كىلىدۇ. |
| ئەيسا پەيغەمبەر ھەر كۈنى 5 ۋاق ناماز ئۆتەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ 5 ۋاق ناماز ئۆتەش ۋاقتىنى تىلغا ئالىدۇ. | پۈتۈن ئىنجىلدىكى بارلىق يازمىلاردا بۇنداق خاتىرە يوق. |
| ئىبراھىم ئەلەيكىسالامنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسى ئىسمايىل. (بارنابا 44 ) | بۇ مەزمۇن ئىنجىلغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن تەۋراتقىمۇ زىت. ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسى ئىسھاق. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:2-9 ) |
| ئىسمايىل مەسىھنىڭ ئەجدادى، ئىسھاق بولسا مەسىھ ئەلچىسىنىڭ ئەجدادىدۇر. (بارنابا 191) | ئىسھاق قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئەجدادى. (مەتتا 1:2،16 ، لۇقا 3:23،34 ) |
| ئىسمايىللار تەۋرات قانۇنىنى يازغان (بارنابا 192) | بۇ بايان پۈتكۈل مۇقەددەس كىتاپتىكى قەدىمقى يازمىلار بىلەن زىت. |

ئاتالمىش «بارنابا ئىنجىلى» نى ئەينى ۋاقىتتىكى بارنابانىڭ يازغان بولىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ كىتاپ كەم دىگەندىمۇ مىلادىيە 14-ئەسىرلەردىن كىيىن ئاندىن توقۇپ يېزىلغان ساختا كىتاپتۇر. سەۋەبى تۆۋەندىكىچە :

| بارنابا ئىنجىلىدىكى خاتالىقلار | پاكىتلار |
|---|---|
| • كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەيسانى خىرىستوس دەپ ئاتايدۇ. ئەمما كىتاپنىڭ ئىچىدە ئەيسا ئۆزىنىڭ مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. (بارنابا 42، 82)<br>• مۇھەممەتنى مەسىھ دەيدۇ. (بارنابا 97) | • خىرىستوس بىلەن مەسىھ ئەمەلىيەتتە ئوخشاش مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئىبرانى تىلىدىكى مەسىھ دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا خىرىستوس دىيىلىدۇ. بارنابا سىپروسلۇق بولۇپ (ئەلچىلەر 4:36)، ئۇنىڭ ئانا تىلى گىرىك تىلى ئىدى، شۇڭا ئۇ تىلدىكى بۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.<br>• ئىنجىلدا ئەيسانى قۇتقۇزغۇچى مەسىھ دەيدۇ. ھەتتا قۇرئاندىمۇ پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا مەسىھ دەپ ئاتايدۇ. (قۇرئان 3:45 ، 4:157،171،172 ، 5:17،72،75 ، 9:30،31 )<br>• قۇرئاندا مۇھەممەتنى مەسىھ دەپ باقمىغان. |
| بارنابا ئىنجىلىدا ئىشلىتىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىلغا دائىر مەزمۇنلار مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋۇلگاتا تەرجىمە نوسخىسىدىن ئېلىنغان. | «ۋۇلگاتا تەرجىمە نوسخىسى» مىلادى 380-يىللاردىن كىيىن گىرىك تىلىدىن لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نوسخا بولۇپ، 8-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن رىم كاتولىك مەزھىپى تەرىپىدىن كەڭ ئىشلىتىلگەن. |
| ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا پىلاتوس باش ۋالى ئىدى. | • ئەيسا مەسىھ مىلادىدىن بۇرۇن تۇغۇلغان.<br>• پىلاتوس مىلادى 26-يىلى باش ۋالى بولغان. |
| مەريەمنى پاك قىز (virgin) دەپ ئاتىغان. | مىلادى 4-ئەسىردىن كىيىن ئاندىن مەسىھ جامائەتچىلىكى مەريەم ئانىنى «پاك قىز» (virgin) دەپ ئاتىغان. |
| ئەيسا پەيغەمبەر مورىيا تېغىدا نۇر ئىچىدە ئۆزگەرگەن. | ئىنجىلدا بۇنداق خاتىرە يوق.<br>مىلادى 3-ئەسىردىن كىيىن ئاندىن مەسىھ جامائەتچىلىكىدە مۇشۇنداق قاراش شەكىللەنگەن. |

| | |
|---|---|
| تۆت پەرىشتە باشلىقى | مۇقەددەس كىتاپتا بۇنداق گەپ يوق.<br>بۇ خىل قاراش ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن. |
| دىنار ۋە مىنىت قاتارلىق پۇللارنى تىلغا ئالغان.<br>(بارنابا 54) | مىلادى 685-يىلى ئابدۇللا مالىك ئىسپانىيەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان ۋاقىتتا مۇشۇنداق پۇل بىرلىكى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە بۇنداق پۇل ئىشلىتىلمىگەن. |
| «قۇتلۇق يىل» ھەر 100 يىلدا بىر كىلىدۇ دىيىلگەن.<br>(بارنابا 82) | • تەۋرات لاۋىيلار 25:11 دە قۇتلۇق يىل ھەر 50 يىلدا بىر كىلىدۇ دىيىلگەن.<br>• ئىسرائىللار ۋە كېيىنكى كاتولىكلار ھەر 50 يىلدا بىر قىتىم قۇتلۇق يىلنى تەبرىكلەيدۇ.<br>• مىلادى 1300-يىلى رىم پاپىسى بونىفاس 8 (Boniface VIII) يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇندىن كىيىن قۇتلۇق يىلنى ھەر 100 يىلدا بىر قېتىم تەبرىكلەشكە ئۆزگەرتكەن. |
| كىتاپتا ئىتالىيە شائىرى دانتىنىڭ (1265-1321) «ئىلاھى كومىدىيە» سىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلار بار. مەسىلەن:<br>• «ساختا ۋە يالغان سۆزلەيدىغان ئىلاھ» (بارنابا 78،23)<br>• «دەھشەت ئېچىرقاش» (بارنابا 217)<br>• «دوزاق چەمبىرىكى» (بارنابا 135)<br>• «9 قەۋەت ئاسمان» (بارنابا 178)<br>بۇ ئۇقۇم دانتىنىڭ «ئاسمان» دىگەن ئەسىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. | قۇرئاندا ئاسمان 7 قەۋەت دىيىلگەن (قۇرئان 2:29 ، 17:44 ، 67:3 ) . دىمەك بارنابا ئىنجىلى بىلەن قۇرئانمۇ زىت كىلىدۇ. |
| كىتاپتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپا جەمىيىتى تەسۋىرلەنگەن. | ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپا بىلەن مىلادى 1-ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىجتىمائى مۇھىتى ئوخشىمايدۇ. |

| | |
|---|---|
| ئىئوردان دالاسىدا (بارنابا 143)<br>ياز پەسلى ناھايىتى گۈزەل، ھەر خىل مېۋىلەر پىشىدۇ.<br>(بارنابا 165) | ياز پەسلىدە ئىئوردانىيەدە قورغاقچىلىق بولىدۇ. |
| رىم ئەسكەرلىرى خۇددى شاراپ تۇڭىنى دۇملاتقاندەك ئىبادەتخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. (بارنابا 152) | ● ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە رىم ئەسكەرلىرىنىڭ ئىبادەتخانىغا كىرىشى مەنئى قىلىنغان.<br>● مىلادى 1-ئەسىرلەردىكى ئوتتورا شەرقتە شاراپ ياغاچ تۇڭلارغا ئەمەس تۇلۇمغا (تېرىدىن ياسالغان خالتىلارغا) قاچىلىناتتى. (مەتتا 9:17)<br>● شاراپنى ياغاچ تۇڭلارغا قاچىلايدىغان ئادەت ئوتتورا ئەسىرلەردە ياۋروپانىڭ غەربىدە ياشايدىغان گاۋلۇسلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. |
| كېمىچىلەر ناسىرەگە يېتىپ كەلدى. (بارنابا 10،20)<br>ئۇلار ناسىرەدىن تاغقا چىقىپ كەپەرناھۇمغا باردى. (بارنابا 21) | ناسىرە كۆل ياكى دېڭىز بويىدا ئەمەس بەلكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بىر كەنت. ناسىرەنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كەپەرناھۇمدىن خېلىلا ئېگىز، كەپەرناھۇم بولسا كۆل بويىغا جايلاشقان بىر جاي. |
| ئەيسا پەيغەمبەر كېمىگە ئولتۇرۇپ ئىرۇسالىمغا باردى.<br>(بارنابا 151) | ئىرۇسالىم كۆل ياكى دېڭىز بويىدا ئەمەس. |
| ئەيسا پەيغەمبەر شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە سىناي تېغىدا چوڭ روزا ( Lent ) تۇتتى. (بارنابا 91،92) | ● مىلادى 4-ئەسىرلەردىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ چۆلدە تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن، تىرىلىش بايرىمىدىن ئىلگىرىكى 40 كۈندە چوڭ روزا (Lent) تۇتىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.<br>● سىناي تېغى يەھۇدىيە رايونى ۋە جەلىلىيەدىن 4-5 يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتا. |

| | |
|---|---|
| پەرسىلەر توي قىلمايدىغان موناخلار بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن تونلارنى كىيەتتى. ئۇلار ئىلياس پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىردىن) باشلاپ پەيدا بولغان. (بارنابا 145-150) | پەرسىلەر توي قىلمايدىغان موناخلار ئەمەس. ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 135-104 يىللىرى ئارلىقىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. |
| كاھىنلار ئاتقا مىنىپ يۈرەتتى. | ئەيسا مەسىھنىڭ دەۋرىدە كاھىنلار ئاتقا مىنمەيتى. |
| رىم ئىمپېرىيىسى مىسپاختا ھەر بىرسىدە 200 مىڭدىن ئەسكىرى بار 3 قوشۇن يىغىدۇ. (بارنابا 91) | ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل رىم ئىمپېرىيىسىدىمۇ ئاران 300 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى. رىم قوشۇنىدىكى ئەڭ چوڭ ھەربى بىرلىك بولغان (Legion) دا 5-6 مىڭ ئەسكەر بار بولۇپ، بىرلەشمە قوشۇندىكى ئەسكەر سانىمۇ 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتمەيتى. بۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇقىم ھەربى تۈزۈلمىسىدۇر. (بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى) |
| مەريەم ئانا ئەيسا پەيغەمبەرنى توققاندا تولغاق ئازابى تارتمىغان. (بارنابا 3) | • ئىنجىلدا بۇنداق گەپ يوق. 1278-يىلى ئىتالىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ، ئىلاھىيەتشۇناس توماس ئاكۋىناس ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن بۇنداق قاراش مەۋجۇد ئەمەس ئىدى.<br>• قۇرئاندىمۇ مەريەم ئانىنىڭ ئەيسا پەيغەمبەرنى تۇغقاندا تولغاق ئازابى تارتقانلىقىنى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 19:23) |
| ھاۋا ئانا جەننەتتە ئالما يەپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن. (بارنابا 40،41) | مەيلى ئىنجىلدا ياكى قۇرئاندا بولسۇن بۇنداق گەپ يوق. بۇ ھىكايە ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا پەيدا بولغان. |
| ئىككى رەقىب دۇئىلغا چۈشتى. (بارنابا 99) | بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا پەيدا بولغان ئادەت. |

| | |
|---|---|
| دانىيال پەيغەمبەر ئىككى ياش ۋاقتىدا نەبۇقەتنەزەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. (بارنابا 80) | دانىيال پەيغەمبەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 621-يىلى تۇغۇلغان، مىلادىدىن بۇرۇنقى 605-يىلى 16 ياش ۋاقتىدا ئەسىرگە چۈشكەن. |
| بىر كىنەز خۇجايىنغا بىر پارچە جام قەرز بولۇپ قالىدۇ. | بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرۇپانىڭ ئۆرپ-ئادىتى |
| بىر ھۆكۈمەت گۇۋاھچىسى سوتتا دىلونى خاتىرلەيدۇ. | بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا پەيدا بولغان تۈزۈم |

يوقۇردا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا، بارنابا ئىنجىلىدا قۇرئان بىلەنمۇ زىت كېلىدىغان يەنە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار:

• بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى تەشەببۇس قىلىدۇ (بارنابا 115)، بۇ قۇرئاندىكى ئەر-خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ماس كەلمەيدۇ (قۇرئان 4:3).

• قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى ئايەتلىرىنى يېڭى چۈشكەن ئايەتلەر ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەيدىغان «مەنسۇخ» نەزىرىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ (بارنابا 38)، بۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى تەلىمگە زىت كېلىدۇ (قۇرئان 2:106 ، 16:101).

• ئەركىن ئىرادىنى قوللايدۇ، بۇ ئىسلامىيەتنىڭ «تەقدىرچىلىك» قارىشىغا ماس كەلمەيدىغان بىدئەت قاراشتۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتالمىش بارنابا ئىنجىلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن توقۇپ چىقىرىلغان ساختا ئىنجىل بولۇپ، توقۇپ چىققۇچىنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يوقىرى ئەمەس.

4 ـ قىسىم

# قۇرئان

## قۇرئاننىڭ كىتاب بولۇپ تۈزىلىش جەريانى

• مۇھەممەت 40 ياش ۋاقتىلىرىدا (مىلادى 610 ـ يىللىرى) خىيالچان بولۇپ قالغان بولۇپ، دائىم يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مەككىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان ھىرا تېغىنىڭ ئۈستىدىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا تۇنجى قېتىملىق ۋەھىنى قوبۇل قىلىدۇ. غارنىڭ ئىچىدە نامەلۇم بىر روھ ئۇنى 3 قېتىم قاتتىق سىلكىپ، تىنىنى 3 قېتىم چىڭ بوغۇپ قويىۋېتىدۇ، ھەمدە بىر پارچە شايىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئوقۇشنى بۇيرۇيدۇ. مۇھەممەت 3 قېتىم «مەن قانداق ئوقۇشنى بىلمەيمەي» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى تەسىراتى ئۆزىگە جىن چاپلىشىۋېلىپ قىيىنىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. كېيىن مۇھەممەت مەككىدە كېتىۋاتقاندا ھېلىقى روھ ئاسماندا يەنە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەرىشتە جەبرائىل بولىمەن، سەن بولساڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولىسەن». ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ۋە قورقىنىدىن ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاخىرىدا مۇھەممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ كوچا ۋە بازارلىرىغا چىقىپ دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 1:1:3 ، 4:55:605 ، 4:56:747 ، 6:60:478 ، 9:87:111 )

• مۇسۇلمانلار قۇرئاندا خۇدانىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىسى بار دەپ قارايدۇ. قۇرئان 22 يىل جەريانىدا ( مىلادى 610 ـ 632) مەككە ۋە مەدىنەدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ۋەھىلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۆزىنى جەبرائىل دەپ ئاتىغان ھېلىقى روھ بۇ ۋەھىلەرنى مۇھەممەتكە ئاغزاكى ھالدا جۈملىمۇ ـ جۈملە يەتكۈزىدۇ. مۇھەممەت بولسا ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان بىھوش ھالەتتە، خۇددى بىر ئاۋاز يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسىگە ئوخشاش، ئۇ ئايەتلەرنى ئىنتايىن تېز ۋە تەرتىپسىز ھالدا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى خاتىرلەپ، يوپۇرماق، قوۋزاق، تېرە، سۆڭەك، تاش ۋە سامان قەغەزلەرگە يېزىۋالىدۇ، بەزىلىرىنى يادقا ئېلىۋالىدۇ.

• مۇھەممەت جەبرائىلنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ ئۆزىگە قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان يىلى ئىككى قېتىم قىرائەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:56:819 ، 8:74:301)

• بۇخارى ھەدىسلىرىدە خاتىرلەنگەن «جەبرائىل» توغرىسىدىكى بايانلار:

○ مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۇنى شەيتان دەپ ئاتايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 2:21:225)

○ مۇھەممەت ئۇنى «روھىلقۇددۇس» دەپ ئاتايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 8:73:173)

○ ئائىشە ئۇنى كۆرەلمەيتى. (ھەدىس بۇخارى 4:54:440)

○ ئۇ ئىت ۋە رەسىم بار ئۆيگە كىرەلمەيدۇ. (ھەدىس بۇخارى 450،4:54:448، 7:72:843)

○ ئۇ مۇنداق دىگەن: ئەر ئايالLAR جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاندىن كىيىن، ئەگەر ئەر كىشى باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئايال كىشى باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا ئاپىسىغا ئوخشايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:55:546)

○ ئۇممۇ سەلىمە ئىسلىمىلىك بىر ئايال ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى مۇھەممەتنىڭ دىھيا ئىسىملىك بىر دوستىغا ئوخشىتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:56:827)

○ ئۇ مۇھەممەتنى بەنى قۇرەزا يەھۇدىلىرىغا ھوجۇم قىلىشقا بويرۇپ، نەچچە مىڭلىغان ئايالLAR ۋە بالىلارنى ئەسىر ئېلىپ، 600ـ900 گىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپچى بولىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:52:68 ، 5:59:448)

● مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى پارچە-پۇرات ھالدا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، تېخى تۈپلىنىپ كىتاپ بولمىغان ئىدى. مۇھەممەتمۇ ئۇلارنى يىغىپ كىتاپ قىلىشنى بۇيرۇمىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كىيىن ئاندىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ پارچە-پۇرات ئايەتلەرنى يىغىشقا باشلايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاغزاكى تارقالغان ئايەتلەرمۇ بار ئىدى.

● قۇرئاندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ ۋەھى قىلىنغان ۋاقىت تەرتىپى بۇيىچە رەتلەنمىگەن.

○ بىرىنچى قېتىم كەلگەن ۋەھى: قۇرئان 96-سۈرە 1-5 ئايەتلەر.

○ ئىككىنچى قېتىم كەلگەن ۋەھى: قۇرئان 74-سۈرە 1-10 ئايەتلەر.

### قۇرئاننىڭ كىتاپ بولۇپ تۈزۈلۈش تارىخى

● قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسلى نوسخىسى ھازىر مەۋجۇد ئەمەس.

● مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا بىر پۈتۈن قۇرئان كىتاپىنى مەيدانغا كەلتۈرمىگەن.

● مۇھەممەت ئۆلگەندىن كىيىن، خەلىپە ئابابەكرى (مىلادى 632-634) كىشىلەر ساقلاۋاتقان بىر قىسىم قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قۇرئان ئايەتلىرىنى يادلىۋالغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ مىلادى 634-يىلىدىكى يەمەن

ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئەنسىرەشكە باشلايدۇ، شۇڭا پەرمان چۈشۈرۈپ قۇرئان ئايەتلىرىنى يىغىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشقا مۇھەممەتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كاتىپى زەئىد بىن سابىت مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلەر ئارىسىدا چېچىلىپ يۈرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلايدۇ ۋە ئۇنى تۈپلەپ كىتاپ قىلىپ خەلىپە ئابابەكرى بىلەن مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھەفسەگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 6:61:509)

• بۇنىڭدىن سىرت شۇ ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ يەنە باشقا نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: ئۇبەي بىن كائاب، مەسئۇد، ئەلى ئىبىن ئەبۇتالىپ قاتارلىقلارنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق بار بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە تالاش-تارتىش كېلىپ چىققان ئىدى. (ھەدىس بۇخارى 5:57:85،105 ، 6:61:509،510)

• خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 632-634)، ئۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرئان ئايەتلىرىنى داۋاملىق يىغىدۇ.

• خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 644-656)، قۇرئاننى يادلىيالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا قۇرئاننىڭ ئوقۇلىشى ۋە چۈشەندۈرۈلىشى توغرىسىدا ئىختىلاپ كۆرىلىدۇ. مەسىلەن:

○ ئەل تەبەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى ئارىسىدىكى پەرق سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە زىددىيەت كۆرۈلگەن. خۇزايفا ئوسمانغا مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ئەرمەنىيەگە ھوجۇم قىلغاندا، قوشۇن ئىچىدىكى ئىراقلىقلار قۇرئاننىڭ مەسئۇدى نۇسخىسىنى ئىشلىتىدۇ، سۈرىيەلىكلەر ئۇبەي كائاب نۇسخىسىنى ئىشلىتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مۇسۇلمانلار ئىچىدە چوڭ پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ.

• شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان پەرمان قىلىپ، زەئىد بىن سابىتنى قۇرەيىش قەبىلىسىگە تەۋە ئۈچ ئادەم (ئابدوللا زۇبەر، ئابدۇللا خالىس بىن ھىسام، سەئىد ئەل ئاس) بىلەن بىرلىكتە قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا يىغىپ تۈپلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ ھەفسە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ، باشقا نۇسخىلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا توپلايدۇ، ھەمدە سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئاخىرى مىلادى 651-يىلى خەلىپە ئوسمان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قۇرئان نۇسخىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار:

○ قۇرئاندىكى بارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى بېكىتىدۇ. (سوزۇق تاۋۇشلار تېخى يوق ئىدى)

○ ھەرقايسى بابلار (سۈرىلەر) نىڭ تەرتىپىنى ۋە ئىچكى بۆلەكلىرىنى بىكىتتىدۇ.

○ بۇ قولىيازما نوسخىسىنى بىرقانچە قېلىپ كۆپەيتتىدۇ. ئەسلى نوسخىسىنى مەدىنەدە ساقلاپ قېلىپ، كۆپەيتمە نوسخىلىرىنى دەمەشىق، بەسرە ۋە كۇفا قاتارلىق شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

● خەلىپە ئوسمان پەرمان چىقىرىپ، قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى بارلىق قولىيازما نوسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ (ھەدىس بۇخارى 6:61:510) ، ئەمما قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. خەلىپە ئوسمان ئۆلگەندىن كېيىن، مەدىنەنىڭ ھاكىمى مەرۋان مۇھەممەتنىڭ خوتونى ھەفسەدىن خەلىپە ئابابەكرى دەۋرىدە رەتلەنگەن قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ، ھەفسە ئۇنىمايدۇ. ھەفسە ئۆلگەندىن كېيىن، مەرۋان دەرھال ھەفسەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىسىنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىپ تاشلىۋېتىدۇ.

● شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلىدۇ. ئوسمانى قۇرئان ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەندىن سىرت ھېچقانداق باشقا قوشۇمچە دەلىل ئىسپات قالمايدۇ.

● مىلادى 685 ـ 705 يىللىرى ئابدۇللا مەلىك قۇرئاننىڭ قولىيازما نوسخىسىغا سوزۇق تاۋۇش ھەرىپلىرىنى ۋە تىنىش بەلگىلەرنى قوشىدۇ، ئەمما يەنىلا قۇرئاننىڭ نەچچە خىل ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

## قۇرئان توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

● مۇھەممەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ يادلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 73:4)

● قۇرئان جەمئى 30 جىلد، 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەشكىل تاپقان.

● قۇرئان بىلەن ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم كىتابلاردۇر.

● بۇرۇن ئەگەر بىرەر ئادەم ئەرەپچە قۇرئاننى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلسا، قاتتىق قارشىلىق ۋە ئەيىپلەشكە ئۇچرايتى. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، بۇنداق پاساھەتلىك كىتاپنى قانداقمۇ خالىغانچە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغىلى ۋە توغرا يەتكۈزگىلى بولسۇن؟ ئۇلار تەرجىمە نوسخا قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ پاساھەتلىكىنى ئىپادىلەپ

بىرەلمەيدۇ دەپ ئەنسىرەيتى. ئەمما كېيىن، ئەرەپچە بىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننى تەرجىمە قىلمىسا ئۇنى كەڭ تارقاتقىلى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر بۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. (لىن سوڭ «قۇرئاننىڭ قاپىيەلىك تەرجىمىسى» نىڭ كېيىنكى بايانى)

• خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە، ۋەھىلەرگە بولغان ھۆرمەت سەۋەبىدىن، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ياكى تەنقىدى يوسۇندا تەھلىل قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىدى. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئاللانىڭ سۆزىنىڭ تىگى تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشى ياكى باھالاپ ھۆكۈم قىلىشىغا بولمايتى. پەقەت پاسسىپ ھالدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىش ۋە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەدىسلەردە، ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ قۇرئاندىكى مەنىسى مۇجمەل بولغان جايلارنى چۈشەندۈرۈش ياكى ئۇنى يېڭى ئەھۋاللارغا تەدبىقلاش ھوقوقى يوق دېيىلگەن. ئىسلامىيەتتە ئەركىن ئىدىيە ۋە تەپەككۇر چەكلىنەتتى.

• ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى قوليازما نۇسخىلىرىنى تېخى ئۇچۇق ئاشكارا ئېلان قىلىپ باققىنى يوق. ئىسلامىيەت قۇرئاننىڭ تارىخى ئاساسى ۋە ھەرقايسى قوليازمىلارنى ئوبىكتىپ جەھەتتىن ئۇچۇق-ئاشكار ھالدا تەتقىق قىلىش، ئانالىز قىلىش، شۇنداقلا ئىلمى جەھەتتىكى گۇمان ۋە تەنقىدى قاراشلارنى ئوتتورغا قويۇشنى قوللىمايدۇ، ھەتتا ئۇنى چەكلەيدۇ.

• ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ۋە جەمىيەتكە ئاشكارلانغان ئەڭ قەدىمقى قۇرئان قوليازما نۇسخىسىنىڭ ۋاقتى ( 393 AH ) مىلادى 1003-يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

(http://www.usna.edu/Users/humss/bwheeler/quran/kufi_393.html)

**قۇرئاننىڭ بىر تال ھەرپىمۇ چۈشۈپ قالمىغان ياكى ئۆزگۈرۈپ كەتمىگەن ھالدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانمۇ؟ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ توپلىنىش، كىتاب بولۇپ تۈزىلىش ۋە كۆچۈرىلىش جەريانىدا ھېچقانداق خاتالىق يۈز بەرمىگەنمۇ؟ تارىختىن بۇيان قۇرئاننىڭ پەقەت بىرلا نۇسخىسى بولغانمۇ؟**

• گەرچە بۇلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما قۇرئان مۇھەممەتكە ۋەھى قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بىر تال ھەرىپ ۋە چېكىتىمۇ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەرپ ياكى چېكىتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش-ئۆزگەرمەسلىكى بىلەن ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەن-كەلمىگەنلىكى پۈتۈنلەي ئىككى ئىش.

● قۇرئاننىڭ تارىختىن بۇيان پەقەت بىرلا نۇسخىسى بولغان ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋردە كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار ئىشلىتىۋاتقان قۇرئان نۇسخىسى ئەمىلىيەتتە 1924-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە نەشىر قىلىنغان قۇرئان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرغىچە جەمىيەتكە ئاشكارلىيالىغان بىردىنبىر قەدىمقى قۇرئان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ نەشىر قىلىنغان. ئەمما بۇ نۇسخا ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى مۇھەممەتتىن نەچچە يۈز يىل كېيىن يېزىلغان قولىيازما نۇسخىدۇر. مۇھەممەت ئالەمدىن ئۆتكەندە بىر پۈتۈن قۇرئان كىتاپ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار يازغان تۈرلۈك خاتىرىلەردە (مەسىلەن ھەدىس ۋە تارىخنامە قاتارلىقلاردا) ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلاپ رەتلەش جەريانىدا ھەرخىل ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولغان، بەزى سۈرە-ئايەتلەر يوقۇلۇپ كەتكەن، ئۆزگەرتىلگەن، ھەتتا توپلانغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان نۇسخىلار ۋە پەرقلەر مەۋجۇد بولغان.

● مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ يەكۈنى:

○ «ئىسمايىل ئىبىن ئىبراھىم، ئايۇب ۋە نافىر قاتارلىقلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە، ئابدۇللا ئىبىن ئۆمەر مۇنداق دىگەن: 〈ھىچكىم مىنى پۈتۈن قۇرئانغا تولۇق ئېرىشتىڭ دىيەلمەيدۇ.〉 قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار چېچىلىپ يوقاپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ پۈتۈن بىر قۇرئاننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ شۇڭا ئۇ، مەن قۇرئاننىڭ ساقلىنىپ قالغان بارلىق سۈرە-ئايەتلىرىگە ئېرىشتىم، دىيىشى كېرەك ئىدى.»

(قاسىم ئىبىن سالام، ھىجرىيە 222-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، «Fadhail al-Quran»، 2-جىلد، 135-بەت)

○ «ئۇلار تېخى يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئابابەكرى، ئۆمەر ياكى ئوسمانلارمۇ ئۇ ئايەتلەرنى تېخى يىغمىغان ئىدى، ئۇلاردىن كېيىنكىلەردە ھەتتا بىرسىدىمۇ قۇرئان يوق ئىدى.»

(داۋۇت، «كىتابۇل مەسھەف»، 23-بەت)

○ مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئائىشەنىڭ دىيىشىچە، قۇرئاننىڭ 33-جىلتىدا ئەسلى 200 ئايەت بار بولۇپ، كېيىن پەقەت 73 ئايەت ساقلىنىپ قالغان.

○ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ يازمىلىرىدا، مۇھەممەتكە ئەگىشىپ يۈرگەن ساھابىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرئاندا ئەسلى زىنا قىلغانلارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىكى مەزمۇنلار بار ئىدى، ئەمما بۇ ئايەتلەر كېيىن يوقاپ

كەتكەن.

○ ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد نوسخىسىدىكى قۇرئاندا 111 سۈرە، ئۇبەي ئىبنى كائاب نوسخىسىدىكى قۇرئاندا 116 سۈرە بار ئىدى. ھازىرقى قۇرئاندا بولسا 114 سۈرە بار.

● بۇخارى ھەدىسلىرىدە مۇنداق خاتىرلەنگەن، قۇرئان ۋەھى قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى خەلىپە ئوسمان مىلادى 651-يىلى قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نوسخىسىنى بىكىتكىچە بولغان ئارلىقتا، قۇرئاننىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئۇنتۇلغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىكار قىلىنغان، ھەتتا نەچچە خىل ئوخشىمايدىغان قورئان نوسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. كيىن ئوسمان ئۆزى بىكىتكەن نوسخىدىن باشقا بارلىق قۇرئان نوسخىلىرىنى ۋە تارىخى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىنى كۆيدۈرۈپ يوقىتىۋەتكەن.

○ مۇھەممەت قۇرئاننىڭ مەلۇم سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قالغان ئەھۋال بولغان. (ھەدىس بۇخارى 3:2655)

○ قۇرئاندىكى بىر ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. (ھەدىس بۇخارى 4:52:57،69)

○ قۇرئان ھەرقايسى ئوخشىمىغان قولىيازما نوسخىلاردىن قايتا رەتلەنگەندە، بىر ئايەت كەم بولۇپ قالغان. (ھەدىس بۇخارى 4:52:62 ، 5:59:379)

○ بىكار قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى مەۋجۇد. (ھەدىس بۇخارى 4:52:299)

○ مۇھەممەت قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان. (ھەدىس بۇخارى 6:61:556،558،562)

○ ئائىشە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ توغرا تەرتىپى بۇيىچە ئاغزاكى بايان قىلىپ، قايسى ئايەتلەرنىڭ قايسى ئايەتلەرنى بىكار قىلغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرەتتى. (ھەدىس بۇخارى 6:61:515)

○ خۇزەيفا شاملىقلار بىلەن ئىراقلىقلارنىڭ قۇرئاننى قىرائەت قىلغان چاغدىكى پەرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھەفسەگە ئۇچۇر ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا، قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى قولىيازما نوسخىسىنى ئۇلارغا بىرىشنى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ماتېرىياللىرىنى قايتا رەتلەپ مۇكەممەل بىر قۇرئان كىتاپ قىلىپ چىققاندىن كيىن، ئاندىن ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ بىرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەفسە ئۇنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بىرىدۇ. خەلىپە ئوسمان زەئىد ئىبنى سەئىد، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەر، زەئىد ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇلراخمان ئىبنى خالىس ئىبنى ھىسام قاتارلىقلارغا

قۇرئاننى قايتا رەتلەپ يېزىپ، مۇكەممەل بىر قۇرئان كىتاپ قىلىپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ. ئوسمان قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە بولغان ئۈچ ئادەمگە، ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە قارىتا ئاراڭلاردا پەرق كۆرۈلسە، ئۇنى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىلى بويىچە يېزىڭلار، چۈنكى قۇرئان شۇلارنىڭ تىلى بىلەن ۋەھى قىلىنغان، دەيدۇ. (يوقۇرقىلارنىڭ ئىچىدە زەئىد ئىبىن سەئىد قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس ئىدى.) شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوسماننىڭ دىگىنى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ يېڭى قولىيازما نوسخىسىنى يېزىپ بولغاندىن كىيىن، ئوسمان ئەسلىدىكى قۇرئان قولىيازما نوسخىسىنى ھەفسەگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئوسمان ھەر بىر ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلارغا قورئاننىڭ يېڭى قولىيازما نوسخىسىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇرۇنقى بارلىق قۇرئان قولىيازما نوسخىلىرىنى (تارىخى ماتىرىياللارنى) پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ يوقاتقۇزىۋىتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 510، 6:61:507)

○ قۇرئاندا، ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار باراۋەر ئەمەس، دەيدىغان بىر ئايەت بار (قۇرئان 4:95). بۇ ئايەت ۋەھى قىلىنغاندىن كىيىن بىر قارغۇ مۇھەممەتتىن سورايدۇ: «ئەي مۇھەممەت! مەن بىر قارغۇ، يوقۇرقى ئايەت بويىچە بولغاندا سىنىڭ ماڭا قارىتا قانداق ئەمرىڭ بار؟» شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى يەنە بىر ئايەت ۋەھى قىلىنىپ بۇرۇنقى ئايەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. يەنى، مىيىپ ئەمەس تۇرۇپ ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 4:95) (ھەدىس بۇخارى 6:61:512)

○ مىلادى 651-يىلى خەلىپە ئوسمان قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نوسخىسىنى بىكىتىش بىلەن بىرگە بۇرۇنقى بارلىق قۇرئان نوسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى ئوسمان بىكىتكەن ئاشۇ قۇرئان نوسخىسمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالالمىغان.

● يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە باشقا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى 300 يىلى ئىچىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان قولىيازما نوسخىلىرى تېپىلىشقا باشلىغان. ئۇلار بىلەن ھازىرقى قۇرئاننى سېلىشتۇرغاندا، ئاز بولمىغان پەرقلەرنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسىلەن، 1972-يىلى يەمەننىڭ سانا مەسچىتىدىن تېپىلغان ۋالىد دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قۇرئان قولىيازما نوسخىسى ۋە جوڭگونىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى شۈنخۇا ناھىيىسى جەزى يېزىسىدىن تېپىلغان سەمەرقەنت نوسخىسىدىن كەلگەن قۇرئان

قولىيازمىسى بىلەن ھازىرقى قۇرئان ئوتتۇرىسىدا پەرق مەۋجۇد.

● ئەسلىدە مىڭلىغان يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قەدىمقى كىتاپلارنىڭ تارىختىن بۇيان قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىش جەريانىدا ئاز تولا پەرقلەرنىڭ كۆرىلىشى ئىنتايىن نورمال ئىش ئىدى. ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار قارغۇلارچە تەرسالىق قىلىپ، قۇرئان مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ۋەھى قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر، ئۇنىڭ بىر تال ھەرىپ ياكى بىر تال چېكىتىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان بىلەن ھازىرقى قۇرئان ئوپمۇ ـ ئوخشاش، مانا بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىدۇر دەپ تۇرۋالىدۇ (بۇ قۇرئاننىڭ بىردىنبىر ئاتالمىش مۆجىزىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مۆجىزىسى يوق). ئۇندىن باشقا، قۇرئاندا ئۇنىڭ ئاسماندىكى بىر قوغدىلىدىغان تاختايغا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىلغان (قۇرئان 85:21،22). دىمەك ئەگەر يەر يۈزىدىكى قۇرئانلاردا كىچىككىنە پەرق بايقالسىلا، قۇرئاننىڭ يوقۇرقى ئايەتتىكى باياناتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

● ئەمىلىيەتتە قۇرئاندا تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر خاتىرلەنگەندىن سىرىت، يەنە قەدىمقى ئەرەپلەرنىڭ رىۋايەتلىرى، مۇقەددەس كىتاپقا ياندىش يېزىلغان بەزى قەدىمقى كىتاپلار ۋە ساختا مۇقەددەس كىتاپلاردىكى ھىكايە ـ چۆچەكلەر، يەھۇدى دىنىنىڭ دىنى ئەھكام كىتاپلىرى، سابىلار(يولتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) نىڭ دىنى ئوقۇملىرى، زوروئاستىر دىنىنىڭ رىۋايەتلىرى قاتارلىقلارمۇ خاتىرلەنگەن. قۇرئاندىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ كېلىش مەنبىئىنى كەلېر تىسدەلنىڭ 1905 ـ يىلى يازغان 287 بەتلىك «قۇرئاننىڭ كېلىش مەنبىئى» دىگەن كىتابىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدى، مەسىھى ۋە پارىسى دوستلىرىدىن شۇ چاغلاردا ئېقىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھىكايە، چۆچەك، رىۋايەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئاڭلىغان. مەسلەن:

○ بابىلۇندىكى ئىككى پەرىشتە ھارۇت ۋە مارۇت (قۇرئان 2:102). بۇلار قەدىمقى ئەرمەنلەر چوقۇنغان بۇدلار، مارۇت بولسا ھىندى دىنىدىكى شامال ئىلاھى. بۇ ھىكايە يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتابى«تالمۇد» نىڭ 44 ـ بابىدىمۇ خاتىرلەنگەن.

○ دوزاقنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار (قۇرئان 15:44)، يەتتە قات ئاسمان بار (قۇرئان 17:44 ، 67:3). بۇلارمۇ يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتابى خاگىگاھ (Hagigah 9:2) ۋە يەھۇدى مىستىسىزىم (غايىپنىڭ سىرلىرىنى قوغلىشىدىغان ئىلىم) غا مەنسۇپ بولغان كىتاپ «زوھا»دىن (150 ـ بەت) كەلگەن.

○ ئاللانىڭ بىر كېچىدىلا مۇھەممەتنى مەككىدىكى كەبىدىن ئىرۇسالىمدىكى ئەل ئاقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىپ مۆجىزە كۆرسەتكەن ھىكايىسى (قۇرئان 17:1 ؛

ھەدىس بۇخارى 1:345). بۇ ھىكايىنىڭ ئەسلى شەكلىنى پارس زوروئاستىر دىنىنىڭ پەھلىۋى تىلىدا يېزىلغان قەدىمى كىتابى Arta Viraf دىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

o يەجۇج-مەجۇج ۋە سېپىل توغرىسىدىكى ھىكايە (قۇرئان 18:92،98 ، 21:96،97). بۇ ھىكايە مىلادى 521-يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان ئالىكساندىرنىڭ رىۋايىتى ۋە Jacob of Serugh نىڭ شېئىر داستانىدىن كەلگەن.

o جىنلار بىلەن سولايمان پادىشاھ، بابىلۇندىكى ھارۇت-مارۇت دىگەن پەرىشتىلەر، جىنلارنىڭ ئىنسانلارغا سېھىر ئۆگىتىشى توغرىسىدىكى ھىكايىلەر (قۇرئان 2:102). بۇلار قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتاپ «مىدراش ياقۇت» 44-بابتىكى رىۋايەتنى مەنبە قىلغان.

o ئاللا ئىسرائىللار بىلەن ئەھدە تۈزگەندە، بىر تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تىكلەپ، ئۇلارغا مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان مۇقەددەس كىتاپقا ئەمەل قىلىڭلار دەپ بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 2:63،87 ، 7:171). بۇ ھىكايە يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتاپلىرى Abodah Zarah 2:2 ۋە Sabbath 88:1 قاتارلىقلاردىن كەلگەن بولۇپ، قۇرئاندا ئۇنى «تەۋرات-مىسىردىن چىقىش» (19:17 ، 32:19) دىكى ۋەقەلىك بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قويغان.

o ئىسرائىللار مۇساغا، بىز خۇدانى كۆرمىگىچە ساڭا ئىشەنمەيمىز دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى چاقماق سوقۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۋېتىدۇ، ئاندىن خۇدا ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ (قۇرئان 2:55،56). بۇ ھىكايە يەھۇدىلارنىڭ يەنە بىر قەدىمى كىتاپچىسى Sanhedrin (5-باب) تىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تەۋرات-مىسىردىن چىقىش»(20:19) بىلەن «تەۋرات-قانۇن شەرھى»(5:25) دىكى ۋەقەلىكلەر ئارلاشتۇرۇپ قويۇلغان.

o ئىبراھىمنىڭ كىتابى (قۇرئان 87:19). بۇ يەھۇدىلارنىڭ رىۋايىتى «ئىبراھىمنىڭ كىتابى» دىگەندىن كەلگەن.

o يەتتە يىگىتنىڭ غاردا 309 يىل ئۇخلاپ قىلىشى (قۇرئان 26-18:9 ). بۇ ھىكايە تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كەلگەن:

- مىلادى 521-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن سۇرىيەلىك خىرىستىيان يازغۇچى Jacob of Sarug يازغان «ئەلچىلەر تەزكىرىسى».
- مىلادى 600-يىلىدىكى Diogenese Laertius Epimedides نىڭ

10 ـ بابىدا خاتىرلەنگەن گىرىك رىۋايىتى.

■ مىلادى 576 ـ 581 يىللاردىكى تۇرلۇق گىرىگورىنىڭ ئەسىرى Story of Martyrs.

■ ئەمما قۇرئان بىلەن ئوخشمايدىغان يېرى، يوقۇرقى مەنبەلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراش سەۋەبىدىن غاردا 200 يىل تۇرۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان.

○ بىر ئادەم تاشلىۋېتىلگەن قاقاس بىر شەھەردىن ئۆتىدۇ، خۇدا ئۇنى ئۇ يەردە ئۆلۈك ھالەتتە بىر يۈز يىل تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ يىمەكلىكلىرى چىرىمايدۇ، ئېشىكمۇ ئۆلمەيدۇ (قۇرئان 2:259). بۇ ھېكايە ئەمىلىيەتتە قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت ـ چۆچەكلىرىدىن كەلگەن.

## «شەيتان ئايىتى» قۇرئاندىكى يەنە بىر بىنورمال ئەھۋال

● مەككە قۇرەيىشلىرى مۇھەممەتكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەچكە، مۇھەممەت يوقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىقات جەھەتتە مۇرەسسە قىلىدۇ. ئۇ قۇرەيشلەرنىڭ ئۈچ ئايال بۇت ئىلاھىنى (لات، مونات، ئۇززا قاتارلىقلارنى) ئېتىراپ قىلىپ، بۇ ئۈچ بۇتقا دۇئا قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. (قۇرئان 23_19:53 )

● ئەينى ۋاقىتتا قۇرەيىشلەر ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، مۇھەممەت ھەتتا ئۇلار بىلەن بىللە دۇئا قىلىدۇ. ئەمما كېيىن ئۇ بۇنداق قىلسا ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۈچ ئايال ئىلاھنى ئېتىراپ قىلسا ئاللانىڭ بىرلىكىگە زىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىنىمۇ تەۋرىتىپ قويىدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ھالقىلىق مەسىلىدە، ئاللادىن يەنە بىر ۋەھى كەلدى دىيىش ئارقىلىق، بۇرۇنقى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

● شۇڭا ئۇ بۇ گۇناھنى شەيتانغا ئارتىپ، بۇ خىل ئىدىيىنى شەيتاننىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ كاللىسىغا كىرگۈزىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە ئەمدى ئۇنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 22:52،53)

● قۇرئاندا خاتىرلەنگەن مۇھەممەت بىلەن جىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار

○ ئۇلار مۇھەممەتنى ئازدۇرۇپ ئاللانىڭ تەلىملىرىگە خىلاپ كىلىدىغان ئىشلارنى قىلغۇزغان. مۇھەممەت ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانىڭ نامىدا يالغان تەلىملەرنى توقۇپ چىققان. ئاللانىڭ يولىدىن چەتنەپ ئۇلارنىڭ يولىغا كىرىپ كەتكىلى ئازلا قالغان. ئەمما ئاللا ئۇنى قوغداپ قالغان. (قۇرئان 17:73ـ75 )

○ مۇھەممەت ئاللادىن جىنلار ۋە ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولغان يۇشۇرۇن كۈشكۈرتكۈچىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاشنى تىلىگەن. (قۇرئان 114:4ـ6 )

○ ئاللا بىر توپ جىننى مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن، ئۇلار مۇھەممەتتىن قۇرئاننى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان. (قۇرئان 46:29 ، 72:1)

● بۇلاردىن مۇھەممەتنىڭ بەزىدە ئاللانىڭ ياكى شەيتاننىڭ سۆزىنى ئايرىيالمايدىغانلىقىنى، شەيتان ياكى ئىبلىسنىڭ ئۇنىڭغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ باققانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جىنلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## ئۆز ئۆزىگە بەرگەن باھاسى

● قۇرئاننىڭ ئۆز-ئۆزىگە بەرگەن باھاسى

○ قۇرئان پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغۇچىدىن نازىل قىلىنغان. (قۇرئان 56:80)

○ قۇرئان يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئەقىل-پاراسەت ۋە دانالىققا تولغان قىممەتلىك كىتاپ. (قۇرئان 43:4 ، 36:2 ، 56:77)

○ قۇرئاندا ھىچقانداق شەك گۇمان يوقتۇر. (قۇرئان 2:2)

○ قۇرئان تەلىم-تەربىيە بېرىدۇ. ئۇ بەت يۈزلىرىدە خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل ۋە ئالىجاناپ خاتىرلىگۈچىلەرنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. (قۇرئان 80:11, 13ـ16 )

○ قۇرئان ئاللانىڭ ۋەھىسىدۇر، خۇددى ئۇ نوھ، ئىبراھىم، ئىسمايىل، ئىسھاق، ياقۇپ، ئەيسا، ئايۇب، يۇنۇس، ھارون، سولايمان قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغان بىلەن ئوخشاش. ئاللا داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلغان. (قۇرئان 4:163)

● بىراق قۇرئاننىڭ ئاتالمىش «ۋەھى» سى بىلەن مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋەھى قىلىنىش شەكلى ئوخشمايدۇ. بۇ مۇھەممەتنىڭ مۇقەددەس كىتاپنى تولۇق

چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا مۇنداق قارىلىدۇ: خۇدا ئاسماندا تۇرۇپ مۇھەممەت ۋە ئەيساغا قۇرئان بىلەن ئىنجىلدىن ئىبارەت ئىككى كىتاپنى چۈشۈرىدۇ، ئۇلار خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئۆزگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھىنى سۆزمۇ-سۆز تەكرارلايدۇ ياكى خاتىرلەپ يازىدۇ. ئەمما مۇقەددەس كىتاپتا ئۇنداق دېيىلمىگەن. خۇدا ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ دىلىغا سىڭىش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق خۇدانىڭ سۆزلىرىنى يازدۇرغان.

- قۇرئان ئۆزىنىڭ ئاسماندا قوغدىلىدىغان بىر تاختايغا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ (قۇرئان 85:21،22)، ئاللا ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى (قۇرئان 15:9)، ئۇ «خۇدانىڭ سۆزىنىڭ كىتاپقا ئايلىنىشى» بولۇپ، ئۇ كىتاپ بولۇپ يېزىلىشتىن بۇرۇنلا ئاسماندا مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ كىلىۋاتقان «خۇدانىڭ سۆزىدۇر». ئۇ چوقۇم ئەرەپچە ئوقۇلۇشى (قىرائەت قىلىنىشى) كېرەك (قۇرئان 12:2 ، 13:37 ، 14:4 ، 16:103 ، 26:192،195 ، 39:28 ، 41:44 ، 42:7 ، 43:30 ). بۇ بىر ئەرەپ تىلىدىكى كىتاپ بولۇپ، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى دەلىللەيدۇ (قۇرئان 46:12) .
  - «ئاسماندا قوغدىلىدىغان تاختاي» دىگەن بۇ ئىبارە يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. (Pirqey Aloth 5-باب 6-بەت)
  - قۇرئاندا كۆپ قېتىم تەۋرات بىلەن ئىنجىل تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرئان ئاسماندىكى تاختايغا يېزىلغان بولسا، خۇدانىڭ سۆزى بولغان تەۋرات بىلەن ئىنجىلمۇ ئاسماندىكى تاختايغا يېزىلغان بولىشى كېرەك ئەلۋەتتە.
  - مۇسۇلمانلار قۇرئاننى مەڭگۈلۈك كىتاپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىشكە يول قويۇلمايدۇ دەپ قارايدۇ.
  - مۇسۇلمانلار خۇدانىڭ سۆزىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ كىتاپ بولۇپ يېزىلغانلىقىغا ئىشەنگەن يەردە، نىمىشقا خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك سۆزىنىڭ ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ؟ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىشى بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ بىر كىتاپقا (يەنى قۇرئانغا) ئايلىنىشىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزىدۇر.

**قۇرئاننىڭ ۋەھى قىلىنىشى**

- قۇرئاننى زادى پەرىشتە جەبرائىل يەتكۈزگەنمۇ ياكى روھىلقۇددۇسمۇ
  - جەبرائىل ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەھىنى مۇھەممەتكە چۈشۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن. (قۇرئان 2:97)
  - قۇرئان پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسىدىن ۋەھى قىلىنغان، ئۇنى روھىلقۇددۇس مۇھەممەتكە يەتكۈزگەن. (قۇرئان 26:192،193)

- قۇرئاننىڭ چۈشكەن ۋاقتى
  - بىر قۇتلۇق كېچىدە چۈشكەن (قۇرئان 44:2،3)
  - ئۇلۇغ بىر كېچىدە چۈشكەن (قۇرئان 97:1)
  - رامازان ئېيىدا چۈشكەن (قۇرئان 2:185)
  - پارچە-پارچە ھالدا تەدرىجى چۈشۈرۈلگەن (قۇرئان 25:32)
- ئاللانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشتىكى مەقستى
  - ئەرەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش

■ مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى (ئەرەپلەرنى) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن (قۇرئان 6:92 ، 42:7)

■ مۇھەممەت كېلىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى كېلىپ باقمىغان بىر توپ خەلق (ئەرەپلەر) ئۈچۈن (قۇرئان 32:3)

■ ئەجدادلىرى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ باقمىغان، بىپەرۋا يۈرگەن بىر مىللەت (ئەرەپلەر) ئۈچۈن (قۇرئان 36:5،6)

■ ئەرەپلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن (قۇرئان 20:113 ، 39:28 ، 41:3 ، 43:3)

  - كىشىلەر تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىش ۋە شەپقەت قىلىش ئۈچۈن (قۇرئان 16:64 ، 27:77)
- پەقەت ئاللا بىلەن بىلىملىك ئادەملەرلا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7)
- مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەنلەر قۇرئاننى مۇنداق دېگەن:
  - ئۇ بۇرۇنقىلاردىن قالغان رىۋايەت-ئەپسانىلەردۇر. (قۇرئان 6:25 ، 25:5 ، 68:15)
  - ئۇ خۇدانىڭ ئەمەس بەلكى ئاددى بىر ئادەمنىڭ تەرغىباتىدۇر، ئۇنىڭ دەۋاتقىنى يات مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرى. (قۇرئان 16:103)
- مۇھەممەت پەقەت ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قۇرئاننىڭ نوپوزىنى تىكلىمەكچى بولىدۇ، ئۇندىن سىرت قورئاننىڭ ھەقلىقىنى قوللايدىغان باشقا ھېچقانداق ئاساس ۋە تايانچ يوق. (قۇرئان 6:19 ، 7:158 ، 28:86،87 ، 33:45)
- قۇرئان باشقىلاردىن ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ (قۇرئان 2:111 ،

27:64 ، 28:75)، ئەمما ئۆزى ھېچقانداق ئىسپات كۆرسەتمەيدۇ.

ئىنجىلغا ئاساسلانغاندا:

■ ئەگەر ئەيسا مەسىھ پەقەت ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى راست بولمايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:31)

■ ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان ئىشلىرى (ياراتقان مۆجىزىلىرى) ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:36 ، 10:36-38 )

■ ئەيسا مەسىھكە تەۋرات گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭدا ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا بىشارەتلەر بار. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:46)

(گەرچە مۇھەممەتمۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگۈرۈپ كەتكەن دەپ خۇدانىڭ قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلىرىغا تۆھمەت چاپلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا مۇھەممەتنىڭ ئۇ سۆزلىرى ئىسپاتسىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.)

■ خۇدا نەچچە قېتىم ئاشكارا ھالدا ئەيسا مەسىھكە سۆزلەيدۇ، بۇنى ئەتراپتىكىلەرمۇ ئاڭلايدۇ ۋە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-ماركوس 9:7،8 ، لۇقا 3:21،22 ، يۇھاننا 12:28-30 )

● ئەمما مۇھەممەتكە پەقەت قۇرئانلا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، قۇرئانىمۇ پەقەت مۇھەممەتلا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ گۇۋاھلىقنىڭ راست-يالغانلىقىنى قانداق ئايرىغىلى بولىدۇ ؟

## قۇرئاندىكى ئىچكى زىددىيەتلەر

قۇرئاندا نۇرغۇن ئىختىلاپلار ۋە ئۆزئارا زىت كېلىدىغان ئايەتلەر بار.

● ئاللانىڭ قۇرئانغا تۇتقان مۇئامىلىسى

○ ئاللا قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆزگەرتىدۇ ۋە قايتا بىكىتىدۇ. ئەمما ئاللانىڭ دەرگاھىدا قۇرئاننىڭ ئەسلى نوسخىسى بار ئىدى دېيىلىدۇ. (قۇرئان 13:39)

○ ئەگەر ئاللا خالىسا، ئۇ چوقۇم قۇرئاننى پاك پاكىز يوقىتىۋېتەلەيدۇ. (قۇرئان 17:86)

○ ئاللا مۇھەممەتنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇرئاننى قىرائەت قىلغۇزىدۇ، ئەمما بەزى ئايەتلەرنى ئۇنتۇلغۇزىدۇ. (قۇرئان 87:6،7)

- مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، «ناسىخ-مەنسۇخ» تەلىمى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. يەنى يېڭى چۈشكەن ئايەت (ناسىخ) بۇرۇن چۈشكەن ئايەتنى بىكار قىلىدۇ (مەنسۇخ). (قۇرئان 2:106 ، 16:101)

- بۇلار قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى،

قۇرئان مۇنداق جاكارلىغان:

  - ئەگەر قۇرئان ئاللادىن كەلگەن ۋەھى ئەمەس بولسا، كىشىلەر چوقۇم ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن پەرقلەرنى بايقىيالايتى. (قۇرئان 4:82)

  - ئاللا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى قوغدايدۇ (قۇرئان 5:48 ، 15:9)، ئاللانىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ (قۇرئان 6:34،115 ، 10:64 ، 18:27 ، 48:23)

- «ناسىخ-مەنسۇخ» تىن ئىبارەت بۇ بىنورمال ئەھۋال «كالامنىڭ كىتاپقا ئايلىنىشى» نى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۆزى ئاسماندىكى ئىلاھى تاختايغا ئالىلبۇرۇن ئويۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاندا بىكارقىلىنغان (مەنسۇخ) ئايەتلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

- قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرى بىكار قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتنى تەسۋىرلىگەن ئايەتلەرنى قانداق قىلىپ بىكار قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

- مۇھەممەتنىڭ ۋەھىلەرنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى ئاران 22 يىل تۇرسا، بۇنچە قىسقا ۋاقىتتا ئاللانىڭ سۆزلىرى نېمىشقا توختىماي ئۆزگىرەيدۇ.

**مەسىھ ئېتىقادىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر**

- خۇدا ئۆزگەرمەيدۇ (تەۋرات-نوپۇس سانى 23:19 ، زەبۇر 102:27 ، مالاكى پەيغەمبەر 3:6 ؛ ئىنجىل-مەتتا 24:35 ، تىموتى II 2:13 ، ئىبرانىلار 13:8 ، ياقۇپ 1:17)

- خۇدانىڭ سۆزلىرى مۇكەممەل ۋە تاۋلانغاندۇر. (زەبۇر 18:30)

- خۇدانىڭ سۆزىنى بىكار قىلغىلى (مەنسۇخ قىلغىلى) بولمايدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 14:27 ؛ ئىنجىل-مەتتا 5:18 ، 24:35 ، ماركوس 13:31 ، لۇقا 16:17 ، يۇھاننا 10:35 ، گالاتىيالىقلار 3:15،17)

- خۇدانىڭ سۆزلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ، مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ( زەبۇر 119:86،160)
- خۇدانىڭ سۆزى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 46:11 ، 55:11 ، يەرەميا پەيغەمبەر 1:12)، مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 40:8)
- خۇدانىڭ ۋەدىسى ھەرگىز قۇرۇق ۋەدە ئەمەس. (پادىشاھلار II 8:56)
- خۇدا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 14:24)، ئۇنى بىكار قىلغىلى بولمايدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 14:27)

تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇرئان خۇدانىڭ سۆزلىرى بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

## قۇرئاندىكى زىددىيەتلىك ئايەتلەر

| | |
|---|---|
| **جەننەتكە كىرىدىغان كىيىنكى ئادەملەرنىڭ سانى زادى كۆپمۇ ياكى ئازمۇ؟** | |
| جەننەتتە بۇرۇنقىلار كۆپ، كىيىنكىلەر ئاز. (قۇرئان 56:12،13 ) | جەننەتتە بۇرۇنقىلارمۇ كۆپ، كىيىنكىلەرمۇ كۆپ. (قۇرئان 56:39،40) |
| **ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلدۇ** | |
| مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ دەسلەپتە ئىرۇسالىم ئىدى. كىيىن ئاللا مۇھەممەتكە ۋەھىي قىلىپ، خالىغان تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ھەممە تەرەپ ئاللاغا مەنسۇپ دەيدۇ. (قۇرئان 2:142) | تىخىمۇ كىيىنكى ۋاقىتلاردا، ئاللا مۇھەممەتكە يەنە ۋەھىي چۈشۈرۈپ بۇرۇنقى گېپىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، بۇ قېتىم ئۇ مۇھەممەت ياخشى كۆرىدىغان مەككىدىكى كەئبىنى مۇسۇلمانلارغا قىبلە قىلىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. (قۇرئان 2:143،144) |
| **مىراس تەقسىماتىنىڭ سانلار ھىساباتىدا پەرقلەر ۋە خاتالىقلار بار** | |
| • ئوغۇللار ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرىدىن قالغان مىراسنىڭ بىر قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، قىزلارمۇ بىر قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. مەيلى قالغان مىراس كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ھەر بىر ئادەم بەلگىلەنگەن مىراس ئۈلۈشىگە | • ئوغۇل بالا ۋارىسلىق قىلىدىغان مىراس قىز بالىنىڭ ئىككى ھەسسىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق قىزى بولسا، ئۇلار ئومومى مىراسنىڭ ئۈچدەن ئىككى قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىرلا قىزى بولسا، ئۇ |

| | |
|---|---|
| ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:7)<br><br>• مىراس قالدۇرىدىغانلار ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق تۇققانلىرى ئۈچۈن ئادىل بولغان ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇش كىرەك.<br><br>(قۇرئان 2:180) | ئىككىدەن بىر قىسىم مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەر بىرى مىراسنىڭ ئالتەدەن بىر قىسىم ئۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پەرزەنتلىرى بولماي پەقەت ئاتا-ئانىسىلا بولسا، ئۇنداقتا ئانىسى مىراسنىڭ ئۈچدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاكا-ئىنى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى بولسا، ئانىسى پەقەت ئالتەدەن بىر قىسىم مىراسقا ئىگە بولىدۇ.<br><br>(قۇرئان 4:11)<br><br>• ئەگەر خوتۇنلىرىنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭدىن قالغان مىراسنىڭ ئىككىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭدىن قالغان مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ بالىلىرى بولمىسا، خوتۇنلىرى مىراسنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بالىلىرى بولسا، خوتۇنلىرى مىراسنىڭ سەككىزدەن بىر ئۆلشىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ يوق، پەرزەنتلىرىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت ئانا بىر دادا باشقا بىر ئەر قىرىندىشى ۋە بىر ئايال قىرىندىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىراسنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئانا بىر دادا باشقا تېخىمۇ كۆپ قىرىنداشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:12)<br><br>• ئەگەر بىر ئەركىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولماي، پەقەت بىرلا ئاچىسى ياكى سىڭلىسى بولسا، ئۇ ئايال مىراسنىڭ ئىككىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ بالىلىرى |

| | |
|---|---|
| | بولمىسا، ئۇنداقتا ئەركىشى ئۇنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى ياكى سىڭلىسى بولسا، ئۇ ئىككىسى مىراسىنىڭ ئۈچتەن ئىككى ئۈلۈشىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ئىچىدە ئاكا-ئىنى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى بولسا، ئۇنداقتا بىر ئەر قىرىندىشى ئىككى ئايال قىرىندىشىنىڭ ئۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:176) |
| **كېچىلىك ناماز ۋاقتى** | |
| كېچىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇش كېرەك. (قۇرئان 73:2) | كېچىلىك ناماز ئوقۇش ۋاقتى پۈتۈن كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم، ئىككىدەن بىر قىسىم ياكى ئۈچتىن بىر قىسىمدا بولىدۇ. (قۇرئان 73:20) |
| **زىنا قىلغانلار زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟** | |
| • قۇرئان ئەرلەرگە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئەگەر خوتۇنلىرىڭلار زىنا قىلسا، ھەم بۇنىڭغا تۆت ئەركىشى گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ خوتۇننى تاكى ئۆلگۈچە ياكى ئاللا ئۇلارغا بىر يول ئېچىپ بەرگىچە ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار. (قۇرئان 4:15)<br>• قۇرئان ئاياللارغا مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئەگەر ئېرىڭلار باشقا ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئۇ ئىككىسىنى ئەيىپلەڭلار. ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 4:16) | قۇرئان يەنە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: زىنا قىلغان ئەر ئايالنى، ھەر بىرسىنى 100 قامچىدىن ئۇرۇڭلار. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، ئاللانىڭ جازاسىنى كەمەيتمەڭلار. مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ جازالىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىڭلار. (قۇرئان 24:2) |

| ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرگە بولغان مۇئامىلە (دىنى ئەركىنلىكتىن زوراۋانلىققا يۈزلىنىش) | |
| --- | --- |
| ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرئان مۇنداق جاكارلايدۇ: دىندا زورلاش يوق. (قۇرئان 2:256) | • مۇسۇلمانلارنىڭ سانى سەل كۆپەيگەندىن كېيىن قۇرئان مۇنداق ئۆگىتىدۇ: مۇسۇلمانلار تاكى زىيانكەشلىك تۈگەپ، ئاللانىڭ دىنى يۈرگۈزۈلگۈچە، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇرۇشنى توختىتىشى، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق كېرەك. (قۇرئان 2:193)<br>• مۇھەممەت كۆچىيىپ ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشىدىن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ چاغدا قۇرئان مۇنداق ئۆگىتىدۇ:<br>○ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك، تاكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ياكى يۈۋاشلىق بىلەن جىزيە (مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج) نى تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)<br>○ مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ يولىدا ماڭمىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 4:89)<br>○ جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى قىرۋېتىش كېرەك، ياكى ئەسىر ئېلىش كېرەك. ئاللانىڭ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىت بولغانلار زور ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 47:4) |

| | |
|---|---|
| **ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا جەڭ قىلىشقا بولامدۇ ؟** | |
| قۇرئان مۇسۇلمانلارغا مۇنداق ئۆگىتىدۇ: چەكلەنگەن ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سىلەر قەيەردە مۇشرىكلارنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىر ئېلىڭلار، قورشاپ ھۇجۇم قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنىڭ يولىغا كىرسە ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5) | قۇرئان يەنە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئاللا بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئاي چەكلەنگەن ئايلاردۇر. بۇ مەزگىلدە مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ھوجۇم قىلسا، ئۇلارغا بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك. (قۇرئان 9:5) |
| **ئاللا دۇنيانى 6 كۈندە ياكى 8 كۈندە ۋە ياكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ياراتقانمۇ ؟** | |
| ئاللا 6 كۈندە ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان. (قۇرئان 32:4 ، 7:54 ، 10:3 ، 11:7 ، 25:59 ) | ● ئاللا يەرنى، يەر يۈزىدىكى مەۋجۇداتلارنى ۋە ئاسماننى يارىتىشقا جەمئى 8 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. (قۇرئان 12-41:9 )<br>● ئاللا بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ھەممىنى يارىتىدۇ. (قۇرئان 2:117) |
| **مۇسۇلمانلار مەسىھلەر بىلەن دوست بولسا بولامدۇ ؟** | |
| مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51) | مەسىھلەر مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن دوستانە بولغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار تەكەببۇر ئەمەس. (قۇرئان 5:82) |
| **مۇھەممەت تۇنجى مۇسۇلمانمۇ ياكى بۇرۇنقىلارمۇ؟** | |
| قۇرئاندا مۇھەممەت كۆپ قېتىم ئۆزىنى مۇشرىكلىك يولىدىن يېنىپ ئاللاغا بويسۇنغان تۇنجى مۇسۇلمان (بويسۇنغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. (قۇرئان 6:14 ، 6:163 ، 39:12) | ئەمما قۇرئاندا مۇھەممەتتىن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار تىلغا ئېلىنىدۇ.<br>● ئىبراھىم، ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللار. (قۇرئان 2:132)<br>● قۇرئان نازىل بولۇشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس كىتاپ بېرىلگەن خەلقلەر يەنى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر. (قۇرئان 28:52، 53)<br>● ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى. (قۇرئان 3:52) |

| | |
|---|---|
| **ئاللانىڭ بىر كۈنى مىڭ يىلمۇ ياكى بەش تۈمەن يىلمۇ ؟** | |
| ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن ئىنسانلارنىڭ بىر مىڭ يىلغا تەڭ.<br>(قۇرئان 22:47 ، 32:5 ) | پەرىشتە ۋە ئاللانىڭ بىر كۈنى ئىنسانلارنىڭ بەش تۈمەن يىلغا باراۋەر.<br>(قۇرئان 70:4) |
| **قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنەمدۇ ياكى ئىككىگىمۇ ؟** | |
| • ئىنسانلار مۇھەممەتكە ئىشەنگەنلەر ۋە تەتۈر پېشانىلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.<br>(قۇرئان 20ـ90:18 )<br>• ئىنسانلار ياخشىلىق قىلغۇچىلار ۋە يامانلىق قىلغۇچىلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.<br>(قۇرئان 8ـ99:6 ) | قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچكە ئايرىلىدۇ. بەختلىك بولغۇچىلار، تەتۈر پېشانىلەر ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلار.<br>(قۇرئان 10ـ56:3 ) |
| **جاننى كىم ئالىدۇ ؟** | |
| • جاننى ئەزرائىل ئالىدۇ. (قۇرئان 32:11)<br>• پەرىشتىلەر ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. (قۇرئان 47:27) | جاننى ئاللا ئالىدۇ. (قۇرئان 39:42) |
| **ئاللا ئاد قەۋمىنى بىر كۈندە گۇمران قىلامدۇ ياكى نەچچە كۈندە ۋە ياكى 7ـ8 كۈندىمۇ؟** | |
| ئاللا بىر كۈندە قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ. (قۇرئان 54:19) | • ئاللا نەچچە كۈن قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى ئازاپلايدۇ. (قۇرئان 41:16)<br>• ئاللا 7ـ8 كۈن قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ.<br>(قۇرئان 7،69:6) |

<table>
<tr><th colspan="2">ئاللا باشتا يەرنى يارىتامدۇ ياكى ئاسماننى ؟</th></tr>
<tr><td>ئاللا يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاسماننى يارىتىدۇ، ئۇنى 7 قات ئاسمان قىلىدۇ. ھەر بىر قات ئاسماندا ئاھالىلەر ياشايدۇ.<br>(قۇرئان 2:29 ، 41:9ـ12 )</td><td>ئاللا ئاسماننى يارىتىپ ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يەرنى يارىتىدۇ.<br>(قۇرئان 79:27ـ30 )</td></tr>
<tr><th colspan="2">ئاسمان بىلەن زېمىن ئەسلى ئايرىم بولۇپ كېيىن تۇتاشقانمۇ ياكى باشتا تۇتاش بولۇپ كېيىن ئايرىلغانمۇ؟</th></tr>
<tr><td>ئاللا ئاسمان بىلەن زېمىنغا بىر يەرگە كېلىڭلار دەيدۇ. ئۇلار بويسۇنىدۇ.<br>(قۇرئان 41:11)</td><td>ئاسمان بىلەن زېمىن ئەسلى بىر تۇتاش ئىدى، ئاللا ئۇلارنى ئىككىگە ئاجرىتىۋېتىدۇ.<br>(قۇرئان 21:30)</td></tr>
<tr><th colspan="2">ئاللا ئادەمنى زادى نېمە بىلەن ياراتقان ؟</th></tr>
<tr><td>• قان پارچىسى بىلەن ياراتقان (قۇرئان 96:2)<br>• پۈتكۈل جانلىقلار سۇ بىلەن يارىتىلغان.<br>(قۇرئان 21:30 ، 24:45)<br>• مەنى بىلەن ئادەمنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 25:54)<br>• توپا بىلەن ئادەم ئاتىنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 3:59)<br>• قارا سېغىز توپا بىلەن ئادەمنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 15:26)<br>• لاي بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 30:20)</td><td>• ئادەملەر يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.<br>(قۇرئان 52:35)<br>• ئاللا توپا بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان. (11:61)<br>• مەنى بىلەن ياراتقان. (قۇرئان 16:4)<br>• ئادەم باشتا مەنى ئىدى، كېيىن قان پارچىسىغا ئايلاندى، ئاخىرىدا ئاللا ئۇنى ئادەم قىلدى. (قۇرئان 75:36،38 )<br>• ئاللا باشتا لاي بىلەن كېيىن مەنى بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان. (قۇرئان 35:11)</td></tr>
</table>

| ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ ئارلىقى زادى قانچىلىك ؟ | |
|---|---|
| ئادەمنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن. (قۇرئان 50:16) | ● ئاللا 6 كۈندە ئاسمان بىلەن زېمىننى يارىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئەرشتىكى تەختىگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ. (قۇرئان 57:4) ● ئاللا 6 كۈندە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ تەختى ئەسلى سۇ ئۈستىدە ئىدى. (قۇرئان 11:7) ● ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى بويىچە ھىساپلىغاندا بىر مىڭ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. (قۇرئان 32:5) ● پەرىشتىلەرنىڭ يەر يۈزىدىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى بويىچە ھىساپلىغاندا 50 مىڭ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. (قۇرئان 70:4) |
| **بالا قازا نەدىن كېلىدۇ ؟** | |
| شەيتاندىن كېلىدۇ. (قۇرئان 38:41) | ● ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:79) ● بالا قازانىڭ ھەممىسى ئاللادىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:78) |
| **جەننەتتە ئادەملەر ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىشىپ پاراڭلىشامدۇ ؟** | |
| بۇرغا چېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ توققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوقايدۇ. ئۇلار ئەمدى ھال-ئەھۋال سورىشالمايدۇ. (قۇرئان 23:101) | ● ئادەملەر جەننەتتە بىر بىرسىگە ھاراق تۇتۇشىدۇ، بالا چاكارلار ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ. (قۇرئان 25-52:23 ) ● كۆپچىلىك ئۆزئارا سۆھبەتلىشىدۇ. (قۇرئان 37:27) |

| پەقەت ئاللالا قوغدىغۇچى ۋە نازارەتچىمۇ ؟ ياكى پەرىشتىلەرمۇ بارمۇ؟ | |
|---|---|
| • ئاللادىن باشقا ھېچقانداق قوغدىغۇچىلار ۋە ياردەمچىلار يوق. (قۇرئان 2:107 )<br>• ئاللادىن باشقا ھېچقانداق نازارەتچىلار ۋە ياردەمچىلار يوق. (قۇرئان 29:22) | • پەرىشتىلەر كىلىپ ئۆلارغا، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا بىز سىلەرنىڭ قوغدىغۇچىلار دەيدۇ. (قۇرئان 41:30،31)<br>• ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە نۇرغۇن پەرىشتىلەر كىلىپ ئۇلارنى قوغدايدۇ. (قۇرئان 13:11)<br>• ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئىككى خاتىرلىگۈچى پەرىشتە بار، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پەرىشتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. (قۇرئان 50:17،18)<br>• سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە نۇرغۇن نازارەتچىلەر بار. (قۇرئان 82:10) |
| پۈتۈن مەۋجۇدات ئاللاغا بويسۇنامدۇ؟ پۈتۈن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلامدۇ؟ | |
| • ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ھايۋانات ۋە پەرىشتىلەر پەقەت ئاللاغىلا سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىدۇ. (قۇرئان 16:49،50)<br>• ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاغا مەنسۇپ، بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. (قۇرئان 30:26) | • ئاللا پەرىشتىلەرگە ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىڭلار دىگەندە، ھەممە پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ، پەقەت شەيتان (ئىبلىس) لا ئاللانىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىپ ئادەمگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمايدۇ. شەيتان: مەن لايدىن ياسالغان ئادەمگە نىمىشقا سەجدە قىلىدىكەنمەن- دەيدۇ.<br>(قۇرئان 2:34 ، 7:11 ، 15:28-31 ، 17:61 ، 20:116 ، 38:71-74 ، 18:50)<br>• شەيتانىنىڭ خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ ئادەمگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ ھىكايە مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس، بەلكى يەھۇدىلارنىڭ «تالمۇد» دىگەن كىتابىدىكى رىۋايەتلەردىن كەلگەن. (Guillaume : «ئىسلام» 62-بەت) |

<table>
<tr><th colspan="2">ئاللا مۇشرىكلىك گۇناھىنى كەچۈرەمدۇ ـ كەچۈرمەمدۇ ؟</th></tr>
<tr><td>مۇشرىكلىك (ئىلاھقا شىرىك كەلتۈرۈش) ئىنتايىن چوڭ گۇناھ بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئاللا خالىسا كەچۈرىدۇ، ئەمما مۇشرىكلىك گۇناھىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.<br>(قۇرئان 4:48 ، 4:116)</td><td>● موسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا، ئاللا مۇزايىنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغان ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋىتىدۇ. (قۇرئان 4:153)<br>● ئاللادىن باشقا ئىلاھقا چوقۇنغانلار قىيامەتتە قاتتىق جازالىنىدۇ، ئەمما ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئىسلامغا كىرسە، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋىتىدۇ. (قۇرئان 25:68 ـ 71 )</td></tr>
<tr><th colspan="2">پاك ئايالغا تۆھمەت قىلغانلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلەمدۇ يوق ؟</th></tr>
<tr><td>پاك ئاياللارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلار ئەگەر 4 ئەر گۇۋاھچىنى چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 80 قامچا ئۇرۇش كىرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماسلىق كىرەك. بۇنداق ئادەملەر گۇناھكار ئادەملەردۇر، ئەگەر ئۇلار كىيىن گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ياخشىلانسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 24:4،5)</td><td>پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغانلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا قارغىشقا ئۇچرايدۇ، ئۇلار قاتتىق جازالىنىدۇ.<br>(قۇرئان 24:23)</td></tr>
<tr><th colspan="2">دوزاقتا چۈشۈپ جازالىنىدىغانلار ئۆزىنىڭ ساۋاپ ـ گۇناھ كىتابىنى قانداق تاپشۇرۇۋالىدۇ؟</th></tr>
<tr><td>دۈمبىسىنىڭ كەينىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 84:10 ـ 14 )</td><td>سول قولى بىلەن تاپشۇرۇۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 69:25،26)</td></tr>
<tr><th colspan="2">ۋەھىلەرنى مۇھەممەتكە جەبرائىل يەتكۈزەمدۇ ياكى روھۇلقۇددۇسمۇ ؟</th></tr>
<tr><td>پەرىشتە جەبرائىل مۇھەممەتكە يەتكۈزىدۇ.<br>(قۇرئان 2:97)</td><td>روھۇلقۇددۇس مۇھەممەتكە يەتكۈزىدۇ.<br>(قۇرئان 16:102)</td></tr>
</table>

<table>
<tr><th colspan="2">لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان بىردىنبىر جاۋابى زادى قايسى؟</th></tr>
<tr><td>• ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىلغان جاۋابى: «سىلەر ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن پاك خەلقتۇر.»<br>(قۇرئان 7:82)<br>• ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر لۇتنىڭ ئېتىقاتچىلىرىنى شەھەردىن چىقىرۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك خەلقتۇر.» بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى.<br>(قۇرئان 27:56)</td><td>ئۇنىڭ قەۋمى مۇنداق دەيدۇ: « سەن ئاللانىڭ جازاسىنى بىزگە ئۇچۇق جاكارلىغىن، ئەگەر سەن سەمىمى ئادەم بولساڭ» بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى ئىدى.<br>(قۇرئان 29:29)</td></tr>
<tr><th colspan="2">نوھنىڭ ئوغلى توپان بالاسىدا ھايات قالامدۇ ياكى سۇغا غەرق بۇلامدۇ؟</th></tr>
<tr><td>•نوھنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. (قۇرئان 21:76)<br>• پەقەت نوھنىڭ ئەۋلادلىرىلا ھايات قالىدۇ.<br>(قۇرئان 77-37:75 )</td><td>نوھنىڭ ئوغلى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ.<br>(قۇرئان 11:42،43)</td></tr>
<tr><th colspan="2">پىرئەۋن ئۆلۈشتىن بۇرۇن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ قۇتقۇزۇلغانمۇ؟</th></tr>
<tr><td>مىسىر پىرئەۋنى ئىسرائىللارنى قوغلاپ دېڭىزدىن ئۆتكەندە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. خۇدا ئۇنى قۇتقۇزىدۇ.<br>(قۇرئان 92-10:90 )</td><td>بىر ئۆمۈر يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆلىدىغان چاغدا ئاندىن گۇناھىغا تۆۋە قىلغانلار كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار قاتتىق جازالىنىدۇ.<br>(قۇرئان 4:18)</td></tr>
</table>

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">مەسىھلەر جەننەتكە كىرەمدۇ ياكى دوزاققىمۇ ؟</th></tr>
<tr><td>● خۇدا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلغانلارنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 3:55)<br>● يەھۇدىلار، مەسىھلەر، سابىلار (يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) قاتارلىق خۇداغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلار كەلگۈسىدە زور ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلاردا قورقۇنۇچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ. (قۇرئان 2:62 ، 5:69)</td><td>ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقات قىلغانلارنى خۇدا ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.<br>(قۇرئان 3:85)</td></tr>
<tr><th colspan="2">جىن ۋە ئادەملەر نىمە ئۈچۈن يارىتىلغان ؟</th></tr>
<tr><td>ئاللانىڭ جىن ۋە ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسىتى، پەقەت ئۇلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن. (قۇرئان 51:56)</td><td>ئاللا دوزاققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن جىن ۋە ئادەملەرنى يارىتىدۇ. (قۇرئان 7:179)</td></tr>
<tr><th colspan="2">بىر مۇسۇلمان ئون دۈشمەننى يېڭەلەمدۇ ياكى ئىككىنىمۇ؟</th></tr>
<tr><td>چىداملىق 20 مۇسۇلمان جەڭچى 200 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، 100 مۇسۇلمان جەڭچى 1000 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. (قۇرئان 8:65)</td><td>چىداملىق 100 مۇسۇلمان جەڭچى 200 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، 1000 مۇسۇلمان جەڭچى 2000 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. (قۇرئان 8:66)</td></tr>
<tr><th colspan="2">مۇسۇلمانلار ئاللانى ئەسلىگەندە تىنچلىق ھىس قىلامدۇ ياكى ۋەھىمىمۇ؟</th></tr>
<tr><td>مۇسۇلمانلار ئاللانى ئەسلىگەندە، ئۇلارنىڭ قەلبى تىنچلىق ھىس قىلىدۇ. ئاللانى ئەسلىگەن ھەر قانداق قەلب تىنچلىق ھىس قىلىدۇ.<br>(قۇرئان 13:28)</td><td>ئاللانى ئەسلىگەندە قەلبىنى ۋەھىمە باسقانلارلا ھەقىقى مۇسۇلمانلاردۇر.<br>(قۇرئان 8:2)</td></tr>
</table>

| | |
|---|---|
| **ئاللا بىردىنبىر ياراتقۇچىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچىلارمۇ بارمۇ؟** | |
| ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئاللا ياراتقان. (قۇرئان 39:62) | ● ئاللا ئەڭ ماھىر ياراتقۇچىدۇر. (قۇرئان 23:14) (ئاللادىن باشقا يەنە ياراتقۇچىلار بارمۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ماھىرىمۇ؟) ● سىلەر ئەڭ ياخشى ياراتقۇچى ئاللانى تاشلاپ، بائالغا چوقۇنامسىلەر. (قۇرئان 37:125) (ئاللا ياراتقۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىمۇ؟ ) |
| **قىساس ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى** | |
| قۇرئان ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قارشى تەرەپتىن قىساس ئېلىپ يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە يول قويىدۇ. (قۇرئان 17:33) (قانغا قان، جانغا جان ئېلىش تۈزۈمى) | كېيىن قۇرئاندا ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۈچۈن قىساس ئېلىش ۋە بەدەل تۆلەش تۈزۈمى بەلگىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى ھۆر ئادەم بولسا، قارشى تەرەپتىن ھۆر ئادەمدىن بىرنى ئۆلتۈرۈش؛ قۇل بولسا، قۇلدىن بىرنى ئۆلتۈرۈش؛ ئايال كىشى بولسا، ئايالدىن بىرنى ئۆلتۈرۈش بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى خالىسا، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا قارشى تەرەپتىن پۇل-مال (بەدەل) تەلەپ قىلىشمۇ بولىدۇ. (قۇرئان 2:178) |
| **ھاراق ئىچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىشى** | |
| ● مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغاندا ناماز ئوقۇماسلىقى كېرەك. (قۇرئان 4:43) (دېمەك مۇسۇلمانلار باشقا ۋاقىتلاردا ھاراق ئىچسە بولىدۇ) | كېيىن قۇرئاندا، ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، ئۇنى شەيتاننىڭ ئىشى دەپ ئاتىغان. (قۇرئان 5:90،91) |

| | |
|---|---|
| ● گەرچە هاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشنىڭ ئاز تولا پايدىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۇناهى پايدىسىدىن كۆپتۇر. (قۇرئان 2:219) (قۇرئاندا هاراق ئىچىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ بار، گۇناھلىق تەرىپىمۇ بار دېيىلگەن) | (قۇرئان ئاسماندىكى ئىلاھى تاختايدا ئالللىبۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان بولسا، نىمە ئۈچۈن هاراق ئىچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە توختىماي ئۆزگىرەيدۇ) |
| **قىيامەت كۈنى ئادەملەر ئاللانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى يوشۇرامدۇ ؟** | |
| ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەر قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا بىر جۈملە سۆزنىمۇ يوشۇرالمايدۇ. (قۇرئان 4:42) | قىيامەت كۈنى، مۇشرىكلار قەسەم ئىچىپ، بىز خۇداغا شىرىك كەلتۈرمىدۇق دەيدۇ. (قۇرئان 23،6:22) |

● قۇرئان بىرلا ئادەمدىن يەنى مۇھەممەتتىن كەلگەن، «ۋەهى» نىڭ چۈشكەن ۋاقتىمۇ قىسقىغىنە 22 يىل، پەقەت بىرلا خىل تىلدا يېزىلغان، ئاران نەچچە ئون مىڭ سۆزدىن تەشكىل تاپقان، هازىرغىچە پەقەت 1400 يىللا ۋاقىت ئۆتكەن، دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. شۇنداق تۇرۇپ بۇ كىتاپتا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇد.

● مۇقەددەس كىتاپ بولسا، 1500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان رايوندىكى، ئوخشىمىغان 3 خىل تىلدا، 40 نەچچە پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ۋەهى ۋە خۇدانىڭ ئىلهاملاندۇرىشى بىلەن يېزىلغان 66 پارچە مۇقەددەس يازمىلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، بۇ يازمىلار خۇددى بىرلا ئادەمنىڭ قولىدىن چىققاندەك ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق ئىگە ۋە بىر-بىرسىنى تەستىقلايدۇ، بۇلارنىڭ كەينىدە ئاجايىپ بىر كۈچ قۇدرەتنىڭ مەۋجۇدلىقى ناهايىتى ئېنىق. بۇ مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئالدىغا 3500 يىل، كەينىگىمۇ 2000 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، تارىختا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان، كۆچۈرۈلمە نوسخىلىرى ناهايىتى كۆپ هەم دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. بۇ جەهەتلەردىن قۇرئان بىلەن مۇقەددەس كىتاپنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

● مۇقەددەس كىتاپ بىلەن قۇرئاندىكى «ۋەھى» ئۇقۇمى ئوخشىمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپتا، خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزى تاللىغان ئادەمنىڭ قەلبىگە سېلىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق، مۇقەددەس يازمىلارنى يازدۇرغان دېيىلىدۇ. شۇڭا كىيىنكى نەچچە مىڭ يىلدا، ئونمىڭلىغان قولىيازما نوسخىلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ يېزىلىش جەريانىدا (ئەينى ۋاقىتتا كومپيۇتېر ۋە مەتبە يوق ئىدى)، بەزى ھەرپ ۋە قىسمەن سۆزلەرنىڭ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قىلىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ئەمىلىيەتتە بۇ خىل پەرقلەر ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئاساسى ئەقىدە ۋە تەلىملىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتەلمەيدۇ. بۇنىڭ «مۇقەددەس كىتاپ تارىختا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دېگەن تۆھمەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئىككىسى پۈتۈنلەي ئىككى ئىشتۇر.

● ھالبۇكى، مۇھەممەتنىڭ دېگىنى بويىچە بولغاندا، قۇرئاننى خۇدا بىۋاستە مۇھەممەتكە ۋەھى قىلمىغان، بەلكى «جەبرائىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەرىشتە ئاسماندىكى بىر تاش تاختايغا ئالللىبۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان قۇرئاننى سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە مۇھەممەتكە ئوقۇپ بەرگەن. باشقىلار مۇھەممەتنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى يېزىۋالغان، كېيىنكىلەر ئۇلارنى رەتلەپ كىتاپ قىلغان. ئەگەر قۇرئان راستىنلا ئاسماندىكى تاختايغا پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا يەر يۈزىدىكى قۇرئانلاردا ھېچقانداق خاتالىق ۋە پەرق كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئازراقلا پەرق كۆرۈلسە، بۇ مۇھەممەتنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## قۇرئاندىكى تاشقى زىددىيەتلەر

| قۇرئان | ئوبىكتىپ پاكىت |
|---|---|
| بىر ئانا چۈمۈلە مۇنداق دەيدۇ: «ھەي چۈمۈلىلەر، تىز ئۇۋۇڭلارغا كىرىپ كىتىڭلار، بولمىسا سولايمان ۋە ئۇنىڭ زور قوشۇنى تەرىپىدىن دەسسىلىپ كىتىسىلەر!» سولايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەيدۇ. (قۇرئان 19،18:27) | چۈمۈلە ئاۋاز ئارقىلىق ئەمەس بەلكى پۇراق ۋە پۇراش سىزىمى ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ سولايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى توغرۇلۇق بۇنداق گەپلەرنى قىلالىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى سولايماننىڭ ئاڭلىيالىشى، ئىلمىيەنگە زىت. |

| | |
|---|---|
| ئاللا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىمىن ۋە تاغلارغا تاپشۇرىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتنى كۆتىرىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتتىن قورقىدۇ. (قۇرئان 33:72) | زىمىن ۋە تاغلار ئۆلۈك جىسىمدۇر، ئۇلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلاردا قورقۇنۇچ ھىسسىياتىمۇ بولمايدۇ. |
| ئاللا زىمىنىنىڭ تەۋرەپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. (قۇرئان 16:15 ، 21:31 ، 31:10) | تاغلارنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى يوق. بۇ سۆزلەر ئىلمىپەنگە ئۇيغۇن ئەمەس. |
| ئاللا بارلىق جانلىقنى جۈپى بىلەن ياراتقان. (قۇرئان 51:49) | بەزى جانلىقلارنىڭ جۈپى بولمايدۇ، پەقەت بىرلا جىنسلىقتۇر. |
| ئەرلەرنىڭ مەنى سويۇقلىقى ئادەمنىڭ ئومورتقا ۋە قوۋۇرغا سۆڭىكى ئارىسىدىن كىلىدۇ. (قۇرئان 86:6،7) | ئەرلەرنىڭ مەنى سويۇقلىقى ئومۇرتقا ۋە قوۋۇرغا ئارىسىدىن كەلمەيدۇ. |
| • پىرئەۋن: مەن چوقۇم سىلەرنى كىرستتقا مىخلىتىمەن- دەيدۇ. (قورئان 7:124 ، 26:49)<br>• يۈسۈپ تۈرمىدىكى ئىككى ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىرىڭلار كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. (قۇرئان 12:41) | • مۇسانىڭ دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىر) ۋە يۈسۈپنىڭ دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 19-ئەسىرلەردە)، مىسىردا كىرستتقا مىخلايدىغان بۇنداق جازا يوق ئىدى.<br>• كىرستتقا مىقلايدىغان جازا مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن پىرسىيەدە بارلىققا كەلگەن، كيين رىم ئىمپىرىيىسىدە كەڭ قوللىنىلغان. (بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى) |
| پىرئەۋن خۇمداندا كىسەك قويۇپ بىنا سېلىشنى بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 28:38) | قەدىمقى مىسىرلىقلار كىسەكتە ئەمەس بەلكى تاشتا بىنا سالاتتى.<br>(Manual of Egyptian Archaeology, G Maspero, H Grevel) |

| | |
|---|---|
| ● ئادەمنىڭ ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ تاكى سۈتى توختىغىچە بولغان ۋاقىت جەمئىي 30 ئاي بولىدۇ. (قۇرئان 46:15)<br>● ئادەمنىڭ سۈتى توختايدىغان ۋاقىت ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ. (قۇرئان 31:14) | ئادەمنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلى 6 ئاي ئەمەس. |
| ● قۇياش غەرپكە پاتقاندىن كېيىن بىر قارا پاتقاقلىققا كىرىپ كىتىدۇ. (قۇرئان 18:86)<br>● قۇياش تىز يۈرۈپ، بەلگىلەنگەن بىر جايغا بارىدۇ. (قۇرئان 36:38) | قوياش غەرپتىكى بىر قارا پاتقاقلىققا پېتىپ كەتمەيدۇ، بەلگىلەنگەن بىر جايغىمۇ بارمايدۇ.<br>قۇياش يەرشارىنى ئايلانمايدۇ، بەلكى يەرشارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سەۋەبىدىن كېچە-كۈندۈز ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. |
| گۆلدۈرماما ئاللانىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىيەلەيدۇ، پەرىشتىلەر ئاللادىن قورققاچقا ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. ئۇ چاقماق چاقتۇرۇپ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 13:13) | ● گۆلدۈرماما بولۇتلار ئارىسىدىكى زەرەتلەرنىڭ تەسىرلىشىشى بىلەن پەيدا بولغان ئاۋاز.<br>● گۆلدۈرماما ۋە چاقماق خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئەمەس. |
| ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل مەككىدىكى كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان. (قۇرئان 2:127) | ئىبراھىم پەيغەمبەر ئەزەلدىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ باقمىغان. ئەمىلىيەتتە كەبىنىڭ سېلىنغان ۋاقتى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان دەۋرلەردىن بەك بۇرۇن ئەمەس.<br>( ئەنۋەر جۇدىنىڭ «مىزان ئەل ئىسلام» دىگەن ئەسىرىنىڭ 170-بېتىدە، مىسىرنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەرەپ ئەدەبىياتشۇناسى بولغان پىرافىسسور تاھا ھۆسەيىن دوكتۇرنىڭ سۆزىنى نەقىل ئالىدۇ) |

| | |
|---|---|
| • ئاللا زىمىننى كەڭ يايىدۇ. (قۇرئان 50:7)<br>• يەر يۈزىنى يايىدۇ. (قۇرئان 79:30)<br>• يەر يۈزى قانداق يېيىلغان. (قۇرئان 88:20) | • يەرشارى تەكشى ئەمەس، بەلكى يومىلاق بولۇپ، ئالەم بوشلۇقىدا تۇرىدۇ.<br>• مۇقەددەس كىتاپتا مۇنداق دېيىلگەن:<br>○ خۇدا زېمىن شارىنىڭ يوقۇرسىدا تۇرىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 40:22)<br>○ خۇدا زېمىننى مۇئەللەققە ئېسىپ قويغان.<br>(ئايۇپ پەيغەمبەر 26:7) |

**قۇرئان ئىلمىيەندىنمۇ يوقىرى ئىلمىيەنمۇ؟**

• بەزى مۇسۇلمانلار تار نەزەر دائىرىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مىسال قىلغان ئايەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە مەنىسى بار دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق تار نەزەر دائىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بىۋاستە، روشەن ھەم قىلچە گۇمانسىز ھالەتتە ئوتتۇرغا چىققان بولماستىن، بەلكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ «قىزىشى» ئارقىلىق پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر خۇدا قۇرئانىنىڭ ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇنى بىۋاستە، روشەن ۋە قىلچە گۇمانسىز بولغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىمەيدۇ؟

• مۇھەممەتتىن 1400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1970 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئاندىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن دەپ جاكارلايدۇ. ئىلمىيەن يېڭى شەيئى ئەمەس. ئىگىزىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئەمەلىيەتتە يىقىنقى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار سىرتقا دىن تارقىتىش جەريانىدا كىشلەرنىڭ قۇرئاندىن گۇمانلانغانلىقىنى كۆرىدۇ، شۇڭا ئىلمىيەنگە چوقۇنىدىغان ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن يېڭىچە «ئىسپات» لارنى تېپىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

• قۇرئان 18:86 دە، قۇياشنىڭ پاتىدىغان جايغا بېرىپ بىر قارا پاتقاقلىققا كىرىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىلمىيەنگە خىلاپ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە قۇياش يەرشارىنى ئايلانمايدۇ، بەلكى يەرشارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. قۇياشنىڭ يەرشارىدىكى بىر پاتقاقلىققا پېتىپ كىتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار مانا

مۇشۇنداق ئىلمىيەنگە خىلاپ بولغان ئايەتلەرنى يۇشۇرۇن مەنىدە، غايىبانە ئالامەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

• تاللاشچانلىقتا ئىگە بولغان چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق ھەرقانداق بىر نەزىرىيەنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ ئەلۋەتتە.

## قۇرئاننىڭ «مۇقەددەس كىتاپ» بىلەن بولغان زىددىيىتى

• قۇرئان ئۆزىنى «مۇقەددەس كىتاپ» (تەۋرات، ئىنجىل) نى ئىسپاتلايمەن دەپ جاكارلايدۇ. قۇرئان «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ نوپۇزى ۋە ھەقلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

• ئەمما قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن دىنى ئەقىدە، تەلىملەر ۋە تارىخى خاتىرىلەر بىلەن «مۇقەددەس كىتاپ» تىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار زىت كېلىدۇ.

• شۇڭا شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى: قۇرئان ئۆز ئىچىدىن زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ۋەھىسىدىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

• مۇھەممەتنىڭ «مۇقەددەس كىتاپ» قا بولغان بىلىمى تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدا مۇقەددەس كىتاپتىن كەلگەن دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى سۆزلەيدۇ. قۇرئاندىكى تەۋراتقا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر، مەسىلەن يۇسۇپ، مۇسا، داۋۇت، سولايمان، ئايۇب، يۇنۇس قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھېكايىلەرنىڭ باش-ئاخىرى يوق، ئالدى-كەينى ماسلاشمىغان، تاغدىن-باغدىن سۆزلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئاننى شەرھىلىگۈچىلەر دائىم تەۋراتنى نەقىل ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ قۇرئانغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئاساسى بار. چۈنكى زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۇ ئۆزى خاتىرىلىگەن تارىخى ۋەقەلىكلەرگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ (قۇرئاندىن نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلغان)، خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلار تېخىمۇ تولۇق ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، تارىخقا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

- قۇرئان بىلەن «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ ماس كەلمەيدىغان جايلىرى
  - ئېتىقات ۋە ئىدىيەدىكى پەرقلەر
    - تەۋراتتىكى قۇربانلىقنىڭ ھەقىقى مەنىسى
    - ئەيسا مەسىھكە ئائىت خاتىرىلەر
      - ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتى
      - ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستكە مىخلىنىشى

□ ئەيسا مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ ئوغلى» دېگەن نامى

□ ھەزرىتى ئەيسانىڭ «مەسىھ» دېگەن نامى

■ خۇدانىڭ خاراكتېرى

■ ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىششى ۋە گۇناھكار تەبىئىتى

■ ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا بولغان ئېھتىياجى ۋە قۇتقۇزۇلۇش يولى

## قۇرئان ۋە مۇقەددەس كىتاپتىكى تارىخى خاتىرىلەردىكى پەرقلەر

| قۇرئاندىكى خاتىرىلەر | مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر |
| --- | --- |
| **قۇرئاندا سائۇل، داۋۇت، گىدىيون، گولىيات قاتارلىق تارىخى شەخسلەر ئارلاشتۇرۋېتىلگەن** | |
| • پەيغەمبەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.<br>(قۇرئان 2:246-248)<br>------<br>• ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى پادىشاھى تارۇت. (قۇرئان 2:247،249)<br>------<br>• ئىسرائىللارنىڭ ئۆزگە پادىشاھ تىكلەشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبى، ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئىدى.<br>(قۇرئان 2:246)<br>------<br>• مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن، بىر پەيغەمبەر ئىسرائىللاردىن، ئەگەر جىھاد ئۇلار ئۈچۈن پەرز قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سورايدۇ. (قۇرئان 2:246) | • پەيغەمبەرنىڭ نامى سامۇئىل.<br>(سامۇئىل پەيغەمبەر I 9:15-17)<br>------<br>• ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى پادىشاھى سائۇل.<br>(سامۇئىل پەيغەمبەر I 10:1،24،25)<br>------<br>• ئەينى ۋاقىتتا ئىسرائىللارنىڭ ئۆزگە پادىشاھ تىكلەشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبى، سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنىڭ خۇدانىڭ يولىنى تۇتمىغانلىقى ۋە ئىسرائىللارنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان. (سامۇئىل پەيغەمبەر 8:4،5)<br>------<br>• ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن ئايرىلىشى خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، خۇدا ۋەدە قىلغان يېڭى زېمىنغا كىرىش ئۈچۈندۇر. |

| | |
|---|---|
| ● ئاللا ئىسرائىللارغا ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. (قۇرئان 2:224) | ھەرگىزمۇ جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇلار مىسىردىن ئايرىلغاندا مىسىرلىق قوشنىلىرى تېخى ئۇلارغا ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى بېرىدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 12:35،36 ، 15:1،2 ) |
| - - - - - - ● ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى، تارۇت پادىشاھ بولۇشقا لايىق ئەمەس، دەيدۇ. (قۇرئان 2:247) | - - - - - - ● كۆپ قىسىم ئىسرائىللار سائۇلنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، پەقەت بىر قىسىم باندىت-قاراقچىلارلا ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ. (سامۇئىلI 10:24،27 ) |
| - - - - - - ● تارۇت سەلتەنىتىنىڭ بىشارىتى، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىغا چۈشىشىدۇر. (قۇرئان 2:248) | - - - - - - ● فىلىستىنلار بۇلاپ كەتكەن ئەھدە ساندۇقى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، خېلى ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سائۇل پادىشاھ بولىدۇ. (سامۇئىلI 5،6،7،8 ) . قۇرئان مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىنى 20-30 يىل قىسقارتىۋېتىدۇ، ھەمدە دۆلەت سەلتەنىتىنىڭ بەلگىسى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىغا چۈشىشى دەيدۇ، بۇلار مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ. |
| - - - - - - ● تارۇت قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە چىققاندا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئاللا بىر دەريا بىلەن سىلەرنى سىنىماقچى، كىم دەريانىڭ سۈيىنى ئىچسە، شۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس؛ كىم دەريانىڭ سۈيىنى ئىچمىسە، شۇ ئۇنىڭغا تەۋە. قولى بىلەن سۇنى چايقىتىپلا قويغانلار بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلار بولمايدۇ؛ كېيىن ئاز ساندىكى ئادەملەردىن باشقا ھەممىسى دەريا سۈيىنى ئىچىدۇ. (قۇرئان 2:249) | - - - - - - ● دەريا سۈيى بىلەن ئەسكەرلەرنى سىنايدىغان بۇ ۋەقە سائۇل پادىشاھنىڭ ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى گىدىيوننىڭ ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ (سەردارلار 7). قۇرئان بۇ ئىككى ئادەمنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. گىدئون مىلادىدىن بۇرۇنقى 1160-يىلى ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ فىلىستىنلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغان، سائۇل (قۇرئاننىڭ ئاتىشى بويىچە تارۇت) بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1050-يىلى ئىسرائىللارغا يېتەكچى بولۇپ ئاممونلار بىلەن جەڭ قىلغان. |

| | |
|---|---|
| ------<br>• چاروت فىلىستىنلىكلەرنىڭ قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. تارۇتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق جېڭىدە، داۋۇت چاروتنى ئۆلتۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 2:251)<br><br>• قۇرئاندا سائۇل (تارۇت)، داۋۇت، گىدىيون، گوللىيات (چارۇت) قاتارلىق ئوخشىمىغان دەۋردە يۈز بەرگەن ئىش ۋە ئادەملەرنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن. | ------<br>• گوللىيات (قۇرئاندا چاروت دېيىلگەن) فىلىستىن قوشۇنىنىڭ رەھبىرى ئەمەس، بەلكى بىر جەڭچىسى. (سامۇئىلI 17)<br>• سائۇل (تارۇت) نىڭ بىرىنچى قېتىملىق جېڭىدە گوللىيات ياكى فىلىستىنلىكلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاممونلار بىلەن جەڭ قىلغان (سامۇئىلI 11). ئىسرائىللار-داۋۇت بىلەن فىلىستىنلىكلەر-گوللىيات ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1025-يىلى يۈز بەرگەن. (سامۇئىلI 16. 17) |
| **قۇرئاندا مۇسا ۋە سامارىيەلىكلەر ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| • ئاللا مۇساغا مۇنداق دەيدۇ: سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن سېنىڭ قەۋمىڭنى سىنايمەن، سامىرىلار (مۇقەددەس كىتاپتا سامارىيەلىكلەر دېيىلگەن) ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇپ كەتتى ... بۇ چاغدا مۇسانىڭ قەۋمى مۇنداق دەيدۇ: بىز مىسىردىن ئېلىپ چىققان زىبۇ-زىننەتلەرنى ئېغىر كۆرۈپ تاشلىدۇق، سامىرىلارمۇ شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر مۇزاي مەبۇد ياساپ، ئۇنى ئىلاھ دېدى. (قۇرئان 20:85-88 )<br>• مۇسا مۇنداق دەيدۇ: ئەي سامىرىلار، سىلەرگە نىمە بولدى؟ (قۇرئان 20:95)<br>• سامىرىلار مۇنداق دەيدۇ: ... سەن ئىخلاس قىلغان ئىلاھقا قارا، بىز چوقۇم ئۇنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن دېڭىزغا چاچىمىز. (قۇرئان 20:97) | • مۇسا پەيغەمبەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىردە ئۆتكەن ئادەم. (تەۋرات)<br>• سامارىيە شەھرى بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 870-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئىسرائىلىيە پادىشاھى تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەھەر. (پادىشاھلارI 16:24 )<br>• سامارىيە مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى: مىلادىدىن بۇرۇنقى 722-يىلى شىمالى ئىسرائىلىيە دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون II كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان يات مىللەتلەرنى سامارىيە شەھەرلىرىگە كۆچۈرۈپ كىلىدۇ (پادىشاھلارII 17:24) ، ئۇلار تەدرىجى ئىسرائىللار بىلەن سىڭىشىپ كىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېڭى بىر مىللەت سامارىيەلىكلەر پەيدا بولىدۇ.<br>• مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا سامارىيەلىكلەرنىڭ بولىشى مۇمكىن |

| | |
|---|---|
| | ئەمەس ئىدى، چۈنكى مۇسادىن 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سامارىيە مىللىتى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.<br>● مۇقەددەس كىتاپتا سامارىيەلىكلەرنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى خاتىرلەنگەن. (هۇشىئا پەيغەمبەر 8:5،6)<br>● قۇرئاندا هۇشىئا پەيغەمبەر خاتىرلىگەن سامارىيەلىكلەرنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەن مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئىسرائىللارنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن.<br>● دىمەك قۇرئاندا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭدىن 700 يىل كېيىن شەكىللەنگەن سامارىيەلىكلەرگە ئائىت ۋەقەلىكلەر ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن. |
| **قۇرئاندا ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ياشىغان ئىككى مەريەم ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| ● مۇسانىڭ ئاكىسى هارۇن.<br>(قۇرئان 20:25ـ30)<br>● مەريەم هارۇننىڭ سىڭلىسى.<br>(قۇرئان 19:27،28)<br>● ئىمراننىڭ ئايالى تۇققان بالىنىڭ ئىسمى مەريەم ئىدى.(قۇرئان 3:35،36)<br>● مەريەم ئەيسا مەسىهنى تۇغىدۇ.<br>(قۇرئان 3:45)<br>● ئىمراننىڭ قىزى مەريەم.<br>(قۇرئان 66:12) | ● هارۇننىڭ سىڭلىسى مەريەم ئايال پەيغەمبەر ئىدى. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 15:20)<br>● مۇسا، هارۇن ۋە مەريەم ئىمراننىڭ بالىلىرى.<br>(تەۋرات ـ نوپۇس سانى 26:59)<br>● قۇرئان ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى مەريەم بىلەن ئۇنىڭدىن 1500 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى (مۇسا ۋە هارۇننىڭ سىڭلىسنى) ئارلاشتۇرۇۋەتكەن. |
| **قۇرئاندىكى مەريەمنىڭ تۇرمۇشى مۇقەددەس كىتاپتىكىدىن پەرقلىنىدۇ** | |
| ● ئۇلار چەك تارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەريەمنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەمنى تاللايدۇ. بۇنىڭغا زەكەرىيا تاللىنىدۇ. | ● زەكەرىيا مەريەمنىڭ هامىسى ياكى ئۆگەي دادىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭ ئېرىدۇر.<br>(ئىنجىل ـ لۇقا 1:39،40) |

| | |
|---|---|
| (قۇرئان 3:44)<br>● زەكەرىيا مەريەمنى باقىدۇ.<br>(قۇرئان 3:37)<br>● زەكەرىيا ھەر قېتىم مەريەمنىڭ ھوجرىسىغا كىرگەندە، ئاللانىڭ ئۇنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرىدۇ.<br>(قۇرئان 3:37) | ● ئىنجىلدا مەريەمنى بولغۇسى ئېرى يۈسۈپ ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ دېيىلگەن.<br>● ئەمەلىيەتتە قۇرئاندىكى ھېكايىلەر ساختا ئىنجىل « The Gospel of James» ۋە مىسىر رىۋايەتلىرى «History of the Virgin» دىن كەلگەن. |
| **قۇرئاندا پىرئەۋن، ھامان ۋە بابىل مۇنارىنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| ● ھامان مىسىر پىرئەۋنىنىڭ ۋەزىرى ئىدى.<br>(قۇرئان 28:8)<br>● پىرئەۋن ھامانغا كېسەك بىلەن ئاسمان پەلەك ئېگىز مۇنار ياساتىپ موسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ.<br>(قۇرئان 28:38 ، 40:36،37)<br>● ئاللا قارۇن، پىرئەۋن ۋە ھامانىنى ھالاك قىلغان ئىدى. (قۇرئان 29:39)<br>● ئاللا مۇسانى پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇننى دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.<br>(قۇرئان 40:23،24) | ● ھامان پارىس (ئېران) پادىشاھى ئاھاشىرۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرى.<br>(ئېستەر 3:1)<br>● پارىس (ئېران) بىلەن مىسىرنىڭ ئارلىقى خېلىلا يىراق.<br>● مۇسا ۋە پىرئەۋنىنىڭ ياشىغان ۋاقتى ھاماندىن 1100 يىل بۇرۇن.<br>(تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 1،2)<br>● ئاسمان پەلەك ئېگىز مۇنار ياسايدىغان ۋەقەلىك مۇسادىن 700 يىل بۇرۇنقى بابىل شەھرىدە يۈز بەرگەن.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:3،4،9)<br>● قۇرئان مۇسا ۋە مىسىر پىرئەۋنى بىلەن ئۇلاردىن 700 يىل بۇرۇن بابىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن.<br>● قۇرئان مۇسا ۋە پىرئەۋن بىلەن ئۇلاردىن 1100 يىل كېيىن ياشىغان پارىس پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ھامانىنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن. |

| | |
|---|---|
| **ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى** | |
| ئۇ ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قەۋمدىكىلەر ئۇنى ئىبراھىم دەپ ئاتايتى.<br>(قۇرئان 21:60) | ● ئىبراھىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابرام بولۇپ، ئۇ 99 ياش ۋاقتىدا خۇدا ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابراھام دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ئابراھام نىڭ مەنىسى «مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى» دىگەنلىكتۇر.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 17:1-5 )<br>● ئىبراھىم پەيغەمبەر قېرىغان ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قويۇلغان «ئابراھام» دىگەن ئىسمنى، قۇرئان «ئىبراھىم» دەپ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ھەمدە خاتا ھالدا، ئۇ ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا شۇنداق ئاتىلاتتى دەيدۇ. |
| **نوھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى خۇدانىڭ ئەلچىلىرى (روسۇللىرى) ؟** | |
| ● نوھنىڭ قەۋمى خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى (روسۇللىرىنى) ئىنكار قىلغاچقا، ئاللا ئۇلارنى تۇپان بالاسى بىلەن سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 25:37 ، 26:105)<br>● ئاللا پەقەت نوھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىلا تۇپان بالاسىدىن ساقلاپ قالىدۇ.<br>(قۇرئان 21:76 ، 37:75-77 ) | ● تۇپان بالاسى كېلىشتىن بۇرۇن يەر يۈزىدە پەقەت نوھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرلا ھەققانى ئادەملەر بولۇپ، پەقەت شۇلارلا نوھنىڭ كېمىسىگە چىقىپ ھايات قالىدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 7:1)<br>● ئەينى ۋاقىتتا يەر يۈزىدە نوھ پەيغەمبەردىن سىرت خۇدانىڭ باشقا ئەلچىلىرى (روسۇللىرى) بولغان ئەمەس. |
| **تۇپان بالاسىدا نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنىڭ تەقدىرى** | |
| نوھنىڭ ئوغلى تۇپان بالاسىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. (قۇرئان 11:42-46 ) | نوھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كېمىگە چىقىپ تۇپان بالاسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلمەيدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 6:18 ، 7:7 ، 8:18 ، 10:1 ؛ ئىنجىل-پىتروس يازغان بىرىنچى خەت 3:20) |

| | |
|---|---|
| **نوھنىڭ كېمىسى توختىغان جاي** | |
| تۇپان بالاسى ياندىن كېيىن، نوھنىڭ كېمىسى جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. (ھازىرقى تۈركىيە بىلەن سۈرىيە چېگرىسىدا)<br>(قۇرئان 11:44) | تۇپان بالاسى ياندىن كېيىن، نوھنىڭ كېمىسى ئارارات تېغىنىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. (ھازىرقى تۈركىيە بىلەن ئەرمەنىيە چېگرىسى ئارلىقىدىكى تاغلار، تۈركچە ئاغرى تېغى دېيىلىدۇ)<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:4) |
| **نوھنىڭ ياشىغان ئۆمرى** | |
| نوھ ئۆز قەۋمىدە 950 يىل تۇرىدۇ، ئاندىن تۇپان بالاسى يېتىپ كېلىدۇ.<br>(قۇرئان 29:14) | نوھ 600 ياشقا كىرگەندە تۇپان بالاسى يېتىپ كېلىدۇ. تۇپان بالاسىدىن كېيىن ئۇ يەنە 350 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 950 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 9:29) |
| **نوھنىڭ ئايالىنىڭ ئېتىقادى** | |
| نوھنىڭ ئايالى ئىمانسىز ئىدى، ئۇ ئېرىغا سادىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاللادىن ئۇ ئايالغا كەلگەن جازانى نوھ توساپ قالالمايدۇ.<br>(قۇرئان 66:10) | نوھنىڭ ئايالى ئىمانسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ نوھقا ئەگىشىپ كېمىگە چىقىپ تۇپان بالاسىدا ھايات قالغانلارنىڭ بىرى.<br>(تەۋرات - ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:15-18 ) |
| **سولايمان ۋە شبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى** | |
| • سولايمان پادىشاھنىڭ قوشۇنى جىنلار، ئادەملەر ۋە قۇشلاردىن تەشكىللەنگەن.<br>(قۇرئان 27:17) | • شبانىڭ ئايال پادىشاھى سولايمان پادىشاھنىڭ خۇداغا تايىنىپ زور شان-شەرەپ قازانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قىيىن سوئاللار بىلەن سىنىماقچى |

| | |
|---|---|
| ● سولايمان ھۆپۆپ بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئۇ قۇش ئارقىلىق شىبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئايال پادىشاھ كېلىپ سولايماننىڭ ئەينەك بىلەن سېلىنغان ئوردىسىنى كۆرۈپ، ئاللاغا ئىمان ئېيتىدۇ. (قۇرئان 27:21-44 ) ● قۇرئاندا دېيىلگەن يوقۇرقى ۋەقەلىكلەر قىلچە تارىخى ئاساسى بولمىغان ئەپسانىلەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن كەلگەن. (The Targum of Esther-Second) | بولۇپ كېلىدۇ. سولايمان ئۇنىڭ سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بېرىدۇ. ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل بولىدۇ، ھەم ئۇ سالغۇزغان ھەيۋەتلىك ئوردا سارايلارنى كۆرۈپ، خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خۇدا سولايماندىن خۇرسەن بولغاچقا، ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. (پادىشاھلار تەزكىرىسىI 10:1-9 ، تارىخنامە 9:1-9 ) ● قۇرئاندا شىبا ئايال پادىشاھىنىڭ نىمە ئۈچۈن سولايمان پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە بولغان ئىشلارنى خاتا چۈشەندۈرگەن. |
| **ئىزرا (ئۇزەئىر) خۇدانىڭ بالىسىمۇ ؟** | |
| يەھۇدىيلار ئۇزەئىرنى (مۇقەددەس كىتاپتا ئىزرا) ئاللانىڭ بالىسى دەيدۇ. (قۇرئان 9:30، بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:105) | يەھۇدىيلاردا ئەزەلدىن «ئىزرا خۇدانىڭ بالىسى» دەيدىغان بۇنداق ئېتىقات بولۇپ باقمىغان. مەيلى تەۋرات قاتارلىق كونا ئەھدە دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇقەددەس يازمىلار بولسۇن، ياكى يەھۇدىيلارنىڭ تالمۇد، مىشناھ قاتارلىق كېيىنكى دىنى كىتاپلىرى بولسۇن، ھېچقانداق يەردە «ئىزرا خۇدانىڭ بالىسى» دەيدىغان خاتىرە يوق. بۇ يەھۇدىيلارغا قىلىنغان تۆھمەت. |

| | |
|---|---|
| **مۇزاينىڭ ئاۋازىنى چىقىرالايدىغان مۇزاي ھەيكىلى.** | |
| • مۇسا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمى زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن مۇزاينىڭ ئاۋازىنى چىقىرالايدىغان بىر مۇزاي بۇت ياسايدۇ.<br>(قۇرئان 7:148 ، 20:88)<br>• قۇرئاندىكى بۇ خاتىرە رىۋايەت-ئەپسانىلەر توپلىمى بولغان Pirqey Rabbi Eli'ezer نىڭ 45-بابىدىن كەلگەن. | • ئىسرائىللارنىڭ ئالتۇندىن مۇزاي ھەيكىلى ياسىغانلىق ۋەقەسى تەۋراتنىڭ مىسىردىن چىقىش 32-بابىدا خاتىرلەنگەن، ئەمما مەزمۇنى قۇرئانغا ئوخشىمايدۇ.<br>• بۇت ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئادەمنىڭ قولىدا ياسىلىدۇ، ئاغزى بولسىمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، كۆزى بولسىمۇ كۆرەلمەيدۇ. (زەبۇر 115:4،5)<br>• ئادەم بۇدتىن تىلىسمۇ، ئۇ جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ، ئىنسانىنى كۈلپەتلەردىن قۇتقۇزالمايدۇ. (يەشەيا پەيغەمبەر 46:7)<br>• بۇت سۆزلىيەلمەيدۇ، ماڭالمايدۇ، ئۇنى ئادەملەر كۆتىرىشى كىرەك. (يەرەمىيا پەيغەمبەر 10:5)<br>• قۇرئان خاتا ھالدا ئىسرائىللار ياسىغان مۇزاي بۇتنى ئاۋاز چىقىرالايتى دەپ خاتىرلىگەن. |
| **خۇدانىڭ يەھۇدىيلارغا چۈشۈرگەن يېمەكلىك جەھەتتىكى پەرزلىرى** | |
| • ئاللا يەھۇدىيلارنى ئەسلىدە روخسەت قىلىنغان نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكەرنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ناھەق ئىشلارنى كۆپ قىلغانلىقى ۋە باشقىلارنى ئاللانىڭ يولىغا كىرىشتىن توسقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.<br>(قۇرئان 4:160)<br>• ئاللا يەھۇدىيلارنى تويىقى ئاجرالمىغان بارلىق ھايۋانلارنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. يەنە قوي-كالىلارنىڭ دۇمبە ۋە | • خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىللارغا تۆرلۈك پەرزلەرنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ ناھەق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە خۇداغا مەنسۇپ يېڭى بىر مىللەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈندۇر. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 4)<br>• خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا ئۆگەتكەن يېمەكلىك جەھەتتىكى پەرزلىرى قۇرئاندىكى بايانلاردىن پەرقلىنىدۇ. (تەۋرات-لاۋىيلار 11) |

| | |
|---|---|
| ئۇچىيىدىكى مايلاردىن باشقا مايلىرىنى يېيىشتىنمۇ چەكلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار ناھەق ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. (قۇرئان 6:146) | |
| **ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى** | |
| • ئاللا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسھاق، ياقۇپ، داۋۇت، سولايمان، ئايۇب، يۇسۇپ، مۇسا، ھارون، زەكەرىيا، يەھيا، ئەيسا، ئىلياس، ئىسمايىل، ئىلشا، يۇنۇس، لۇت قاتارلىقلارنى يېتەكلىگەن، ئۇلارغا مۇقەددەس كىتاپلارنى بەرگەن.<br>(قۇرئان 89-6:83 ) | • لۇت ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنىسى ھاراننىڭ ئوغلىدۇر. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:27، 31)<br>• ئايۇب ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ئۇ قەدىمقى «ئۇز» دىگەن جايدا ياشىغان ئادەم.<br>(ئايۇب 1:1)<br>• قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە خاتالىقلار بار.<br>• خۇدانىڭ ۋەھىسى قۇرئاندا دېيىلگەندەك كىتاپ بېرىش شەكلىدە بولمىغان.<br>(تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا بارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇنداق دېيىلمىگەن)<br>• قۇرئاندا خۇدانىڭ يوقۇرقى ئادەملەرگە قايىسى كىتاپلارنى بەرگەنلىكىمۇ ئېنىق دېيىلمىگەن. |
| **يۇسۇپ ئەلەيكىسالامغا تۇرمىدە ئۆز چۈشىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىككى ئادەم** | |
| • ئىككى ياش يىگىت يۇسۇپ بىلەن بىرگە تۇرمىگە سولىنىدۇ، ئۇلار يۇسۇپكە ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.<br>(قۇرئان 12:36) | • تۇرمىدە مىسىر پادىشاھىنىڭ تاماققا مەسئۇل ئەمەلدارى بىلەن شاراپقا مەسئۇل ئەمەلدارى يۇسۇپكە ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 40) |

| | |
|---|---|
| | ● يۈسۈپ تۈرمىگە سولىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يوقۇرقى ئىككى ئەمەلدار تۈرمىگە سولىنىدۇ. ئۇلار بىر ۋاقىتتا تۈرمىگە سولانغان ئەمەس. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 39:19ـ40:3 ) ● مىسىر پادىشاھىنىڭ بۇ ئىككى ئەمەلدارىنىڭ ياش يىگىت بولىشى مۇمكىن ئەمەس. ● دىمەك قۇرئاندا، تۈرمىدە يۈسۈپكە چۈشلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىككى ئادەم توغرىسىدىكى خاتىرىدە خاتالىقلار بار. |
| **يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى** | |
| ئاللا بىر ئوغۇل بىلەن زەكەرىياغا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى يەھيا بولۇپ، ئاللا ئىلگىرى ھېچكىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئىسمداش قىلىپ باقمىغان. (قۇرئان 19:7) | يەھيا دىگەن ئىسىم ئىسرائىللار ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم بولۇپ، يەھيا پەيغەمبەردىن ئىلگىرىمۇ يەھيا ئىسىملىك ئادەملەر بولغان. (پادىشاھلار تەزكىرىسىII 25:23) |
| **ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى** | |
| ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئازار ئىدى. (قۇرئان 6:74) | ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى تارا ئىدى. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:27، 31) |
| **كىم مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالدۇ ؟** | |
| مىسىر پىرئەۋنىنىڭ خوتونى مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالدۇ. (قۇرئان 28:9) | مىسىر پىرئەۋنىنىڭ قىزى مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمدىن چىقىش 2:10) |

| | |
|---|---|
| **قۇرئاندا مۇسا بىلەن ياقۇپنىڭ ئىشلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| مىديياندىكى ئىككى قىزنىڭ ئاتىسى ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى مۇساغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما شەرتى مۇسا چوقۇم ئۇنىڭغا 8 يىل ئىشلەپ بېرىشى كېرەك، مۇسا بۇ شەرتكە قوشۇلىدۇ.<br>(قۇرئان 28:22ـ28 ) | • مۇسا مىديياندىكى بىر روھانىينىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، مىديان روھانىيسى ئۆزىنىڭ زىپپوراھ ئىسىملىك قىزىنى مۇساغا ياتلىق قىلىپ بېرىدۇ.<br>(تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 2:16ـ21 )<br>• ياقۇپ لابانىنىڭ قىزى راھىلنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 7 يىل ئىشلەپ بېرىدۇ.<br>(تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 29:18)<br>• قۇرئاندا مۇسا بىلەن ئۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان ياقۇپنىڭ ئىشلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن. |
| **شەيتان (ئىبلىس) نىڭ پەيدا بولۇشى** | |
| ئاللا بارلىق پەرىشتىلەرنى ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ، پەقەت شەيتان (ئىبلىس) لا بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئاللا ئۇنى جازالايدۇ.<br>(قۇرئان 2:34 ، 7:11،12 ، 15:28ـ34 ، 17:61ـ63 ، 18:50 ، 38:71ـ78 ) | شەيتان ئەسلى بىر پەرىشتە بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭا خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىدۇ.<br>(يەشايا پەيغەمبەر 14:12ـ17 ) |
| **ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كىم بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ؟** | |
| ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا چەكلەنگەن دەرەخ سەۋەبىدىن گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىدۇ، ھەمدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ ئۆتۈسلەر دەيدۇ.<br>(قۇرئان 2:36 ، 7:24 ، 20:123) | ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا خۇدا چەكلىگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. خۇدا ئادەمنى ئېزىقتۇرغان يىلان(شەيتان) بىلەن ئايالنىڭ ئەۋلادىنى دۈشمەن بولىسىلەر دەيدۇ.<br>(تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:14،15) |

| ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى ئوغلى توغرىسىدا | |
|---|---|
| • ئادەم ئاتىنىڭ بىر ئوغلى ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئاللا بىر قاغىنى ئەۋەتىپ يەرنى كولاتقۇزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى بىشارەت قىلىدۇ.<br>(قۇرئان 5:27_31 )<br>• بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر، بىر ئادەمنى قۇتۇلدۇرغانلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرغان بىلەن باراۋەر.<br>(قۇرئان 5:32)<br>يۇقۇرقى ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ ئۆرپ_ئادەت توپلىمى مىشناختىن كۆچۈرۈلگەن.<br>( Mishnah Sanhedrin 4:5) | • ئادەم ئاتىنىڭ چوڭ ئوغلى قابىلنىڭ ئۆز ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەقەلىك قۇرئاندىكى خاتىرە بىلەن ئوخشمايدۇ.<br>(تەۋرات_ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 4:8_15 )<br>• قۇرئاندىكى خاتىرە مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس بەلكى يەھۇدى رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن.<br>( Pirke Rabbi Eliezer 21 ; The Targum of Jonathan ben Uzziah ; The Targum of Jerusalem ) |
| **ئىبراھىم بىلەن ئۈچ يەھۇدى ياشنىڭ ئوتقا تاشلانغانلىق ۋەقەلىكى ئارلاشتۇرۋېتىلگەن** | |
| • ئىبراھىم بۇتقا سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ، ئەمما ئاللا ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 21:51_71 )<br>• ئىبراھىم ئاتىسى ئازارغا مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇتنى ئىلاھ دەمسەن، مىنىڭچە سەن ۋە قەۋمىڭ روشەن ئازغۇنلۇقتا.<br>(قۇرئان 6:74) | • قەدىمقى بابىل دەۋرىدە، بابىللىقلارغا ئەسىرگە چۈشكەن شادرا، مايشەك، ئابىدنىگو قاتارلىق ئۈچ يەھۇدى ياش بۇتقا سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بابىل پادىشاھى نەبۇقت نەزەر تەرىپىدىن يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ. ئەمما خۇدا ئۇلارنى قوتقۇزىۋالىدۇ.<br>(دانىيال پەيغەمبەر 3:8_23 )<br>• قۇرئان مىلادىدىن بۇرۇنقى 21_ئەسىردە ياشىغان ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭدىن 1500 يىل كېيىن ياشىغان، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 530_يىللىرى بابىللىقلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئۈچ يەھۇدى ياشنىڭ ۋەقەلىكىنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن. |

| | |
|---|---|
| ● ئەملىيەتتە قۇرئاندىكى بۇ خاتىرلەر مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس بەلكى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يەھۇدى رىۋايەتلىرى «مىدراش رابا» دىن كەلگەن. | |
| **لۇت ۋە ئايالىنىڭ سۇدۇم شەھرىدىن ئايرىلىشى** | |
| خۇدانىڭ پەرىشتىسى لۇتقا ئايالى ۋە ئىككى قىزىنى ئېلىپ گۇناھقا پاتقان سۇدۇم شەھرىدىن ئايرىلىشنى، بۇ شەھەرگە كېلىدىغان خۇدانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى، يولدا ئۇلارنىڭ ھەرگىز كەينىگە قاراپ سالماسلىقنى، تۈزلەڭلىككە ئەمەس تاغ تەرەپكە قاراپ قېچىشنى تاپىلايدۇ. ئۇلار شەھەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خۇدا ئاسماندىن ئوت تاشلاپ سۇدۇم ۋە گومورا شەھىرىنى ھالاك قىلىدۇ. يولدا لۇتنىڭ ئايالى كەينىگە قاراپ سالغاچقا شۇ ھامان تاش تۈزغا ئايلىنىپ قالىدۇ.<br>(تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:15ـ26 ) | پەرىشتە لۇتقا ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىشنى، يولدا ئايالىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ كەينىگە قاراپ سالماسلىقنى تاپىلايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى باشقىلار بىلەن بىللە ھالاك بولاتتى.<br>(قۇرئان 11:81) |
| **زەكەرىيانىڭ گەپ قىلالماس بولۇپ قالغان ۋاقتى** | |
| پەرىشتە زەكەرىياغا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى، بالىنىڭ ئىسمى يەھيا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئەمما زەكەرىيا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن خۇدا ئۇنى گاچا قىلىپ قويىدۇ، ئۇ تاكى يەھيا تۇغۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا گەپ قىلالمايدۇ.<br>(ئىنجىل ـ لۇقا 1:19، 20) | ئاللا زەكەرىياغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىش توغرىسىدا خۇش خەۋەر بېرىدۇ، بالىنىڭ ئىسمى يەھيا بولىدۇ، ئەمما زەكەرىيا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللا ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويىدۇ.<br>(قۇرئان 19:7ـ10 ) |

# ئىسلام شەرىئىتى بىلەن تەۋرات قانۇنىدىكى پەرقلەر

| ئىسلام شەرىئىتى | تەۋرات قانۇنى |
|---|---|
| ئەمىلىيەتتە قۇرئاندا خەتنە قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق. بالىلار قانداق چاغدا خەتنە قىلىنىشى كېرەك توغرىسىدا ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ئەنئەنىسىدە يەنە قىزلارنى خەتنە قىلىشمۇ رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ۋە ئىنسانىيلىققا چۈشمىگەن بىر خىل ئادەتتۇر. | ھەربىر ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپ 8-كۈنى چوقۇم خەتنە قىلىنىشى كېرەك. بۇ خۇدانىڭ يەھۇدىلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ بەلگىسىدۇر.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 12،17:10 ، لاۋىيلار 12:3) |
| تۆگە گۆشى يېيىشكە بولىدۇ.<br>(قۇرئان 147-6:142 ، 22:36 ) | تۆگە گۆشى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۇيىقى ئىككىگە ئاجرالمىغان. (ئىشەككە ئوخشايدۇ)<br>(لاۋىيلار 11:4، قانۇن شەرھى 14:7) |
| دېڭىزدىكى بارلىق جانلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ.<br>(قۇرئان 5:96 ، 16:14) | دېڭىزدىكى قاسىرقى ۋە قانىتى بار جانلىقلارنى (مەسىلەن بېلىقنى) يېيىشكە بولىدۇ، ئەمما قاسىرقى ۋە قانىتى يوق (غەلىتە كۆرۈمسىز) جانلىقلارنى يېيىشكە بولمايدۇ.<br>(لاۋىيلار 11:9،10 ، قانۇن شەرھى 14:9،10) |
| • قۇرئاندا سابات كۈنى تۈزۈمگە (خۇدا تەۋراتتا بەلگىلىگەن شەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمگە) ئەمەل قىلمىسا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.<br>(قۇرئان 2:65 ، 4:154)<br>• قۇرئاندا سابات كۈنى تۈزىمنى ئۇنى تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلار ئەمەل | • سابات كۈنى (يەنى شەنبىلىك دەمئېلىش كۈنى) مۇقەددەس كۈن بولۇپ، ئادەملەر ھەپتىدە بىر كۈن چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك. بۇ تەۋراتتا خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تۈزۈمدۇر، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك.<br>(مىسىردىن چىقىش 11-20:8 ، 17-31:12 ، نوپۇس سانى 36-15:30 ، قانۇن شەرھى 15-5:12 ) |

| | |
|---|---|
| قىلىشقا تىگىشلىك بولغان تۈزۈمدۇر دەيدۇ.<br>(قۇرئان 16:124)<br>● كىيىن مۇھەممەت جۈمە كۈنىنى شەنبە كۈنىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولىدۇ.<br>(بۇخارى ھەدىسلىرى 2:13:1 ، 4:26:693) | ● مەسىھلەر ئەيسا مەسىھنىڭ يەكشەنبە كۈنى تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلغان ۋە بىر كۈن دەم ئالغان، بۇ تەدرىجى مەسىھلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. غەرپتە پەيدا بولۇپ كىيىن پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش تۈزۈمى مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.<br>● گەرچە مۇھەممەت جۈمە كۈنىنى ئىبادەت قىلىش كۈنى دەپ ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەپتىدە بىر كۈن چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك دەيدىغان تۈزۈمنى بىكىتمىگەن. |
| ئەرلىرى قويۇۋەتكەن ئايال باشقا ئەر بىلەن توي قىلىپ ئاجراشسا، بۇرۇنقى ئېرى ئۇنى يەنە ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ. بىر ئەر ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىنى قايتا ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئايال چوقۇم باشقا بىر ئەر بىلەن بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجرىشىشى كېرەك.<br>(قۇرئان 2:229،230) | ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايال باشقا ئەر بىلەن توي قىلىپ يەنە ئاجراشقان بولسا، بۇرۇنقى ئېرى ئۇنى قايتا ئەمرىگە ئالسا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەخلاقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇدا يامان كۆرىدىغان ئىشتۇر.<br>(قانۇن شەرھى 24:1-4 ، يەرەمىيا 3:1-2 ) |
| ● ئەرلەر ھەيز مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىقى كېرەك.<br>(قۇرئان 2:222)<br>● ئەمما مۇھەممەت ئاياللىرى ھەيز مەزگىلىدىمۇ ئۇلارنى ئەركىلىتىپ يېقىنچىلىق قىلاتتى.<br>(بۇخارى ھەدىسلىرى 1:6:298،299) | ئەرلەر ھەيز مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا، ئۇنى سىلاشقا بولمايدۇ.<br>(لاۋىيلار 15:19-24 ، 19:10 ، 20:18) |
| مۇسۇلمان ئەسكەرلەر جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلسا بولىدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ ئېرى بولغان تەقدىردىمۇ يەنە شۇنداق قىلىشقا يول | ● ئەگەر ئەسكەرلەر ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنى ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ. (قانۇن شەرھى 21:10-14 ) |

| | |
|---|---|
| قويۇلىدۇ.<br>(قۇرئان 4:24 ، ھەدىس مۇسلىم 8:298:3371) | ● مۇقەددەس كىتاپتا ئېرى بار ئاياللارنى بۇلاپ تارتىۋېلىش ياكى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، قاتتىق جازالىنىدۇ دېيىلگەن.<br>(ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24 ، 20-12:14 ، لاۋىيلار 18:20 ، قانۇن شەرھى 22:22 ، ئىنجىل-مەتتا 19:6) |
| جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ دەرەخلەرنى كېسىشكە يول قويىدۇ، بۇ ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى ھاقارەتلەيدۇ.<br>(قۇرئان 59:5) | جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىشى چەكلىنىدۇ.<br>(قانۇن شەرھى 20:19،20) |

**قۇرئان ئاجايىپ پاساھەتلىك ئەسەرمۇ؟**

● قۇرئان ئۆزىنى ئاجايىپ پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر دەپ جاكارلايدۇ. قۇرئاندا ئادەملەر ۋە جىنلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ قۇرئاندەك پاساھەتلىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ دەيدۇ.

(قۇرئان 17:88)

○ ھالبۇكى، قۇرئاندا جىنلارنىڭ سۆزلىرى بار (قۇرئان 15-1:72 )، بۇ يوقۇرقى ئايەت بىلەن زىددىيەتلىك.

ئەمىلىيەتتە قۇرئان مۇنداقتۇر:

● قۇرئان ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزمۇنى بويىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلمىغان، ۋاقىت تەرتىپى بويىچە رەتكە تىزىلمىغان، بەلكى قارقۇيۇقلا بىر يەرگە دۆگىلەپ قويۇلغان پارچە-پۇرات ئايەتلەرنىڭ توپلىمىدۇر. قۇرئاندىكى ھەرقايسى باب-سۈرىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنىڭ مۇقەررەر باغلىنىشى يوق، تىمىسى ئېنىق ئەمەس.

● ئەگەر ھەدىس ياكى قۇرئان شەرھىلىرى بولمىسا، قۇرئاندىكى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قۇرئان تەپسىرچىلىرى دائىم مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) دىن پايدىلىنىپ قۇرئاننى چۈشەندۈرىدۇ.

● قۇرئاندىكى بەزى بۆلەكلەرنىڭ مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ، تەكرارلىنىش ئېغىر. ئايەتلەر

تەرتىپسىز ۋە پارچە-پۇرات بولۇپ، سىستىمىلىق ئەمەس. سۈرە-ئايەتلەر ئوتتۇرسىدا باغلىنىشچانلىق كەمچىل، ھەتتا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان تىمىدىكى ئايەتلەر بىر يەرگە دۆگىلەپ قويۇلغان. مەسىلەن قۇرئاننىڭ 20-سۈرىسىدە بۇ خىل ئەھۋال ئالاھىدە ئېغىر:

| | |
|---|---|
| 1-7 ئايەتلەر | ئاللانىڭ قۇرئاننى چۈشۈرۈشتىكى ئاساسى مەقستى سۆزلەنگەن. |
| 8-101 ئايەتلەر | توساتتىنلا موسانىڭ ھىكايىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. |
| 102-113 ئايەتلەر | قىيامەتتىكى سوراق ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بايان قىلىنغان. |
| 114-127 ئايەتلەر | تۇساتتىن يەنە ئادەم ئاتىنىڭ ھىكايىسىگە ئۇتۇپ كەتكەن. |
| 128-134 ئايەتلەر | ئىشەنمىگەنلەرنىڭ تەقدىرى ۋە مۇھەممەتنىڭ قىيىنچىلىققلارغا سەۋر-تاقەت قىلىشى توغرىسىدا سۆزلەنگەن. |

- قۇرئاندا گىراماتىكىلىق خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس.
- قۇرئاننىڭ ئاتالمىش پاساھىتى «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ پاساھىتىدىن ئۈستۈن ئەمەس.
- قۇرئاندا، ئەگەر كىشلەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا، ئۇنداقتا ئۇلار قۇرئانغا ئوخشتىپ بىرەر سۈرىنى ئوتتورغا چىقارسۇن، ئەمما ئادەملەر ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ دەيدۇ.

(قۇرئان 2:23،24 ، 10:38 ، 11:13 ، 52:34 )

- مۇسۇلمانلار مەيلى قۇرئاننى پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر دەپ قارىسۇن ياكى قارىمىسۇن، ئەمما بىر ئادەمنىڭ گۈزەل پاساھەتلىك ئەرەپچە ئەسەر ياكى شېئىرلارنى ئوتتۇرغا چىقىرالىشى، شۇ ئادەمنىڭ چوقۇم پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

تۆۋەندىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇ راستىنلا تەگداشسىز پاساھەتلىكمىكەن:

| قۇرئاندىكى زىددىيەتلىك ھەم تاققا ـ تۇققا ئايەتلەر |
| --- |
| ئۇلار: «ئۇنىڭ رەببىدىن نىمىشقا بىرەر بىشارەت چۈشمەيدۇ؟» دېيىشىدۇ. سەن ئۇلارغا: «ئاللا ھەقىقەتەن بىر خىل بىشارەت چۈشۈرەلەيدۇ» دىگىن. ئەمما ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 6:37) |
| مىنىڭ بىشارىتىمنى ئىنكار قىلغانلار، گاس ھەم گاچىدۇر، قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقتا قالغانلاردۇر. ئاللا كىمنى ئېزىقتۇرماقچى بولسا، شۇنى ئېزىقتۇرىدۇ؛ كىمنى توغرا يولغا كىرگۈزمەكچى بولسا، شۇنى توغرا يولغا كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 6:39) |
| سەن ئۇلارغا دىگىن: «مەن ھەقىقەتەن رەببىمدىن كەلگەن روشەن بىشارەتكە ئاساسلاندىم، ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار. سىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇچرايدىغان جازانى مەن توسۇپ قالالمايمەن. بارلىق ھۆكۈمنى ئاللا چىقىرىدۇ. ئۇ ھەقنى جاكارلايدۇ، ئۇ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.» (قۇرئان 6:57) |
| ئۇلار ئاللانى كۆرستىپ تۇرۇپ قاتتىق قەسەملەرنى قىلىشىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا بىر خىل بىشارەت بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئىشەنگەن بولاتتى. ئۇلارغا دىگىن: «بارلىق بىشارەتلەر پەقەت ئاللادىدۇر.» سىلەر قانداق بىلىسىلەر؟ بىشارەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. (قۇرئان: 6:109) |
| سىلەر ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان، ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ پەرھىزلىرىگە ئەمەل قىلمىغان، ھەق دىننى قوبۇل قىلمىغان ئادەملەر، شۇنداقلا بۇرۇن كىتاپ بېرىلگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىڭلار، تاكى ئۇلار بويسۇنۇپ جىزيە (مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج) نى يۇۋاشلىق بىلەن تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29) |
| ئەگەر ئاللا خالىسا، ئۇ چوقۇم سىلەرنى بىر مىللەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇ خالىغان ئادەمنى ئېزىقتۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەمما سىلەر چوقۇم قىلغان ئىشىڭلار ئۈچۈن سوراققا تارتىلىسىلەر. (قۇرئان 16:93) |
| زىنا قىلغان ئەر-ئايالنى، ھەر بىرسىنى 100 قامچىدىن ئۇرۇڭلار. ھەرگىز ئۇلارغا رەھىم قىلىپ ئاللانىڭ جازاسىنى كېمەيتمەڭلار، ئەگەر ئاللا ۋە قىيامەتكە ئىشەنسەڭلار. بىر توپ مۇسۇلماننى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ جازالىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغۇزۇڭلار. (قۇرئان 24:2) |
| ئەي ئېتىقاتچىلار! سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلمىغان ئەھۋالدا، (مۇھەممەت) پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە كىرمەڭلار؛ تاماق پىشىشتىن بۇرۇنمۇ كىرۋالماڭلار، سىلەرنى |

| |
|---|
| چاقىرغاندا ئاندىن كىرىڭلار؛ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال قايتىڭلار، قورۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇۋالماڭلار، بولمىسا پەيغەمبەرنى بىزار قىلىپ قويىسىلەر، ئۇ سىلەرنى ھەيدەشتىن خىجالەت بولىدۇ. ئاللا ھەقنى سۆزلەشتىن نومۇس قىلمايدۇ. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىر نەرسە ئالماقچى بولساڭلار، پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ سوراڭلار، بۇ سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈچۈن تېخىمۇ پاكتۇر. پەيغەمبەرنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئاللانىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر.<br>(قۇرئان 33:53) |
| ئاللا ھەقىقەتەن (مۇھەممەت) پەيغەمبەرگە رەھمدىلدۇر، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيدۇ. ئەي ئېتىقاتچىلار، سىلەر ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئامانلىق تىلەڭلار! ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى بىزار قىلغانلار بۇ دۇنيادا ۋە ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ، ئاللا ئۇلار ئۈچۈن نومۇسقا قالدۇرىدىغان جازالارنى تەييارلاپ قويۇقلۇق. (قۇرئان 57 ,33:56 ) |
| ئۆزىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى بىلەن ئېزىقتۇرۇلۇپ، رەزىللىكنى ياخشىلىق دەپ قارىغانلار، ئاللانىڭ توغرا يولىدا ماڭغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ئاللا خالىغان ئادەمنى ئېزىقتۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزەڭنى ئازاپلىما، ئاللا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلىدۇ. (قۇرئان 35:8) |
| بۇ ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، (قوبۇل قىلىشنى) خالىغان ئادەم، رەبىنىڭ يولىغا بارىدىغان يولنى تاللىيالايدۇ. بىراق ئاللا خالىمىغىچە سىلەر ئۆزەڭلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىلەر. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. (قۇرئان 30 ,76:29 ) |
| بىز سىنىڭ كۆڭلۈڭنى كەڭ قىلمىغانمۇ؟ سىنىڭ دۈمبەڭدە بېسىپ تۇرغان يۈكنى يېنىكلەتتۇق، يۈز ئابرويۇڭنى كۆتۈردۇق. قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدۇ، ھەر بىر قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق بولىدۇ. سىنىڭ ئىشلىرىڭ ئاياقلاشقاندا، تىرىشىپ رەببىڭدىن تىلىشىڭ كېرەك.<br>(قۇرئان 94) |
| ئەجىبا سەن رەببىڭنىڭ پىلىنىڭ ئىگىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ ئۇلارنىڭ پىلانىنى بەربات قىلمىغانمۇ؟ ئۇ توپ ـ توپ ئۇچار قۇشلارنى ئەۋەتىپ، چالما ـ كېسەكلەر بىلەن ئۇلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى خۇددى قىرقىلىپ كەتكەن ئوت ـ چۆپكە ئوخشىتىپ قويغانىغۇ. (قۇرئان 105) |

(ئاللا) قۇرەيشلەرنى قوغداش ئۈچۈن، قىش ۋە يازدىكى سەپەردە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنى كەبىنىڭ ئىگىسىگە تېۋىنىدۇرگەن، ئۇلارنىڭ ئاچ قالماسلىقى ئۈچۈن يېمەكلىك بەرگەن، ۋەھىمىدە قالماسلىقى ئۈچۈن ئامانلىق بەرگەن. (قۇرئان 106)

سەن دىگىن: «ئەي ئىمانسىزلار، سىلەر چوقۇنغانغا مەن چوقۇنمايمەن، سىلەرمۇ مەن چوقۇنغانغا چوقۇنمايسىلەر. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلەرگە، مىنىڭ دىنىممۇ ئۆزەمگە.» (قۇرئان 109)

ئوت ئاتىسىنىڭ (ئادەمنىڭ ئىسمى) ئىككى قولى زەخىملەنگەي، ئۇ چوقۇم زەخىملىنىدۇ. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەنلىرى ئۇنىڭغا ھىچقانداق پايدىسى يوقتۇر. ئۇ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوتۇن توشىغان ئايالىمۇ ئوتقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ بوينى ئاغامچا بىلەن باغلىنىدۇ. (قۇرئان 111)

ئەمدى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردىكى سۆزلەرگە قاراپ باقايلى:

**مۇقەددەس كىتاپتىكى سۆزلەر**

پەرۋەردىگار مىنىڭ باققۇچىمدۇر، شۇڭا ھىچنىمەم كەم ئەمەستۇر.
ئۇ مىنى ياپيېشىل چىملىقلاردا ياتقۇزىدۇ، تىپتىنىچ سۇ بويلىرىغا باشلاپ بارىدۇ.
ئۇ مىنىڭ روھىمنى ئويغىتىدۇ، ئۆز نامى بىلەن مىنى ھەققانىيەت يولىدا يىتەكلەيدۇ.
ئۆلۈم سايە تاشلاپ تۇرغان قاراڭغۇ جىلغىلاردىن ئۆتكەندىمۇ، خەتەردىن قورقماسمەن،
چۈنكى سەن مەن بىلەن بىللىدۇرسەن، سىنىڭ ھاساڭ ۋە تايىقىڭ ماڭا تەسەللىدۇر.
سەن دۈشمەنلىرىم ئالدىدا ماڭا داستىخان ھازىرلايسەن،
بېشىمنى مايلاپ، قەدىھىمنى لىق تولدۇرىسەن.
شۇنداق، پۈتكۈل ھاياتىمدا بەخت ۋە مىھرى-شەپقىتىڭ ماڭا ياردۇر.
شۇڭا ئى پەرۋەردىگارىم، سىنىڭ ھوزورىڭدا تۇرىمەن ئەبەدىلئەبەد.
(زەبۇر 23-پارە)

قەلبىم ئۆرتىنىدۇ، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئازاپلىنىدۇ.
مەن نەقەدەر ھاماقەت ۋە نادانىدۇرمەن، ئالدىڭدا خۇددى ھايۋانغا ئوخشايمەن.
ئەمما مەن يەنىلا سەن بىلەن بىرگە بولىمەن، سەن ئوڭ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭىسەن.
نەسىھىتىڭ بىلەن مېنى يېتەكلەپ، شان-شەرىپىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىسەن.
ئەرشتە سەندىن باشقا كىمىم بار، يەر يۈزىدە سەندىن باشقا نېمە خۇشلۇقۇم بار.
تېنىم ۋە ئىچ باغرىم ھامان زەئىپلىشىدۇ، ئەمما خۇدا مەڭگۈ مېنىڭ روھى مەدەتكارىم ۋە بەختىمدۇ.
سەندىن ئايرىلغانلار ھامان ھالاك بولىدۇ، سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى مۇقەررەر گۇمران قىلىسەن.
ئەمما مېنىڭ خۇداغا يېقىن تۇرۇشۇم نەقەدەر ياخشى ئىش ھە،
مەن چوقۇم پەرۋەردىگارنى باشپاناھ قىلىمەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى خەلقئالەمگە جاكارلايمەن.
(زەبۇر 28-73:21 )

ئى قەلبىم، خۇدانى مەدھىيىلىگىن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىنى مەدھىيىلىگىن.
ئى قەلبىم، خۇدانى مەدھىيىلىگىن، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن.
ئۇ پۈتۈن گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىدۇ، بارلىق كېسەللىرىڭنى ساقايتىدۇ.
ئۇ ھاياتىڭنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ، ساڭا مېھىر-شەپقەت تاجىنى كەيدۈرىدۇ.
ئۇ قۇت-بەخت بىلەن ھاياتىڭنى توشقۇزىدۇ، سېنى بۈركۈتتەك قايتا ياشارتىدۇ.
پەرۋەردىگار ھەققانىيەتنى يۈرگۈزىدۇ، ئېزىلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ.
ئۇ مۇساغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن، ئىسرائىللارغا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلغان.
پەرۋەردىگار مېھرى-شەپقەتلىكتۇر، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر.
ئۇ بىزنى داۋاملىق ئەيىپلىمەيدۇ، غەزىپىمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.
ئۇ بىزنى گۇناھكارلاردەك بىر تەرەپ قىلمايدۇ، قىلغان گۇناھلىرىمىزغا لايىق جازا بەرمەيدۇ.
ئاسمان زېمىندىن قانچىلىك ئېگىز بولسا، ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر بولىدۇ.

شەرق غەرپتىن قانچىلىك يىراق بولسا، ئۇ گۇناھلىرىمىزنىمۇ بىزدىن شۇنچىلىك يىراققا ئېلىپ كىتىدۇ.
ئاتا پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك مىھرىبان بولسا، پەرۋەردىگارمۇ مۆمىن بەندىلىرىگە شۇنچىلىك مىھرىبان بولىدۇ.
چۈنكى ئۇ تىنىمىزنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلىدۇ، بىزنىڭ پەقەتلا بىر ئوچۇم توپا ئىكەنلىكىمىزنى ياد ئىتىدۇ.
ئىنسانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى خۇددى ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىمۇ خۇددى دالىدىكى گۈل-گىياھلارغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار شامالنىڭ ئۇچۇرىشى بىلەن ھامان توزۇپ يوقايدۇ، ئەسلى ماكانىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ.
ئەمما خۇدانىڭ مىھرى-مۇھەببىتى ئەبەدىل-ئەبەدكە ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.
ئۇنىڭ ھەققانىيىتىمۇ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ساقلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئەھدىسىگە سادىق بولۇپ، ئەمرلىرىنى يادىدا چىڭ تۇتقان ۋە ئەمەل قىلغانلارغا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.
پەرۋەردىگار ئەرشتە ئۆز تەختىنى تىكلەپ، پۈتكۈل ئالەمدىكى مەۋجۇداتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، كۈچلۈك پەرىشتىلەر خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ.
بارلىق قوشۇنلار، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ خۇرسەن قىلىدىغانلار، خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ.
ئۇ ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلار، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق جايلار، ھەممىسى خۇدانى مەدھىيەلەيدۇ.
ئى مىنىڭ قەلبىم، سەنمۇ خۇدانى مەدھىيىلىگەيسەن !
(زەبۇر 103-پارە)

ئۆزىنىڭ خۇداغا مۇھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭدۇر.
قايغۇرغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ.
مۇلايىم بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر ئۇلار.
ھەققانىيلىققا ئىنتىلىدىغانلار نەقەدەر بەختلىك،

چۈنكى خۇدا ئۇلارنى تولۇق قانائەتلەندۈرىدۇ.
باشقىلارغا رەھىمدىل بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارغا رەھىمدىلدۇر.
قەلبى پاك بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ.
تىنچلىق ئورناتقۇچىلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارنى پەرزەنتىم دەيدۇ.
خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭدۇر.

مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە تۆھمىتىگە ئۇچرىساڭلار، نەقەدەر بەختلىكسىلەر. شاد-خۇرام بولۇڭلار، چۈنكى ئەرشتە سىلەر ئۈچۈن كۆپ ئىنئام ساقلانماقتا. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان ئىدى.

(ئىنجىل-مەتتا 5:3-12)

---

ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار! مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي. مۇلايىم ۋە كەمتەرمەن، شۇڭا مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىپ، مەندىن ئۆگىنىڭلار! شۇنداق بولغاندا، كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ. مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا بولۇش ئاسان، تەلىپىم ئېغىر ئەمەس.

(ئىنجىل-مەتتا 11:28-30)

---

ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

- سىلەرگە مەلۇمكى، بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلار خەلققە خوجا بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. بىراق سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنداق ئىش بولمىسۇن. سىلەردىن كىم چوڭ مەرتىۋىلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇ باشقىلارغا خىزمەت قىلسۇن. كىم باش بولماقچى بولسا، ئۇ باشقىلارنىڭ قۇلى بولسۇن. ئىنسانئوغلىمۇ باشقىلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغىلى ئەمەس، باشقىلارغا خىزمەت قىلغىلى ۋە جېنىنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى گۇناھتىن ئازاد قىلغىلى كەلدى.

(ئىنجىل-مەتتا 20:25-28)

| |
|---|
| بىر كەمبەغەل تۇل ئايال كېلىپ، (ئىبادەتخانىنىڭ ئىئانە ساندۇقىغا) بىر نەچچە تىيىن قىممىتىدىكى ئىككى تەڭگىنى تاشلىدى. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېدى: بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ نامرات تۇل ئايالنىڭ ئىئانىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەممەيلەنىڭكىدىن كۆپ. چۈنكى باشقىلار ئۆزىنىڭ ئاشقان بايلىقىنى ئىئانە قىلدى. لېكىن بۇ ئايال نامرات تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بارلىقىنى ئىئانە قىلدى.<br>(ئىنجىل-ماركوس 12:42-44 ) |
| ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق تەمسىل سۆزلەپ بەردى:<br>- ئەگەر ئىچىڭلاردا بىرەيلەنىنىڭ يۈز تۇياق قويى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ جەزمەن قالغان 99 قويىنى ئوتلاقتا تاشلاپ، ھېلىقى يوقالغان قويىنى تېپىۋالغىچە ئىزدىمەمدۇ.<br>(ئىنجىل-لۇقا 15:3،4 ) |
| ياخشى قويچى ئۆزۈمدۇرمەن. مەن ئۆز قويلىرىمنى تونۇيمەن، ئۇلارمۇ مېنى تونۇيدۇ.<br>(ئىنجىل-يۇھاننا 10:14 ) |
| جېنىمنى ھېچكىم ئالالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى بېرىشكە ۋە قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇقمەن. خۇدا ئاتام ماڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغان.<br>(ئىنجىل-يۇھاننا 10:18) |
| مېنىڭ قويلىرىم گېپىمنى ئاڭلايدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلارمۇ ماڭا ئەگىشىدۇ. مەن ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىمەن. ئۇلار مەڭگۈ ھالاك بولمايدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ.<br>(ئىنجىل-يۇھاننا 10:27،28) |

| |
|---|
| مېھرى-مۇھەببەت سەۋر-تاقەت ۋە مېھرىبانلىقتۇر. مېھرى-مۇھەببەتتە ھەسەتخورلۇق بولمايدۇ، ماختانچاقلىق ۋە تەكەببۇرلۇقمۇ بولمايدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلمايدۇ، شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ، باشقىلارغا ئاداۋات ساقلىمايدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ناھەقچىلىكنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ھەققانىيەتتىن خۇرسەن بولىدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ، ھەممىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۈمىدۋار ۋە چىداملىق بولىدۇ.<br>(ئىنجىل-كورىنتلىقلار يېزىلغان بىرىنچى خەت 7-13:4 ) |
| خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلىشىنى ۋە ھەقىقەتنى تونۇشىنى خالايدۇ.<br>(ئىنجىل-تىموتىغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 2:4) |
| **ئىنجىلدىن روھى ئوزۇق ئالغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىمۇ قۇرئاندىكى «پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە تەلىملەر» دىن قېلىشمايدۇ.** |
| ئى خۇدا، مىنى ئۆزۈڭنىڭ تىنچلىق ئوغلى قىلغىن !<br>ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان جايلارغا مېھرى-مۇھەببەت ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،<br>ئاداۋەت يارىسى بىلەن تولغان جايلارغا كەچۈرۈمچانلىق ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،<br>گۇمان بىلەن تولغان جايلارغا ئىشەنچ ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،<br>ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان جايلارغا ئۈمۈد ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،<br>قاراڭغۇ زۇلمەت بىلەن تولغان جايلارغا پارلاق نۇرۇڭنى چاچاي،<br>ئازاپ-ئۇقۇبەت بىلەن تولغان جايلارغا خۇشاللىق ئۇرۇقۇڭنى چاچاي.<br>ئى ئۇلۇغ رەببىم، ماڭا مەدەت بەرگىن !<br>ئۆزۈمدىن كۆرە،<br>باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ تەسەللى بېرەي،<br>باشقىلارنى تىخىمۇ كۆپ چۈشىنەي،<br>باشقىلارنى تېخىمۇ كۆپ سۆيەي. |

| |
|---|
| چۈنكى، <br> ئالغاندىن بەرگەن بەختلىك، <br> كەچۈرسەك كەچۈرىلىمىز، <br> جاندىن كەچسەكمۇ، يەنىلا مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىمىز. <br> ئامىن ! <br> «سان فرانسىسكونىڭ دۇئاسى» <br> (سان فرانسىسكو 1182-يىلى ئىتالىيەنىڭ ئاسسىيە شەھرىدە تۇغۇلغان. 1224-يىلى ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ تېنىنىڭ بەش يېرىگە روشەن ئىز قالدۇرۇپ قويغان. كېيىن ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.) |
| خۇدا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. خۇدا مۇتلەق مېھرى-مۇھەببەت بىلەن ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشكە بىۋاستە ياردەم قىلمايدۇ. شۇڭا تەكەببۇر ئادەمنىڭ كەمتەرلىششى، خۇدانىڭ ئىنسانىي ئۆزگەرتىشتىكى تۇنجى قەدىمىدۇر. <br> بىز دائىم شۇنى ھېس قىلىمىزكى، مۇشەققەتلىك بىرەر ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ئامال، ئۇنى خۇداغا تاپشۇرۇشتۇر. <br> ھەقىقى ئېتىقات ئىنسان تەبىئىتىنى چىن دەپ قارايدۇ، ساختا ئېتىقات بولسا ئۇنى مەۋھۇم نەرسە دەپ كۆرسىتىدۇ. <br> خۇدانى تونىسىمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونىماسلىق بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونىسىمۇ خۇدانى تونىماسلىق ئوخشاشلا خەتەرلىكتۇر. شۇڭا خۇدا ئالدىدىكىسىدىن ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، كېيىنكىسىگە ئۆزىنى نامايەن بولىدۇ. <br> ئىنسان نەقەدەر پۈچەك ئاجىز ھە! ئۇ زېرىكەرچىلىك ئىشلارغا ئازاپلىنىدۇ، يەنە شۇ زېرىكەرچىلىك ئىشلار ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. <br> (خۇدادىن كەلگەن ھەقىقى) ئەقىل-پاراسەت بىزنى يېتەكلەپ قايتىدىن باللارغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. (خۇددى باللارغا ئوخشاش تەبىئىي، ئاق كۆڭۈل، سەممىي، كەمتەر، مۇلايىم، خۇشال ... ) <br> ھوقۇققا ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلى، ئەگەر ئامىمنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ قىزىقىشى ئۈچۈنلا بولسا، ئۇنداقتا ھوقۇق قانچە كۆپ بولغان يەردە دۇرۇس ئادەمنى تېپىشمۇ شۇنچە تەس بولىدۇ. |

جامائەت پىكرى گەرچە ھاكىمىيەتكە ئوخشاش جاھاننى سورىيالىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاكىمىيەتنى نازارەت قىلالايدۇ.

خاتا ھالدىكى ئىخلاسمەنلىك ھەقىقەتنى ئەمەس بەلكى تىنىچ-ئامانلىقنىلا قوغلىشىدۇ، ياكى مېھرى-مۇھەببەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ھەقىقەتنىلا قوغلىشىدۇ.

ئادەمنى ئېتىقاتتىن چەتنىتىدىغان ئىككى ئاساسلىق سەۋەپ: بىرسى، ئايەتلەرنىڭ يۈزەكى مەنىسىگە زىيادە ئېسىلىۋېلىش؛ يەنە بىرسى، ھەممە ئىشنى روھقا باغلاپ زىيادە سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش.

« **pensees** » (پاسكال ئىدىيىلىرى)

(پاسكال، 1623-يىلى فىرانسىيەدە تۇغۇلغان، ئىنسانىيەت ئىلىمپەن تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ ئالىم، ماتىماتىكاشۇناس، فىزىكاشۇناس، پەيلاسوپ، شۇنداقلا ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىسى. )

---

ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىپ، مەڭگۈ يوقۇتۇپ قويۇشقا بولمايدىغان نەرسىگە ئېرىشكەن ئادەم ھەرگىز ئەخمەق ئەمەس.

- Jim Elliot

(جىم ئىللىيوت، 1927-يىلى ئامىرىكىدا تۇغۇلغان، 1956-يىلى ئۆزىنىڭ ئامىرىكىدىكى ياخشى تۇرمۇشنى تاشلاپ، ئىكۋاتوردىكى ئىپتىدائى قەبىلە ئوكالارغا خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىپ شىھىت بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوكالار ئارىسىغا بېرىپ داۋاملىق خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ. ئوكا قەبىلىسى بۇ ئايالنىڭ باتۇرلىقىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئۇلار ئىنجىلدىن خۇدانىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى كۆرۈپ يېتىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا جىم ئىللىيوتنىڭ نىمە ئۈچۈن يېنىدا مىلتىق تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىگە ئوق چىقارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدىلا ئاندىن چۈشىنىدۇ. ئۇلار كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ خۇدانى قوبۇل قىلىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق گۇناھكار ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش روھى، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۇسۇل ۋە قۇدرەت بىلەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى يەنە بىر قېتىم نامايەن بولىدۇ. )

---

ھېچكىم بىزنى ئەيسا مەسىھنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ھەرقانداق قىيىن ئەھۋال، جاپا-مۇشەققەت، زىيان-زەخمەت، ئاچ-يالىڭاچلىق ۋە خېيىم-خەتەر، ھەتتا قىلىچ-توقماقمۇ بىزنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. گەرچە بىز خۇددى قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوزىلاردەك ئۆلۈم گىردابىدا تۇرساقمۇ، ئەمما بىزنى

سۆيدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بولارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىمىز. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۆلۈم ياكى ھاياتلىق بولسۇن، پەرىشتىلەر ياكى جىن-شاياتۇنلار بولسۇن، ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق ئىشلار بولسۇن، ياكى روھلار دۇنياسىدىكى ھەرقانداق كۈچلەر بولسۇن، ياكى ئالەمدە يارىتىلغان ھەرقانداق شەيئى بولسۇن، مەيلى بىز ئېگىز ئاسماندا ياكى چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىدە بولايلى، ھېچكىم بىزنى خۇدانىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئاتا قىلغان مېھرى-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ !

«پاۋلۇس-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 8:35-39»

(پاۋلۇس، ئەسلى ئىنتايىن جاھىل يەھۇدىي دىنى مۇرتى بولۇپ، باشتا مەسىھ ئېتىقاتىغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان. ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا نۇرغۇن زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان. ئەمما كېيىن دەمەشققە كېتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا غايىپتىن كۆرىنىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن. پاۋلۇس كېيىنكى ئۆمرىنى ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا بېغىشلايدۇ. ئۇ خۇش خەۋەر تارقىتىش يولىدا نۇرغۇن جەبىر-مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئېتىقاتىدىن قەتئىي يانمايدۇ ۋە ئاخىرى بۇ يولدا شېھىت بولىدۇ.)

## قۇرئاننىڭ «پاساھەتلىك؟» بولۇشى، ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامدۇ ؟

- قۇرئان دۇنيادىكى ئەڭ پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە:

○ مۇھەممەت بۇ دەلىلنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەگەشكەنلەر ئىنتايىن ئاز ئىدى.

○ كېيىن مۇھەممەت ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئۇرۇش قوزغاش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق زوراۋانلىق ئۇسۇلنى قوللانغاندىن كېيىن، ئاندىن نۇرغۇن ئادەم ئىسلامغا كىرىشكە باشلايدۇ.

- قۇرئاننى ئىسىل ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ.

○ مۇھەممەت مەككىدە دىن تارقىتىۋاتقاندا، نادار ئىسىملىك بىر ئەرەپ شائىرى بار بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالاتتى. ھەر قېتىم مۇھەممەت قۇرئاننى قىرائەت

قىلغاندا، نادار ئورنىدىن تۇرۇپ: «مىنىڭ شېئىرلىرىم بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى» دەيتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، كۆپچىلىكتىن: «مۇھەممەتنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ قەيېرى مېنىڭكىدىن ياخشى» دەپ سورايتى. بۇنىڭغا مۇسۇلمانلار جاۋاپ قايتۇرالمايتى.

○ كېيىن مۇسۇلمانلار چىدىماسلىق قىلىپ نادارنى ئۆلتۈرۋىتىدۇ.

● قۇرئان ئۆزىنى «مۇبىن» (روشەن،ئۇچۇق) دېيىش ئارقىلىق، خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، ئەمما:

○ قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەتلەرنىڭ ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈشلىرى بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئون نەچچە خىل چۈشەندۈرۈش ۋە شەرھىلىرى بار.

○ قۇرئاندىكى بەشتىن بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى روشەن ۋە ئۇچۇق ئەمەس، ئۇلارنى چۈشەنمەك ئىنتايىن تەس.

○ نۇرغۇن باب (سۈرە) لەرنىڭ ئالدىدا، «ئالىف، لام، را» دىگەندەك ھەرىپلەر بار بولۇپ، ئوخشىمىغان نوسخىدىكى قۇرئانلاردا بۇلارغا ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى بەرگەن. يۈسۈپ ئەلىنىڭ تەرجىمە نوسخىسىدا: «بىز بۇ ھەرىپلەرنىڭ نىمە مەنا بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بەلكىم سېھرى كۈچكە ئىگە بولغان سىرلىق ھەرىپلەر بولىشى مۇمكىن» ـ دەيدۇ. دىمەك بۇ ھەرىپلەرنىڭ نىمە مەنا بېرىدىغانلىقى روشەن ۋە ئۇچۇق ئەمەس بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ.

○ ئەلى داشت ئۆزىنىڭ «23 يىل» (قۇرئان نازىل بولغان 23 يىل) دىگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى چۈشەنمەك ئىنتايىن تەس، بەزى جۈملىلەر مۇكەممەل ئەمەس، ئەگەر تەپسىرلىرى (شەرھىلىرى) بولمىسا، تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەتئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر، ئەرەپ تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان مەنىسىنى بىكىتكىلى بولمايدىغان سۆزلەر مەۋجۇد. بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن بىنورمال. سۈپەت ئىبارىلىرىنىڭ جىنس ۋە بىرلىك ـ كۆپلۈك شەكلى جۈملىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن ماسلاشمايدۇ. ئالماش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ، گىراماتىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ نىمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. قاپىيىداش ئايەتلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەر ماسلاشمىغان، سۆز ـ جۈملىلەر راۋان ئەمەس. ئەلى داشت بۇلارغا نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسەتكەن.

● ئابدۇللا ئىبنى ساھاب مۇھەممەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كاتىپى بولۇپ، ئۇمۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىدىن گۇمانلانغان.

o مۇھەممەت قۇرئاننى قىرائەت قىلغاندا، ئىبنى ساھاب ئايەتلەرنى خاتىرلىۋالاتتى، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەممەتكە تەكلىپ-پىكىر بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

o قۇرئان 23-سۈرە 14-ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاللاغا مەدھىيىلەر بولسۇن، ئۇ ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى» دىگەن سۆزنى ئەسلى كاتىپ ئابدوللا قوشۇپ قويغان. ئەمما قۇرئان رەتلىنىپ كىتاپ بولغان چاغدا بۇ سۆزلەرمۇ قۇرئانغا كىرگۈزۈلۈپ قويۇلغان.

o ئابدۇللا ئىبنى ساھاب كېيىن ئىسلامدىن ئايرىلىپ كىتىدۇ، چۈنكى ئۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىگە، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

o ئەگەر قۇرئان راستىنلا خۇدانىڭ روشەن مۆجىزىسى بولسا، ئۇنداقتا مۇھەممەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كاتىپى، قۇرئاننى بىۋاستە خاتىرلىگۈچى بۇنى بىلەلىشى كېرەك ئىدى.

o گەرچە كېيىن ئۇ ئىسلامغا قايتا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبى، مۇھەممەت قوشۇن توپلاپ مەككىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرنى قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاشۇ كاتىپىمۇ بار ئىدى. بىراق مۇھەممەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كىچىشنى تىلەپ تۇرۇۋالغاچقا، مۇھەممەت ئەگەر ئابدۇللا ئىسلامغا قايتا كىرسە ئۇنىڭ جېنىنى ئالماسلىققا قوشۇلىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ساھاب مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىق ۋە بېسىم ئاستىدا قايتىدىن ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

(يوقۇرقى تارىخى ماتىرىياللارنى 9-ئەسىردە ياشىغان ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى قۇتەيبى خاتىرلەپ قويغان)

5- قىسىم

# مۇھەممەت

**مۇھەممەت تارىختا ئۆتكەن قالتىس ئادەملەرنىڭ بىرى**

● مۇھەممەت ھەقىقەتەن تارىختا ئۇتۇق قازانغان سىياسىيون، ھەربى ئالىم، قانۇن تۈزگۈچى، دىن تارقاتقۇچى، ناتىق ۋە باتۇر ئادەم. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، بۇ دۇنياغا مەنسۇپ بولغان 20 ئىمپىرىيە بىلەن روھى دۇنياغا مەنسۇپ بولغان بىر ئىمپىرىيەنى قۇرۇپ چىققان.

(L. Martyn: Histoire de la Turquie, 1854, Paris)

● مۇھەممەتنى قالتىس بىر داھى دىيىشكە بولىدۇ، ئۇ تارىختا زور ئۇتۇق قازانغان، 1400 يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى 25% ئادەمگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ھازىرمۇ دۇنيادا بىر مىلياردتىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، تەسىر كۈچى ھىلىھەم ناھايىتى چوڭ.

● مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئىناۋىتى ۋە دىنى ئەقىدىسىگە تايىنىپ، ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. سىياسەت، دىن، جەمىيەت، قانۇن قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما ۋە تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەنە بۇلارنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئەتراپتىكى خەلقلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ نۇرغۇن مىللەتلەرنى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن.

● مۇھەممەت كىشىلەرنى بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ياندۇرۇپ، بىر ئاللاغا ئېتىقات قىلىشقا دەۋەت قىلغان.

● مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم كونا ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى تۈزەتكەن.

**ئەمما مۇھەممەت راستىنلا پەيغەمبەرمۇ ؟**

● قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىسىدا مۇنداق خاتىرلەنگەن:

○ مۇھەممەت ساۋاتسىز (خەت تونىمايدىغان) ئادەم. (قۇرئان 158، 7:157)

بىراق بۇخارى ھەدىسلىرىدە بۇنىڭغا زىت كىلىدىغان بەزى مەزمۇنلار بولۇپ، مۇھەممەتنىڭ خەت ئوقۇيالايدىغانلىقى ۋە يازالايدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. (ھەدىس بۇخارى 408، 4:53:393 ، 5:59:717)

○ مۇھەممەت بىر پەيغەمبەر (قۇرئان 48:29) ؛ بىر ئاددى ئادەم (قۇرئان 18:110 ، 41:6) ؛ ئۇمۇ ئۆلىدۇ (قۇرئان 3:144 ، 39:30) .

● بىراق بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنى ناھايىتى يوقىرى كۆتىرىدۇ، ئۇنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۇنى خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا ئازلا قالىدۇ.

ئەمما بۇلار قۇرئاندىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

○ مۇھەممەت ھەممە ئادەمگە ساۋاق بېرىدۇ. (قۇرئان 7:158 ، 34:28)

○ مۇھەممەت ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر. (قۇرئان 33:40)

○ مۇھەممەت خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى. (قۇرئان 2:119 ، 13:7 ، 25:1 ،27:92 ، 29:50 ، 33:45 ، 34:28 ، 35:23 ، 41:4 )

يوقۇرقى بەزى ئايەتلەردە مۇھەممەتنى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچىسى دېيىلگەن، ئەمما بەزى ئايەتلەردە «پۈتۈن دۇنيانىڭ» دېگەن سۆز يوق.

○ مۇھەممەت قوغدىغۇچى ۋە نازارەتچى ئەمەس. (قۇرئان 6:107 ، 10:108، 17:54) ؛ ئۇ پەقەت بىر تەلىم بەرگۈچى (قۇرئان 88:21,22 )

• تۆۋەندىكى ئايەتلەردە مۇھەممەتنى پەقەت ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبىرى دېيىلگەن بولۇپ، بۇلار «مۇھەممەت پۈتۈن دۇنيانىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن يوقۇرقى ئايەتلەر بىلەن زىت كېلىدۇ. مۇھەممەت ئەرەپ مىللىتىدىن بولۇپ، ئەرەپ تىلىنىڭ قۇرەيش شىۋىسىدە سۆزلەيتى.

○ مۇھەممەت پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ. (قۇرئان 13:7)

○ ئاللا ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولغان پەيغەمبەرنى (مۇھەممەتنى) ئىلگىرى روشەن ئازغۇنلۇقتا يۈرگەن ئەرەپلەرگە قۇرئاننى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. (قۇرئان 62:2)

○ ئاللا مۇھەممەت ئارقىلىق مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرئاننى چۈشۈرىدۇ. (قۇرئان 6:92)

○ ئاللا مۇھەممەتكە ئەرەپ تىلىدىكى قۇرئاننى نازىل قىلىش ئارقىلىق مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچى بولىدۇ. (قۇرئان 42:7)

○ ئاللا ئەرەپلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇرئاننى ئەرەپ تىلىدا نازىل قىلىدۇ. (قۇرئان 43:3)

○ ئاللا ھەرقايسى مىللەتلەرگە پەيغەمبەر ئەۋەتكەندە، پەيغەمبەرنىڭ شۇ مىللەتكە توغرا يولنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا كىتاپ نازىل قىلىپ بېرىدۇ. (قۇرئان 14:4)

• قۇرئاندا ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامغا كىرمىگەن ئادەملەرنىڭ مۇھەممەت توغرىسىدا

ئېيتقان تۆۋەندىكى سۆزلىرى خاتىرلەنگەن:

- مۇھەممەت ئاللانىڭ نامى بىلەن يالغاننى توقۇغان. (قۇرئان 16:101 ، 42:24 ، 34:7،8)
- مۇھەممەت ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەم. (قۇرئان 15:6 ، 7:184 ، 46،34:8 ، 44:14 ، 51:52 ، 52:29 ، 68:2 ، 81:22 )
- مۇھەممەت تەلۋىلەشكەن بىر شائىر. (قۇرئان 37:36 )
- مۇھەممەت بىر سېھىرگەر، يالغانچى. (قۇرئان 38:4 ، 10:2 ، 21:5 ، 51:52 )
- مۇھەممەت بىر پالچى. (قۇرئان 52:29 )
- مۇھەممەت ئازغان ئادەم. (قۇرئان 25:8)
- مۇھەممەت ئەخمىقانىلارچە جۆيلۈيدىغان ئادەم. (قۇرئان 21:5)

- مۇھەممەت ھىچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەن.

  - قۇرئاندا پەيغەمبەردە ئۇچۇق مۆجىزە بولىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن. (قۇرئان 3:183 ، 6:109 ، 40:78)
  - قۇرئاندا مۇھەممەت توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرلەنگەن:
    - مۇھەممەتنىڭ ئەڭ چوڭ دەلىلى قۇرئاننىڭ ئۇنىڭغا نازىل بولىشىدۇر. (قۇرئان 6:19)
    - مۇھەممەت خەت ئوقۇيالمايتى ھەم يازالمايتى. ئاللانىڭ قۇرئاننى ئۇنىڭغا نازىل قىلىشىنىڭ ئۆزىلا بىر روشەن مۆجىزىدۇر. (قۇرئان 49-29:47 )
    - قۇرئاندىن باشقا، مۇھەممەت خۇدادىن كەلگەن ھىچقانداق بىر مۆجىزىنى كۆرسىتەلمىگەن. (20:133 ، 10:20 ، 13:7 ، 28:48 ، 29:50 )
    - مۇھەممەت ھىچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەھۇدىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. مۇھەممەتمۇ مۆجىزە كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاددى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 93-17:90 )

- بەزى ھەدىسلەردە مۇھەممەتنىڭمۇ مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئەمما بۇلار قۇرئاندىكى يوقۇرقى ئايەتلەرگە زىت بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە توقۇپ چىقىرىلغان رىۋايەتلەردۇر. ھەدىسلەر مۇھەممەت ئۆلۈپ خىلى ئۇزۇن دەۋرلەردىن كېيىن ئاندىن يېزىلغان.

• مۇھەممەت ئۆزىنى خەت تونۇمايمەن دەيدۇ، ھەم قۇرئاننىڭ ئۆزىگە نازىل قىلىنىشىنى بىر مۆجىزە دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ قۇرئاننىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرى بىلەن يەنە زىت كېلىدۇ.

قۇرئاندا ساۋاتسىز، بىلىمسىز ئادەملەر ئەيىپلىنىدۇ:

○ خەت تونۇمايدىغان ساۋاتسىزلار قۇرئاننى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلار قالايمىقان بىلجىرلاش ۋە پەرەز قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 2:78)

○ بىلىملىك ئادەم بىلەن بىلىمسىز ئادەم باراۋەر ئەمەس. ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەملەرلا چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 39:9)

پەقەت ئاللا بىلەن بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرلا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7)

## مۇقەددەس كىتاپتا مۆجىزە توغرىسىدىكى تەلىملەر

• خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ، مۇسانىڭ ھەقىقەتەن خۇدانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 4)

• خۇدا ئىلياس پەيغەمبەر ئارقىلىق نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (پادىشاھلارII 18)

• ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئايان قىلىدۇ. (ئىنجىل)

• قۇرئاندىمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نۇرغۇن مۆجىزە كۆرسەتكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. (قۇرئان 51-3:49 )

• ئەيسا مەسىھ مۆجىزە كۆرسىتىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىلەرنى ئىسپاتلايدۇ:

○ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن خۇدادىن كەلگەنلىكىنى، خۇدانىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 3:2 ، 5:36 ، 10:38 ، 14:9،11 ، 20:30،31)

○ خۇدا ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە، زور مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىش، شۇنداقلا مۇقەددەس روھنىڭ ئىلتىپاتلىرى بىلەن، ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 2:3،4)

**مۇھەممەت غايىپنى بىلمەيدۇ، ئۇنى دەلىللەيدىغان ھېچقانداق ئالدىن بىشارەت يوق**

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

● ئاللا غايىپنىڭ سىرىنى پەقەت ئۆزى ياقتۇرغان پەيغەمبەرلەرگىلا بىلدۈرىدۇ، ئەمما مۇھەممەتكە بىلدۈرمىگەن. (قۇرئان 28-25:72 )

● مۇھەممەت غايىپنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. (قۇرئان 6:50 ، 7:188 )

مۇھەممەتنىڭ قۇرئاندا پەقەت بىرلا جايدا ئالدىن بىشارەت بەرگەنلىكى خاتىرلەنگەن، ئەمما توغرا بىشارەت بېرەلمىگەن.

○ رىملىقلار يېقىن ئەتراپتا مەغلۇپ بولىدۇ، ئەمما نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە قايتا غەلىبە قىلىدۇ. (قۇرئان 4-30:2 )

● يۇسۇپ ئەلىنىڭ چۈشەندۈرىشى بويىچە بولغاندا، ئەرەپ تىلىدىكى « Bidhun» دىگەن سۆز بىر نەچچە دىگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەتتە 3 بىلەن 9 نىڭ ئىچىدىكى سانلارنى كۆرسىتىدۇ.

● پارىسلار Khusran Parvis نىڭ رەھبەرلىكىدە مىلادى 614-يىلى سۈرىيەدە رىملىقلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. رىملىقلار بولسا مىلادى 628-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن جەڭدە پارىسلارنى يېڭىدۇ. ئارلىقتا 14 يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كىتىدۇ، بۇنى «بىر نەچچە يىل» دىگىلى بولمايدۇ.

● قۇرئاندا ئەسلى سوزۇق تاۋۇش يوق بولۇپ، ھازىرقى قۇرئاندىكى «غەلىبە قىلىدۇ» دىگەن ئەرەپچە سۆز « Sayaghlibuna » نىڭ پەقەت ئىككى سوزۇق تاۋۇشنى چىقىرۋەتسەك، بۇ سۆز «Sayughlabuna » غا ئۆزگىرەيدۇ، بۇنىڭ مەنىسى «مەغلۇپ قىلىنىش» دىگەنلىك بولىدۇ.

● ھەممىنى بىلگۈچى قادىر ئاللانىڭ قۇرئاندا ئالدىن بەرگەن بۇ بىشارىتى نىمشقا دەل ھەم توغرا بولمىغان، نىمشقا پەرق كىلىپ چىققان ؟

● شۇڭا بۇنى ئانچە توغرا بولمىغان بىر پەرەز دەپ قاراشقىلا بولىدۇ، ئالدىن بېرىلگەن بىشارەت دىگىلى بولمايدۇ.

مۇقەددەس كىتاپتىكى ئالاقىدار بايانلار:

● خۇدانىڭ ئالدىن ئېيتقان سۆزلىرى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 48:3)

● ياقۇپ پەيغەمبەر ئوغۇللىرىغا كەلگۈسىدە ئۇلار چوقۇم دۇچ كىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارتىلىشى 49:1)

● ئىسرائىللار ئىچىدە كىشىلەر خۇدادىن بىرەر ئىشنى سورىماقچى بولسا، پەيغەمبەرلەردىن سورايتى. (سامۇئىل پەيغەمبەرI9:9)

● ئەگەر پەيغەمبەر خۇدانىڭ نامىدا سۆزلەپ، ئېيتقان سۆزى ئەمەلگە ئاشمىسا، بۇ سۆزلەرنىڭ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 18:22)

● مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى- تەۋراتتا ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى ئىشلار يېزىلغان. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:46)

● دانىئال پەيغەمبەر كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلاتتى. (دانىئال 12:4)

● ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرى، تەۋرات بىلەن قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بەرگەن بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. (ئىنجىل-مەتتا 5:17)

● ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە تىرىلىشى تەۋرات، زەبۇر ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرىدا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. (ئىنجىل-مەتتا 26:56 ، لۇقا 46-44, 27-25:24 ، ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى 3:8 ، 26:22،23 ، 10:43 ، كورىنتلىقلار بىرىنچى خەت 15:3،4 ، پېتروس بىرىنچى خەت 1:10،11 )

● ئەيسا مەسىھمۇ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. (ئىنجىل-مەتتا 35-24:1 ، ماركوس 13:23 ، ۋەھىلەر 1:1،3 ، 19:10)

● ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ئۇرما بايرىمى كۈنى ئاسماندىن مۇقەددەس روھ چۈشۈپ شاگىرتلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تولدۇرىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا كۈچلۈك تىل قابىلىيىتى بىلەن ھەر خىل تىللاردا سۆزلەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ قەدىمقى دەۋرلەردىكى يۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ئالدىن بەرگەن بىشارىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (ئەلچىلەر 21-2:1 )

● مەسىھ ئېتىقاتى بويىچە بولغاندا، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى:

   ○ مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسەتمىگەن.

   ○ مۇھەممەت كەلگۈسىدىكى ئىشلار توغرىلىق ھېچقانداق ئالدىن بىشارەت بېرەلمىگەن.

   ○ تەۋرات شۇنداقلا تاكى يەھيا پەيغەمبەرگىچە بولغان بۇرۇنقى بارلىق

پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەتلەرنى بەرگەن ئىدى. (ئىنجىل ـ مەتتا 11:13)

- ئەيسا مەسىھتىن كېيىنمۇ يەنە پەيغەمبەرلەر بولغان. ئۇلارمۇ مۇقەددەس كىتاپتا كۆرستىلگەندەك پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ھازىرلىغان. (ئەلچىلەر 29ـ11:27 ، 15:32 ، 21:10،11 ، ئەفەسلىكلەر 4:11 ، ۋەھىيلەر 11:1،2)

- مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى بىلەن مۇقەددەس كىتاپتىكى تەلىملەر ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

  - خۇدادىن كەلگەن روھ ئادەمنى قالايمىقانلاشتۇرمايدۇ، بەلكى تىنچلاندۇرىدۇ. (ئىنجىل ـ كورىنتلىقلارI 14:32)

  - مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە بولسۇن، ئەيسا مەسىھنىڭ ئەلچىلىرى يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرگە ئوخشمايدىغان باشقا بىر «خۇش خەۋەر» نى يەتكۈزسە، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغسۇن؛ كىمدە كىم ئوخشمايدىغان باشقا بىر خۇش خەۋەرنى تارقاتسا ئۇ قارغىشقا ئۇچرىسۇن. (ئىنجىل ـ گالاتىيالىقلار 1:8،9)

  - ئىنجىلدىكى ۋەھىيلەرگە سۆز قوشۇشقا ۋە ئۆچۈرۈشكە بولمايدۇ، كىمدە كىم شۇنداق قىلىدىكەن خۇدا چوقۇم ئۇنىڭغا بالايىئاپەتلەرنى ياغدۇرىدۇ ۋە مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ ۋەھىيلەر 22:18،19)

- ئىسرائىللار خۇدا تەرىپىدىن تاللانغان خەلق بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزى يەھۇدىيلارغا ئامانەت قىلىنغان (رىملىقلار 9:4 ، 3:2) ؛ ئەمما مۇھەممەت يەھۇدى ئەمەس.

- مۇھەممەت يامان روھلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ باققان. شۇ سەۋەپتىن ئۇ بىر يىلغىچە ئۆزىنى ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدۈم دەپ ئويلىغان، ئەمما ئەملىيەتتە ئۇنداق بولمىغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:490، 7:658،660،661 ، 8:89،400 )

## مۇھەممەتنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

- مۇھەممەت مۇسۇلمانلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. (قۇرئان 33:21)

- مۇھەممەتتە ئۇلۇغ خاراكتىر بار. (قۇرئان 68:4)

- مۇھەممەت ئازغۇن ۋە خۇراپى ئەمەس، شەخسى ھەۋەسلىرى بۇيىچە سۆزلىمەيدۇ. (قۇرئان 53:2،3)

● كېيىنكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ سۆز ـ ھەركەتلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

● مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بىر ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئاللانىڭ ھوقۇقى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولىشىغا يول قويمايدۇ. (قۇرئان 33:36)

**مۇھەممەت گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان**

● مۇھەممەت ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك. (قۇرئان 4:106 ، 40:55 ، 47:19 ، 110:3 )

● مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى ۋە كەلگۈسىدە ئۆتكۈزىدىغان گۇناھلىرى ئۈچۈن، شۇنداقلا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سورايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:335،379،407،408 ، 9:482 )

● قۇرئاندا ئاللانىڭ مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 48:2)

● دېمەك، مۇھەممەت ئىلگىرى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم، ئۇ كەلگۈسىدىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

● مۇسۇلمانلار مۇھەممەتكە بەخت ۋە تىنچ-ئامانلىق تىلىشى كېرەك. (قۇرئان 33:56)

○ مۇسۇلمانلار ھەر قېتىم مۇھەممەتنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئەرەپچە مۇنداق تىلەك تىلەيدۇ: «ئاللا ئۇنىڭغا بەخت ۋە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلسۇن». بۇنىڭدىن مۇنداق مەنە كېلىپ چىقىدۇ: مۇھەممەت تېخى بەخت ۋە تېنچلىققا ئېرىشمىگەن، تېخى قۇتقۇزۇلمىغان، ئۇ خۇدا بىلەن بىرگە ئەمەس.

مۇقەددەس كىتاپتا مۇنداق دېيىلگەن:

○ رەزىل ئادەملەر ھەرگىز تىنچ-ئامانلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. (يەشايا 57:21)

○ ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئارقىلىق تىنچ-ئامانلىققا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 16:33)

○ مۇقەددەس كىتاپتا ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىز پاك ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن (يۇھاننا I 3:5 ،ئىبرانىلار 4:15) ؛ بۇنى قۇرئان ۋە ھەدىسمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 19:19 ) (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:236 )

● گۇناھ دېگەنلىك خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىش دېگەنلىكتۇر، گۇناھسىزلىق بولسا خۇدانىڭ ئىرادىسىدىن چەتنەپ كەتمەي، پۈتۈنلەي شۇنىڭ

ئىچىدە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئەيسا مەسىھ شۇنداق قىلالىغان، ئەمما مۇھەممەت ئۇنداق قىلالمىغان.

• مۇھەممەت ئىسلام دىنىنى تارقىتىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىللەردە، مەككىدىكى ئەرەپلەرنىڭ ئۈچ ئايال بۇت ئىلاھىنى (لات، ئۇززا، مانات) ئېتىراپ قىلغان، كىشىلەرنىڭ ئاشۇ ئۈچ ئايال بۇتقا ئىبادەت قىلىشمۇ بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، ئۆزىمۇ باشقىلار بىلەن بىرگە بۇ ئۈچ ئايال بۇتقا ئىبادەت قىلغان؛ ئەمما ئۇ كېيىن ئىبلىس شەيتانىنىڭ بۇ ئايەتلەرنى ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ شۇنداق ئۆگەتكەنلىكىنى ئاشكارلىغان، ۋە گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ بۇ «شەيتان ئايىتى» نى رەت قىلغان؛ قۇرئاننىڭ ئۆزىدىمۇ مۇھەممەتنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ئاللا ۋەھى قىلغان تەلىملەرگە خىلاپلىق قىلىپ، ئاللانىڭ نامى بىلەن ساختا تەلىملەرنى توقۇپ چىققانلىقى ۋە خاتا يولغا كىرىپ قالغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ( قۇرئان 23 ـ 53:19 ، 22:52، 53 ، 17:73، 74 )

• قۇرئاندىكى بەزى «ۋەھىلەر» مۇسۇلمانلار قىلسا بولمايدىغان بەزى يامان ئىشلارنى مۇھەممەتنىڭ قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بېرىلگەن باھانە ۋە يوچۇقتۇر.

○ مۇھەممەت ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىۋالىدۇ. بۇ توغرۇلۇق تېخى ئاللادىن ئالاھىدە ۋەھى چۈشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئوغلى زەئىدنىڭ ئايالى زەينەپنى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئالماقچى بولىدۇ، ئەمما بۇنى باشقىلارغا دېيىشتىن نومۇس قىلىپ ئىچىدە ساقلايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئاللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە «ۋەھى» چۈشۈرۈپ، زەئىد زەينەپنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى مۇھەممەتكە خوتۇن قىلىپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇھەممەت مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى خوتۇن قىلىپ تارتىۋېلىشتەك ئەخلاقسىز قىلمىشىنى ئاللانىڭ ئىرادىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 33:37)

○ مۇھەممەت نىكاھ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ خوتۇنلىرىنى تالاق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. بۇ توغرىلىقمۇ ئاللا ئالاھىدە ۋەھى چۈشۈرۈپ مۇھەممەتنى قوللايدۇ. قۇرئاندا ئاللا ئۇنىڭغا خوتۇنلىرىنى قويۇۋەتسە بولىدىغانلىقىنى، ئاللانىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى خوتۇنلارنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 5 ـ 66:1 )

## مۇھەممەت ئۆمرىدە ئۈنىەچچە خوتۇن ۋە توقال ئالغان

• قۇرئاندا مۇنداق بىر ۋەھى بولۇپ، ئاللا مۇھەممەتنىڭ كۆپ خوتۇن ئېلىشىغا يول قويغان، مەسىلەن: مۇھەممەتنىڭ تويلۇق مال بېرىپ ئالغان خوتۇنلىرى، ئايال

قۇللىرى، جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار، تاغىلىرىنىڭ قىزلىرى، هامىلىرىنىڭ قىزلىرى، شۇنداقلا باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىدىن ئۆزلىرىنى مۇھەممەتكە بېغىشلاشنى خالىغانلىرى، مۇھەممەت ئۇلارنى خوتۇن ياكى توقال قىلىپ ئالسا گۇناھ بولمايدۇ. بۇ مۇھەممەتكە ئالاھىدە بېرىلگەن هوقوق بولۇپ، باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرگە ئۇنداق ئىمتىياز بېرىلمىگەن. (قۇرئان 33:50)

● قۇرئاندا باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت خوتۇن ئالسا بولىدىغانلىقى، ياكى ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئايال قۇللارنىڭ سانىغا چەك قويۇلمىغان. (قۇرئان 4:3)

● مۇھەممەت خوتۇنلىرىنى خالىغانچە تالاق قىلىۋەتسە بولىدۇ، خالىغانچە تۇتۇپ قالسىمۇ بولىدۇ. تالاق قىلىۋەتكەن خوتۇنلىرىنى خالىغاندا قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالسىمۇ بولىدۇ. (ئەمما مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش هوقوقى يوق) (قۇرئان 33:51)

● مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن خوتۇن ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئاللادىن يەنە ئالاھىدە ۋەھى كېلىپ ئۇنىڭغا، بۇندىن كېيىن ئەمدى خوتۇن ئېلىۋەرمە، بۇرۇنقى خوتۇنلىرىڭنى باشقا خوتۇنلارغا ئالماشتۇرما، باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە هەرقانچە مەپتۇن بولساڭمۇ، ئەمدى خوتۇن ئېلىشتىن توختا دەپ ئاگاهلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىدىغان ئايال قۇل-دېدەكلىرىنى داۋاملىق كۆپەيتىشنى چەكلىمەيدۇ. (قۇرئان 33:52)

● مۇھەممەت 50 ياشتىن ئاشقاندا 7 ياشلىق كىچىك نارىسىدە قىز ئائىشەنى خوتۇن قىلىپ ئالىدۇ. ئائىشە 9 ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەت 52 ياشتا ئىدى. (بۇخارى هەدىسلىرى 5:58:234 ، 7:62:65،88 )

(ئائىشە دەل ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ تۇنجى خەلىپىسى ئابابەكرىنىڭ قىزىدۇر)

● مۇھەممەت قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قوزغاپ، باشقا قەۋملەرنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ تارتىۋالاتتى ياكى ئەسكەرلىرىگە خوتۇن قىلىپ تارقىتىپ بېرەتتى. خەيبەر ئۇرۇشىدا، ئۇ ئېرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن گۈزەل ئايال سوفىيەنى خوتۇن قىلىپ تارتىۋالىدۇ.

(بۇخارى هەدىسلىرى 2:927 ، 3:2235 ، 4:52:143 ، 5:59:342،512،513،522 ، 7:62:29،89 ، 8:75:374 )

● بۇلار هەرگىزمۇ مۇھەممەتنىڭ دىن تارقىتىش ياكى باشقا ئاياللارنىڭ بېشىنى سىلاپ ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ شەخسى

هاۋايى-ھەۋسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولغان. بۇنىڭغا قۇرئاننىڭ ئۆزىدىكى ئايەتلەر ئىسپات بولالايدۇ، مەسىلەن، قۇرئان 33-سۈرە 52-ئايەتتە ھەتتا «ئاللا» مۇ ئۇنىڭغا: باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەرقانچە مەپتۇن بولساڭمۇ، ئەمدى خوتۇن ئېلىۋەرمە ياكى خوتۇنۇڭنى ئالماشتۇرما- دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. مۇھەممەتنىڭ قىلمىشلىرى خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىغا ھەرگىزمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار گەپ يۇرغىلىتىپ : ئۇ دىگەن پەيغەمبەر، شۇڭا ئاللا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئىمتىياز بەرگەن-دىيىشىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولغاندا، مۇھەممەت قانداقسىغىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى بولالايدۇ؟ ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئەڭ يوقىرى ئۈلگىسى بولالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ ؟!

## مۇھەممەت نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن قانلارنى تۆككەن

● مۇھەممەت نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش قوزغاپ، ئۆزى بىۋاستە جەڭلەرگە قاتنىشىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەن، ھەتتا قاتىللارنى ئەۋەتىپ ئۆزىگە ئىشەنمىگەن ئادەملەرنى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ قولى قان بىلەن بويالغان. قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن خاتىرىلەر بار.

● مۇھەممەت ئادەم تويلاپ مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بۇلاپ كىتىدۇ (بۇخارى ھەدىسلىرى . (3:2731، 2732

● مىلادى 627-624 يىللىرى، مۇھەممەت مەدىنەدە ياشاۋاتقان ئۈچ يەھۇدى قەبىلىسى (قاينۇق، بانۇ قۇرەيدا، قۇرەيزا قەبىلىسى) نى قىرىپ تاشلايدۇ، ھەتتا تەسلىم بولغان نەچچە يۈز ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. مەدىنىدىكى ئۇرۇشتا مۇھەممەت دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كىيىن، شەھەر ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنى مىنى قوللىماي دۈشمەنلىرىمنى قوللىدى دەپ، يوغان خەندەك قازدۇرۇپ 600-900 گىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئاشۇ خەندەككە تاشلىۋىتىدۇ.

● مۇھەممەت ئاجىز ۋاقىتلىرىدا «دىنىدا زورلاش يوق» دەپ جاكارلىغان بىلەن، سەل كۈچىيىپ ھوقۇق تۇتقاندىن كىيىن، بۇرۇنقى شەخسى ئاداۋىتى بار كىشىلەرنى (مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇنى تەنقىتلىگەن كىشىلەرنى) ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. مەسىلەن:

■ نادار بىن خالىس. ئۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا شىئېر ۋە ھىكايە ئېيتىپ مۇھەممەتنى تەنقىتلىگەن.

■ ئەكبەر بىن ئابۇ مۇئات. ئۇ مەككىدە مۇھەممەتنى ساختا پەيغەمبەر دەپ پاش قىلغان ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر توقۇغان.

(بۇخارى ھەدىسلىرى 4:2934 ، مۇسلىم ھەدىسلىرى 3:4422،4424 )

■ ئەسما بىن مەرۋان. ئۇ بىر ئايال شائىر بولۇپ، ئۇمۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن. شۇڭا ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ شېئىر توقۇغان.

■ ئەبۇ ئافاق. 120 ياشقا كىرگەن يەھۇدى بوۋاي. ئۇ مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمىگەن، شۇڭا قېرىنداشلىرىنى قوزغۇتۇپ مۇھەممەتكە قارشى چىققان ۋە ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ شېئىر-ناخشىلارنى توقۇغان.

■ كەربۇ ئىبىن ئەشراف. ئۇنىڭ مۇھەممەتكە قارشى يازغان شېئىرلىرى ناھايىتى كەڭ تارالغان.

(بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:270،271 ، 5:4037 ، مۇسلىم ھەدىسلىرى 3:4436 )

■ بىر كۆزى قارغۇ بولۇپ قالغان بەدەۋى قەبىلىسى (ئەرەپ چارۋىچى قەبىلىسى) دىكى بىر ئادەم مۇھەممەت ۋە ئىسلامغا قارشى ئىككى مىسرا ناخشا ئېيتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

■ تايىم بىن غالىب، ناخشىچى قىز، مۇھەممەتكە كىنايە قىلىدىغان ناخشا ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:3044 )

■ ئەبۇ جاھىل. مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا مۇھەممەتنى ھاقارەتلەيدۇ. شۇڭا مۇھەممەت ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مال-دۇنياسىنى ئادەم ئۆلتۈرگەن ئاشۇ قاتىلغا مۇكاپات قىلىپ بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:369)

■ بىر ئايال دىدەك مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەچكە، ئۇنىڭ خاتالىقىنى تەنقىتلەيدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان خوجايىنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئايال ھېلىقى مۇسۇلمان خوجايىنىنىڭ توقال خوتۇنى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى بالا توغۇپ بەرگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن بۇ قاتىلنىڭ قىلمىشى مۇھەممەتنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ. (ئەبۇ داۋۇت ھەدىسلىرى 38:3800،4348 )

(يوقۇرقى ۋەقەلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىبىن ئىسھاقنىڭ « پەيغەمبەرنىڭ ھاياتى» دىگەن كىتابىدا خاتىرلەنگەن.)

● مۇھەممەتنىڭ ئادەم قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلمۇ ئىنتايىن ۋەھشى ئىدى. ئۇ مىلادى 628-يىلى مەدىنەدىكى Uraynah قەبىلىسىگە تەۋە 8 ئادەمنى جازالىغاندا، ئۇلارنىڭ پۇت-قولىنى كىسىۋەتكۈزۈپ، ئوتتا قىزارتىلغان تۆمۈر بىلەن كۆزىنى ئويدۇرۇپ، ھەتتا ئىچكىلى سۇمۇ بەرمەي، ھارارەتلىك تاشلىق چۆل-جەزىرىگە تاشلاپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:4:234 ، 2:24:577 ، 4:52:261 ، 5:59:505 ، 7:71:623 ، 8:82:797)

● قۇرئاندا مۇھەممەتنى مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى ئۈلگىسى دېيىلگەن (قۇرئان 33:21). شۇڭا بەزى ئەسەبىي مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ بۇ «ياخشى ئۈلگە» نى تەنقىتلىشىگە، مەسخىرە قىلىشىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئۈلگە ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلىشىپ باقمايدۇ.

## مۇھەممەت ۋە قۇللار

● قۇرئان قۇللۇق تۈزۈمىنى قوللايدۇ. قۇرئاندا مۇھەممەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن قىز-ئاياللارنى قۇل قىلىشقا يول قويىدۇ (قۇرئان 33:50) ؛ قۇرئاندا يەنە جەننەتكە كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن ياش ئەر قۇللارغا ئىگە بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. (قۇرئان 56:17 ، 76:19)

● قۇرئاندا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئۆز خوتۇنلىرىدىن سىرت يەنە ئۆزىنىڭ ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشىگە يول قويىدۇ. (قۇرئان 4:3 ، 23:5،6 ، 33:50،52 ، 70:29،30 ) .

● مۇسۇلمان ئەرلەر ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئايال قۇللار مۇسۇلمانلارنىڭ «جەڭ ئولجىسى» بولۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاياللىرىنى مەجبۇرى قۇل قىلغان ۋە ئۇلار بىلەن مەجبۇرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:34:432 ، 3:46:718 ، 3:47:765 ، 5:59:459،637 ، 7:62:137 ، 9:93:506) .

● مۇھەممەت، تۆت خەلىپە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا داھىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك نۇرغۇن قۇللىرى بولغان. بۇ قۇللارنىڭ ئىچىدە قارىتەنلىكلەر، ئەرەپلەر، مىسىرلىقلار، يەھۇدىلار، خىرىستىيانلار، ئەرلەر ۋە ئاياللار بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:2:29 ، 1:8:439 ، 1:11:661 ، 5:57:50 ، 5:58:182 ، 5:59:512،541 ، 7:65:341،344،346،352،371 ، 7:67:410،413 ، 7:71:654 ، 7:72:734،845 ، 9:83:23 ، 9:85:80 ، 9:86:100 ، 9:89:277،293،296 ، 9:92:462 )

● مۇھەممەت بانۇ قۇرەيداخ قەبىلىسىدىكى 600 دىن 900 گىچە بولغان يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەندىن كىيىن، قاپقالغانلارنى قۇل قىلدۇ. (قۇرئان 33:26 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:280 )

## ئىنجىلدىكى قۇلغا ئائىت بايانلار:

○ ئادەملەرنى قۇل قىلىش خۇدانىڭ يولى بىلەن قارشىلاشقانلىقتۇر. (تىمۇتىI 1:10)

○ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق، قانداق مىللەتتىن بولسۇن، مەيلى ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى دىگەن نامغا ئېرىشىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. ھەمدە خۇدا ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىشكە ۋەدە قىلغان بەخت-سائادەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. (گالاتىيالىقلار 29-3:26)

○ كىم ئۇلۇغ بۇلۇشنى خالىسا، شۇ باشقىلارغا خىزمەتچى بولسۇن. (مەتتا 23:11)

○ ئەيسا مەسىھ باشقىلارنى قۇل قىلىپ باقمىغان، ئۇ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: «سىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزەڭلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى خالىساڭلار، سىلەرمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىڭلار» (لۇقا 6:31)

## مۇھەممەتنىڭ باشقا كەمچىللىكلىرى

● مۇھەممەت دائىم باشقىلارنى قارغايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:435،436،804 ، 2:1003،1007،1020 ، 4:53:409 ، 5:39:397 ، 5:59:415،416 ، 6:60:83،215،297،333،347 ، 8:75:402 )؛

● قۇرئاندىمۇ مۇھەممەتنىڭ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى قارغاپ دۇئا قىلىشىغا يول قويغان. (قۇرئان 3:61)
(ئىنجىلدا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ باشقىلارنى قارغىشى قەتئى چەكلەنگەن بولۇپ، ئادەملەرگە پەقەت بەخت تىلەشكىلا بولىدۇكى ھەرگىز قارغاشقا بولمايدۇ. ئەيسا مەسىھ ھەتتا كىرستقا مىخلانغاندىمۇ، يەھۇدىيلارنى قارغاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خۇدادىن ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىگەن. بۇنداق ئۇلۇغۋار روھ مۇھەممەتتە يوق.)

● مۇھەممەت دائىم ئۆزىنىڭ قىلغان قەسەمدىن يېنىۋالاتتى. ئۇ بىر ئىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىلا، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋەدىسى ۋە قەسەمدىن يېنىۋالاتتى (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:78:618،620 ، 8:79:712 )؛ ئۇ باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دىگەن: ئەگەر سىلەر بىر ئىشنى قىلىش

توغرىسىدا قەسەم قىلساڭلار، ئەمما كىيىن باشقا ئىشنىڭ تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىساڭلار، ئاشۇ ئىشنى قىلىڭلار، ھەمدە بۇرۇنقى قەسىمىڭلاردىن يېنىۋالغىنىڭلار ئۈچۈن گۇناھىڭلارغا تۆۋە قىلىڭلار. (بۇخارى ھەدىسلىرى (8:78:619

• مۇھەممەت باشقىلارنى ئىسلامغا جەلپ قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامدىن يېنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، دائىم ئۇلارغا ئالتۇنلارنى سوۋغات قىلىپ تۇراتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:373،375 ، 4:55:558 ، 9:93:527 )

• مۇھەممەت 63 ياش ۋاقتىدا زەھەرلەنگەن كاۋاپنى يېيىش سەۋەبىدىن ئۆلدۇ. كاۋاپقا زەھەر سالغۇچى مۇھەممەت تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرى ۋە قەۋمىمۇ مۇھەممەت تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاخىرىدا خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ، بىر ئاجىز ئايالنىڭ قولىدا زەھەرلىنىپ ئۆلدۇ. ئۇ ئۆلگەن چاغدا قاتتىق ئازاپلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىگە ۋارىس قالدۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:47:786 ، 4:53:394 )

• مۇھەممەت ئۆلگەندىن كىيىن، ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىپ، بىر نەچچە مەزھەپكە ئايرىلىپ كىتىدۇ، ھەمدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشنى باشلايدۇ. بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

(ئەيسا مەسىھتىن بىۋاستە تەلىم ئالغان شاگىرتلار ۋە ئېتىقاتچىلار ئىچىدە بۇنداق ھوقۇق تالىشىپ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىدىغان ئەھۋال بولمىغان)

## مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرىلىق بىشارەت قىلىنغانمۇ؟

• قۇرئاندىكى ئالاقىدار خاتىرىلەر:

○ ئەيسا پەيغەمبەر ئۆزىدىن كىيىن مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ كىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (قۇرئان 61:6)

○ مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرۇلۇق خاتىرىلەر بار. (قۇرئان 7:157)

○ ئاللا پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دەيدۇ: مەن سىلەرگە كىتاپ ۋە ئەقىل بەردىم، كەلگۈسىدە بىر پەيغەمبەر كىلىپ سىلەردىكى بارلىق كىتاپلارنى دەلىللەيدۇ، سىلەر چوقۇم ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭلار، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىڭلار كىرەك. (قۇرئان (3:81

• بەزى مۇسۇلمانلار مۇقەددەس كىتاپتا مۇھەممەت توغرۇلۇق بىشارەت قىلىنغان

ئايەتلەر بار دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، تەۋرات قانۇن شەرھى 18 ـ باب 15 ـ ،18 ـ ئايەتلەر، ئىنجىل يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر 14 ـ باب 16 ـ ئايەت.

- بىراق يوقۇردا دېيىلگەن ئايەتلەرنىڭ مۇھەممەتكە بىشارەت قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى:

○ تەۋرات قانۇن شەرھى 18 ـ باب 15 ـ ئايەتتە مۇسا پەيغەمبەر ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگار خۇدا كەلگۈسىدە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار ئىچىدىن ماڭا ئوخشاش بىر پەيغەمبەرنى تىكلەيدۇ، سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىڭلار كېرەك.»

○تەۋرات قانۇن شەرھى 18 ـ باب 18 ـ ئايەتتە خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە قىلغان مونۇ سۆزى خاتىرلەنگەن: «مەن كەلگۈسىدە چوقۇم ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن ساڭا ئوخشاش پەيغەمبەردىن بىرنى تىكلەپ بېرىمەن. ئۇ مېنىڭ بارلىق سۆزلىرىم ۋە ئەمىرلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزىدۇ.»

○ «قانۇن شەرھى» تەۋراتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى، مېھرى-مۇھەببىتى ۋە ئەمىرلىرىنى قايتا شەرھىلەپ چۈشەندۈرىشىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا مۇسا پەيغەمبەر بۇ سۆزلەرنى خۇدا ۋەدە قىلغان يېڭى زېمىنغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئىسرائىللارغا قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلگەن «قېرىندىشىڭلار ئىچىدىن» دېگەن سۆز ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ ئەرەپلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. قانۇن شەرھىدە «قېرىنداش» دېگەن سۆز 29 قېتىم، «ئىسرائىللار ئىچىدە» دېگەن سۆز 15 قېتىم، «قېرىندىشىڭلار ئاساۋ» (ئىسرائىللارنىڭ ئەجدادى بولغان ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئاكىسى) دېگەن سۆز 2 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەمما «قېرىندىشىڭلار ئىسمايىل» (ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى) دېگەن سۆز بىر قېتىممۇ ئۇچرىمايدۇ.

○ قانۇن شەرھى 18:15،18 دىكى يوقۇرقى سۆزلەر شۇ ۋاقىتتىكى ئىسرائىللارنىڭ لاۋىي قەبىلىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ (قانۇن شەرھى 18:1،6،7) ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتى ئىسرائىللاردۇر. «ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن» دېگەن سۆز «لاۋىيلارنىڭ قېرىنداشلىرى ئىچىدىن» دېگەننى يەنە ئىسرائىل قەبىلىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى بۇ سۆزلەر ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللارغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادىلىرى بولغان ئەرەپلەرگە قارىتىلغان ئەمەس.

○ پۈتۈن مۇقەددەس كىتاپتا (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ

پۈتۈكلىرىدە) ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئەرەپلەرنى ئىسرائىللارنىڭ قىرىنداشلىرىدۇر دىگەن گەپ يوق.

○ قانۇن شەرھى 17-باب 15-ئايەتتە خۇدا ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۆزەڭلەرگە پادىشاھ تىكلىمەكچى بولساڭلار، چوقۇم قىرىندىشىڭلار ئىچىدىن خۇدا تاللىغان ئادەمنى تىكلىشىڭلار كىرەك، قىرىندىشىڭلاردىن سىرت باشقا ئادەمنى پادىشاھ قىلىشقا بولمايدۇ» . بۇ يەردە دىيىلگەن «قىرىندىشىڭلار ئىچىدىن» دىگەن سۆزمۇ ناھايىتى ئېنىقكى ئىسرائىللارنى كۆرسىتىدۇ.

● تەۋرات قانۇن شەرھى 12-34:10 ، 18:15،18 لەردە بىشارەت قىلىنغان مۇساغا ئوخشايدىغان پەيغەمبەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوخشىشى كىرەك.

■ ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش ئىسرائىللاردىن بولىشى كىرەك.

■ ئۇ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش تۈرلۈك مۆجىزىلەرنى كۆرستەلىشى، ئىسرائىللارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇدانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايەن قىلالىشى كىرەك.

■ ئۇ خۇدا بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشكەن بولىشى كىرەك.

● بۇ جەھەتلەردە ئەيسا پەيغەمبەر مۇسا پەيغەمبەرگە تېخىمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما مۇھەممەت ئازراقمۇ ئوخشىمايدۇ.

● قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ مۇسا پەيغەمبەرگە ئوخشاش مۆجىزىلەرنى كۆرستەلمىگەنلىكى ئېتراپ قىلىنىدۇ. (قۇرئان 28:48)

● ئەمىلىيەتتە تەۋراتتا كۆرستىلگەن ئاشۇ پەيغەمبەر دەل ئەيسا مەسىھتۇر، چۈنكى:

○ ئەيسا مەسىھ داۋۇت پادىشاھنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئىسرائىل قەۋمىدىن كىلىپ چىققان. (ئىنجىل-مەتتا 1:1)

○ ئەيسا مەسىھ ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. (ئىنجىل-يۇھاننا 4:44 ، لۇقا 7:16 ، 7:39 ، 24:19 ، مەتتا 21:11 )

○ شاگىرتلار ئەيسا مەسىھنىڭ مۇسا پەيغەمبەر تەۋراتتا بىشارەت قىلغان پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 1:45)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرگەن خالايىقمۇ: «دۇنياغا كىلىشنى مۇسا پەيغەمبەر ئالدىن ئېيتقان پەيغەمبەر ھەقىقەتەن مۇشۇ ئىكەن !» دىيىشىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 6:14)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىمۇ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ كىتابىدا (تەۋراتتا) ئۆزى توغرىلىق

يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 5:46)

- ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن ئىككى شاگىرتىغا كۆرۈنۈپ، مۇقەددەس يازمىلاردىكى مۇسا ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئالدىن يازغانلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈردۇ. (ئىنجىل ـ لۇقا 24:27)
- ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ دەل ئاشۇ كەلمەكچى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. (ئەلچىلەر 3:22، 7:37)

## مۇسا پەيغەمبەر، ئەيسا مەسىھ ۋە مۇھەممەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| مۇسا پەيغەمبەر | ئەيسا مەسىھ | مۇھەممەت |
|---|---|---|
| مۇسا پەيغەمبەر تۇغۇلغاندا ئىسرائىللار يات مىللەت (مىسىر) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 1:9 ـ 14) | ئەيسا مەسىھ تۇغۇلغاندا ئىسرائىللار يات مىللەت (رىم) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. (ئىنجىل ـ لۇقا 2:1،2) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا تۇغۇلغاندا، پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 1:15،16) | ئەيسا تۇغۇلغاندا، پادىشاھ پۈتۈن ئىسرائىللارنىڭ بوۋاقلىرىنى ئۆلتۈرۈش بويرۇقى چىقىرىدۇ. (مەتتا 2:13 ـ 18) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا بوۋاق ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىنىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 1:17 ، 2:3 ـ 10) | ئەيسا بوۋاق ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قىلىنىدۇ. (مەتتا 2:13 ـ 16) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا ياش ـ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. (مىسىردىن چىقىش 2:1 ـ 10) | ئەيسا ياش ـ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنى مىسىردا ئۆتكۈزگەن. (مەتتا 2:13 ـ 21) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا ئۆزىنىڭ خان ئوردىسىكى شاھزادىلىك ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ، خەلق ئۈچۈن جاپا تارتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 12ـ2 ، ئىبرانىلار 27ـ11:23 ) | ئەيسا ئۆزىنىڭ ئەرشتىكى ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئازاپ ـ ئوقۇبەت تارتىدۇ. (فىلىپىلىكلەر 8ـ2:5) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. ئەكسىچە ئۇ ناھايىتى باي بىر خوتۇننى ئالىدۇ. بىر ئاددى ئادەمدىن ئۆزگۈرۈپ، ئەرەپ ئىمپىرىيىسىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ، ئۈننەچچە خوتۇن، نۇرغۇن قۇل، زېمىن ۋە بايلىققا ئېرىشىدۇ. |
| مۇسا قەدىمقى مىسىرنىڭ بارلىق بىلىملىرىنى ئىگەللىگەن. (ئەلچىلەر 7:22) | بارلىق بىلىم ۋە پاراسەت، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىدۇر. (كولوسىلىقلار 2:3) | مۇھەممەت ساۋاتسىز ئادەم ئىدى. (قۇرئان 158، 7:157) |
| مۇسا مىدىيانىدىكى بىر قۇدۇق بېشىدا، سۇ ئالغىلى كەلگەن مىديانلىق بىر ئايالغا ياردەم قىلىپ، سۇ تارتىپ بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭ قويلىرىنى سۇغىرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 17ـ2:15) | ئەيسا سامارىيەدىكى بىر قۇدۇق بېشىدا، سۇ ئالغىلى كەلگەن سامارىيىلىك بىر ئايالغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق سۈيىنى ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 14ـ4:3) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسا چۆل ـ جەزىرىدە 40 يىل ياشايدۇ. 40 كۈن روزا تۇتۇپ خۇدا بىلەن بېقىنلىشىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 7:7 ، 34:28) | ئەيسا چۆل ـ جەزىرىدە 40 كۈن تۇرۇپ، روزا تۇتۇپ، خۇدا بىلەن بىرگە بولىدۇ. (مەتتا 2، 4:1 ، لۇقا 4:2 ، ئەلچىلەر 7:23) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى بارلىقى خاتىرلەنمىگەن. |
| مۇسا مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، دالىدا قوي بېقىپ قويچى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا خۇدا ئۇنىڭغا ئايان بولىدۇ. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 3:1) | ئەيسا ياخشى قويچىدۇر. ئۇ ئۆز قويلىرىنى سۆيىدۇ ، ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن ھاياتىنىمۇ قۇربان قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 16ـ10:11) | مۇھەممەتنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن مەخسۇس قويچى بولۇپ باققانلىقى ياكى قويچى دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا قۇرئاندا خاتىرە يوق. ئۇ كاتتا باي خوتۇن بىلەن توي قىلىپ سودىگەر بولىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا جىن ـ شەيتانلارنىڭ كۈچىنى بىتچىت قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 12 ـ 7:10) | ئەيسا جىن ـ شەيتانلارنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا، ماركوس، لۇقا، يۇھاننا) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى بارلىقى خاتىرلەنمىگەن. |
| خۇدا مۇساغا خۇددى ئىلاھقا ئوخشايدىغان ئالاھىدە ھوقۇقنى ئاتا قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 4:16 ، 7:1) | ئەيسا مەسىھتە خۇددى ئىلاھقا ئوخشايدىغان ئالاھىدە ھوقۇق بار ئىدى. مەسىلەن ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش. (ماركوس 2:5) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق ئالاھىدە ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى خاتىرلەنمىگەن. |
| مۇسا ھاسىسىنى كۆتىرىشى بىلەنلا، خۇدا قاتتىق بوران چىقىرىپ، قىزىل دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىدۇ. ئىسرائىللار دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 14:21،22) | ● ئەيسا مەسىھ بىر بۇيرۇق بىلەنلا بوراننى تىنجىتىپ، دولقۇننى پەسەيتىدۇ. كېمىدىكىلەر دېڭىزدىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىدۇ. (مەتتا 27 ـ 8:23 ، لۇقا 25 ـ 8:22)<br>● ئەيسا مەسىھ سۇ يۈزىدە ماڭىدۇ. (مەتتا 33 ـ 14:22 ، يۇھاننا 20 ـ 6:16 ) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق مۆجىزە ۋە كارامەتلەرنى كۆرسەتكەنلىكى خاتىرلەنمىگەن. |
| ● ھورەب (سىناي) تېغىدا، خۇدا تىكەنلىك ئارىسىدا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوت ئارقىلىق ئۆزىنى مۇساغا ئايان قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 6 ـ 3:1)<br>● مۇسا ۋە ئىسرائىللار سىناي تاغ باغرىدا تۇرغاندا، خۇدا غايەت زور ئوت يالقۇنى ئىچىدە تاغقا چۈشىدۇ. پۈتۈن تاغنى ئىس ـ تۈتەك قاپلايدۇ.<br>● خۇدانىڭ پارلاق نۇرى تاغ ئۈستىگە چۈشىدۇ، ئۇ | ● ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنى مۇقەددەس روھ ۋە ئوت بىلەن چۆمۈلدۈرىدۇ. (مەتتا 3:11)<br>● ئەيسا مەسىھ ئۆلۈمدىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىن، شاگىرتى يۇھانناغا ئۆزىنى ئايان قىلىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى قۇياشتەك پارلاق بولۇپ، كۆزلىرى گويا يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتەك ئىدى. (ۋەھىلەر 1:14،16) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى ياكى ئىقتىدارى يوق. مۇھەممەت ئەزەلدىن خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ باقمىغان، پەقەت ئۆزىنى جەبرائىل دەپ ئاتىۋالغان بىر روھ بىلەن سۆزلەشكەن. |

| | | |
|---|---|---|
| ئىسرائىللارنىڭ كۆزىگە خۇددى يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتەك كۆرۈنىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 19:17،18 ، 24:16،17) | | |
| مۇسا ئىسرائىللارنى زۇلۇم ۋە مىسىرنىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ. (مىسىردىن چىقىش) | ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى گۇناھ ۋە شەيتاننىڭ قۇللۇقىدىن قۇتقۇزىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 53 ، ئىنجىل ـ يۇھاننا 8:32ـ36 ، رىملىقلار 6:18ـ22 ، 8:2 ، گالاتىيالىقلار 5:1 ، ۋەھىيلەر 20 ، 21 ، 22) | مۇھەممەت توغرىسىدا بۇنداق خاتىرە يوق. ئۇ ئەرەپلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ دىنى تۈس ئالغان «ئەرەپ ئىمپېرىيىسى» گە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. نۇرغۇن خەلقلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاياللىرىنى قۇل قىلىدۇ. |
| مۇسا ھارۇن ئارقىلىق خۇدانىڭ نامى بىلەن ئىسرائىللارغا بەخت تىلەيدۇ. (تەۋرات ـ نوپۇس سانى 6:22ـ27) | ئەيسا كىشىلەرگە خۇدادىن كەلگەن بەختنى ئاتا قىلىدۇ. (مەتتا 5:1ـ12) ئەيسا شاگىرتلىرىغا باشقىلارغا بەخت تىلەڭلار دەپ ئۆگىتىدۇ. (لۇقا 6:27ـ28) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |
| مۇسا 70 ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ، خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. (نوپۇس سانى 11:16،17) | ئەيسا 70 ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى خەلقنىڭ ئىچىگە ئەۋەتىپ، خۇدانىڭ دۆلىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. (لۇقا 10:1ـ17) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئىسرائىللارنىڭ 12 قەبىلىسىدىن 12 ئادەمنى تاللاپ، خۇدا ئاتا قىلغان زېمىننى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. (نوپۇس سانى 1:22،23) | ئەيسا 12 شاگىرتنى تاللاپ، ئۇلارغا كېسەللەرنى ساقايتىش، جىنلارنى ھەيدەش ئىقتىدارىنى ئاتا قىلىپ، خەلقنىڭ ئىچىگە ئەۋەتىدۇ. (مەتتا 6:7ـ13) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| خۇدا ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ مۇساغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 7:10-25 ، 8-12 ، 14:21،22 ، 17:6،7 ، قانۇن شەرھى 4:10-16 ، 5:23-26 ، ئىنجىل-ئەلچىلەر 7:36) | ئەيسا مەسىھ ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدە ئاجايىپ چوڭ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، خۇدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 5:8 ، 8:14-34 ، 14:13 ، 27:52 ، لۇقا 5 ، 7:11 ، 8 ، يۇھاننا 20:30،31 ... ) | خۇدا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مۇھەممەتكە بىۋاستە گۇۋاھلىق بېرىپ باقمىغان، مۇھەممەت ھېچقانداق مۆجىزە كۆرسىتەلمىگەن. (قۇرئان 2:118 ، 6:37 ، 13:7،27 ، 17:59،90،93 ، 20:133 ، 28:48) |
| مۇسا ماخاۋ كېسىلى بولغانلارنى ساقايتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 4:6،7) | ئەيسا ماخاۋ كېسىلى بولغانلارنى ساقايتىپ پاك قىلىدۇ. (لۇقا 17:11-19) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسا چۆل جەزىرىدە مۆجىزىلىك ئۇسۇل بىلەن ئىسرائىللارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 16 ) | ئەيسا چۆل دالىدا مۆجىزىلىك ئۇسۇل بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. (مەتتا 14:15-21) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسا خۇدا بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچراشقان، سۆزلەشكەن ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلىغان. (مىسىردىن چىقىش 16:15 ، 33:11-14 ، نوپۇس سانى 9:8،9 ) بۇنى قۇرئانمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. (قۇرئان 4:164) | ئەيسا مەسىھ ئەرشتە خۇدا بىلەن بىرگە بولغان، يەر يۈزىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خۇدا بىلەن بىۋاستە ھەم ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئۇ ئۆلۈپ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە خۇدا بىلەن بىرگە بولغان. (يۇھاننا 1:1-18 ، 6:46 ، 7:29 ، 15 ، 17:5 ، مەتتا 11:27 ، 17:2-8 ، ماركوس 16:19) | مۇھەممەت ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىپ باقمىغان، بەلكى ئارىلىقتا ئۆزىنى ئاللانىڭ پەرىشتىسى (جەبرائىل) دەپ ئاتىۋالغان بىر روھ ئۇنىڭغا ئاللانىڭ ۋەھىسىنى يەتكۈزگەن. مۇھەممەت ئاللانى ناھايىتى يىراقتا، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 42:51 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 1:1:3 ، 4:55:605 ، 6:60:478 ، 9:87:111 ) |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا تاغقا چىقىپ، خۇدا بىلەن كۆرۈشۈپ، تەۋرات قانۇنىنى ئېلىپ چۈشكەندە، خالايىق ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر چىقىۋاتقىنىنى كۆرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 34:30،35) | ● ئەيسا تاغقا چىققاندا، ئۇنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، چىرايى قۇياشتەك پارلايدۇ، ئۇچىسىدىكى كىيىمى ئاپپاق نۇر چاچىدۇ. (مەتتا 17:2) ● ئەيسا مەسىھ ئەرشتىمۇ چىرايى قۇياشتەك پارلايدۇ. (ۋەھىيلەر 1:13ـ16 ) | قۇرئاندا مۇھەممەتنىڭ بۇنداق بولۇپ باققانلىقى خاتىرلەنمىگەن. «جەبرائىل؟» ئۇنىڭغا ۋەھى يەتكۈزگەندىمۇ، ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ باقمىغان. ئەكسىچە ھەر قېتىم ۋەھى كەلگەندە قىينىلىپ ئىنتايىن ئازاپلانغان. |
| ● مۇسا ئېلىپ كەلگەن تەۋرات قانۇنى، خۇدانىڭ ھەققانىيىتى بىلەن مېھرى شەپقىتى ئاساسىدا چىقىرىلغان بولۇپ، گۇناھ ۋە ئۇنى يۇيۇش توغرىسىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملەردۇر. (مىسىردىن چىقىش 20،23) ● مۇسا ئەركەك موزايلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئاندىن قۇربانلىق مالنىڭ قېنىنى خالايىقنىڭ ئۇچىسىغا سېپىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئەھدە قېنىدۇر، خۇدانىڭ ئىسرائىللار بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ ئاساسىدۇر. (مىسىردىن چىقىش 24:4ـ8) | ● ئەيسا تەۋرات قانۇنى بويىچە ياشىدى، تەۋرات ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن قۇربان بولدى. (يۇھاننا 1:29،36 ، ئىبرانىلار 9:22) ● بۇرۇنقى زامانلاردا ئىسرائىلار تەۋرات قانۇنى بويىچە قوي ياكى موزايلارنىڭ قۇربانلىق قېنىنى تۆكۈش ئارقىلىق گۇناھلىرىنى يۇياتتى. ھالبۇكى ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق پاك قېنىنى تۆكۈپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇدى، ئىنسان قەلبىدىكى ناپاكلىقلارنى تازلىدى. ئۇ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (ئىبرانىلار 9:11ـ15) | مۇھەممەتنىڭ ئېتىقاتىدا گۇناھنى يۇيۇش قۇربانلىقى دەيدىغان ئۇقۇم يوق. مۇسۇلمانلاردا گەرچە قوي ـ كالىلارنى قۇربانلىق قىلىش ئادىتى بولسىمۇ، ئەمما بۇ گۇناھ يۇيۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساۋاپ تېپىش ياكى ئاللانى خۇش قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ تەۋرات قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. دېمەك مۇھەممەت تەۋرات قانۇنىدىكى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەن. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا چۆلدىكى قورام تاشتىن سۇ چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 17:6) | ● ئەيسا مەسىھ بەرگەن سۇنى ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئېتىلىپ چىققان بىر بۇلاققا ئايلىنىپ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 4:14 ، 7:37،38) ● قەدىمدە چۆلدە ئىسرائىللارغا سۇ بەرگەن ئاشۇ قورام تاش دەل ئەيسا مەسىھنىڭ سىمۋولىدۇر. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارغا ھاياتلىق سۈيى بېرىدىغان روھىي قورام تاشتۇر. (I كورىنتلىقلار 10:4 ،) | قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىسىدا بۇنداق خاتىرلەر يېزىلمىغان. |
| بولۇت ۋە خۇدانىڭ ئاۋازى مۇسا پەيغەمبەرگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (نوپۇس سانى 11:25) | بولۇت ۋە خۇدانىڭ ئاۋازى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (مەتتا 17:4،5) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |
| مۇسانىڭ ئالدىن بەرگەن بىشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. (قانۇن شەرھى 18:15ـ22 ، 28) | ئەيسانىڭ ئالدىن بەرگەن بىشارەتلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ. (مەتتا 24) | مۇھەممەت جەڭدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدا بىشارەت قىلغاندىن باشقا، كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئالدىن روشەن بىشارەت بېرىپ باقمىغان. |
| ئىسرائىللار مۇسانى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (مىسىردىن چىقىش 5:21 ، 17:2ـ4 ، نوپۇس سانى 11:1ـ33) | ئىسرائىللار ئەيسانى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان. (لۇقا 4:16ـ30 ، يۇھاننا 8:58،59 ، 11:47ـ50 ) | مۇھەممەتنىڭ بۇنداق كەچۈرمىشى يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىشىنى تىلەپ، ئۆلارنىڭ ئورنىدا ئۆزىنى جازالىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 32:30-32) | ئەيسا كىرستتا قۇربان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك قۇربانلىقنى بېرىدۇ. (يەشايا 53:5 ، مەتتا 26:28) | مۇھەممەت بۇنداق قىلىپ باقمىغان. |
| مۇسانىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىسرائىللارنىڭ خۇدا ۋەدە قىلغان زېمىنغا كىرەلىشى ئىدى. (قانۇن شەرھى، يەشۇئا) | ئەيسانىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ۋە ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشىپ، خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك دۆلەتكە كىرەلىشى ئىدى. (رىملىقلار 8:34 ، I كورىنتلىقلار 15:3،22 ، II كورىنتلىقلار 5:15 ، I سالونىكالىقلار 5:9،10) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشىنى تىلەيدۇ. (مىسىردىن چىقىش 32:31،32) | ئەيسا خۇدادىن ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشىنى تىلەيدۇ. (لۇقا 23:34) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئۆزىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. (نوپۇس سانى 20:12 ، قانۇن شەرھى 34:4،5) | ئەيسا ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئۆلىدۇ. (يەشايا 53 ، يۇھاننا 1:29 ، 10:14-16 ، I كورىنتلىقلار 15:3) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن باش پەرىشتە مىكائىل ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. (يەھۇدا 9) | ئەيسا مەسىھ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەبرىسىدە پەرىشتىلەر پەيدا بولىدۇ. (يۇھاننا 20:11-13) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |

| | | |
|---|---|---|
| مۇسا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ كىشلەرگە كۆرۈنىدۇ. تاغدا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئىلياس پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. (مەتتا 17:3 ، ماركوس 9:1ـ8 ، لۇقا 9:28ـ36 ) | ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن، قەبرە بېشىغا چىققان ئاياللارغا، 11 شاگىرتىغا ۋە 500 دىن ئارتۇق ئادەمگە كۆرۈنىدۇ. (مەتتا 28:1ـ14 ، ماركوس 16:1ـ14 ، لۇقا 24 ، يۇھاننا 20،21 ، ئەلچىلەر 1:1ـ3, 6ـ9 ، I كورىنتلىقلار 15:4ـ6 ) | قۇرئاندا مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى. (مىسىردىن چىقىش 2:1 ، 3:15) | ئەيسا ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى. (مەتتا 1:2،16) | مۇھەممەت ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان. |
| مۇسا خۇدانىڭ خەلقىگە خىزمەت قىلغاندا، خۇداغا ئىنتايىن سادىق ئىدى. (ئىبرانىلار 3:2ـ5 ) | ئەيسا خۇدانىڭ خەلقىگە خىزمەت قىلغاندا، خۇداغا ئىنتايىن سادىق ئىدى. (ئىبرانىلار 3:2ـ5 ) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |
| مۇسا خۇدا بىلەن ئىسرائىللار ئوتتورىسىدا تۈزۈلگەن كونا ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (مىسىردىن چىقىش 19 ، 20 ، 24:8) | ئەيسا خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدا تۈزۈلگەن يېڭى ئەھدىنىڭ ۋاستىچىسىدۇر. (I كورىنتلىقلار 11:25 ، ئىبرانىلار 9:15 ، 12:24) | مۇھەممەت توغرىلىق بۇنداق خاتىرە يوق. |

## ئەيسا مەسىھ ئېيتقان كەلگۈسىدە كېلىدىغان «يارىيۆلەكچى» مۇھەممەتمۇ؟

● ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن خۇدا ئاتامدىن سىلەرگە باشقا بىر يارىيۆلەكچى ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن، ئۇ سىلەر بىلەن مەڭگۈ بىرگە تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتكە باشلىغۇچى مۇقەددەس روھتۇر. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى كۆرمەيدۇ ھەم

تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر. ئۇ دائىم سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ ۋە سىلەردە ياشايدۇ.» (ئىنجىل ـ يۇھاننا 14:16،17)

● ئەيسا مەسىھ بىشارەت قىلغان كەلگۈسىدە كېلىدىغان «ياريۆلەكچى» (paracletos) ئىبتىقاتچىلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرىدۇ، ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ھەقىقەتكە باشلىغۇچى مۇقەددەس روھ بولۇپ، خۇدانىڭ يېنىدىن كېلىدۇ، ئۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قىلىدۇ.

(ئىنجىل ـ يۇھاننا 14:16،17،26 ، 15:26 ، 16:7ـ14)

● ھالبۇكى، مۇھەممەتنىڭ ئەيسا مەسىھ بىشارەت قىلغان كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئاشۇ «ياريۆلەكچى» بولىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى:

○ مۇھەممەت ئىبتىقاتچىلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە بۇلالمايدۇ، ئۇ 63 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتىدۇ.

○ مۇھەممەت ئىبتىقاتچىنىڭ ئىچىدە ئەمەس، بەلكى تېشىدا ياشايدۇ، چۈنكى ئۇ روھ ئەمەس.

○ ھەممە كىشى مۇھەممەتنى كۆرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇمۇ ئادەتتىكى بىر ئادەم.

○ مۇھەممەت خۇدانىڭ يېنىدىن يەنى ئەرشتىن كەلگەن ئەمەس.

○ مۇھەممەت ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزىنى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان «ياريۆلەكچى» (paracletos) دىگەن گىرىكچە سۆزنى ئەسلىدە داڭلىق دىگەن مەنىدىكى گىرىكچە سۆز periclytos ئىدى دەيدۇ. بىراق ئەمىلىيەتتە، ھازىرغىچە تېپىلغان بارلىق ئىنجىل قولىيازما نوسخىلىرىدا بۇ سۆز paracletos (ياريۆلەك بولغۇچى) دەپ يېزىلغان بولۇپ، periclytos (داڭلىق) دەپ يېزىلىپ باقمىغان. periclytos (داڭلىق) دىگەن بۇ گىرىكچە سۆز مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھىچقانداق يېرىدە ئۇچرىمايدۇ.

● ئەمىلىيەتتە، ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھ ئالدىن بىشارەت قىلغان «ياريۆلەكچى» يەنى خۇدادىن كېلىدىغان مۇقەددەس روھ ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغان. ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ 40ـكۈنى ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ، 50ـكۈنى ئورما ھېيتىدا، مەسىھ ئىبتىقاتچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىرۇسالىمغا جەم بولۇپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ چاغدا توساتتىن ئاسماندىن قاتتىق شامال چىققاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇلار تۇرغان ئۆيىنى قاپلايدۇ. خۇددى ئوت يالقۇنىدەك بىر نەرسە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمۈپ، خۇدا ئاتا قىلغان ئالاھىدە

قابىلىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، ھەممە شۇنىڭدىن باشلاپ يۈرەكلىك ھالدا خۇش خەۋەر تارقىتىشقا باشلايدۇ. (ئەلچىلەر 2 ـ باب)

● خۇدانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنى ئالداپ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى 600 يىل ساقلىتىشى، ئاندىن ئەرەپلەرنىڭ ئىچىدىن مۇھەممەتنى «ياريۆلەكچى» قىلىپ تىكلىشى مۇمكىن ئەمەس.

● يىغىپ ئېيتقاندا، مۇقەددەس كىتاپتا، ئەرەپلەرنىڭ ئىچىدىن ئاتالمىش ئەڭ ئاخىرقى بىر پەيغەمبەر-مۇھەممەتنىڭ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ھىچقانداق بىشارەت بېرىلمىگەن. قۇرئان ۋە مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى بىلەن مۇقەددەس كىتاپ ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرى ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

6 ـ قىسىم

# ئاساسى ئېتىقات

## ئىسلام دىنى

● مۇسۇلمانلار مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقىنى بىر دىندۇر، يەنى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئېتىقاتىدۇر.

● ئىسلام دىنىدا ئادەم تەبىئىتىگە ئائىت خاتىرىلەر

○ ئادەملەر توغرا دىنغا ئىنتىلىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدۇر. ئەمما كۆپىنچە ئادەم بۇنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 30:30)

○ ئادەملەر ئاجىز ۋە چىدامسىز يارىتىلغان. (قۇرئان 4:28 ، 70:19)

○ ئادەملەر ئاللاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. (قۇرئان 96:6)

○ ئادەملەر نەپسىگە بېرىلىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. (قۇرئان 12:53)

○ ئاللا قۇتقۇزغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئادەملەردىن باشقا، كۆپىنچە ئادەملەر رەزىل ئىشلارنى قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ھەققانى بولمىغان ئادەملەر ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. (قۇرئان 11:116)

○ كۆپىنچە ئادەملەر دىنغا ئىشەنمەيدۇ. (قۇرئان 12:103، 13:1)

○ گۇناھ - دىنغا ئىشەنمىگەن ۋە ئاللانى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. (قۇرئان 2:39 ، 3:86،91 )؛ ئادەملەر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ھەددىدىن ئاشىدۇ. (قۇرئان 25:21)؛ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە قارشى چىقىدۇ. (قۇرئان 72:23)

○ ئاللانىڭ ھۆكۈمى بولمىسا، ھەرقانداق ئادەم دىنغا ئىشىنەلمەيدۇ. ئۇ ئەقىلسىزلارنى جازالايدۇ. (قۇرئان 10:38)

○ ئادەملەر ناپاك، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ۋە ئەقىلسىزدۇر. (قۇرئان 14:34، 33:72، 80:17 ، 100:6 )؛ كۆپىنچە ئادەملەر ئاللادىن كەلگەن شەپقەتكە شۈكۈر قىلمايدۇ. (2:243) ئاللانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلار ناپاكلاردۇر. (2:229)

○ ھەممە ئادەم زىيان ئىچىدە تۇرىدۇ. (قۇرئان 103:2)

○ ئەگەر ئاللا ئىنسانلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالىغان بولسا، يەر يۈزىدە بىرمۇ ئادەم قالماستى. (قۇرئان 16:61)

○ بۇرۇنقى دەۋرلەردە پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە روشەن بىشارەتلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ناھەق ئىشلارنى قىلىپ، دىنغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى ھالاك قىلغان. (قۇرئان 10:12،13 ، 17:16،17 ،

(19:98

بۇ ئايەتلەر ئادەملەرنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىنى ئاشكارلاپ، ئاللاغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

- ئىسلامنىڭ گۇناھقا ئائىت تەلىملىرى

○ ئىسلام دىنى ئەسلىي گۇناھنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما بۇ يوقۇرقى ئايەتلەر بىلەن ماس كەلمەيدۇ.

○ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈەتكەن. (قۇرئان 2:36 ، 7:24،27 ، 20:123)

○ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېساپلىنىدۇ. (قۇرئان 4:48)؛ كۆپ ئىلاھقا ئېتىقات قىلىش ئىمانسىزلىقتۇر.

○ ئاللا تۆۋەندىكى ئادەملەر ۋە گۇناھلارنى كەچۈرمەيدۇ:

■ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھى (قۇرئان 4:116)

■ دىنغا ئىشىنىپ كېيىن يېنىۋالغۇچىلار (قۇرئان 4:137)

■ دىنغا ئىشەنمىگەن ۋە ناھەق ئىشلارنى قىلغانلار (4:168)

■ ئۆزىمۇ ئىشەنمەي يەنە باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلغانلار، ھەمدە تاكى ئۆلگۈچە ئىشەنمىگەنلەر. (قۇرئان 47:34)

■ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەنلەر (قۇرئان 9:80)

○ كىم گۇناھ ئۆتكۈزسە، جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ. (قۇرئان 4:111)

○ كىم ھەق يولدا ماڭسا، پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ. كىم خاتا يولغا ماڭسا زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ. (قۇرئان 10:108)

○ كىم گۇناھ ئۆتكۈزسە، جاۋابىنى ئۆزى بېرىدۇ، باشقىلارنىڭ گۇناھىغا جاۋاپكار بولمايدۇ. (قۇرئان 6:164)

(بۇ گۇناھنى ۋاكالىتەن يۈيۈشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)

- ئىسلام دىنىنىڭ شەيتان (ئىبلىس) توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى

○ ئىبلىس ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئازدۇرۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىدۇ، ئەمما ئاز ساندىكىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 17:61،62)

○ ئىبلىس ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ جەننەتتىن چىقارغاندەك، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىمۇ شۇنداق سىنايدۇ. ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئادەملەرنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللا ئىبلىسنى ئىمانسىزلارغا ئىتتىپاقداش قىلغان. (قۇرئان 7:27)

○ ئىبلىس ھەر تەرەپتىن ئادەمگە ھوجۇم قىلىدۇ. (قۇرئان 17،7:16)

○ ئىبلىس ئادەملەرنى گۇناھ بىلەن ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى چۈشكەنلەشتۈرىدۇ. (قۇرئان 40،15:39)

● قۇرئاندا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىش ياكى كىرەلمەسلىكى توغرىسىدا زىددىيەتلىك خاتىرىلەر مەۋجۇد.

○ مەسىھىيلەر جەننەتكە كىرەلەيدۇ.

■ ئاللا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلغانلارنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55)

■ مۇسۇلمانلار، يەھۇدىلار، مەسىھىيلەر، سابىيلار(يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) ئىچىدە ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار ھەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار كەلگۈسىدە ئاللانىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 2:62 ، 69،5:66 )

○ مەسىھىيلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

■ كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ دىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (قۇرئان 3:85)

● ئىسلام دىنىدا ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش كىرەلمەسلىكى تۆۋەندىكى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ.

○ ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا كىمنى غەپلەتتە قالدۇرغۇسى كەلسە، شۇنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. كىمنى ھەق يولدا ماڭدۇرماقچى بولسا، شۇنى ھەق يولدا ماڭدۇرىدۇ. (قۇرئان 39،6:35 ، 7:155 ، 13:27 ، 14:4 ، 16:93 ، 35:8 ، 74:31)

■ ئاللا كىمنى جازالىغۇسى كەلسە شۇنى جازالايدۇ. كىمگە رەھىم قىلغۇسى كەلسە شۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ. (قۇرئان 2:284 ، 3:129 ، 118 ,40 ,18 ,5:1 ، 48:14)

■ ئاللا كىمنى توغرا يولدا يىتەكلەشنى خالىسا شۇنى توغرا يولدا يىتەكلەيدۇ. كىمنى ئازدۇرغۇسى كەلسە شۇنى ئازدۇرىدۇ. (قۇرئان 7:178)

■ ئاللا ئۆزى خالىغان ئادەملەرگە مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ، ناپاكلار ئۈچۈن جازانى تەييارلايدۇ. (قۇرئان 76:31)

○ ئادەملەرنىڭ مۇھەممەتكە بويسۇنغان ياكى بويسۇنمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا مۇھەممەتكە بويسۇنغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. (قۇرئان 3:31)

○ ئادەملەرنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلغان قىلمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

■ يامان ئىشلارنى قىلغانلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا ھەم توغرا يولدا ماڭسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 5:39 ، 19:60 ، 20:82)

■ مۇسۇلمانلار ئاللادىن گۇناھىنى تىلىسە، ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. (قۇرئان 66:8)

○ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەن ياكى تۆلىمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالايدۇ. (قۇرئان 195،194:3)

■ روزا تۇتۇش، ئۇشرە-زاكات بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق گۇناھقا بەدەل تۆلىگىلى بولىدۇ. (قۇرئان 2:196)

■ يوشۇرۇن ھالدا نامراتلارغا سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بىر قىسىم گۇناھلارنى يۇغىلى بولىدۇ. (قۇرئان 2:271)

■ ئىلگىرى يامان ئىشلارنى قىلغانلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، مۇھەممەتكە زاكات تۆلىسە، مۇھەممەت ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى پاكلايدۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. (قۇرئان 104،102:9)

■ قىلغان قەسىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرھال تامقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئون نامراتنى بىر ۋاق غىزالاندۇرۇش، ياكى ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم بېرىش، ياكى بىر قۇلنى ئازات قىلىش. ئەگەر بۇلارنى قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 5:89)

■ كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنى ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا ناماز

ئۆتىگەنلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق يامان ئىشلىرى يۇيۇلىدۇ. (قۇرئان 11:114)

○ ئادەملەرنىڭ ئېتىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىگە باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 7:158)، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ قىلغان ۋەھىلىرىگە بويسۇنغانلار (قۇرئان 29:54،55)، قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نازىل بولۇنغان مۇقەددەس كىتاپلارغا (تەۋرات، ئىنجىلغا) ئىشەنگەنلەر، ھەمدە پەرىشتە ۋە قىيامەتكە ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 4:136)

■ قۇرئاننى ئوقۇپ قىرائەت قىلغان، بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلغان ھەم ئۇشرە-زاكاتنى ئايرىغانلار. (قۇرئان 13:22 ، 35:29)

■ ھەج قىلغانلار. (قۇرئان 2:158)

■ ئاللاغا بويسۇنغانلار (مۇسۇلمانلار)، راستچىللار، سەۋر قىلغانلار، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانلار، سەدىقە بەرگەنلەر، روزا تۇتقانلار، ئىپپىتىنى ساقلىغانلار، ئاللانى ياد ئەتكەنلەر. (قۇرئان 33:35)

■ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازاغا تارتىلىدۇ. (قۇرئان 39:70)

■ ئاللا ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئارتىدۇ ۋە دەپتەرگە خاتىرلەيدۇ. قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋاپ بېرىدۇ. (قۇرئان 17:13،14)

● ئىسلامغا ئېتىقات قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مۇنداق بولىدۇ:

○ ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 2:25،82 ، 4:57،122،124 ، 11:23 ، 14:23 ، 18:107 ، 22:14،23،56 ، 29:58 ، 30:15 ، 31:8 ، 32:19 ، 42:22 ، 47:12 ، 98:7،8 )

○ ئۇلار ئاللانىڭ يېنىدا مۇكاپاتلىنىدۇ. (قۇرئان 2:277 ، 3:57 ، 4:173 ، 5:9 ، 17:9 ، 18:2،30 ، 35:7 ، 41:8 ، 49:29 ، 84:25 ، 95:6)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. (قۇرئان 5:9 ، 11:11 ، 22:50 ، 29:7 ، 33:35 ، 34:4 ، 35:7 ، 48:29)

○ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بارار جايى بەختكە تولغان گۈزەل بىر ماكاندۇر. (قۇرئان 13:29)

○ ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 20:75)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىنى خاتىرلەيدۇ. (قۇرئان 21:94)

○ ئاللا ئۇلارنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قويىدۇ. (قۇرئان 29:9)

○ ئاللا ئۆز شەپقىتى بىلەن ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 30:45)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ شەپقەت قىلىدۇ. (قۇرئان 42:26)

○ ئۇلار ئاللانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئىچىدە بولىدۇ. (قۇرئان 45:30)

○ ئۇلار يارىتىلغان مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. (قۇرئان 98:7)

○ ئاللا ئۇلارنى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتلىك قىلىدۇ. (قۇرئان 19:96)

○ ئۇلار زىياندىن ۋە ئۆز رىزقىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ. (قۇرئان 20:112)

○ ئۇلار مول تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 22:50 ، 65:11)

○ ئۇلار ئاللانىڭ يېنىدا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. (قۇرئان 42:22)

● ئىسلامدا ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يامان ئىشلارنى يۇغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 11:114)

● ئەگەر ئاللا خالىسا، ھەممە ئادەم توغرا دىنغا كىرىدۇ. (قۇرئان 10:99) ئەگەر ئاللا بويرىمىسا، ھېچكىم ھەق دىنغا ئېتىقات قىلمايدۇ. (قۇرئان 10:100) ئاللا تەرىپىدىن ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋېتىلگەنلەر ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. (قۇرئان 10:96) ئاللا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى سۆيىدىغان قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىنى تۈزەيدۇ. (قۇرئان 49:7) ئاللا ئىلگىرىمۇ ھەق دىننى بەزى خەلقلەرنىڭ قەلبىگە پۈتكەن. (قۇرئان 58:22)

● ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ ئىناۋەتسىزدۇر. (قۇرئان 5:5 ، 7:147) ئاللا ھەق دىنغا كىرمىگەن ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى كەچۈرمەيدۇ. (قۇرئان 47:34)

● ئاللا جەننەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى تېگىشىدۇ. (قۇرئان 9:111)

● گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. (قۇرئان 28:67)

● ياخشى ئەمەللارنى قىلغان مۇسۇلمانلار مۇنداق بولىدۇ:

○ ئۇلار ئاللاغا ۋاكالىتەن زېمىننى ئىدارە قىلىدۇ. (قۇرئان 24:55)

○ ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. (قۇرئان 63:8)

● قۇرئاندا ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ جەننەتكە كىرەلىشى توغرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇد. ئاللا مۇسۇلمانلارنى چوقۇم قۇتقۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرمىگەن. مۇسۇلمانلار ئىسلامغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام شەرىئەتلىرىگە ئەمەل قىلغان تەغدىردىمۇ، بىراق بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا تولۇق ئىشەنچ ۋە دەلىلگە ئىگە ئەمەس. پەقەت جىھات ئۇرۇشىدا ياكى ھەج سەپىرىدە ئۆلگەندىلا ئاندىن جەننەتكە چوقۇم كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مۇسۇلمانلار قىيامەتتىكى سوراقتا ئۆزلىرىنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ پۈتۈنلەي ئاللانىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ. ئاللا ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە كەچۈرىدۇ ياكى جازالايدۇ، ئۇ ھېچقانداق بىر شەرتلىك كېلىشىم ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلىمىگەن. شۇڭا ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن گۇناھلىرىڭىز كەچۈرۈلدىمۇ دەپ سورالسا، ئۇلار پەقەت «ئەگەر ئاللا خالىسا» دەپلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن داڭلىق كىشىلىرى (مەسىلەن خەلىپە ئابابەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار) ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەشۋىش ۋە ئەنسىزلىككە تولغان.

● مۇسۇلمانلاردا «قايتىدىن تۇغۇلۇش» كەچۈرمىشى بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۆز مۇرتلىرىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى كونترول قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ دىنى ھېسسىيات ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان بىر خىل دىن بولۇپ، ۋاھالەنكى شەخسنىڭ سۈپا ۋە خاراكتېرىدە ماھىيەتلىك يېڭىلىنىش بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاغا بويسۇنغاندىن كېيىنمۇ، ئادەتتە يەنىلا بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىدۇ.

● سوپىزىم مەزھىپى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى ۋە روھى چېنىقىش ئارقىلىق ئىلاھقا يېقىنلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشىشنى ئالاھىدە مۇھىم كۆرىدۇ، قىيامەتتىكى سوراق ۋە جازادىن قورقىدۇ، ئادەمنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىگە سەزگۈرلەك كېلىدۇ. ئۇلار مەشىق قىلىش ۋە ئۆزىنى چەكلەش ئارقىلىق ئىلاھنى خۇرسەن قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىلاھنى مۇھەببەتنىڭ بىرخىل سىرلىق ئوبىكتى قىلىدۇ، بەزىدە مۇزىكا ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. ئۇلار قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى تەكىتلەيدۇ:

○ ئاللا ئادەملەرنىڭ قان تومۇرىدىنمۇ بەكرەك ئۇلارغا يېقىندۇر. (قۇرئان 50:16)

○ ئاللا ئاسمان-زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەملەرنى يورۇقلۇققا يېتەكلەيدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. (قۇرئان 24:35)

○ مۇسۇلمانلار دىنغا ئاسىيلىق قىلسا، ئاللا باشقا قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىنى

باسىدۇ. ئاللا ئۇ خەلقنى سۆيىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللانى سۆيىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كەمتەرلىك بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ. باشقا دىندىكىلەرگە قاتتىق قول بولىدۇ. ئۇلار ھەق دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، ھېچكىمنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقمايدۇ. (قۇرئان 5:54)

o ئۇلار كۈلپەتكە ئۇچرىغاندا، بىز ئاللاغا مەنسۇپ، بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا بەيئەت قىلىمىز دەيدۇ. (قۇرئان 2:156)

• يامان روھلاردىن ساقلىنىشقا ئېتىۋار بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ خەلق ئېچىدىكى بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

## ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدا

• مۇسۇلمانلار ئويلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە: ئەگەر سىز تۇغۇلۇشتىنلا گۇناھسىز تەبىئەتتە بولسىڭىز، ياكى ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاكلاندىم دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز گۇناھ ئۆتكۈزمەي قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت تۇرالايسىز؟ ئادەم ئەسكىلىشىپ كېتىشكە ئالاھىدە كۈچەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئادەمنى تەبىئىيلا يامانلىق-رەزىللىككە يەنى گۇناھقا يۈزلەندۈرىدۇ؟ (مەسىلەن شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك، شەھۋانى ھەۋەس، بۇزۇقچىلىق قاتارلىقلار)

• مۇسۇلمانلار گۇناھنى توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىش دەپ چۈشىنىدۇ، ھەمدە گۇناھكار ئادەم پەقەت ساۋاپلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇسا، خاتا يولدىن قايتىپ توغرا يولغا كىرسىلا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

• ئىنجىلدا، گۇناھ بارلىق ئىنسانلارنى خۇدادىن ئايرىۋەتكەن (چۈنكى بىرمۇ گۇناھسىز پاك ئادەم يوقتۇر)، شۇڭا ئىنسانلار چوقۇم گۇناھنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى كېرەك دېيىلىدۇ.

• ئەگەر ئۈچ خىل كولباسا(قىزا) بار دىسەك، بۇلارنىڭ بىرىنچى خىلىدا %10 كالا گۆشى %90 چوشقا گۆشى، ئىككىنچى خىلىدا %50 پىرسەنت كالا گۆشى %50 چوشقا گۆشى، ئۈچىنچى خىلىدا %90 كالا گۆشى ۋە %10 چوشقا گۆشى بار بولسا، ئۇنداقتا بۇلارنىڭ قايسىسىنى يېيىشكە بولىدۇ؟

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان شۇنداق دەيدۇكى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھەتتا بىر پىرسەنت چوشقا گۆشى ئارىلىشىپ قالسىمۇ ھارام بولۇپ، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، گۇناھكار ئىنسانلارمۇ، مەيلى ئۇنىڭدا %80 ياكى %50 ۋە ياكى %10 ھەتتا %1 گۇناھ بولسۇن، پاك خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممىسى ئوخشاشلا ناپاكتۇر.

ئادەمنى ناپاك قىلىدىغىنى گۇناھتۇر. خۇدا ھەرقانداق ناپاك نەرسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە يول قويمايدۇ (ئىنجىل-ۋەھىلەر 21:27). دېمەك ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ئۇنداقتا ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى تەلتۆكۈس يۇيالايدىغان قۇربانلىق بەدەل زادى نېمە؟

**مەسىھ ئېتىقاتى**

• ئىنسانلار ئاجىز ۋە گۇناھكار بولۇپ، كەچۈرۈلۈشكە ۋە قۇتقۇزۇلۇشقا مۇھتاجتۇر. ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى خۇدا بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، خۇدانى قايغۇرتىدۇ. ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئىش-ھەرىكىتىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھالبۇكى ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئۆتكۈزگەن گۇناھنىڭ بارلىق جازاسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىرستتە ئۆلتۈرۈلىشى دەل خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن بىشارەتلىك خۇش خەۋىرىدۇر. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ھەرقانداق ئادەم خۇدانىڭ دۆلىتىدە قايتىدىن تۆرەلگەن بولىدۇ. گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، خۇدا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ، ھەمدە مەڭگۈلۈك يېڭى ئالەمگە چوقۇم كىرەلەيدۇ.

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى «خىرىستىيان» دەپ ئاتاش ئانتاكيە شەھرىدىن باشلانغان. چۈنكى «مەسىھ» دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا «خىرىستوس» دەپ ئاتالغان. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 11:26)

• ئەيسا مەسىھنى «رەببىم، رەببىم» دىگەنلەرنىڭ ھەممىسلا ئەرشىنىڭ پادىشالىقىغا كىرەلمەيدۇ. پەقەت خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغانلارلا كىرەلەيدۇ. (ئىنجىل-مەتتە 7:21)

○ بەزى مۇسۇلمانلار غەرپ ئەللىرىنىڭ كىنولىرى ياكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قىلغان ناتوغرا ئىشلىرىغا قاراپلا، مەسىھيلەر شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى غەرپ ئەللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسلا ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ ئىخلاسمەن كىشىلەر بولغاندىن سىرت، ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

● خۇدا ئۆزىنىڭ چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن دۇنيانى ياراتقان چاغدىلا ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى بېكىتىپ بولغان.
(ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 3:11 ، پېترۇسI 21-1:18 ، ۋەھىيلەر 13:8)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدانىڭ ئەمىرلىرى توغرىسىدىكى تەلىملەر

تەۋرات (كونا ئەھدە) دىكى تەلىملەر:

● «ئون پەرھىز» (خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن ئون ماددىلىق قانۇن)
(تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 17-20:1 ، قانۇن شەرھى 21-5:5 )

1) بىر ياراتقۇچى خۇدادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پەرۋەردىگار خۇدادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ.
2) ئاسمان، زىمىن، يەر ئاستى ۋە سۇدىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەكلىدە بۇت ياساپ چوقۇنۇشقا بولمايدۇ.
3) پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس نامىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ.
4) سابات كۈنىگە ئەمەل قىلىش. يەنى بىر ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە ئىشلەپ، يەتتىنچى كۈنى (شەنبە كۈنى) چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك. چۈنكى بۇ كۈنىنى خۇدا مۇقەددەس كۈن قىلىپ بېكىتكەن.
5) ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىش.
6) قاتىللىق قىلماسلىق.
7) زىنا قىلماسلىق.
8) ئوغرىلىق قىلماسلى.
9) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك.
10) باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى، ئايالى ۋە باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا كۆز قىزارتماسلىق، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق.

● خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن.
(تەۋرات-قانۇن شەرھى 6:5 ، 11:23 ، 30:9 ، يەشۇئا 22:5 ، شاھلار تەزكىرىسىII 23:3 ، تارىخنامەII 34:31)

ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) دىكى تەلىملەر:

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ.

○ ئەڭ چوڭ ئەمىر شۇكى، خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن. ئۇندىن قالسا، باشقىلارنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن. مانا بۇ ئىككى ئەمىر تەۋرات قانۇنى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر

تەلىملىرىنىڭ باش پىرىنسىپىدۇر. (ئىنجىل ـ مەتتا 22:36 ، ماركوس 12:28)

○ تەۋرات قانۇنىدىكى بەزى پەرھىزلەرنى تەكىتلەيدۇ. (ئىنجىل ـ مەتتا 19:17 ، ماركوس 10:19 ، لۇقا 18:20)

● قاتىللىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغۇرلۇق قىلماسلىق، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق دىگەن پەرھىزلەر ۋە باشقا پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسى «باشقىلارنى ئۆزۈڭدەك سۆي» دىگەن بۇ بىر ئەمرگە يىغىنچاقلانغان. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 13:9)

● ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 6:2)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا گۇناھقا ئائىت تەلىملەر

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى تۈپەيلىدىن، گۇناھ بۇ دۇنياغا كىرگەن. (ئىنجىل ـ رىم 19 ـ 5:12)

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:23)

● تۆۋەندىكىلەر گۇناھتۇر:

○ خۇدانى رەنجىتىش. (زەبۇر 51:4)

○ خۇدانىڭ ئەمرىگە قارشى چىقىش. (تەۋرات ـ نوپۇس 15:31، سامۇئىلI 15:24)

○ قەلبتىن يامانلىق چىقىرىش. (مەتتا 12:35)

○ خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىش. (زەبۇر 10:4)

○ ئاغزىدا خۇدانى مەدھىيىلىسىمۇ، ئەمما قەلبى خۇدادىن يىراق بولۇش. (يەشايا 29:13) ساختىپەزلىك قىلىش. (ئىنجىل ـ مەتتا 24:51)

● گۇناھنىڭ ئېنىقلىمىس توغرىسىدىكى بىر قىسىم تەلىملەر

○ گۇناھ ـ پەقەت ئاللاھىدە ھەركەت ياكى قىلمىش بولىشىلا ناتايىن.

○ گۇناھ ـ بارلىق ئىنسانلارنىڭ رەزىللىككە تولغان بىر خىل ھالىتىدۇر.

○ گۇناھ ـ خۇدانىڭ قانۇنىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغانلىقتۇر.

○ گۇناھ ـ ئاكتىپ ياكى پاسسىپ شەكىلدە، مەغرۇرلۇق بىلەن خۇداغا ئاسىلىق قىلىشتۇر. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 32 ـ 1:18 )

● كىمدە كىم ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرسە، ئۇ ئازىدۇ، ھەۋەس ئۇنى گۇناھقا

يىتەكلەيدۇ. گۇناھ ئۇنىڭدا ئۇسۇپ يېتىلسە، مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. (ئىنجىل-ياقۇپ 1:14،15)

● ئادەمنىڭ قەلبى ھىلە-مىكىرگە تولغان بولۇپ، ئەسكىلىكتە چېكىگە يەتكەندۇر. (يەرەمىيا 17:9) ئىنسانىنىڭ جىسمىنى يامانلىق قاپلىغان بولىدۇ، شۇڭا ياخشىلىق قىلىمەن دېسىمۇ قىلالماي، يامانلىق قىلىدۇ. (ئىنجىل-رىملىقلار 7:18،23)

● دۇنيادا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان بىرمۇ ھەققانى ئادەم يوق بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ناپاك ۋە گۇناھكاردۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلگەن يولغا مېڭىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان. (زەبۇر 14:2،3 ، ھېكمەتلەر 7:20 ، يەشايا 53:6 ، ئىنجىل-رىملىقلار 3:10،12 ، يۇھاننا I 1:8،10) ئىنسانلار جىسمانى تىنىنىڭ شەخسى ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ ياشايدۇ. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 2:3)

● خۇدا ھەرگىزمۇ گۇناھى بارلارنى گۇناھسىز دېمەيدۇ. (مىسىردىن چىقىش 36:6)

● ئەگەر ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بولسا، بىرمۇ ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرالمايدۇ. (زەبۇر 130:3)

● گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولىدۇ:

  ○ رەزىل ئادەملەر تىنچ-ئامانلىق تاپالمايدۇ. (يەشايا 57:21)

  ○ گۇناھ ئىنساننى خۇدادىن ئايرىۋېتىدۇ. (يەشايا 59:2)

  ○ گۇناھ ئىنساننى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. (ئىزەكىيال 18:4،20 ، رىملىقلار 5:12،21 ، 6:23 ، ئىبرانىلار 9:27)

  ○ ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن سوراققا تارتىلىدۇ. (ئىبرانىلار 9:27)

● مۇقەددەس روھ ئىنسانلارغا گۇناھىنى تونۇتۇپ، ھەققانىيەتنى ئايان قىلىدۇ، ھەمدە كەلگۈسىدىكى سوراقنى يادىغا سالىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 16:8)

مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدانىڭ ئادەملەرگە بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا:

● خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىنسانلارغا تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلىشتۇر. (يەرەمىيا 29:11)

● خۇدا بارلىق ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇپ، ھەقىقەتكە قاراپ مېڭىشىنى خالايدۇ. (تىموتىI 2:3)

● خۇدا بىرمۇ ئادەمنىڭ ھالاك بولىشىنى خالىمايدۇ، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ گۇناھىنى تونۇپ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. (پېتروسII 3:9)

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن خۇشال بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ يامان يولدىن يېنىپ ھايات قىلىشىنى خالايدۇ. (ئېزەكىيال 18:32 ، 33:11)؛ ئۇ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ تووۋا قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ. (لۇقا 15:7)

● ئەيسا مەسىھ گۇناھكار ئادەملەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى نامايەن قىلغان. (تىموتىيI 1:16)

● خۇدا قۇربانلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى رەھىمدىللىكنى خالايدۇ. (مەتتا 9:13)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا تەۋرات قانۇنى توغرىسىدىكى تەلىملەر

● ئەيسا مەسىھ تەۋرات قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (مەتتا 5:17)

● تەۋرات قانۇنى ئادەملەرگە گۇناھنى تونۇتىدۇ، ھەم گۇناھنىڭ رەزىللىكىنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ. (رىملىقلار 3:20 ، 7:7 ، 7:13)

● ھېچقانداق بىر ئادەم دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا بويسۇنۇش ئارقىلىقلا خۇدانىڭ ئالدىدا مۇتلەق پاك بولۇپ ھەققانى دەپ ئاتىلالمايدۇ. (رىملىقلار 3:20 ، گالاتىيالىقلار 2:16 ، 3:11)

●خۇدانىڭ پۈتۈن قانۇنلىرىغا (دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا) ئەمەل قىلماقچى بولغان ئادەم پەقەت بىرلا ماددىغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا پۈتۈن قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغان ئادەمدەك گۇناھكار بولىدۇ. (ياقۇپ 2:10)

● تەۋرات قانۇنى بولمىغان خەلقلەردە، ئىلاھى قانۇنىنىڭ رولى ئۇلارنىڭ دىلىغا پۈتۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋىجدانى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ. (رىملىقلار 2:15)

● تەۋرات قانۇنى بىزنىڭ يېتەكچى ئۇستازىمىز بولۇپ، بىزنى مەسىھكە قاراپ يېتەكلەيدۇ، ھەم مەسىھكە بولغان ئىشەنچىمىز ئارقىلىق ھەققانى دەپ جاكارلايدۇ. ۋاھالەنكى بۇ ئىشەنچنىڭ نىشانى بولغان مەسىھنىڭ ئۆزى يېتىپ كەلگەنىكەن، بىز ئەمدى بۇرۇنقى ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەسمىز. (گالاتىيا 3:24،25)

● خۇدا مۇكەممەلدۇر، شۇڭا بىزمۇ مۇكەممەل بولىشىمىز كېرەك. (مەتتا 5:48) خۇدا ئادىل (زەبۇر 145:17 ، يەشايا 5:16) ۋە پاكتۇر (زەبۇر 99:5)، شۇڭا بىزمۇ پاك بولىشىمىز كېرەك (لاۋىيلار 11:44 ، 19:2 ، 20:7،26) . پاك بولمىغان ئادەم خۇدانى كۆرەلمەيدۇ (ئىبرانىلار12:14). گۇناھكار ئادەملەر خۇداغا يېقىنلىشالمايدۇ. خۇدا بىلەن قايتا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، ئادەملەر چوقۇم گۇناھتىن پاكلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدا بىر يولنى ئاچقان بولۇپ، بۇ يول دەل ئەيسا مەسىھتۇر. خۇدانىڭ كالامى (سۆزى) بولغان ئەيسا مەسىھ ئىنسان تېنى شەكلىدە يەر يۈزىگە چۈشكەندە، ئادىمزاتقا خۇدانىڭ قانداق

ئىكەنلىكىنى ئايان قىلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇتقۇزۇش شەپقىتى يەنى ئۇنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق بىز پاكلاندۇق، ھەم شۇ چاغدىن باشلاپ خۇدا بىلەن خاس مۇناسىۋەت ئورنىتالىدۇق. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. خۇدا مۇقەددەس كىتاپ ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. مۇقەددەس روھ بىزنىڭ خۇدا بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت باغلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان خاس مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە تولغان بولۇپ، خۇدانىڭ بۇلارنى قىلىشتىكى سەۋەبى، ئۇ مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

## ئەيسا مەسىھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا:

● ئەيسا مەسىھ بىر تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدىلا، بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى. مانا بۇ ئارقىلىق خۇدا بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىسپاتلىدى. ئەيسا مەسىھ گۇناھ قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئازاپ-ئوقۇبەت چېكىپ، ھەممىمىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش مەقسىتىدە بىز گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىز يۇيۇلدى. (رىملىقلار 5:8 ، پېترۇسI 3:18)

● ئەيسا مەسىھ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدىكى كېلىشتۈرگۈچى. (تىموتىيI 2:5)

● ئەيسا مەسىھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلب ئىشىكىنى چېكىدۇ. ئەگەر بىرەيلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولىدۇ. (ۋەھىيلەر 3:20)

گۇناھىمىز كەچۈرۈلسۇن دەيدىكەنمىز، مۇنداق قىلىشىمىز كېرەك:

● گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن چىن قەلبىمىزدىن ئازابلىنىپ تۆۋە قىلىشىمىز كېرەك. (زەبۇر 51:17)

● تۆۋەنچىلىك بىلەن گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. (لۇقا 14-18:9)

● گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز (زەبۇر 32:5) تۆۋە قىلىشىمىز (لۇقا 5-13:2)، ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈلىشىمىز (ماركوس 1:15 ، ئەلچىلەر 3:28 ، كورىنتلىقلارI 7:9)، تۆۋە قىلغان قەلبىمىزگە لايىق ئىش-ھەركەت قىلىپ مېۋە بېرىشىمىز (لۇقا 3:8 ، ئەلچىلەر 26:20)، باشقىلارنى كەچۈرىشىمىز (مەتتا 6:14،15)، ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز كېرەك (ئەلچىلەر 20:21).

● ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلساق، خۇدا ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن

گۇناھلىرىمىزنى چوقۇم كەچۈرۈم قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 10:43، كولوسسىلىقلار 2:12،13، يۇھانI 1:9 ، 2:12)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا ئىشەنچ ۋە ھەركەت توغرىسىدىكى تەلىملەر

• ئېتىقات دىگىنىمىز مەلۇم دىنى قائىدە-نىزاملارغا ئىشىنىپ قويۇش دىگەنلىك ئەمەس.

• ئېتىقات خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشتىن كىلىدۇ، بۇ خۇش خەۋەر ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىدىن كەلگەن. (رىملىقلار 10:17)

• ئېتىقات قىلماي تۇرۇپ خۇدانى خۇرسەن قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشى چوقۇم خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىغا ۋە ئۇنى ئىزدىگەنلەرنىڭ ئەجرى قايتۇرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كىرەك. (ئىبرانىلار 11:6)

• ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئىغىزدا ئېتىراپ قىلغان، ھەمدە خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئادەم چوقۇم قۇتقۇزىلىدۇ. (رىملىقلار 10:9،10)

• ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھكە تايىنىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. (ئەلچىلەر 4:12)

• ئىشىنىپ چۈمۈلدۈرۈلگەنلەر چوقۇم قۇتقۇزىلىدۇ (ماركوس 16:16). بۇ قۇتقۇزۇلۇش خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ ئىش-ئەمەللىرىدىن كەلمىگەن (ئەفەسلىكلەر 2:8،9 ، تىتوس 3:5). خۇداغا ئىشەنگەنلەر ھەققانى دەپ ھىساپلىنىدۇ (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 15:6 ، رىملىقلار 3:26 ، 5-4:3 ) .

• ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ ئاتىغانلار، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى كىرەك. (لۇقا 6:46)

• ئەيسا مەسىھكە مۇرت بولغانلار، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئايالى، پەرزەنتلىرى، قېرىنداشلىرى ۋە ھاياتىدىنمۇ بەكرەك سۆيىشى كىرەك، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىرىستىنى يۈدۈپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى كىرەك. (لۇقا 27-14:25)

• ئەمەلىيىتى يوق ئېتىقات ئۆلۈكتۇر (ياقۇپ 26-2:14 ). خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغانلارلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ (مەتتا 7:21)

## ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەندە تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەر كىلىپ چىقىدۇ:

• قۇتقۇزىلىمىز (ماركوس 16:16 ، يۇھاننا 10:9 ، ئەلچىلەر 4:12 ، رىملىقلار 10:13 ، ئىبرانىلار 5:9)

● گۇناھىمىز بىكىتىلمەيدۇ (يۇھاننا 3:18 ، 5:24 ، ئەلچىلەر 10:43 ، رىملىقلار 8:1،2 ) ھەم كەچۈرۈلىدۇ (ئەفەسلىكلەر 1:7).

● خۇدا تەرىپىدىن ھەققانىي دەپ ئاتىلىمىز. (رىملىقلار 3:24،26،28 ، گالاتىيالىقلار 3:6 ، فىلىپىلىكلەر 3:9)

● ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە كىرىستقا مىقلانغان بولىمىز، ئەيسا مەسىھ ئىچىمىزدە ياشايدۇ. (گالاتىيالىقلار 2:20)

● يېڭىدىن يارالغان ئادەم بولىمىز (كورىنتلىقلارII 5:17)، قايتىدىن تۇغۇلغان ھېساپلىنىمىز (يۇھاننا 7-3:3 )، يېڭى روھقا ئىگە بولىمىز (ئىزەكىئال 36:26،27 ، رىملىقلار 8:10)، ھاياتلىققا ئىگە بولىمىز (يۇھاننا 20:31)، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىمىز (يۇھاننا 16-3:14 ، 5:24 ، 6:40 ، 10:28 ، رىملىقلار 6:23)، خۇدا ۋە ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر (يۇھاننا 17:3) .

● دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولىمىز. (يۇھانناI 5:4،5 )

● تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز شان-شەرەپكە تولغان زور خۇشاللىققا ئېرىشىمىز. (پېتروسI 1:8)

● تولۇق قانائەتكە ئېرىشىمىز. (كولوسلىقلار 2:10)

● ئاراملىق تېپىپ، يەڭگىللەيمىز. (مەتتا 11:29،30)

● ئادەملەر بىلەن ئىناق ئۆتىمىز. (ئەفەسلىكلەر 2:14،15)

خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە:

● ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدا بىلەن يارىشىمىز. (كورىنتلىقلارII 20-5:18 ، رىملىقلار 5:1 ، ئەفەسلىكلەر 2:16 )

● خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولىمىز. (يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 16-8:14 ، گالاتىيالىقلار 3:26 ، ئەفەسلىكلەر 1:5 ، فىلىپىلىكلەر 2:15 ، يۇھانناI 3:1)

● خۇدانىڭ روھى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ، بىزنى يېتەكلەيدۇ (رىملىقلار 14 , 11-8:9 ). خۇدادىن كەلگەن روھ بىزگە خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىرىنى بىلدۈرگۈزىدۇ (كورىنتلىقلارI 2:12). مۇقەددەس روھ بىزدە مېۋە بېرىدۇ، يەنى مېھىر-مۇھەببەت، خۇشاللىق، تىنچلىق، سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق، مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىقلار (گالاتىيالىقلار 5:22،23)

● خۇدانىڭ خاراكتېرى بىزدە بولىدۇ. (پېتروسII 1:4)

● خۇدانىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز. (يۇھاننا 14:6)

● ھاياتىمىز ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە خۇدانىڭ ئىچىدە ساقلىنىدۇ. (كولوسلىقلار 3:3)

ئىتىقات قىلغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك:

● ھەر يەكشەنبە كۈنى مەسىھ جامائەتچىلىكىگە بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەتكە قاتناشىشلا ھېساپ ئەمەس، يەنە باشقا مەجبۇرىيەتلەرمۇ بار.

● خۇدانىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن پەرزەتلەر بولغانىكەنمىز، بىزمۇ خۇدانى ئۈلگە قىلىپ، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك، خۇددى ئەيسا مەسىھ بىزگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغاندەك. (ئەفەسلىكلەر 5:1،2)

● ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش كېرەك (ئەفەسلىكلەر 2:10). ئېتىقات مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك (گالاتىيالىقلار 5:6).

● پاك ياشاشقا تىرىشىش كېرەك. پاك بولمىغانلار رەبنى كۆرەلمەيدۇ. (ئىبرانىلار 12:14)

● باشقىلارنى كەچۈرىشىمىز كېرەك، خۇددى پەرۋەردىگار ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەندەك. (ئەفەسلىكلەر 4:32)

● خۇدانى دائىم مەدھىيىلەش ۋە شۈكرى ئېيتىش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:19،20)

**قۇتقۇزۇلۇش توغرىسىدا** (مۇھىم نوقتىلار)

● خۇدا قۇتقۇزۇلۇش شەرتلىرىنى ئورۇنداپ بولغان:

○ خۇدا چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىنسانلار گۇناھلىرىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى گۇناھنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلار بىلەن ياراشتى. (يۇھاننا 3:16،17 ، رىملىقلار 3:25 ، ئەفەسلىكلەر 2:8 ، تىتوس 3:5)

○ ئىنجىل ئادەمگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىدۇ. (تىموتىيII 3:14،15)

● ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلۇش شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

○ گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ توغرا يولغا قايتقان بولۇش كېرەك. (ئەلچىلەر 2:38 ، 3:19)

○ چىن قەلبىدىن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. ئېتىقاتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئېتىقاتىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش كېرەك. ئەيسا مەسىھ ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قىلىشقا تەييار تۇرۇش كېرەك. (ماركوس 8:35 ، يۇھاننا 6:47 ، 11:25،26 ، 20:31 ، ئەلچىلەر 2:21 ، ئىبرانىلار 3:14 ، ياقۇپ 2:24 ، پېتروسI 1:5،9 )

○ ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. (رىملىقلار 10:9،10)

○ ھەرقانداق ئادەم يوقۇرقى شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا قۇتقۇزۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. (ئەلچىلەر 2:39 ، رىملىقلار 1:16،17 )

● پەقەت ئەيسا مەسىھكە تايىنىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. (يۇھاننا 14:6 ، ئەلچىلەر 4:12 ، تىمۇتىيI 2:5،6 )

● قۇتقۇزۇلۇشنىڭ شەرتلىرى ئىش-ھەركەت ۋە تەۋرات قانۇنىغا (تۆرلۈك دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا) بويسۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (گالاتىيالىقلار 2:16 ، ئەفەسلىكلەر 2:9 )

● بۇ قۇتقۇزۇلۇش شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى، ھېچقانداق نەرسە بىزنى ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. (رىملىقلار 8:38،39)

قۇتقۇزۇلۇشنىڭ كونكرېت ئەھمىيىتى:

● خۇدانىڭ پەرزەنتى بولغىلى بولىدۇ. (يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 8:14-16 ، گالاتىيالىقلار 3:26 ، ئەفەسلىكلەر 1:5 ، فىلىپىلىكلەر 2:15 ، يۇھانI 3:1 )

● گۇناھى بىكىتىلمەيدۇ، خاتالىقلىرى كەچۈرۈلىدۇ. (يۇھاننا 3:18 ، 5:24 ، ئەلچىلەر 10:43 ، رىملىقلار 8:1،2 ، ئەفەسلىكلەر 1:7)

● ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ. (رىملىقلار 3:24،26،28 ، گالاتىيالىقلار 3:6 ، فىلىپىلىكلەر 3:9 )

● ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. (يۇھاننا 5:24 ، يۇھانناI 5:11،13 )

● ھەققانىيەت تاجى كەيدۈرۈلىدۇ. (تىموتىII 4:8)

قۇتقۇزۇلۇشنىڭ دەلىللىرى:

● بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە، ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھ بىزنىڭ ئىچىمىزدە بولىدۇ. (كورىنتلىقلارII 13:5 ، يۇھاننا I 3:24 ، 4:13)

● بىز يېڭىدىن يارىتىلغان ئادەملەر بولىمىز. (كورىنتلىقلار II 5:17)

قۇتقۇزۇلغان ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىپادىلەر:

● ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىش، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش. (يۇھاننا I 2:3،5،29 ، يۇھاننا II 9 ، يۇھانناIII 11)

● گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك. (يۇھاننا I 3:9 ، 5:18)

● قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەت بولۇش، قېرىنداشلىرىنى سۆيۈش. (يۇھاننا I 2:10 ، 3:14 ، 4:7 ، 5:1 )

● بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش. (يۇھاننا I 5:4)

قۇتقۇزۇلغان ئادەملەردە بولماسلىققا تېگىشلىك ئىپادىلەر:

● خۇداغا قارشى ئىشلارنى قىلىش، ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلماسلىق، يامان ئىشلارنى قىلىش، قاراڭغۇلۇقتا مېڭىش. (تىتوس 1:16 ، يۇھاننا I 1:6 ، 2:4 )

● قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەت بولماسلىق، قېرىنداشلىرىنى سۆيمەسلىك ھەتتا ئۆچمەنلىك قىلىش. (يۇھاننا I 2:9،11 ، 4:8،20 )

**ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىش كېرەك:**

● مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىمنى، خۇدانىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.

● مەن گۇناھلىرىمغا تۆۋە قىلىپ، گۇناھتىن ئايرىلىشنى خالايمەن.

● مەن ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلىرىم ئۈچۈن كىرستتا مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ۋە قايتا تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

● مەن ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتىمغا كىرىشنى ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھاياتىمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە ئىگىسى بولۇشنى تىلەيمەن.

ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەندىن كېيىن ھەقىقى تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە قانائەتكە ئېرىشەلەيدۇ، چۈنكى:

- قېيىنچىلىقتا يولۇققاندا تەسەللى تاپالايمىز.
  - ○ ئەيسا مەسىھ دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. (يۇھاننا 16:33)
  - ○ ھەممە ئىشلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، خۇدانى سۆيگەنلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. (رىملىقلار 8:28)
  - ○ خۇدا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارغا تەسەللى بېرىدۇ. (كورىنتلىقلارII 1:4)
  - ○ گەرچە تېنىمىز ۋە يۈرەك ـ باغرىمىز قېرىپ ئاجىزلاشسىمۇ، ئەمما خۇدا مەڭگۈ بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز ۋە بەختىمىزدۇر. (زەبۇر 73:26)
- ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ قەدىرى ـ قىممىتىگە قارىتا توغرا قاراشتا بولىمىز.
  - ○ خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئىنسانلارنى ياراتتى، ھەممە ئىنسانلارنى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان بارلىق مەۋجۇداتلارنى باشقۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27)
  - ○ خۇدا ئىچكى ئەزالىرىمىزنى شەكىللەندۈرگەن، ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا بىزنى توقۇپ چىققان. ئۇ ئىنساننى شۇنچىلىك ئاجايىپ ۋە ئەيمىنىگۈدەك قىلىپ ياراتقان. (زەبۇر 14،13:139)
  - ○ خۇدا ئىنساننى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا شان ـ شەرەپ ۋە قەدىر ـ قىممەت تاجىنى كەيدۈرگەن. (زەبۇر 8 ـ 8:3 )
  - ○ خۇدا ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەيدۇ. (كورىنتلىقلارI 4:7)
  - ○ ئەيسا مەسىھتىن ئايرىلىپ قالساق، ھېچنېمە قىلالمايمىز. (يۇھاننا 15:5)
  - ○ ئەيسا مەسىھ گۇناھكار ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى، بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا نامايەن بولدى. (رىملىقلار 5:8)
  - ○ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىكى ئادەم يېڭىدىن يارىتىلغان ئادەمدۇر. (كورىنتلىقلارII 5:17)
  - ○ خۇدا ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس بەلكى جەريانىغا ئېتىۋار بېرىدۇ. (كورىنتلىقلارI 15:58)
  - ○ بىز خۇدانىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆلچىسەك بولىدۇ. باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.
- ھەرقانداق چاغدا تىنچ ـ خاتىرجەملىك ھېس قىلىمىز.

○ ئەيسا مەسىھ بىزگە تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 14:27)

○ خۇدا ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ (يۇھاننا 16:33)، ھەتتا ھوقۇقدارلارنىڭ قەلبىمۇ ئۇنىڭ قولىدا (پەند ـ نەسىھەتلەر 21:1)

○ خۇدانىڭ ئىقتىدارى ۋە بىلىدىغىنى ھەرقانداق ئادەمدىن يوقىرىدۇر. (يەشايا 40:12 ـ 17 )

○ خۇدا ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، بىزنى قوغدايدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز ئۇنىڭ قولىدا. شۇڭا قورقىشىمىزنىڭ، ئەنسىرىشىمىزنىڭ ۋە غەم قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. (مەتتا 6:24 ـ 34 ، 11:28 ـ 30 )

○ خۇدا بىزگە قورقۇنچاقلىقنى ئەمەس، بەلكى قەيسەرلىك، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ۋە سالماقلىق روھىنى ئاتا قىلغان. (تىموتىII 1:7)

● خۇدا بىزنى سۆيگەچكە، بىزمۇ باشقىلارنى سۆيەلەيمىز.

○ خۇدا بىزنى سۆيىدۇ. (رىملىقلار 5:8)

○ بىز باشقىلارنى سۆيىمىز، چۈنكى خۇدا باشتا بىزنى سۆيدى. (يۇھانناI 4:19)

○ باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىمىز، ئەسلىدە قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەملەرنى قوبۇل قىلىمىز، كەچۈرەلمەيدىغان ئادەملەرنى كەچۈرىمىز. ئېھتىياجى بارلارغا خالىس ياردەم قىلىمىز. (مەتتا 5:38 ـ 48 ، 25:37 ـ 40 ، ئەفەسلىكلەر 2:14، 15)

● گۇناھ توغرىسىدىكى مەسىلىمىز ھەل بولۇندى.

○ گۇناھىمىز كەچۈرۈلدى، بىز ھەققانى دەپ ئاتالدۇق. (رىملىقلار 3:26 ـ 28 ، ئەفەسلىكلەر 1:7)

○ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلاندى. (كورىنتلىقلارII 5:18، 19)

○ ئەيسا مەسىھ بىزنى گۇناھتىن ئازات قىلدى، رەزىل قارا روھلارنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئايرىۋەتتى، بىزگە گۇناھنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان كۈچ ئاتا قىلدى. (ئىزەكىئال 36:27 ، رىملىقلار 7:18 ، كورىنتلىقلارI 10:13 )

○ ئۇ بىزنى ئۆلۈم قانۇنىيىتىدىن ئازات قىلدى. (رىملىقلار 8:2)

● ھاياتىمىز ئەھمىيەتلىك بولدى.

○ بىز پەقەت خۇدانىڭ دۆلىتى ۋە ھەققانىيىتىنىلا تىلەيمىز. (مەتتا 6:34)

○ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ھوزورىغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى كۆرسەتتى، بىز

قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز. (يۇھاننا 8:12 ، 12:35)

○ بىز خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمىز. (كورىنتلىقلارI 6:19 ، ئەفەسلىكلەر 1:3-6 )

• ھەرقانداق ئۈسسىغان ئادەم خۇدانىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۇنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولىدۇ. (يەشايا 55:1،2)

• ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەنلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قېشىغا كەلسە ئاراملىق تاپىدۇ. (مەتتا 11:28)

• ئۇسسىغان ئادەم ئەيسا مەسىھنىڭ قېشىغا كەلسە، ھاياتلىق سۈيىدىن ھەقسىز ئىچەلەيدۇ. (ۋەھىلەر 22:17)

• خۇدا بىزگە تىنچ-ئامانلىق، خۇشاللىق ۋە قانائەت ئاتا قىلىدۇ. بىز ئەمدى ئۇسسىمايمىز ھەم تېخىمۇ مول ھاياتلىققا ئېرىشىمىز. (زەبۇر 4:7،8 ، 29:11 ، يەشايا 55:3 ، يۇھاننا 4:13،14 ، 6:35 ، 7:37،38 ، 10:10 ، 14:27 ، رىملىقلار 15:13 ، پېتروسI 1:8،9 )

• ئەيسا مەسىھ ئېيتقان «ئىككى ئوغۇلنىڭ ھېكايىسى» (لۇقا 15:11-32 ) ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئاتىلارچە مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمۇ؟

• گەرچە يېقىنقى زاماندىكى بەزى مۇسۇلمانلار پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دىگەن سەپسەتىنى كۆتىرىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى ئەنئەنىسىدە بۇنداق تەلىم يوق ئىدى.

• ئىسلام تارىخچىسى تەبەرى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتكەن شاگىرتلىرى ئىچىدە پېتروس ۋە پاۋلۇسلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان.
（A history of the Christian Church, Thalabii. Qisas al-Anbiyaa，389-390 页；泰伯里，Taarikh al-umam wa-l-muluuk II / II，1560）

• ئەڭ دەسلەپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالىنى يازغان ئىبنى ئىسھاقنىڭ خاتىرىسىدە، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە، ئەلچى پېتروس ۋە پاۋلۇس (ئەگەشكۈچى) قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.
（阿尔弗雷德·纪尧姆, The Life of Muhammad，653 页）

• قۇرئاننىڭ 3-سۈرە 55-ئايىتىدە، ئاللانىڭ ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىلغان. قۇرئان 61-سۈرە 14-ئايەتتە، مەريەم ئوغلى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن كىم مەن بىلەن بىرگە خۇدانىڭ ياردەمچىسى

بولىدۇ دەپ سورىغاندا، شاگىرتلىرى بىز خۇدانىڭ ياردەمچىلىرى بولىمىز دېيىشىدۇ. بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە بىر قىسىم ئادەم ئىشىنىدۇ، بىر قىسمى ئىشەنمەيدۇ. خۇدا ئىشەنگەنلەرنى يۆلەپ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

• ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، رىم ئىمپېرىيىسىدە مەسىھ ئېتىقاتى ئاساسلىق ئېتىقات ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، قۇرئان پاۋلۇسنى توغرا يولدا ماڭغۇچى دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق رىم ئىمپېرىيىسىگە تارقالغان مەسىھ ئېتىقاتى باشقا بىدئەت دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن.

• پاۋلۇس يەھۇدى مىللىتىدىن بولۇپ، كىلىكىيە ئۆلكىسىدىكى تارسۇس شەھرىدە تۇغۇلغان (ئەلچىلەر 21:39). ئۇ ئىلگىرى مەسىھ جامائەتچىلىكىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلغان (گالاتىيالىقلار 1:13). ئۇ دەمەشىققە كېتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا ئايان بولغان (ئەلچىلەر 9:3). ئۈچ يىلدىن كېيىن خۇش خەۋەر تارقىتىشقا باشلىغان (گالاتىيالىقلار 1:18). ئۇ ئۆزىنى مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى دەپ ئاتايدۇ (كورىنتلىقلار I 15:9).

• ئىنجىلدىكى باشقا شاگىرتلارنىڭ يازمىلىرى ئىچىدە، بەزىلىرى پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدىن بۇرۇن، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، پاۋلۇس خۇش خەۋەر تارقاتقاندا، پېتروس ۋە باشقا شاگىرتلار تېخى ھايات ئىدى. پاۋلۇس مىلادى 60 نەچچىنچى يىللىرى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىش يولىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئەلچى يۇھاننا يەنە 30 نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ (مىلادى 90 نەچچىنچى يىللىرى ئالەمدىن ئۆتىدۇ). ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يازمىلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

• شۇڭا، باشقا شاگىرتلارنىڭ پاۋلۇسنىڭ يازمىلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس. پاۋلۇس بىر ئادەمنىڭ باشقا شاگىرتلارنى ئېزىقتۇرۇۋېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

• ئەيسا پەيغەمبەر كونا ئەھدىدە (تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتابلاردا) ئالدىن بىشارەت قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھتۇر، كالامنىڭ (خۇدانىڭ سۆزىنىڭ) تەنگە ئايلىنىشىدۇر. ئۇ پاك قىزدىن دادىسىز ھالەتتە تۇغۇلغان، ھاياتىدا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان، ئاندىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. قىيامەتتە ئۇ قايتا كېلىپ پۈتكۈل ئىنسانلارنى ھەتتا ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىدۇ. بۇ خىل ئېتىقات پاۋلۇس دەسلەپ مەسىھ جامائىتىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن بۇرۇنلا باشلىنىپ بولغان. پاۋلۇس كېيىن پەقەت مۇشۇ ئېتىقاتنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ئېتىقاتنىڭ «كەشپىياتچىسى» ئەمەس.

• ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتى ۋە تەلىملىرى، شاگىرتلارنىڭ خاتىرىلىرى،

شۇنداقلا پاۋلۇسنىڭ يازغان خەتلىرىدە، گەرچە ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەر ئاز-تولا پەرقلىنىسمۇ، ئەمما ئىلاھىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەلىملەر، بولۇپمۇ ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقات جەھەتتە پۈتۈنلەي بىردەكتۇر.

• ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا ئەلچىلەر پاۋلۇسنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتىنى ۋە تەلىملىرىنى جەزىملەشتۈرگەن. (ئەلچىلەر 9:1ـ31 ، 15:1ـ35 ، گالاتىيالىقلار 1:11ـ24 ، 2:1ـ10 ، II پېتروس 3:15،16)

• پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدە نەقىل ئېلىنغان ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتىغا ئائىت ئەقىدە، شېئىر ۋە بايانلارنى مىلادىيە 33ـ48 يىللىرىدىكى ئىبرانى شېئىرلىرى ۋە ئىپادىلەش شەكلىگىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ يەھۇدىلار ئارىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەگەشكۈچىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. (رىملىقلار 1:3،4 ، I كورىنتلىقلارا 11:23 ، كولوسلىقلار 1:15،16 ، فىلىپىلىكلەر 2:6ـ11 ، I تىمۇتىي 3:16 ، II تىمۇتىي 2:8).

• كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر يېزىپ قالدۇرغان قەدىمقى يازمىلارمۇ بۇنىڭ بىلەن بىردەكتۇر. بۇنى ئەيسا مەسىھ، پاۋلۇس ۋە باشقا شاگىرتلارنىڭ كونا ئەھدە (تەۋرات) تىن ئالغان نەقىللىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

• زەبۇردا داۋۇت پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «قۇتقۇزغۇچى مەسىھ»، دانىئال پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «ئىنسان ئوغلى»، يەشايا پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «ئازاپ-ئوقۇبەت تارتقۇچى»... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنى ئالدىن بىشارەت قىلغان.

• پاۋلۇس يازغان رىملىقلار 9ـ11 ,3, 4 بىلەن كونا ئەھدە (تەۋرات) باغلىنىشلىق.

•پاۋلۇسنىڭ يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا بەرگەن چۈشەندۈرىشى بىلەن ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 8ـ10 ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق يېڭى ئەھدە تۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمى بىردەكتۇر. (I كورىنتلىقلارا 11:25 ، II كورىنتلىقلارا 3 ، لۇقا 22:20 )

• پېتروس يازغان «كىشىلەر پۇتلىشىدىغان تاش، ئادەمنى يېقىتىدىغان تاش» (I پېتروس 2:8) دىگەن بۇ سۆزلەر زەبۇر 118:22 ۋە يەشايا 8:14 دىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار پاۋلۇسنىڭ رىملىقلارغا يازغان خەت 9:32،33 ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ مەتتا 21:42 دە قىلغان بايانلىرى بىلەن بىردەكتۇر.

**كۆپىنچە مەسىھ جامائەتلىرى 12-ئاينىڭ 25-كۈنىنى ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بىكىتكەن. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتى رىمغا تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا، بۇ كۈن رىملىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى ئاپوللونى خاتىرلەيدىغان بايرىمى ئىدىغۇ؟**

• مەسىھىيلەرنىڭ قايسى كۈنى (ياكى ھەرقانداق بىر كۈنى) ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلىشى مۇھىم ئەمەس. بۇنىڭ ئىنجىلدىكى خاتىرلەرگە ئاساسلانغان مەسىھ ئېتىقاتى (ئەيسا مەسىھنىڭ سالاھىيىتى، ھاياتى، تەلىملىرى) بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مۇھىمى بۇ ئارقىلىق مەسىھىيلەر ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيدۇ خالاس.

• گەرچە بۇرۇنقى رىملىقلارمۇ 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھىنى تەبرىكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۈنى مەسىھىيلەر قۇياش ئىلاھى قاتارلىق ساختا ئىلاھلارنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقى «ئادالەت قوياشى» (مالاكى 4:2)، «ھەقىقى يورۇقلۇق» (يۇھاننا 1:9)، «دۇنيانىڭ نۇرى ۋە ھاياتلىقنىڭ نۇرى» (يۇھاننا 8:12)، «چىرايى قۇياشتەك پارلىغۇچى» (ۋەھىلەر 1:16) بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ «تۇغۇلغانلىقى» نى تەبرىكلەيدۇ. ئۇ ئاسمان- زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان رەبدۇر (يۇھاننا 10 ,3-1:1 ، كورىنتلىقلارI 8:6 ، كولوسىلىقلار 1:16).

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكنىڭ 12-ئاينىڭ 25-كۈننى مىلاد بايرىمى (رودىستىۋا بايرىمى) قىلىپ بېكىتىشى مۇشرىكلارنىڭ (كۆپ ئىلاھقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ) ئۆرپ-ئادىتىنى مەسىھ ئېتىقاتىغا ئەكىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىنىڭ ئورنىغا ئەيسا مەسىھنى دەسسىتىش، ھەمدە ئەيسا مەسىھنىڭ قەدىمقى رىملىقلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، ئەگەر بىرەر ئېتىقاتچى مەسىھلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىلەن رىملىقلارنىڭ قوياش ئىلاھى بايرىمىنى ئارلاشتۇرۇپ قويسا جازالىناتتى.

• بىز ئىنجىل ۋە ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەسىھ ئېتىقاتىنى تەھلىل قىلىمىز، خۇددى شۇنىڭدەك قۇرئان، ھەدىس ۋە مۇھەممەت ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تەھلىل قىلىمىز، ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىن شەكىللەنگەن تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىسلام دىنىغا باراۋەر قىلىپ قويمايمىز، خۇددى شۇنىڭدەك مەسىھىيلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ مەسىھ ئېتىقاتىغا باراۋەر قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە.

## قۇرئاندا خاتىرلەنگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر

قۇرئاندا مەسىھىيلەرگە ئائىت ناھايىتى زىددىيەتلىك ئايەتلەر مەۋجۇد. ئومومەن ئېيتقاندا، دەسلەپكى ئايەتلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھۆرمەتلەنگەن، ئەمما كېيىنكى ئايەتلەردە ئۇلار ھاقارەتلىنىپ ھوجۇمغا ئۇچرىغان.

• مەسىھىيلەر (ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر) ئىچىدە ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغانلار كەلگۈسىدە چوقۇم ئاللادىن تېگىشلىك ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشە بولمايدۇ. (قۇرئان 2:62 ،

(5:69

• مەسىھىيلەر «رەببىمىز ئاللا» دېگەچكە يۇرتىدىن ھەيدەلگەن. (قۇرئان 22:40)

• مەسىھىيلەر ئىچىدە بىر قىسىم دۇرۇس ئادەملەر بار، كەچلىرى ئىنجىل ئوقۇپ سەجدە قىلىدۇ، ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقتىن توسايدۇ، تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلار ياخشى ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. (قۇرئان 3:113 ـ 115)

• مەسىھىيلەر خۇددى ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ياخشى تونۇغاندەك ئاللانىمۇ ياخشى تونۇيدۇ. (قۇرئان 6:20)

• ئەگەر مۇھەممەت قۇرئاندىن گۇمانلانسا، ئىنجىل ئوقۇيدىغان مەسىھىيلەردىن سوراپ باقسۇن. (قۇرئان 10:94)

• ئىنجىلدا مەسىھىيلەرگە «ھەقىقەت پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ» دەپ ئېنىق تەلىم بېرىلگەن. (قۇرئان 7:169)

• مەسىھىيلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇقەددەس كىتاپ ئوقۇيدىغانلاردۇر. ئەمما يەھۇدىيلار مەسىھىيلەرنىڭ ئاساسى يوق دىسە، مەسىھىيلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسى يوق دىيىشىدۇ. (قۇرئان 2:113)

• ئاللا مەسىھىيلەرنىڭ قەلبىنى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە رەھىم ـ شەپقەت بىلەن تولدۇرغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن تەنھالىقنى تاللايدۇ ـ ئاللا بۇنداق بەلگىلىمىگەن ـ لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلمايدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنگەنلەرنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى قارشى چىققۇچىلاردۇر. (قۇرئان 57:27)

• مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە چۈشكەن قۇرئان بىلەن مەسىھىيلەرگە چۈشكەن ئىنجىلغا ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان ئاللانى مەسىھىيلەرنىڭ خۇداسى بىلەن بىر ئىلاھ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 29:46)

• ئەگەر مەسىھىيلەر ئېتىقات قىلسا ۋە ھەققانى بولسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەۋرات، ئىنجىل ۋە رەببى ئۇلارغا چۈشۈرگەن باشقا مۇقەددەس كىتاپلارغا ئەمەل قىلسا، ئاللا ھەر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم مۆتىدىل ئادەملەر بار، ئەمما كۆپىنچىسى خاتا يولدا. (قۇرئان 66،65:5)

• مەسىھىيلەر (ئەھلى كىتاپلار) تەۋرات، ئىنجىل ۋە رەب ئۇلارغا چۈشۈرگەن باشقا

مۇقەددەس كىتاپلارغا ئەمەل قىلمىغۇچە ھەقىقى ئېتىقات قىلغان ھىساپلانمايدۇ. (قۇرئان 5:68)

• مەسىھىيلەر ئىنجىلغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشى كىرەك، بولمىسا ئاللانىڭ ۋەھىسىگە قارشى تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. (قۇرئان 5:47)

• مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلار مەسىھىيلەردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئىنجىل ئۇستازلىرى ۋە دۇنيانى تەرك ئىتىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتىغانلار بار، ئۇلار ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ. (5:82)

• ئۇلار (مەسىھىيلەر) پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلگەن ۋەھىنى ئاڭلىغىنىدا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنى ئاڭقىرالايدۇ. ئۇلار دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز، بىز ئىشەندۇق، بىزنى گۇۋاھچىلىرىڭ قاتارىدا خاتىرلەپ قويغايسەن. (قۇرئان 5:83)

• ئاللا مەسىھىيلەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەيساغا ئىشەنمەيدىغانلاردىن يوقىرى قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55)

• ئاللا مەسىھىيلەرگە مۇقەددەس كىتاپتىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىپ بېرىش، ھەمدە ئۇلارنى توغرا يولغا يىتەكلەش ئۈچۈن مۇھەممەت پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ بەرگەن. (قۇرئان 5:15)

• «ئاللانىڭ ئوغلى بار» دىگۈچىلەرگە (مەسىھىيلەرگە) ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىن، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىدۇ. (قۇرئان 18:5)

• مەسىھىيلەر ئەيسا مەسىھنى ئاللانىڭ ئوغلى دەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ. ئاللانىڭ قارغىشى ئۇلارغا چۈشكەي. ئۇلار ئاللانى تاشلاپ، پوپلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى رەب دەپ چوقۇنىدۇ، ئەمما ئۇلارغا بۇيرۇلغىنى پەقەت بىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشتۇر، چۈنكى ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. (قۇرئان 31،9:30)

• مەسىھىيلەر دىنىدا ھەددىدىن ئېشىپ ئاللا توغرىسىدا ناھەق گەپلەرنى قىلماسلىقى كىرەك. مەريەم ئوغلى ئەيسا مەسىھ پەقەت ئاللانىڭ بىر پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ ئاللانىڭ مەريەمگە قىلغان بىر كەلىمە سۆزى ۋە ئاللادىن چىققان روھتۇر. شۇڭا ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش كىرەككى، ئۈچ ئىلاھ بار دىيىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىھىيلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللا بىردىنبىر ئىلاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى بولمايدۇ، ئاسمان-زىمىندىكى بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. (قۇرئان 4:171)

• ئاللانى مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر دىگۈچىلەر ئېتىقاتتىن ئاجراپ كەتكەن بولىدۇ.

(قۇرئان 5:17، 72، 73)

● بۇرۇن ئاللا مەسىھىيلەر بىلەن ئەھدە تۈزگەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم تەلىملەرنى تاشلىۋەتكەچكە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆچمەنلىك سېلىپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە بىرى-بىرىگە ئۆچ قىلىۋەتكەن. (قۇرئان 5:14)

● مەسىھىيلەر ئۆز دىنىدا ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئىلگىرى ئۇلاردىن بىر قىسىم ئادەم ئازغان، ھەمدە باشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن. (قۇرئان 5:77)

● مەسىھىيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىسلامغا ئېتىقات قىلمىغانلار دوزاققا كىرىپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەڭ رەزىل ئادەملەردۇر. (قۇرئان 98:6)

● مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھىيلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. مۇسۇلمانلاردىن كىمكى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىكەن، شۇ ئۇلار بىلەن دىنداش بولغان بولىدۇ، ئاللا ھەققانى بولمىغانلارنى يېتەكلىمەيدۇ. (قۇرئان 5:51)

● مۇسۇلمانلار مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىلار بىلەن جەڭ قىلىشى، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە بېجى[①] تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 9:29)

## مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنى ۋە باشقا دىندىكىلەرنى ھۆرمەتلەمدۇ؟

ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خۇداغا ئىشەنمەيدىغانلار (ئاتېزىمچىلار) ۋە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىر خۇداغا ئېتىقات قىلىدىغان «ئەھلى كىتاپلار» (يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەر) بولسا ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا ھىساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى مۇسۇلمانلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ھازىرمۇ كۆپ قىسىم ئەرەپ ئەللىرىدە ۋە شىمالى ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبى ئاسىيا، شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم رايونلاردا ھېلىھەم ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزىلىۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

● مۇسۇلمانلار چوقۇم مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك، تاكى ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكىچە يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)

● مۇسۇلمانلار ئىسلامغا كىرمىگەنلەر بىلەن تىنچلىق ئورناتماسلىق كېرەك، چۈنكى ئاللا مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن كۈچلۈك قىلغان. (قۇرئان 47:35)

[①] جىزيە: ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن، باشقا دىنىكىلەر تۆلەيدىغان، كەمسىتىش ۋە ھاقارەت تۈسىنى ئالغان بىر خىل باج.

• مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51)

• كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئايەتلەر مەسىھيلەر بىلەن يەھۇدىلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك ھاقارەت ۋە ھۇجۇم تۈسىنى ئالغان. (قۇرئان 2:111 ، 4:171، 172 ، 5:14، 17، 72، 73 ، 9:30، 31 ، 18:4، 5 ، 98:6)

• قۇرئاندا يەھۇدىلار (شۇنداقلا ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى) ھاقارەتلەپ مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار خۇددى ئىتقا ئوخشايدۇ، قوغلىساڭ تىلىنى چىقىرىدۇ، قوغلىمىساڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ (قۇرئان 7:176). ئۇلار خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر (قۇرئان 7:179). كىتاب ئارتىۋالغان ئىشەككە ئوخشايدۇ (قۇرئان 62:5). ھۈركۈپ كەتكەن ئىشەككە ئوخشايدۇ (قۇرئان 74:50). ئاللا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن (قۇرئان 5:60)

• قۇرئاندا مۇسۇلمان ئەمەسلەر نىجىس (مەينەت،ناپاك) بولغاچقا، مۇقەددەس مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 9:28)

• سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى قولغا چۈشۈرگەن بارلىق ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق كىتاپلارنى ۋە مەسىھيلەر بىلەن يەھۇدىلارنىڭ دىنى ئېتىقات بويۇملىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ ياكى كۆمۈۋېتىدۇ.

• ئەرەپ ئەللىرىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇش كىتاپلىرىدا كۆپ مىقتاردا يەھۇدى ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە (كاپىرلارغا) قارىتىلغان ھاقارەت ۋە ھوجۇم خاراكتېرلىق سۆز-بايانلار بار.

7 ـ قىسىم

# دۇئا، ئەسانە، روزا تۇتۇش

# دۇئا (ناماز)

## ئىسلام دىنىدا دۇئا (ناماز) توغرىسىدىكى تەلىملەر

● مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئۆتىشى كېرەك. ناماز ئەركىن ھالدا خۇدا بىلەن بىۋاستە سۆزلىششنى ئەمەس، بەلكى ئىبادەت جەريانىدىكى تاشقى شەكىلنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. ناماز ئۈچۈق ئاشكارا ۋە ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇلىدۇ. مۇسۇلمانلار ھەركۈنى ناماز ئوقۇغاندا قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا ـ قايتا يادلايدۇ.

● ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا يولتۇزغا چوقۇنىدىغان بىر دىنى ئېقىم بار بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى 7 ۋاق ناماز ئوقۇيدىكەن، مۇھەممەت شۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھەر كۈنى 5 ۋاق ناماز ئوقۇشنى بىكىتكەن بولىشى مۇمكىن.

● مۇسۇلمانلار چوقۇم ناماز پەرزىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 2:43)

● ناماز ئوقۇش ئارقىلىق يامان ئىش ۋە گۇناھتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. (قۇرئان 29:45)

نامازنىڭ ۋاقتى توغرىسىدىكى ئايەتلەر:

● مۇسۇلمانلار چوقۇم بەلگىلەنگەن ۋاقتتا ناماز ئوقۇشى كېرەك. (قۇرئان 4:103)

● كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كەچ كىرگەن دەسلەپكى چاغدا ناماز ئوقۇش كېرەك. (قۇرئان 11:114)

● كەچقۇرۇندا ۋە تاڭ سەھەردە ئاللانى مەدھىيىلەش كېرەك. تۈن كېچە ۋە چۈش ۋاقتىدىكى مەدھىيلەر ئاللاغا خاستۇر. (قۇرئان 30:17،18)

● چۈشتىن كېيىندىن كەچ كىرگۈچە بولغان ئارلىقتىكى نامازنى، ئەتىگەنلىك نامازنى ۋە كەچنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ئوقۇيدىغان ناماز پەرزىنى ئادا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 17:78،79)

● كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ۋە كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، ھەمدە كېچىنىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ۋە كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاللانى مەدھىيلەش كېرەك. (قۇرئان 20:130)

● مۇسۇلمانلار بەش ۋاق نامازنى چوقۇم ئوقۇشى كېرەك، بولۇپمۇ نامازدىگەرنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەنلەردىن قورقسا، پىيادە ياكى (ئاتقا) مىنىپ كىتىۋتىپ ناماز ئوقۇسىمۇ بولىدۇ. ئەمما بىخەتەر بولغاندىن كيىن، چوقۇم ئاللا ئۆگەتكەن شەكىلدە دۇئا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:238،239)

نامازدىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش توغرىسىدا:

● مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇشتىن بۇرۇن يۈز ۋە قولنى جەينەكگىچە يۇيىدۇ، بېشىنى سۇ بىلەن سۈرتىدۇ، پۇتىنى ئوشۇقىچە يۇيىدۇ. ئەگەر تىنى مەينەت بولسا پۈتۈن بەدىنىنى سۇ بىلەن يۇيىشى (غۇسلى قىلىشى) كېرەك. ھاراق ئىچىپ مەس بولغان چاغلاردا ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر كېسەل بولغان، سەپەرگە چىققان، ھاجەتخانىغا كىرگەن، ياكى جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان چاغلاردا سۇ تاپالمىسا، پاكىز يەردىكى توپىدىن ئېلىپ يۈزىگە ۋە قولىغا سۈرتسە (تەيەممۇم قىلسا) بولىدۇ. (قۇرئان 5:6 ، 4:43)

ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ (قىبلە) توغرىسىدا:

● ھەرقانداق جايدا مەسچىدى ھەرەمگە (مەككىدىكى كەبىگە) يۈزلىنىڭلار. (قۇرئان 2:149، 150)

● مەشرىق ياكى مەغرىپ بولسۇن ھەممىسى ئاللاغا مەنسۇپ. شۇڭا مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسۇن ئاللا شۇ تەرەپتىدۇر. (قۇرئان 2:115)

● ئىبادەت قىلغاندا مەيلى شەرققە ياكى غەرپكە يۈزلەنسۇن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى دۇرۇس دېگىلى بولمايدۇ. دۇرۇس ئىش ئاللاغا، قىيامەتكە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىشتۇر. (قۇرئان 2:177)

ناماز ئوقۇغان چاغدىكى تاشقى قىياپەت توغرىسىدا:

● تىك تۇرۇش (قىيام)، ئېگىلىپ تۇرۇش (رۇكۇ)، يەرگە باش ئۇرۇش (سەجدە) قاتارلىق قىياپەتلەر بار. (قۇرئان 22:26)

● ئېگىلىپ تازىم قىلىش، يەرگە باش ئۇرۇش. (قۇرئان 2:43 ، 22:77)

ناماز ئوقۇغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

● ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئىت، ئېشەك ياكى ئايال كىشى ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ نامىزى ئىناۋەتسىز بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:490)

● ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش گۇناھتۇر (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:489)، بۇ ھەم ئوقۇلىۋاتقان نامازنىمۇ ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىدۇ (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:9:488).

● ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئىمامدىن بۇرۇن تۇرۇپ كېتىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:11:660)

• يىغلىپ ناماز ئوقۇغاندا رەتكە تىزىلىش (سەپراس بولۇش) كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:11:685،690)، كۆز يوقىرىغا قارىماسلىق كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:12:717)، يەرگە باش ئۇرغاندا (سەجدە قىلغاندا) ھەركەتنى تولۇق قىلىش كېرەك (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:12:759)، بولمىسا قىلغان ناماز ئىناۋەتسىز بولىدۇ، ھەتتا ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

• جۈمە نامىزىدا مۇسۇلمانلار قىلىۋاتقان بارلىق سودا-سېتىقنى تاشلاپ مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشى كېرەك. (قۇرئان 62:9)

• بارلىق مۇسۇلمانلار ناماز پەرزىنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. (قۇرئان 14:40)

ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ قايتۇرامدۇ؟

• مۇسۇلمان ئەمەس دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار گەرچە بەزىدە قۇرئاننىڭ 2:186 ۋە 40:60 ئايەتلىرىنى نەقىل ئېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا قارىتا ئاللا ئىنكاس قايتۇرىدۇ دېسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىدە، ئاللا كىشىلەرنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى خالايدۇ ياكى ناماز ئوقۇغاندا ئاللا بىلەن بىۋاستە سۆزلەشكىلى بولىدۇ دەپ تەلىم بېرىلمەيدۇ.

○ قۇرئان 2-سۈرە 186-ئايەتتە، ئاللا مۇھەممەتكە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارغا يېقىن ئىكەنلىكىنى، ناماز ئوقۇغانلارنىڭ نامىزىغا جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 2:186)

○ قۇرئان 40-سۈرە 60-ئايەتتە، مۇسۇلمانلار ئەگەر ئاللادىن تىلىسە، ئاللانىڭ ئۇلارنىڭ تىلىكىگە جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقى ئېيتىلغان. (قۇرئان 40:60)

• گەرچە بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاسىغا جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ شەرتى بار:

○ ئاللانىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ سۆزىگە تولۇق ئەمەل قىلغان بولىشى كېرەك. دېمەك ئاللا بۇيرۇغان بارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلغان، ئۇنىڭغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلمىغان بولۇش كېرەك.

○ ئاللاغا ئىشەنگەن بولىشى كېرەك. ئەگەر بۇ سۆز مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسا، ئاللا نېمە ئۈچۈن يەنە ئۇلاردىن ئۆزىگە ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېنىقكى ئاللا ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى جەزملەشتۈرمىگەن. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللا بارلىق ئادەملەرنىڭ دۇئاسىغا چوقۇم جاۋاپ قايتۇرمەن دەپ كاپالەتلىك قىلمىغان.

○ دۇئا قىلغۇچى توغرا يولدا ماڭغان، ئاللاغا بويسۇنغان تەغدىردىمۇ، ئاللانىڭ

چوقۇم ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلايدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بېرىدىغان ئايەت يوق.

## مەسىھ ئېتىقاتىدا دۇئا قىلىشقا ئائىت تەلىملەر

• مەسىھيلەرنىڭ دۇئاسى بىۋاستە ۋە ئەركىن بولىدۇ، ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، چىن قەلبتىن سەمىمىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەلۇم بىر شەكىل ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈۋالمايدۇ. مەسىھيلەر دۇئانى خۇدا بىلەن سۆزلىشىش دەپ قارايدۇ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىدا تىلەك تىلەش، خۇداغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە مەدھىيە ئوقۇش ئاساس قىلىنىدۇ.

• خۇدا روھتۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلماقچى بولغانلار چۇقۇم قەلب روھى ۋە چىن سەمىمىيتى بىلەن ئىبادەت قىلىشى كېرەك. (ئىنجىل-يۇھاننا 4:24)

مەسىھلەر دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن مۇنۇلارنى «تازلاپ» پاكلىنىش كىرەك:

• قەلبنىڭ پاكلىقى تەننىڭ پاكلىقىدىن مۇھىمدۇر. (ئىزاكىيال 27-36:25 ، ئىبرانىلار 22-10:19 ، مەتتا 20-15:18 ، ماركوس 23-7:1 )

•ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئېتىقاتچىلىرىنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى بەدەننى يۇيۇپ پاكلاشقا ئائىت قائىدىنىڭ ئورنىنى باستى. (ئىبرانىلار 14-9:10)

• دۇنيانىڭ قۇرۇق خىياللىرى، ھىلە-مىكىر ۋە ساختىپەزلىكتىن ئايرىلىش. (زەبۇر 24:3،4)

• رەزىل قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈش. (يەشايا 1:16)

• ئەگەر بىرەر قېرىندىشىنى رەنجىتىپ قويغان بولسا، ئەپۇ سوراپ يارىشىۋىلىش كىرەك. (مەتتا 5:23،24)

• قەلبى يامانلىققا بېرىلگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنى خۇدا ئاڭلىمايدۇ. (زەبۇر 66:18)

دۇئا قىلغان چاغدا يۈزلىنىدىغان تەرەپ:

• ئادەم چوقۇم قەلب روھى ۋە چىن سەمىمىيتى بىلەن دۇئا قىلىش كىرەك، بۇ قايسى جايدا قايسى تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىشتىن مۇھىمدۇر. خۇدا مۇشۇنداق دۇئانى تەلەپ قىلىدۇ. (يۇھاننا 24-4:19)

دۇئا قىلغان چاغدىكى قىياپەت:

● ئۆرە تۇرۇش. (پادىشاھلارI 8:14،22 ، نەھەمىيا 9:2 ، ماركوس 11:25)

● بېشىنى پەس قىلىش، ئىگىلىپ تازىم قىلىش، بېشىنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلىش. (نوپۇس سانى 16:22 ، سامۇئىلI 24:8 ، نەھەمىيا 8:6 ، ئىزەكىيال 1:28 ، مەتتا 26:39)

● تىزلىنىش، ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈش. (پادىشاھلار 8:54 ، تارىخنامەII 6:13 ، زەبۇر 28:2 ، 95:6 ، 134:2 ، ئەلچىلەر 20:36 ، 21:5 ، تىمۇتىيI 2:8)

دۇئانىڭ ۋاقتى توغرىسىدا:

● مەسىھ ئېتىقادىدا دۇئانىڭ مۇقىم ۋاقتى بېكىتىلمىگەن، ئېتىقادچىلار ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇئا قىلسا بولىدۇ. (زەبۇر 55:17 ، ئەفەسلىكلەر 6:18)

● ھەردائىم سەگەكلىك بىلەن دۇئا قىلىپ، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىش لازىم. (مەتتا 26:41 ، ماركوس 13:33 ، 14:38)

● بەزى ئالاھىدە ئىشلار ئۈچۈن (مەسىلەن كېسەلنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن) ئايرىم ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلسا بولىدۇ. (ئەلچىلەر 9:40 ، 28:8 ، ياقۇپ 5:13ـ18 )

● ھەر كۈنى مۇقىم قەرەلدە دۇئا قىلىش. گەرچە تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا دۇئانىڭ مۇقىم ۋاقتى بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بەزى مەسىھ ئېتىقادچىلىرى ئەتىگەندە، چۈشتە ۋە كەچتە مۇقىم ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن.

دۇئا قىلغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

● دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، گۇناھتىن ئايرىلىش كېرەك. (تارىخنامەII 7:14،15 ، زەبۇر 66:18 ، لۇقا 18:10ـ14 )

● دۇئا قىلىشتىكى مۇددىئا توغرا بولۇش كېرەك. (ياقۇپ 4:3)

● خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 26:39،42،44 ، كورىنتلىقلارII 12:8،9 ، يۇھاننا I 5:14ـ16 )

● قەلب روھى، چىن سەممىيىتى ۋە ئەقلى ھوشى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. (يۇھاننا 4:24 ، كورىنتلىقلارI 14:15)

● يۈرەكلىك ھالدا قورقماي دۇئا قىلىش كېرەك. (ئىبرانىلار 4:16 ، يۇھانناI 3:21)

● جىددى ھالەتتە دۇئا قىلىپ تىلەش كېرەك. (لۇقا 11:8)

● دائىم ئۈزۈلدۈرمەي دۇئا قىلىش كېرەك. (تارىخنامەI 16:11 ، لۇقا 8-1:18 ، رىملىقلار 12:12 ، كولوسىلىقلار 4:2 ، سالونىكالىقلارI 5:17)

● ئۆزۈن ۋاقىت دۇئا قىلىش كېرەك. (لۇقا 6:12)

● تىلىگەنگە ئېرىشمەن دەپ ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 7:7،8 ، 21:22 ، ماركوس 11:24)

● مۇقەددەس روھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ دۇئا قىلىش كېرەك. (رىملىقلار 8:26 ، ئەفەسلىكلەر 6:18 ، يەھۇدا 20 )

● ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا دۇئا قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. (يۇھاننا 14:13،14 ، 15:16 ، 16:23،24)

● دۇئا قىلغاندا گەپ-سۆزنى ئۇچۇق ۋە ئۇدۇل قىلىش كېرەك. (مەتتا 6:7)

● دۇئا قىلغاندا باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياكى كوچىلاردا تۇرۇۋېلىپ دۇئا قىلىدىغان ساختىپەزلەردەك دۇئا قىلماي، بەلكى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، ئەرشتىكى كۆرۈنمەس خۇداغا دۇئا قىلىش كېرەك. (مەتتا 6:5،6)

● دۇئا قىلغاندا خۇدانى تونىمايدىغان يات خەلقلەردەك بىر گەپنى قايتا-قايتا تەكرارلاشقا (ئايەتلەرنى ماشىنا ئادەمدەك قايتا-قايتا يادلاپ بېرىشكە) بولمايدۇ. (مەتتا 6:7،8)

**دۇئانىڭ مەزمۇنى:**

● رەب دۇئاسى (مەتتا 13-6:9 )

● دۇئا قىلىش، تىلەك تىلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش (فىلىپىلىكلەر 4:6)

● خۇدانى مەدھىيىلەش (زەبۇر 8 ، 19 ، 34 ، 150:2 ، ئەفەسلىكلەر 5:19)

● رەبنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىش (ئەلچىلەر 21-22:17 )

● گۇناھىغا تۆۋە قىلىش (زەبۇر 51 ، 139:23،24 ، ھوشىيا 14:2 ، لۇقا 18:13)

● ئۆزى ئۈچۈن ۋە باشقىلار ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش (ئەفەسلىكلەر 5:20 ، 1:16 ، كولوسىلىقلار 1:3)

● باشقىلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش

  ○ ھاكىمىيەت سوراۋاتقانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (تىموتىI 2:2)

  ○ زىيانكەشلىك قىلغانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (مەتتا 5:44)

○ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (لۇقا 22:32 ، رىملىقلار 1:9، 10 ، ئەفەسلىكلەر 1:17، 18 ، 6:18)

○ پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (تىموتىI 2:1)

○ خۇدادىن تېخىمۇ كۆپ خىزمەتچىلەرنى ئەۋەتىشنى تىلەش. (مەتتا 9:38)

● ئۆزى ئۈچۈن تىلەك تىلەش

○ كۈندىلىك رىزقىنى تىلەش (مەتتا 6:11)

○ ئەقىل-پاراسەت تىلەش (ياقۇپ 1:5)

○ مۇقەددەس روھنى تىلەش (لۇقا 11:13)

○ گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىكنى، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىشنى، رەزىللىكلەردىن يىراق قىلىشنى تىلەش (زەبۇر 141:3، 4 ، مەتتا 6:13 )

○ خۇدادىن ئوي-پىكىر ۋە خىياللىرىمىزنى تەكشۈرۈپ تۈرۈشنى، سىنىشنى ۋە تاۋلىشنى تىلەش (زەبۇر 26:2 ، 139:23، 24)

● يىغىلىپ دۇئا قىلىش

○ بىر نىيەت بىر مەقسەتتە دۇئا قىلىپ خۇدادىن تىلەش. (مەتتا 18:19)

○ ئۆزئارا بىر بىرسى ئۈچۈن تىلەك تىلەش. (ياقۇپ 5:16)

○ ئېتىقاتچىلار يىغىلىپ بىرلىكتە خۇدانى مەدھىيىلىگەن چاغدا مۇقەددەس روھ ۋە خۇدانىڭ قۇدرىتى ئۇلار بىلەن بىرگە بولىدۇ. (ئەلچىلەر 4:24-31 ، 12:5، 12 ، 16:25)

## نىمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنى ، يەھۇدىلار شەنبە كۈنى، مەسىھىيلەر بولسا يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلىدۇ ؟

● جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كۈنىدۇر.

● ئىسلام دىنىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: جۈمە كۈنىدە ئاللا ئادەم ئاتىنى ياراتقان. ئادەم ئاتا جۈمە كۈنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىلگەن، ھەم جۈمە كۈنى جەننەتتىن قوغلانغان. ئۇ جۈمە كۈنى گۇناھىغا تۆۋە قىلغان، جۈمە كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. قىيامەتتە تىرىلىش كۈنىمۇ جۈمە كۈنىگە توغرا كىلىدىكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار جۈمە كۈنىنى ناھايىتى مۇھىم كۈن دەپ ھىساپلايدۇ.

● قۇرئاندا يىغىلىش كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىكى بارلىق ئىشنى تاشلاپ، دەرھال

مەسچىتلەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان (قۇرئان 62:9)، ئەمما يىغىلىش كۈنىنىڭ ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلمىگەن.

• ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەپتىنىڭ بەشىنچى كۈنى (جۈمە كۈنى) يىغىلىپ ناماز ئوقۇشى كېرەكلىكى كۆرستىلگەن. بۇ توغرىلىق مۇھەممەت مۇنداق دېگەن:

○ گەرچە بىز (مۇسۇلمانلار) بۇ دۇنياغا كېيىن كەلگەن بولساقمۇ، مۇقەددەس كىتابقا بۇرۇنقىلاردىن كېيىن ئېرىشكەن بولساقمۇ، ئەمما كېيىنكى دۇنيادا بىز ھەممىنىڭ ئالدى بولىمىز. يىغىلىش كۈنى ئەسلى ئاللانىڭ بۇرۇنقىلارغا بەلگىلەپ بەرگەن ئۇلۇغ كۈنى ئىدى، ئەمما كېيىن ئۇلار ئۆز ئىچىدىن زىددىيەتلىشىپ بۇ كۈنگە ئەمەل قىلمىغان. شۇڭا ئاللا بىزگە يىغىلىش كۈنىنى قايتا باشلاپ بەردى. يىغىلىش كۈنىنىڭ تەرتىپىگە ئاساسلانغاندا بىز ھەممىنىڭ ئالدى بولىمىز، باشقىلار بولسا كەينىمىزدىن ئەگىشىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىلار شەنبە كۈنى يىغىلىدۇ، ناسارالار (مەسىھىيلەر) بولسا يەكشەنبە كۈنى يىغىلىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:876،896)

○ يىغىلىش كۈنى (جۈمە كۈنى) پەرىشتىلەر مەسچىتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مەسچىتكە كىلىدىغانلارنى ساقلايدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:929)

○ يىغىلىش كۈنىدە دۇئا قوبۇل قىلىنىدىغان ئالاھىدە بىر ۋاقىت بار، قايسى بىر مۇسۇلمان دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاللادىن نىمە تىلىسە، ئۇنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولغۇسى. بۇ ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:935)

• ھازىرقى زاماندىكى بەزى ئالىملارنىڭ (Goittein) قارىشىچە، يەھۇدىلار سابات كۈنىگە (شەنبە كۈنىدىكى دەم ئېلىشقا) تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر جۈمە كۈنى شەھەرلەرگە يىغىلىپ ماللىرىنى ساتىدىغان (جۈمە بازىرى قىلىدىغان) ئادىتى بار ئىكەن. شۇڭا جۈمە كۈنى شەھەر ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ شەھەرلەرگە مال ئالغىلى كىلىدىكەن. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇشىغا قولايلىق ئېلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن مۇھەممەت جۈمە كۈنىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان كۈنى قىلىپ تاللىغانىمىش.

• يەھۇدىلارنىڭ شەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمى خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق يەھۇدىلارغا بەرگەن تەۋرات قانۇنىغا ئاساسلانغان بولۇپ، تەۋراتتا مۇنداق خاتىرلەنگەن. «پەرۋەردىگار خۇدا مۇساغا تاپىلاپ مۇنداق دىدى، سەن ئىسرائىللارغا ئېيتقىن، سىلەر مىنىڭ سابات (ئارامىلىق) كۈنۈمگە ئەمەل قىلىڭلار. چۈنكى بۇ مەن بىلەن سىلەر ئوتتۇرىمىزدىكى ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا قالىدىغان بەلگىدۇر ... ئىسرائىللار بۇ مەڭگۈلۈك ئەھدىگە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە ئەمەل قىلسۇن. بۇ مەن بىلەن ئىسرائىللار ئوتتۇرسىدىكى مەڭگۈلۈك بەلگىدۇر، چۈنكى مەن-پەرۋەردىگار

ئالته كۈندە ئاسمان-زېمىننى ياراتتىم، يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالدىم.» (مىسىردىن چىقىش 17-31:12)

● مەسىھ ساباتچىلار جامائىتى (基督復临安息日会 Seventh-Day Adventist) تەۋراتتىكى يوقۇرقى ئايەتكە ئاساسەن، ھەر شەنبە كۈنى يىغىلىپ دۇئا قىلىدۇ.

● ئادەتتە مەسىھىيلەر يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ دۇئا قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئەيسا مەسىھنىڭ يەكشەنبە كۈنى تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈندۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا مەسىھىيلەر ئىسرائىللار ئەمەس، ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۆلۈپ تىرىلىشى، تەۋرات بىلەن قەدىمقى پەيغەمبەرلەر يازمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان. (مەتتا 5:17)

● ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتىمۇ يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلغان. بۇنى ئىنجىلدىكى «يەكشەنبە كۈنى ھەزرىتى ئەيسانى خاتىرلەش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولدۇق،ناننى پارچىلاپ يېيىشتۇق» دىگەن ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. (ئەلچىلەر 20:7)

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھەرقانداق چاغدا دۇئا قىلسا بولىدۇ (زەبۇر 55:17 ، ئەفەسلىكلەر 6:18)، ئېھتىياتچانلىق ۋە سەگەكلىك بىلەن ھەرۋاقىت دۇئا قىلىش كىرەك (ماركوس 13:33)، «ئىنجىل-ئەلچىلەرنىڭ پائالىيىتى» دىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ ئىبادەت قىلغانلىقى، دۇئا قىلىپ خۇدانى مەدھىيىلىگەنلىكى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان (ئەلچىلەر 31-4:24 ، 12:5،12 ، 16:25)، شۇڭا مەيلى قايسى كۈنى بولسۇن، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە دۇئا قىلسا، بۇ ياخشى ئىشتۇر.

# ئىئانە (زاكات)

## ئىسلام دىنىدا زاكاتقا ئائىت تەلىملەر

● مۇسۇلمانلار زاكات بېرىشى كىرەك. بۇ خىل ئادەملەر ئالالانىڭ توغرا يولىنى تۇتقانلار بولۇپ، غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر. (قۇرئان 31:4،5)

زاكات بېرىشنىڭ ئوبيكتى:

● كەمبەغەللەر، يوقسۇللار، زاكات خادىملىرى، دىلى ئىسلامغا مايىللار، ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇللار، قەرز بولغانلار، ئالالانىڭ يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە مۇساپىرلار (قۇرئان 9:60)؛ نامراتلار ۋە ئۆزىنى ئىسلامغا ئاتىغانلار (قۇرئان 2:273).

• زاكات ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، جىهاد ئۈرۈشىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:24:547)

زاكات بەرگەندىكى پوزىتسىيە:

• زاكات قوبۇل قىلغۇچىغا ئازار بېرىشكە ۋە زىيان سېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:264)

• زاكاتنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بېرىشكە بولىدۇ (قۇرئان 14:31)، ئاشكارا بېرىش ياخشى ئىش، يۇشۇرۇن بېرىش تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى ئۇ بىر قىسىم گۇناھنى يۇيىدۇ. (قۇرئان 2:271)

• يېقىن ئۇرۇق-تۇققانلار، كەمبەغەللەر ۋە مۇساپىرلار ئېلىشقا تېگىشلىك زاكاتنى بېرىش كېرەك، بۇ ئاللانى خۇرسەن قىلىدۇ. (قۇرئان 30:38)

• ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن زاكات بېرىدىغانلار ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلاردۇر. (قۇرئان 4:38)

• بۇ دۇنيادىن بىرەر نەرسە تاما قىلىپ زاكات بېرىشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 74:6)

زاكات بېرىشنىڭ نەتىجىسى:

• ئادەمنى پاكلايدۇ. (قۇرئان 9:103)

• ئاللانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. (قۇرئان 7:156 ، 21:73)

• ئاللا ھەسسىلەپ ئىلتىپات قىلىدۇ. (قۇرئان 2:261،272،274 ، 30:39)

• ئاللانىڭ ھوزورىدا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، گۇناھى كەچۈرىلىدۇ، مول رىزىققا ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 8:4)

• ئاخىرەتتە قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇدىن خالى بولىدۇ. (قۇرئان 2:274)

جەرىمانە تۆلەپ گۇناھنى يۇيۇش:

• قەسەمنى بۇزۇشنىڭ جەرىمانىسى، ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرھال يېمەكلىك مىقتارى بويىچە، ئون نامرات ئادەمگە بىر ۋاق تاماق بېرىش ياكى بىر قۇر كىيىم بېرىش، ياكى بىر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك. بۇلارنى قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئادەم ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. (قۇرئان 5:89)

• چەكلەنگەن ئايدا چەكلەنگەن رايوندا جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. بولمىسا ئوخشاش ساندىكى مال-ۋارانلىرى بىلەن گۇناھنى يۇيۇش كېرەك، ياكى جەرىمانە

تۆلىشى كېرەك، يەنى بىر نەچچە كەمبەغەلنىڭ بىر كۈنلۈك تامىقىنى بېرىش كېرەك، ياكى شۇنىڭغا ماس كەلگۈدەك روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 5:95)

سەدىقە توغرىسىدا:

• سەدىقە ـ باي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىۋاستە ھالدا كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلغان پۇلى ياكى باشقا ماددى بۇيۇملارنى كۆرسىتىدۇ.

• مۇھەممەت ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سەدىقە قوبۇل قىلىشىنى چەكلىگەن، چۈنكى سەدىقە «مەينەت» ۋە «ناپاك» بولىدىكەن.

○ ھەرقانداق بىر يېمەكلىك باشقىلار تەرىپىدىن مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنسە، ئۇ ئۇنىڭ سوۋغات ياكى سەدىقە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، ئەگەر سەدىقە بولسا ئۆزى يېمەي ھەمرالىرىغا يېگۈزىدۇ؛ ئەگەر سوۋغات بولسا بىرگە يەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:47:750)

○ ھەسەن بىن ئەلى (مۇھەممەتنىڭ نەۋرىسى) سەدىقە قىلىنغان خورمىلاردىن بىرىنى يېمەكچى بولغاندا، مۇھەممەت ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟» ـ دەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:306 ، 5:2339)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، سەدىقە خەلقنىڭ ئىچىدىكى مەينەت، ناپاك نەرسە بولۇپ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن ھارام بولىدىكەن. (مۇسلىم ھەدىسلىرى 5:2347،2348 ، ئەبۇداۋۇت ھەدىسلىرى 19:2979 ، مالىك 58:58.3.13،15)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئەر ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر ئۈچۈن پۇل خەجلەپ، ئاللانىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكچى بولسا، خەجلەنگەن پۇل سەدىقە ھېساپلىنىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:64:263،266 ، مۇسلىم ھەدىسلىرى 5:2192 ، 13:3997 )

**مەسىھ ئېتىقاتىدا ئىئانە بېرىشكە ئائىت تەلىملەر**

ئىئانە بېرىش ئۇبىكتى:

• كەمبەغەل يوقسۇل قېرىنداشلىرىغا قولى ئۇچۇق بولۇش كېرەك. (تەۋرات ـ قانۇن شەرھى 15:11)

• ئاچ قالغانلارغا ئاش بېرىڭلار، ئۇسسىغانلارغا سۇ بېرىڭلار، مۇساپىرلارغا ياتاق بېرىڭلار، يالىڭاچلارغا كىيىم بېرىڭلار، كېسەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار،

زىندانىدا ياتقانلارنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. (ئىنجىل-مەتتا 40-35:25 )

● يوقسۇللار ۋە نامراتلارغا تىنى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى بېرىش كېرەك. (ياقۇپ 17-2:15 ، يۇھاننا I 3:17)

● تىلىگەنلەرگە تىلىگىنىنى بېرىش، ئارىيەت سورىغانلارنى رەت قىلماسلىق كىرەك. (مەتتا 5:42)

● قېيىنچىلىقتا قالغان تۇل ئايال ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كىرەك. (ياقۇپ 1:27)

● ئائىلە تاۋاباتلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش كىرەك. (تىموتىI 5:8)

يەنە تۆۋەندىكىلەرگىمۇ ئىئانە قىلىش كىرەك:

● خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىغا ( قانۇن شەرھى 14:22،23 )

● خۇدانىڭ خىزمەتچىلىرىگە،خۇش خەۋەر تارقاتقۇچىلارغا، تەلىم بەرگۈچىلەرگە. (رىملىقلار 27-15:25 ، كورىنتلىقلارI 14-9:9 ، مەتتا 10:10، گالاتىيالىقلار 6:6)

● مەسىھ جامائىتىگە ( ئەلچىلەر 11:29 ، كورىنتلىقلارII 12-9:9 )

ئىئانە بېرىشتىكى پوزىتسىيە:

● ئىئانە يۇشۇرۇنچە بېرىلىشى كىرەك. (مەتتا 4-6:2)

● ئىئانىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قۇربىنىڭ يېتىشچە قىلىش كىرەك، مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ. (كورىنتلىقلارII 5-8:2 ، 9:6،7 )

● ئىئانىنى كۆپ قىلىش لازىم، ھەمدە تەشەككۇر بىلەن شان-شەرەپنى خۇداغا مەنسۇپ قىلىش كىرەك. (كورىنتلىقلارII 13-9:11 )

● ئىئانە بېرىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كىرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 3:9،27،28 ، ماركوس 44-41 :12 )

● ئىئانە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن بېرىلىشى كىرەك. (كورىنتلىقلارI 13:3 ، كورىنتلىقلارII 9-8:6 )

● ئىئانە خالىسانە بولىشى، بىر نەرسە تاما قىلماسلىق كىرەك. (لۇقا 36-6:34 ، 14-14:12 )

● مۇقىم قەرەلدە، نىسبەت بۇيىچە بېرىلسە بولىدۇ. مەسىلەن ھەر يەكشەنبە كۈنى

يىغلىپ دۇئا قىلغاندا، قىلغان كىرىمىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى ئىئانە قىلسا بولىدۇ. (كورىنتلىقلارI 2،1:16)

ئىئانە بېرىشنىڭ نەتىجىسى:

• نامراتلارغا ئىئانە بېرىش گۇناھنى يۇيىدۇ. (دانىئال 27:4)

• خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ. (كورىنتلىقلارII 14،13:9)

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارىسىدا ئۆزئارا بىر-بىرسىنىڭ كەمچىللىكىنى تولۇقلايدۇ. (كورىنتلىقلارII 15-13:8)

• نامراتلارغا پۇل ئىئانە قىلغانلىق، خۇداغا قەرز بېرىپ تۇرغان بىلەن باراۋەر. (پەند-نەسىھەتلەر 17:19)

• خۇدا قىلىنغان ئىئانىنى چوقۇم ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 17:19 ، مەتتا 4:6 ، لۇقا 38:6)

• خۇدا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدۇ. (زەبۇر 9:112 ، پەند-نەسىھەتلەر 10:3 ، 25:11 ، 27:28 ، مالاكى 10:3 ، كورىنتلىقلارII 8:9)

• مال-دۇنياسىنى سېتىپ كەمبەغەللەرگە ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئەرشتە بايلىقى بولىدۇ. (مەتتا 21:19)

• خۇدانى خۇرسەن قىلىدۇ. (كورىنتلىقلارII 12:8)

# روزا تۇتۇش

## ئىسلام دىنىدا روزا تۇتۇشقا ئائىت تەلىملەر

• مۇسۇلمانلار رامازان ئېيىدا (ئىسلام كالىندارى 9-ئايدا) ھىلال ئاي كۆرۈنگەن كۈندىن باشلاپ 30 كۈن روزا تۇتىدۇ. بۇ مەزگىلدە كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقىچە بولغان ئارلىقتا ھېچقانداق يېمەكلىك، ئىچىملىك ۋە باشقا ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا بولمايدۇ.

• ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، ئەرەپ يېرىم ئارىلىدا يۈلتۈزغا چوقۇنىدىغان بىر قەۋم بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر يىلى 30 كۈن روزا تۇتىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. مۇھەممەت شۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۆرنەك قىلغان بولىشى مۇمكىن.

• روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە كۈندۈزى ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ (ئەمما كېچىسى بولىدۇ). (قۇرئان 2:187)

روزا تۇتۇشنىڭ سەۋەبى:

• روزا تۇتۇش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. (قۇرئان 2:183)

• رامازان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىغان، شۇڭا بۇ ئايدا روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 2:185)

• ھەج مەزگىلىدە قۇربانلىق قىلالمىغانلار، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن يەنە يەتتە كۈن روزا تۇتۇشى كېرەك. (قۇرئان 2:196)

• مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە ئاللا مۇنداق دېگەن ئىكەن: بەندىلەرنىڭ قىلغان بارلىق ساۋاپلىق ئىشلىرى ئۆزلىرىگە ھېساپ، پەقەت روزا تۇتۇشلا ماڭا ھېساپ، مەن ئۇنى چوقۇم قايتۇرىمەن. روزا تۇتۇش بىر خىل قوغدىنىش تەدبىرىدۇر. روزى تۇتقۇچىلار چوقۇم يامان نىيەت ۋە يامان قىلمىشلارنى تاشلىشى كېرەك. ئەگەر بىراۋ ئۇنىڭ بىلەن دەتالاش قىلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ «مەن روزا تۇتقۇچى» دېيىشى كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:1904)

بۇ ھەدىس روزا تۇتۇشنىڭ مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلايدىغانلىقىنى بىشارەت قىلغان.

## مەسىھ ئېتىقاتىدا روزا تۇتۇشقا ئائىت تەلىملەر

تەۋراتتىكى خاتىرىلەر:

• ھەر يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى (يەھۇدى كالىندارى) ئىسرائىللارنىڭ گۇناھقا بەدەل تۆلەش كۈنى بولۇپ، بۇ كۈنى ئىسرائىللار پۈتۈن بىر كۈن روزا تۇتىدۇ، ئىبادەتخانىغا يىغىلىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ساغلام قوشقاردىن بىرنى قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھىغا بەدەل تۆلەيدۇ. بۇ كۈننى خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە ۋەھىي قىلىپ بىكىتكەن بولۇپ، تەۋراتتا خاتىرلەنگەن. (تەۋرات-لاۋىيلار 16:29-31 ، 23:27-32 ، نوپۇس سانى 29:7)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 587-يىلى ئىرۇسالىم ۋەيران قىلىنغان، يەھۇدىلار شۇ كۈننى خاتىرلەپ ھەر يىلى تۆت كۈن روزا تۇتۇش بەلگىلەنگەن. (زەكارىيا 7:3-5 ، 8:19)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىكى پىرسىيە ئىمپىرىيىسى مەزگىلىدە، خانىش ئىستەرنىڭ باتۇرلىقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن يەھۇدىلار بىر قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغان. بۇنى خاتىرلەش ئۈچۈن يەھۇدىلار ھەر يىلى روزا

تۇتۇپ دۇئا تىلاۋەت قىلىدۇ. (ئېستەر 9:31)

● پۈتۈن مىللەت قىيىنچىلىققا دۈچ كەلگەندە روزا تۇتىدۇ. (سەردارلار 20:26 ، تارىخنامەII 20:3 ، ئەزرا 23ـ8:21 ، نەھەمىيا 9:1،2 ، ئېستەر 4:16 ، يۇنۇس 10ـ3:4 )

● شەخسلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا روزا تۇتىدۇ. (سامۇئىلII 23ـ12:16 ، پادىشاھلارI 21:27 ، زەبۇر 35:13 ، 69:10)

روزا تۇتۇشنىڭ جەريانى:

● سەھەردىن تارتىپ گۇگۇم ۋاقتىغىچە بولىدۇ. (سەردارلار 20:26 ، سامۇئىلI 14:24 ، سامۇئىلII 1:12 )

● روزا تۇتۇش بىلەن دۇئا بىرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. (يەرەمىيا 14:11،12 ، نەھەمىيا 1:4 ، ئەزرا 8:21،23)

● روزا تۇتۇش ھەرخىل دىنى پاكلىنىش قائىدىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. (لاۋىيلار 16:29،31 ، 23:27،29،32 ، نوپۇس سانى 29:7 ، يەشايا 58:3 ، زەبۇر 35:13)

روزى تۇتقان چاغدىكى پوزىتسىيە:

● ئۆزى ياكى پۈتۈن خەلقنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. (سامۇئىلI 7:6 ، دانىئال 4ـ9:2 ، يوئىل 14ـ2:12 ، ناھۇم 8ـ3:5 )

● جىددى، ئازاپلىق ھالەتتە بولىدۇ. (سامۇئىلI 31:13 ، سامۇئىلII 1:12 ، 3:35 ، نەھەمىيا 6ـ1:4 ، ئېستەر 4:3)

روزى تۇتۇشتىكى مەقسەت:

● خۇدا بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئۇنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 34:28 ، قانۇن شەرھى 9:9 ، ئەزرا 17ـ4:15 )

● روزا تۇتۇشقا سەۋەب بولغان ئازاپلىق ھالەت دۇئانىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. (يوئىل 16ـ1:13)

● روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت جاپا تارتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كىلىدىغان خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر. (نەھەمىيا 8:9،10 ، زەكارىيا 8:19)

● ئۆزىنى روھى جەھەتتىن قوراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە زىممىسىگە ئالىدىغان خۇدانىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن مۇسا

پەيغەمبەر (مىسىردىن چىقىش 34:28) ۋە ئىلىياس پەيغەمبەرلەرنىڭ كەچۈرمىشى (پادىشاھلارI 19:8).

● باشقىلار ئۈچۈن روزا تۇتۇش. (ئەزرا 10:6 ، ئەستەر 17-4:15)

● بەزىلەر روزا تۇتقاندا مەنپەئەت قوغلىشىدۇ، ئادەملەرنى جاپالىق ئىشلارغا مەجبۇرلايدۇ، باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلىدۇ، ئۇرۇشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇتقان روزىسىنى خۇدا قوبۇل قىلمايدۇ. (يەشايا 9-58:3)

● يامان ئىشلاردىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ تۇتقان روزىنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. (يەشايا 58:11،12 ، يەرەمىيا 14:11،12 ، زەكارىيا 7 )

ئەيسا مەسىھ دەۋرىدىكى يەھۇدىلارنىڭ روزا تۇتۇش ئادىتى:

● كېچە-كۈندۈز خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئايال پەيغەمبەر ھانانىيە دائىم روزا تۇتاتتى. (لۇقا 2:37)

● يەھۇدىلار ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن روزا تۇتاتتى. بەزى يەھۇدىلار (پەرىسىيلەر) ھەر ھەپتىنىڭ بىرى ۋە تۆتىنچى كۈنى روزا تۇتاتتى. (مەتتا 18-6:1 ، لۇقا 8:12 )

● چۆمۈلدۈرگۈچى يەھيا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىمۇ شۇنداق قىلاتتى. (ماركوس 2:18)

ئەيسا مەسىھنىڭ روزا تۇتۇش توغرىسىدىكى تەلىمى ۋە ئەمەلىيىتى:

● ئەيسا مەسىھ روزا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ياخشى تەرىپىنى (مەسىلەن ئەستايىدىل دۇئا قىلىش، ئېزىقتۇرۇلۇشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىقلارنى) كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ خەتەرلىك تەرىپىنىمۇ (مەسىلەن ساختىپەزلىك قىلىش، خۇدانى سىناش قاتارلىقلارنى) ئەسكەرتىدۇ.

○ ئەيسا مەسىھ مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشى بىلەن چۆل-جەزىرىدە 40 كېچە-كۈندۈز روزا تۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قۇراللاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. (مەتتا 4-4:1)

○ ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغدا، شاگىرتلارنىڭ روزا تۇتۇشى مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى. ئەمما ئەيسا مەسىھ ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ باشقىلارغا ئوخشاش روزا تۇتۇشقا باشلايدۇ. (مەتتا 17-9:14 ، ماركوس 22-2:18 ، لۇقا 39-5:33 )

○ ئەيسا مەسىھ باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن روزا تۇتىدىغان ساختىپەز

دىندارلارنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. چۈنكى روزىنىڭ ئوبىكتى ئادەملەر ئەمەس، بەلكى خۇدادۇر. (مەتتا 18ـ16:6)

○ ئەگەر دۇئا قىلغان، خەيرى ـ ساخاۋەت قىلغان ۋە روزا تۇتقان ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ھاكاۋۇرلاشسا، باشقىلارنى كەمسىتسە، گۇناھىغا تۆۋە قىلمىسا، خۇدا بۇنداق ئادەمنى ھەققانى دەپ ھىساپلىمايدۇ. (لۇقا 14ـ18:12)

مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روزا تۇتىشى:

● ئەيسا مەسىھ كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى گۇناھقا بەدەل تۆلەش رەسمىيىتىنى بىر قېتىمدىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دەۋرىگە باشلاپ كىرگەن (لاۋىيلار 34ـ16:32 ، ئىبرانىلار 9ـ باب ) ؛ شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روزا تۇتۇش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيىشىنىڭ ھاجىتى يوق. (ئىبرانىلار 27،7:18)

● مەسىھ جامائىتىنىڭ دەسلەپكى يېتەكچىلىرى دۇئا قىلىپ خۇدانىڭ يېتەكلىشىنى تىلىگەن چاغلاردا روزا تۇتقان. مەسىلەن، خۇشخەۋەر تارقاتقۇچىلارنى تاللىغاندا (ئەلچىلەر 3،13:2) ۋە جامائەت ئاقساقاللىرىنى تاللىغاندا (ئەلچىلەر 14:23).

● ئەلچى پاۋلۇس تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا روزا تۇتقان:

○ ئۆزىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن روزا تۇتقان. (كورىنتلىقلارII 6:5)

○ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىغان چاغلاردا (ئاش قالغاندا)، ئۆز رازىلىقى بىلەن غىزالانمىغان. (كورىنتلىقلارII 11:27)

8 ـ قىسىم

# قىيامەت، جەننەت، دوزاق

# قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاق

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

### قىيامەت توغرىسىدا

● زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرى ، تىرىلىش، سوراق قىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلام دىنى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتى ئوخشىشىپ قالىدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئوخشاشمۇ ئەمەس.

● قۇرئاندا قىيامەت توغرىسىدىكى بىشارەتلەر ئىنجىلدىكىدەك ئېنىق ۋە تەپسىلى ئەمەس.

● بۇخارى ھەدىسلىرى 1:3:81 گە ئاساسلانغاندا، قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇنقى ئالامەتلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

○ دىنى بىلىم ئازىيىدۇ.

○ دىنى جەھەتتىكى ئەقىلسىزلىق جاھاننى قاپلايدۇ.

○ ئوچۇق-ئاشكار ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز جىنسى مۇناسىۋەتلەر كۆپىيىپ كىتىدۇ.

○ ئەر، ئاياللارنىڭ نىسبىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ، ھەتتا بىردە ئەللىك نىسبەتكە يىتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار پۈتۈن دۇنيانى سورايدۇ، پۈتۈن دۇنيادا شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) يولغا قويۇلىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ.

● شىئە مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن دەججال (ئاللانىڭ دۈشمىنى) ئادەم سىياقىدا يەر يۈزىگە كىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ زۇلۇم سالىدۇ، ئاندىن مەھدى (قۇتقۇزغۇچى) ئاسماندىن چۈشۈپ دەججال ۋە ئۇنىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، كىرستلارنى بۇزىۋىتىدۇ، مەسىھلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ، بارلىق چىركاۋ ۋە يەھۇدى ئىبادەتخانىلىرىنى گۇمران قىلىدۇ، ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ. (بەزى مەزھەپلەرنىڭ رەھپەرلىرى ھەتتا ئۆزىنى مەھدى دەپمۇ ئاتىۋالغان)

● ئەيسا پەيغەمبەر قىيامەتتىكى تىرىلىش كۈنىنىڭ بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 43؛ 61)

● ئىسلام دىنى قىيامەتتە بۇرغا چېلىنغان كۈنى مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

○ بۇرغا چېلىنغان كۈنى ئاللا ھۆكۈمران بولىدۇ. (قۇرئان 6:73)

○ بۇرغا چېلىنغان ۋاقىت مۇشەققەتلىك بىر كۈن بولىدۇ. (قۇرئان 9،8:74)

○ بۇرغا چېلىنغان ھامان، ئاللا ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىدۇ (قۇرئان 18:99)، ئادەملەر توپ-توپى بىلەن كېلىدۇ (قۇرئان 78:18)، ئاللا كۆك كۆزلۈك گۇناھكارلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ (قۇرئان 20:102).

○ ئۇ كۈنى ئادەملەر خۇددى تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىلاردەك، تاغلار گويا ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ. (قۇرئان 5،4:101)

○ ئاسمان يېرىلغاندا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەندە، دېڭىزلار ئۆركەشلىگەندە، قەبرىلەر ئېچىلغاندا، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنكى ئىشلىرىنى بىلىشىدۇ. (قۇرئان 5-1:82 )

● ئىسلام دىنى قىيامەتتىكى تىرىلىش كۈنى ۋە سوراق كۈنىدە مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

○ ئاللانىڭ جازاسىدىن كەلگەن بالايى-ئاپەت مۇشرىكلارغا چۈشىدۇ، ياكى تىرىلىش كۈنىدە تۇساتتىن ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. (قۇرئان 12:107)

○ ئۇ كۈنى زور ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. (قۇرئان 56:12)

○ ئۇ كۈنى ئاسمان ئاجىزلىقىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ، پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە 8 پەرىشتە ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ كۈنى ئادەملەر تەكشۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرالمايدۇ. (قۇرئان 18-16:69 )

○ ئاللا ھەر بىر ئادەمنىڭ گۇناھى خاتىرلەنگەن كىتاپنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرى خاتىرلەنگەن بولىدۇ. (قۇرئان 17:14 ، 18:49)

○ ئاللا ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىدۇ. (قۇرئان 21:47 ، 42:17)
(تارازا توغرىلىق بۇ ھېكايە ئەسلى مىسىردىكى Testament of Abraham دىن كېلىپ چىققان. «Texts and Studies» 2-پارە 2-باب ۋە «The Book of the Dead» 3-باب)

○ تەختنى تېرەپ تۇرغانلار ۋە ئەتراپتىكىلەر ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىدىن كەچۈشىنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 40:7)

○ ئاللانىڭ روخسىتىگە ئېرىشكۈچى ۋە ئۇنى خۇرسەن قىلغۇچىدىن باشقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇراجەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ (قۇرئان 19:87 ، 20:109

، 53:26)؛ ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ۋە گۇناھلىرىغا تۆلىمەكچى بولغان بەدەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (قۇرئان 2:48)؛ سودىلىشىش بولمايدۇ، دوستلۇق بولمايدۇ، يالۋۇرۇپ يىلىنىشقا روخسەت قىلىنمايدۇ (قۇرئان 2:254)

○ بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنى قىيامەت كۈنى ئاللادىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇراجەت قىلغۇچى شۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن قۇرئاندا بۇنداق خاتىرە يوق. ئەمما ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ ئاسمانغا كۆتىرىلگەنلىكى، ھېلىھەم خۇدانىڭ يېنىدا ھايات تۇرغانلىقى، ھەمدە خۇدانىڭ ئالدىغان كەلگەنلەر ئۈچۈن مۇراجەت قىلىدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. شۇڭا ئەيسا مەسىھ ھەقىقى «مۇراجەت قىلغۇچى» دۇر. (ئىبرانىلار 7:25)

● ئاللانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغانلار (قۇرئان 13:18،21)، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلارغىمۇ چوقۇنغانلار، قىيامەتتە ئاللانىڭ ئالدىدا ھىساپ بېرىدۇ (قۇرئان 23:117). خاتا يولدا ماڭغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرى، قىيامەتتە سوراققا تارتىلىدۇ. (قۇرئان 37:22)

● گۇناھى ۋە ساۋاپلىق ئىشلىرى خاتىرلەنگەن كىتاپلار ئادەملەرنىڭ ئۆز ياكى سول قولىغا تاپشۇرىلىدۇ.

○ ساۋاپلىق ئىشلىرى (تارازىدا) ئېغىر توختىغانلار غەلىبە قىلىدۇ (قۇرئان 7:8 ، 23:102)؛ كىتابى ئۆڭ قولىغا بېرىلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغانلاردۇر (قۇرئان 24-69:19 ، 9-84:7)؛ ئۇلار راھەتلىك تۇرمۇشتا قانائەتكە ئېرىشىدۇ (قۇرئان 101:6،7).

○ ساۋاپلىق ئىشلىرى يېنىك كەپقالغانلار ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر، چۈنكى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئاللانىڭ بىشارىتىگە ئىشەنمەيدۇ (قۇرئان 7:9 ، 23:103)؛ ئۇلارنىڭ كىتابى كەينى تەرەپتىن سول قولىغا بېرىلىدۇ، ھەمدە دوزاققا تاشلىنىدۇ (قۇرئان 35-69:25 ، 12-84:10 )؛ ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى تىگى يوق ھاڭدۇر (قۇرئان 101:8،9)

**جەننەت توغرىسىدا**

## جەننەتكە كىرەلەيدىغانلار:

● ئەڭ ئاۋال ئىسلامغا كىرىپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھەممىدىن بۇرۇن

جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 56:10)

● ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلغانلار، ئىسلام ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان مۇسۇلمانلار. (قۇرئان 3:157، 158، 159، 170، 195 ، 9:20، 21، 88، 89، 111 ، 47:4، 6 ، 61:10 ـ 12 )

● ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مۇھاجىرونلار (مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن مەككىلىكلەر) ۋە ئەنسارلار (ئىسلامغا كىرگەن مەدىنىلىكلەر) ھەمدە كېيىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىرگەنلەر. (قۇرئان 9:100)

● مۇساپىرلار، يۇرتىدىن قوغلانغانلار، ئىسلام ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، جەڭگە قاتناشقانلار، شېھىت بولغانلار. (قۇرئان 3:195)

● ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغانلار. (قۇرئان 3:195 ، 4:124 ، 9:72 ، 10:26 ، 29:58 ، 40:7، 8، 40 ، 43:60 ـ 73 ، 48:5 ، 51:15، 16 )

● مەيلى باي ۋاقتىدا ياكى نامرات ۋاقتىدا بولسۇن خەيرى ـ ساخاۋەت قىلىدىغانلار، غەزىپىنى بېسىپ باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلار. ئاللا مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلار نومۇسلۇق ئىشلارنى ۋە ئۆزىگە زىيانلىق قىلمىشلارنى قىلىپ سالغاندا، ئاللاغا سېغىنىپ گۇناھىنى تىلەيدۇ. ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۈپ جەننەتتىن ئورۇن بېرىدۇ. (قۇرئان 3:134 ـ 135 )

● ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەتلىك بولغانلار، ناماز پەرزىنى ئادا قىلغانلار، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا زاكات بەرگەنلەر، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرغانلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەجدادى، ئايالى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەر جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 13:22، 23)

● «رەببىمىز ئاللادۇر» دىگەنلەر، ھەمدە ئىسلامدا چىڭ تۇرغانلار. (قۇرئان 46:13، 14)

● ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە بويسۇنغانلار. (قۇرئان 48:17)

● دائىم ناماز ئوقۇيدىغان، مال ـ مۈلكىدىن مۇقىم نىسبەتنى تىلەمچى ۋە كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان، قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ئاللانىڭ جازاسىدىن قورقىدىغان، ئېپپەت ـ نومۇسنى ساقلايدىغان (ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە قۇللىرىدىن باشقىلارغا چېقىلمايدىغان)، ئۆزىگە قىلىنغان ئامانەت ۋە ئەھدىگە خىيانەت قىلمايدىغان، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىدىغان، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار. (قۇرئان 70:22 ـ 35)

● سەمىمى ئادەملەر (قۇرئان 5:119)

● ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشەنمىگەنلەر (قۇرئان 58:22)

**جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلار:**

● ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەر (قۇرئان 5:72)

● ئاللانىڭ ۋەھىيلىرىنى (قۇرئان ئايەتلىرىنى) ئىنكار قىلغان ۋە كەمسىتكەنلەر (قۇرئان 7:40)

**جەننەتنىڭ تەسۋىرى:**

● جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان-زېمىن بىلەن ئوخشاش كەڭلىكتە. (قۇرئان 3:133 ، 57:21)

● جەننەت جاھاننىڭ چېتىدىكى بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىدا. (قۇرئان 53:15)

● جەننەتنى پەرىشتە باشقۇرىدۇ (قۇرئان 39:73)؛ تەختنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان پەرىشتىلەر ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ (قۇرئان 39:75).

● جەننەتكە كىرگەنلەر «ئى ئاللا، سىنى مەدھىيىلەيمىز» دەپ دۇئا قىلىدۇ، «ئەسسالام» دەپ سالاملىشىدۇ، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر» دەپ دۇئانى ئاخىرلاشتۇرىدۇ (قۇرئان 10:10)؛ جەننەتكە كىرگەنلەر يەنە مۇنداق دېيىشىدۇ: «بارلىق مەدھىيىلەر ئاللاغا خاستۇر، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بىزنى بۇ يەرگە مىراسخور قىلدى، ئەمدى جەننەتتە خالىغانچە ئولتۇراقلىشىمىز. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نەقەدەر گۈزەل ھە!» (قۇرئان 39:74)

● جەننەتكە كىرگەنلەر قۇرۇق پاراڭلارنى، يامان سۆز ۋە يالغان گەپلەرنى ئاڭلىيالمايدۇ، پەقەت تىنچ-ئامانلىق تىلىگەن سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ. (قۇرئان 19:62 ، 56:25 ، 78:35 ، 88:11)

● ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈلۈك ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ ياشايدۇ (قۇرئان 9:21،22)؛ ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشە بولمايدۇ (قۇرئان 7:49)؛ ئاللا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكنى تازىلىۋېتىدۇ، ئۇلار قېرىنداش بولۇپ ئۆتىدۇ، ئېگىز كارۋاتلاردا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە ھارغىنلىق ۋە جاپا ھېس قىلمايدۇ، مەڭگۈ قوغلىۋېتىلمەيدۇ. (قۇرئان 15:47،48 ، 35:34،35)

● جەننەتتە جىسمانى ۋە ماددى جەھەتتىكى ھوزۇر-ھالاۋەت كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاستىدا سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغلاردا، يەيدىغان ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر بار (قۇرئان 2:25)؛ ھۆرپەرى قىزلار ھەمرا بولىدۇ (3:15)؛ ئۇلار بىلەن سالقىن سايە

جايلاردا بىرگە تۇرىدۇ (4:57)؛ ئولتۇرىدىغان چىرايلىق ئۆيلەر بار (9:72)؛ تۈگىمەس مېۋە-چېۋە ۋە سايىدايدىغان جايلار بار (13:35)؛ ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، يېشىل رەڭلىك كىمخاپ تونلارنى كىيىدۇ، كارۋاتلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ (18:31)؛ مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ (22:23)؛ باغچا ۋە ئوردا-سارايلارغا ئېرىشىدۇ (25:10)؛ ئالتۇن بىلەيزۈك تاقايدۇ، مەرۋايىت بېزەكلەر ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ (35:33)؛ جەننەتتىكى جۈپتىلىرى بىلەن دەرەخنىڭ سايىسىدا كارۋاتتا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، مېۋە-چېۋىلەر ۋە ھەرخىل نېمەتلەردىن يەيدۇ (36:56،57)؛ كارۋاتتا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، شاراپ توشقۇزۇلغان قەدەھلەر ئۇلارغا نۆۋەت بىلەن سۇنىلىدۇ، بۇ شاراپلار ئاق رەڭدە بولۇپ، ئىچسە مەس بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا خۇما كۆزلۈك گۈزەل قىزلار ھەمرا بولىدۇ (40-50 :37)؛ كارۋاتلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، باغلاردىكى كۈتكۈچىلەر ئۇلارغا ھەرخىل مېۋە-چېۋە بىلەن ئىچىملىكلەرنى توشۇيدۇ، تەڭ دېمەتلىك گۈزەل قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ (50-53 :38)؛ بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ (39:20)؛ نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ، نېمىنى تىلىسە شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ (41:31)؛ ئاياللىرىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئالتۇن لىگەن ۋە قەدەھلەردە يېمەك-ئىچمەك سۇنۇلىدۇ (43:71)؛ بۇلاقلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇلارغا تىرىسى ئاپئاق، كۆزلىرى چوڭ، گۈزەل قىزلار ھەمرا قىلىپ بېرىلىدۇ (51-55 :44)؛ چىرىماس سۇ، تەملىك سۈت، ئېسىل شاراپ، ساپ ھەسەللەر بار (47:15)؛ خالىغانچە يەپ-ئىچىدۇ، قاتار-قاتار تىزىلغان كارۋاتلاردا گۈزەل قىزلار ھەمرا بولىدۇ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مېۋە بىلەن گۆشلەردىن يەيدۇ، بىر-بىرسىگە ھاراق قەدەھلىرىنى تۇتىشىدۇ، بۇنى ئىچسە گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، چىرايلىق ئوغۇل چاكارلار نۆۋەتلىشىپ ئۇلارنى كۈتىدۇ (19-24 :52)؛ (جەننەتتە) ئىككى باغ بار، ئۇ باغلاردا ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ، ھەر بىر مېۋىنىڭ ئىككى خىل سورتى بار، ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار. ئۇلار ئۇ يەردىكى تاۋار-دۇردۇنلۇق كارۋاتتا ياتىدۇ، قولىنى سوزسىلا مېۋىلەرنى ئۈزەلەيدۇ، خۇما كۆزلۈك گۈزەل قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ، بۇ قىزلارغا بۇرۇن ئادەمزات ياكى جىنلارمۇ چېقىلىپ باقمىغان (تېخى قىز ھالەتتە دېمەكچى)، ئۇلار قىزىل ياقۇت ۋە مەرۋايىتتەك گۈزەل قىزلاردۇر. ئۇ ئىككى باغدىن باشقا يەنە ئىككى باغچا بار، ئۇلار بۆكباراقسان ۋە ياپيېشىلدۇر، ئۇ يەردە ئىككى فونتان بار، يەنە خورما، ئانار ۋە باشقا ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر بار، ئۇ ئىككى باغچىدا تېخىمۇ كۆپ چىرايلىق ھۆرپەرى قىزلار بار، ئۇلارنىڭ تىرىسى ئاپئاق، راۋاقلاردا تۇرىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئىلگىرى ھېچقانداق ئادەمزات ياكى جىنلار تېگىپ باقمىغان (قىز ھالەتتە دېمەكچى)، ئۇلار يېشىل پالاز ۋە ئېسىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە ياتىدۇ (45-76 :55)؛ ئۇلار ئالتۇن-جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن كارۋاتلاردا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، مەڭگۈ قېرىمايدىغان بالا

چاكارلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۆۋەتلىشىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا شاراپ تولدۇرۇلغان چەينەك ۋە قەدەھلەر بار، بۇ شاراپنى ئىچكەن ئادەمنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ تاللىغان مېۋە بىلەن قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيدۇ. ئاقپىشماق خۇما كۆزلۈك قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ، بۇ قىزلار خۇددى مەرۋايىتقا ئوخشاي چىرايلىقتۇر. ئۇلار خورما ۋە بانانلاردىن، سالقىن سايە جايلاردىن، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇ بويىدىن، ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ، بۇ مېۋە-چېۋىلەر تۈت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بار، خالىغانچە ئۈزۈپ يېگىلى بولىدۇ. يەنە ئېگىز كۆتىرىلگەن كارۋاتلار بار. ئاللا ھەر قېتىم ئۇ قىزلارنى قايتىدىن ياشارتىپ، قىز ھالىتىگە ئەكەپ بېرىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆز ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدۇ، يېشىمۇ تەڭتۇش بولىدۇ (38-56:13)؛ جەننەتتە «كافۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك بار، ئۇ بۇلاقتىن توختىماي سۇ چىقىپ تۇرىدۇ (76:5)؛ ئۇلارغا يىپەك كىيىملەر بېرىلىدۇ، باغنىڭ ئىچىدە كارۋاتقا يۆلىنىپ ياتىدۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ياكى قەھرىتان سوغۇقنى ھېس قىلمايدۇ، باغنىڭ سايىسى ئۇلارنى توسۇپ تۇرىدۇ، مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، كۈمۈش لىگەن ۋە ئەينەكتەك پارقىراق كۈمۈش ئىستاكانلار سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئىچىملىكنى قانچىلىك قويىمەن دىسە شۇنچىلىك قويغىلى بولىدۇ، ئۇلار زەنجىۋىل قوشۇلغان شاراپلاردۇر، ئۇ «سالسابىل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىشلەنگەن. مەڭگۈ قېرىمايدىغان ياش يىگىتلەر ئۇلارنى كۈتىدۇ، ئۇ يىگىتلەر خۇددى چېچىلىپ تۇرغان مەرۋايىتتەك كۆرىنىدۇ. ئۇ يەرگە قارىسا خۇددى بەختكە تولغان چوڭ بىر دۆلەتكە ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە كىشىلەر يېشىل رەڭلىك كىمخاپ تونلارنى كىيىدۇ، كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، ساپ ئىچىملىكلەردىن ئىچىدۇ (21-76:12)؛ باغ ۋە تالىقلار ئۇلارنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئىككى كۆكسى تولغان تەڭ دىمەتلىك قىزلار ھەمرا بولىدۇ،لىق تولدۇرۇلغان قەدەھلەر بېرىلىدۇ (34-78:31)؛ ئۇلار كارۋاتلاردا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالىدۇ، ئېغىزى ئېپار بىلەن پېچەتلىنىپ ساقلانغان ئىسىل شاراپلاردىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭغا «تەسنىم» بۇلىقىنىڭ سۈيى ئارلاشتۇرۇلغان (28-83:22)؛ جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلار بار، ئېگىز كارۋاتلار بار، قەدەھلەر تىزىلىپ تۇرىدۇ، ياستۇقلار قاتار قويۇلغان، ئىسىل گىلەملەر سېلىنغان بولىدۇ (16-88:10).

● قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن جەننەتتە، نۇرغۇنلىغان ئاپپاق، خۇما كۆزلۈك، ئىككى كۆكسى تولغان، تەڭ دىمەتلىك، ھۆرپەرى قىزلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرگەن ئەرلەرگە ھەمرا بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ قىز ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل جەننەت تەسۋىرى ئوتقا چوقۇنىدىغان قەدىمقى زەردۇشت دىنىنىڭ جەننەت تەسۋىرى بىلەن ئوخشىشىدۇ.

● قۇرئاندا جەننەتتە خالىغانچە ھاراق (شاراپ) ئىچكىلى بولىدىغانلىقى

تەسۋىرلەنگەن، ئەمما قۇرئاندا يەنە هاراق ئىچىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، ئۇنى ئىچسە گۇناھ بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان:

- هاراق ئېغىر گۇناھقا تولغان نەرسىدۇر. (قۇرئان 2:219)
- هاراق ناپاك (هارام) نەرسە بولۇپ، هاراق ئىچىش شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. (قۇرئان 5:90)

ئۇنداقتا شەيتاننىڭ نەرسىسى ۋە قىلىدىغان ئىشى جەننەتتە نېمىش قىلىدۇ؟ بۇ قۇرئاندىكى بىر ئىچكى زىددىيەتتۇر.

- كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئاندىكى هاۋاسى سالقىن، سۇلار ئېقىپ تۇرغان، مېۋە-چېۋىلەر بىلەن تولغان جەننەت تەسۋىرى، ئەمەلىيەتتە ئەرەپ قۇملىقىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.
- قۇرئاندىكى جەننەتتە خۇدانىڭ ھەمراھلىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ.
- جەننەتكە كىرگەنلەر دوزاققا چۈشكەنلەرگە توۋلاپ مۇنداق دەيدۇ: «رەببىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدۇق» (قۇرئان 7:44)؛ مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمان بولمىغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ (قۇرئان 83:34).
- دوزاقتىكىلەر جەننەتتىكىلەرگە توۋلاپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن تىلەيمىزكى، سۇ ياكى ئاللا سىلەرگە بەرگەن يېمەكلىكلەردىن ئازراق بولسىمۇ بىزگە تاشلاپ بېرىڭلار!». جەننەتتىكىلەر جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا ھەقىقەتەن بۇ ئىككى خىل نەرسىنى مۇسۇلمان بولمىغانلارغا بېرىشىمىزنى چەكلىگەن» (قۇرئان 7:50)؛ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توساق بولىدۇ (قۇرئان 7:46).

## دوزاق توغرىسىدا

### دوزاققا چۈشىدىغانلار:

- ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر (قۇرئان 3:56 ، 9:49،68،73 ، 16:27 ، 17:8 ، 18:100،102،106 ، 29:54 ، 35:36 ، 39:32،71 ، 67:6)
- باشقىلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلار (قۇرئان 8:36)
- ئاللانىڭ ۋەھيلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (قۇرئان 5:86 ، 57:19)
- ئاللانىڭ ۋەھيلىرىگە قارشى تۇرغانلار (قۇرئان 22:51)
- ئەھلى كىتاپلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلامغا كىرمىگەنلەر (48:6 ، 98:6)

- ئاللا بىلەن بىرگە باشقا ئىلاھلارغىمۇ چوقۇنغانلار (قۇرئان 39:17 ، 26ـ50:24 ، 21:98)

- ئۆزىنى «مەن ئاللادىن باشقا ئىلاھتۇرمەن» دىگۈچىلەر (قۇرئان 98،21:29)

- ئاللاغا چوقۇنۇشنى خالىمايدىغانلار (قۇرئان 76،40:60)

- ئىسلامغا يالغاندىن ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 73،9:68 ، 48:6)

- ئاللانىڭ نامىدا يالغاننى توقۇغانلار، ئاللا ۋەھى قىلغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلار (قۇرئان 68:29 ، 39:32)

- ۋاپاسىزلار، جاھىللار، ياخشىلىقنى توسقۇچىلار، ھەددىدىن ئاشقانلار، گۇمانخورلار (قۇرئان 26ـ50:24)

- ئاللا ۋە مۇھەممەتكە قارشى تۇرغانلار (قۇرئان 9:63 ، 72:23)

- مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ھەم گۇناھىغا تۆۋە قىلمىغانلار (قۇرئان 85:10)

- ئاللاغا تۆھمەت قىلغان، چوڭچىلىق قىلغانلار (قۇرئان 39:60)

- گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر (قۇرئان 19:86 ، 20:74 ، 43:74 ، 44،55:43)

- قەستەن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەنلەر (قۇرئان 4:93)

- بىر قىسىم جىنلار (قۇرئان 32:13 ، 15،14،72:11) ؛ توپ-توپ جىن-شاياتونلار (قۇرئان 19:68)

- ئەگەر ئاللا ئوت بىلەن جىنلارنى ياسىغان بولسا (قۇرئان 15:27 ، 55:15)،ئۇنداقتا جىنلارنى دوزاقتىكى ئوتقا تاشلىسا، ئۇلار قىيىنلىپ ئازاپلىنارمۇ؟

**دوزاقنىڭ تەسۋىرى:**

- ئاللا جىنلار ۋە ئادەملەر بىلەن دوزاقنى توشقۇزىدۇ. (قۇرئان 11:119 ، 32:13)

- ئاللا دوزاقتىن «توشتۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، دوزاق: «كىرىدىغانلار يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ. (قۇرئان 50:30)

- ھەممە ئادەم دوزاققا بارىدۇ، ئاندىن ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەقۋادارلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ، گۇناھكارلارنى بولسا ئۇ يەردە تىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. (قۇرئان 72،19:71)

• دوزاقتىكى ئوتنىڭ يېقىلغۇسى ئادەم بىلەن تاشتۇر، ئۇ يەرنى ۋەھشى ھەم قاتتىق قول پەرىشتىلەر باشقۇرىدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇلغان ئىشنى ئىجرا قىلىدۇ. (قۇرئان 66:6)

• ئاللا ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ بويىنىنى كىشەنلەيدۇ (قۇرئان 33:34)؛ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ بوينى تۆمۈر تاقاق ۋە زەنجىر بىلەن كىشەنلىنىپ، ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناقسۇغا سۆرەپ ئەكىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرىلىدۇ (قۇرئان 40:71،72)؛ ئۇلار كىشەنلىنىپ دوزاق ئوتى ئارىسىدىكى بىر تار جايغا تاشلانغاندا، نالە قىلىشىپ ئۆلۈمنى تىلەيدۇ (قۇرئان 25:13).

• ئاللاغا ئىشەنمىگەنلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن ئوت كىيىملەر بار، ئۇلارنىڭ بېشىغا قايناقسۇ تۆكۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېرىسى ۋە ئىچ باغرى قايناقسۇدا ئېرىپ كېتىدۇ، تۆمۈر قامچىلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىم ئۇلار بۇ ئازاپلىق جايدىن سەكرەپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، توسۇۋېلىنىپ ئىچىگە قوغلىنىدۇ. (قۇرئان 22:19ـ22)

• دوزاقتىكى زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى گۇناھكارلارنىڭ يېمەكلىكىدۇر، ئۇ گويا ئېرىگەن تۇچتەك ئۇلارنىڭ قورسىقىدا قايناپدۇ، خۇددى قايناقسۇدەك ۋاراقشىيدۇ. (قۇرئان 43ـ46:44)

• دوزاقتا قايناقسۇ بار. (قۇرئان 10:4 ، 44:47،48 ، 47:15 ، 55:44)

• دوزاقتىكىلەر قايناپ تۇرغان سۇلارنى ئىچكەنلىكتىن، ئۈچەي ـ باغرى پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ. (قۇرئان 47:15)

• دوزاقتىكى ۋەھشى پەرىشتىلەر قامچا بىلەن ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە قاتتىق ئۇرىدۇ. (قۇرئان 8:50)

• دوزاقتا چۈشكەنلەرگە قارماي بىلەن ياسالغان كۆڭلەك كىيدۈرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئوتتا قاقلىنىپ تۇرىدۇ. (قۇرئان 14:50)

• ئەگەر دوزاقتىكىلەر ئۇسساپ نالە قىلسا، ئۇلارغا ئېرىگەن تۇچقا ئوخشايدىغان بىر خىل قورقۇنۇچلۇق ئىچىملىك بېرىلىدۇ، بۇ ئىچىملىك ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. (قۇرئان 18:29)

• دوزاق چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت بار. (101:10،11)

• دوزاقتا سالقىنداپ ئارام ئالىدىغان جاي يوق، ئۇسسىغاندا ئىچىدىغان سوغۇق سۇ يوق، پەقەت ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناقسۇ ۋە يىرىڭ بار. (قۇرئان 78:24،25)

• دوزاقتا «زەققۇم» دەيدىغان بىر خىل دەرەخ بار، ئاللا بۇ دەرەخ ئارقىلىق دوزاقتا كىرگەنلەرنى قينايدۇ، ئۇ دەرەخ دوزاقنىڭ ئاستىدا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى خۇددى شەيتاننىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. دوزاققا كىرگەنلەر شۇ مېۋىنى قايناقسۇ بىلەن قوشۇپ يەيدۇ. (قۇرئان 67 ـ 73:62)

• ئاللا ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرنى دوزاققا ئەكىرىپ كۆيدۈرىدۇ، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ تېرىسى كۆيۈپ كەتكەندە، ئۇلارغا يېڭى تېرە يەڭگۈشلەپ بېرىدۇ. (قۇرئان 4:56)

• ئۇلار دوزاقتا ئاستىغا ئوت كۆرپە سېلىپ، ئۈستىگە ئوت يوتقان ياپىدۇ. (قۇرئان 7:41)

• ئۇلار دوزاقتا يە ياشاشقا، يە ئۆلۈشكە ئامالسىزدۇر. (قۇرئان 20:74)

• كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئاندىكى دوزاق تەسۋىرى ئەرەپ قۇملىقىدىكى پېژغىرىم ئىسسىق ھاۋارايىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

### قىيامەت توغرىسىدا

### قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرى

دۇنياۋى ۋە ئىجتىمائى چوڭ ۋەقەلەر:

• زامان ئاخىرىدا قاتناش راۋاجلىنىپ، ئىلىمپەن ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىدۇ. (دانىئال 12:4)

• جاھاندا ناھەق رەزىل ئىشلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئادەملەردە مېھىر ـ مۇھەببەت سوۋۇپ كېتىدۇ. (مەتتا 24:12)

• ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋە ئۇرۇشنىڭ شەپىلىرى ئاڭلىنىدۇ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشىدۇ، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. (مەتتا 24:6،7 ، لۇقا 21:9،10)

• دۇنياۋى خاراكتېرلىق ئاچارچىلىق، ۋابا كېسەللى يۈز بېرىدۇ، يەر تەۋرەشلەر كۆپىيىدۇ. (مەتتا 24:7 ، لۇقا 21:11)

• ئاسماندا قورقۇنۇچلۇق ئالامەتلەر ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلەر يۈز بېرىدۇ، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار غەيرى تۈس ئالىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئەللەر دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ غەزەپلىك شاۋقۇنىدىن ئالاقزادە بولىدۇ. ئاسمان تىترەيدۇ، ئىنسانلار قورققىنىدىن روھى

تىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بوپكېتىدۇ. (لۇقا 26، 25، 11: 21)

●ئۇ ئاپەتلەردىن كېيىن، قۇياش قاراڭغۇلىشىدۇ، ئاي يورىمايدۇ، ئاسماندىن ئاقار يولتۇزلار تۆكۈلىدۇ. (مەتتا 29: 24)

مەسىھ ئېتىقاتى ۋە جامائىتىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار:

● خۇش خەۋەر (ئىنجىل) پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ بولىدۇ. (مەتتا 14: 24)

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان مۇشكۈل كۈنلەر كېلىدۇ. (مەتتا 24: 9)

● مەسىھ جامائەتچىلىكىدە نۇرغۇن ئادەم توغرا يولدىن ئازىدۇ، ھەتتا ئۆزئارا ئۆچمەنلىك قىلىپ، بىر-بىرسىگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. (مەتتا 10: 24)

● ساختا پەيغەمبەرلەر كۆتىرىلىپ چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 24: 11)

● بەزىلەر مەسىھنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى مەسىھ» دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئېتىقاتتىن تانىدۇ، مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن خەلقلەرنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 26-23 ,5: 24 ، سالونىكالىقلارII 12-1: 2 )

## بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىگە ئائىت بىشارەتلەر

مىسىر، ئىراق، سۇرىيە، لىۋان، پەلەستىن توغرىسىدا:

● (زامان ئاخىرىدا) پەرۋەردىگار ئۆزىنى مىسىرلىقلارغا ئاشكارلايدۇ، شۇ چاغ كەلگەندە مىسىرلىقلار پەرۋەردىگارنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگار ئالدىدا ۋەدە قىلىدۇ ۋە بۇ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. پەرۋەردىگار باشتا مىسىرغا زەربە بېرىپ ئاندىن شىپالىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا شىپالىق بېرىدۇ. شۇ چاغدا مىسىردىن ئاسسۇرىيەگە (ھازىرقى ئىراق، سۇرىيە) بىر يول ئېچىلىدۇ، ئاسسۇرلار مىسىرنى زىيارەت قىلىدۇ، مىسىرلىقلار ئاسسۇرىيەنى زىيارەت قىلىدۇ. مىسىرلىقلار بىلەن ئاسسۇرلار پەرۋەردىگارغا بىرلىكتە ئىبادەت قىلىدۇ، شۇ چاغدا ئىسرائىلىيە، مىسىر ۋە ئاسسۇرىيە يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ بەخت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىسىرلىقلار مېنىڭ خەلقىم، ئاسسۇرلار مېنىڭ قولۇمدىكى ئىجادىيىتىم، ئىسرائىللار مېنىڭ مۈلكۈم، سىلەر

بەختلىك بولۇڭلار!» (يەشايا 25ـ19:21 )

• پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن راھاب (مىسىرنىڭ سىمۋۇلى) ۋە بابىلۇننى (ئىراق) ئەسكە ئالىمەن، ئۇلار مىنى تونۇغانلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. قاراڭلار، فىلىتسىيە (پەلەستىن) ، تىر (لىۋان) ۋە كۇشمۇ (ئېفىئوپىيە) شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىئوندا (يىرۇسالىمدا) تۇغۇلغان دېيىلگۈسى. (زەبۇر 87:4)

ئىران توغرىسىدا:

• پەرۋەردىگار دەيدۇكى: زامان ئاخىرىدا، مەن ئەسىرگە چۈشكەن ئېلەمنى (ئىراننى) قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن. (يەرەمىيا 49:39)

• «ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى... قايتۇرۇپ ئەكىلىش» بۇ سۆزلەر روھى جەھەتتىكى قۇتقۇزۇلۇشقا سىمۋۇل قىلىنغان بولۇپ، مۇنۇ ئايەتكە سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ: «ئىسرائىلنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى زىئوندىن چىققاي، ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن خەلقىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەي، شۇ چاغدا ياقۇپ شادلىنار، ئىسرائىل خۇشاللىققا چۆمەر.» (زەبۇر 14:7)

سۇدان، سومالى، ئېفىئوپىيە توغرىسىدا:

• ئافرىقىنىڭ شەرقى شىمالى، مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى سۇدان ،سومالى ۋە ئېفىئوپىيە قاتارلىق رايونلار قەدىمدە كۇش دەپ ئاتالغان. كۇش بەزىدە ئېفىئوپىيەنىلا كۆرسىتىدۇ.

• مىسىرنىڭ تۆرىلىرى كىلىپ خۇداغا تاۋاپ قىلىدۇ، كۇشلار قولىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. (زەبۇر 68:31)

• پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن راھاب ۋە بابىلۇنلۇقلارنى ئەسكە ئالىمەن، ئۇلار مىنى تونۇغانلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. قاراڭلار، فىلىتسىيىلىكلەر، تىرلىقلار ۋە كۇشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىئوندا (يىرۇسالىمدا) تۇغۇلغان دېيىلگۈسى. (زەبۇر 87:4)

ئىئوردانىيە توغرىسىدا:

• ئىئوردانىيە قەدىمدە مۇئاب ۋە ئاممونلارنىڭ زىمىنى بولۇپ، ھازىرمۇ ئىئوردانىيەنىڭ پايتەختى ئاممان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار لۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

• پەرۋەردىگار دەيدۇكى، زامان ئاخىرىدا، مەن ئەسىرگە چۈشكەن مۇئابلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن، مۇئابلارنىڭ جازالىنىشى توغرىسىكى گەپ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. (يەرەمىيا 48:47)

● پەرۋەردىگار دەيدۇكى، كەلگۈسىدە مەن يەنە ئەسرگە چۈشكەن ئاممونلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن. (يەرەميا 49:6)

سەئۇدى ئەرەبىستان توغرىسىدا:

● ھەرقايسى ئەللەر بۇ نۇرنى كۆرۈپ يېنىڭغا كىلىدۇ، پادىشاھلارمۇ سەن چاچقان نۇرغا قاراپ كىلىدۇ (يەشايا 60:3)؛ قېدارنىڭ قويلىرى قېشىڭغا توپ-توپ بولۇپ يىغىلىدۇ، نىبايوتنىڭ قوچقارلىرى قۇربانلىق قىلىشقا تاپشۇرىلىدۇ (يەشايا 60:7).

- قېدار ۋە نىبايوتلار ئىسمائىلنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ بىرى مۇھەممەتنىڭ يەنى ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەن.

● دېڭىزچىلار ۋە دېڭىزدىكىلەر، ئاراللار ۋە ئۇنىڭدىكى خەلقلەر، ھەممىسى پەرۋەردىگار ئۈچۈن يېڭى ناخشا ئېيتقاي، جاھاننىڭ ئەڭ چەتلىرىگىچە ئۇنى مەدھىيىلىگەي. چۆللەر ۋە ئۇنىڭدىكى شەھەرلەر، قېدارلار ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەرمۇ يوقىرى ئاۋازادا ئۇنى مەدھىيىلىگەي. سېلاخىنىڭ پۇقرالىرىمۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تەنتەنە قىلغاي. (يەشايا 42:10،11)

يەمەن توغرىسىدا:

● توپ-توپ تۆگىلەر، مىديان ۋە ئىفاخىنىڭ نار تۆگىلىرى ئەتراپىڭنى قاپلايدۇ، شىبانىڭ ئادەملىرى ھەممىسى كىلىپ، ئالتۇن ۋە خۇشبوي مەستەكلەرنى تەغدىم قىلىدۇ، پەرۋەردىگارغا ئېيتىلغان مەدھىيىلەرنى يەتكۈزىدۇ. (يەشايا 60:6)

- شىبا قەدىمقى يەمەننىڭ ئاتىلىشىدۇر.

يوقۇرقى ئايەتلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتتورا شەرقتىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق پەرۋەردىگار خۇداغا قايتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان.

## ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى (دەججال) توغرىسىدىكى بىشارەتلەر

● ئىنجىلدا قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن ئەيسا مەسىھ رەقىبىنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇرىدىغانلىقى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان.

● باشقىلار مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانسۇن، ئۇلارغا ئالدانماڭلار. چۈنكى ئۇ كۈنلەر كىلىشتىن بۇرۇن (ئەيسا مەسىھ قايتا كىلىشتىن بۇرۇن) ئېتىقاتتا ئاسيلىق قىلىپ توغرا يولدىن چىقىپ كىتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ھەمدە ئاشۇ چوڭ گۇناھكار، يەنى گۇمراھلىققا قاراپ ماڭغۇچى ئاشكارلىنىدۇ. ئۇ ئەيسا مەسىھكە قارشى تۇرۇپ،

ئۆزىنى يوقىرى كۆتىرىدۇ، بارلىق ئاتالمىش ئىلاھلار ياكى ئادەملەر چوقۇنىدىغان مەبۇدلارغا قارشى چىقىپ ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ، ھەتتا خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى خۇدا (بىردىنبىر ئىلاھ) دەپ جاكارلايدۇ (سالونىكالىقلارII 4،2:3)؛ ئۇ شەيتانىنىڭ كۈچى بىلەن بۇ دۇنياغا كېلىپ، كۈچ-قۇدرەت، قايمۇقتۇرۇش ۋە ساختا مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئادەملەرنى ھەرخىل رەزىل ھىلە-مىكىرلەر بىلەن ئازدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەملەر ھەقىقەتنى سۆيۈش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشنى رەت قىلغان ئىدى (سالونىكالىقلارII 10،2:9 ).

• ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى ئۆزىنى ئاشكارلايدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەندە، بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇنى ھالاك قىلىدۇ، پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوقىتىۋېتىدۇ (سالونىكالىقلارII 2:8)

• مەسىھ رەقىبىنىڭ ئوتتۇرغا چىقىشى زامان ئاخىرى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. (يۇھاننا‌I 2:18)

• زامان ئاخىرىدا ۋە قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئىنجىلنىڭ ۋەھىيلەر قىسمىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان.

• زامان ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىسرائىللار (يەھۇدىلار) ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىدۇ. (رىملىقلار 27-11:25)

• قىيامەتتە ئەيسا مەسىھ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. (دانىئال 14،7:13 ، مەتتا 16:27 ، يۇھاننا 28،18،14:3 ، 23،21:22 ، ئەلچىلەر 1:11 ، 3:20 ، كورىنتلىقلارI 16:22 ، سالونىكالىقلارI 2:19 ، 3:13 ، يەھۇدا 14 ، 15، ۋەھىيلەر 22،12،22:7 )

• ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىدىغان كۈنىنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ تۇساتتىنلا كېلىدۇ. (مەتتا 50 ,44 ,42 ,39-24:36 ، ماركوس 36،13:32 ، سالونىكالىقلارI 3-5:1 )

• ئەيسا مەسىھ قايتا كەلگەندە، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا، زور كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شەرەپ ئىچىدە، نۇرغۇنلىغان پەرىشتىلەر بىلەن بىللە، بولۇتلارنىڭ ئۈستىدە كېلىدۇ. (مەتتا 16:27 ، 31،24:30 ، 25:31 ، ماركوس 13:26 ، لۇقا 21:27 ، كورىنتلىقلارI 15:52 ، سالونىكالىقلارI 4:16 ، سالونىكالىقلارII 1:7 ، يەھۇدا 14 ، ۋەھىيلەر 1:7 ، 16-19:11 )

• قىيامەتتە، ئالدى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى تىرىلدۈرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھايات ئېتىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە ئاسمانغا كۆتىرىلىپ، ئەيسا مەسىھ

بىلەن ئۇچرىشىدۇ. (لۇقا 17:34،35 ، مەتتا 24:40،41 ، كورىنتلىقلارI 15:51،52 ، سالونىكالىقلارI 17_4:15 )

● ئۇ كۈنى پۈتكۈل ئاسمان قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن غايىپ بولىدۇ، ئاسمان جىسىملىرى كۆيۈپ تۈگەيدۇ، زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ گۇمران بولىدۇ. (پېترۇسII 3:10 ، مەتتا 24:35 ، لۇقا 21:33 ، ئىبرانىلار 1:11)

● ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلدۈرۈلىدۇ. (دانىيال 12:2 ، مەتتا 20:30_32 ، يۇھاننا 6:39،40،54 ، ئەلچىلەر 24:15، كورىنتلىقلارI 15:22،23،51،52 ، سالونىكالىقلارI 4:14_16 ، ۋەھىيلەر 20:4_6, 13 )

● مەسىھلەرنىڭ تېنى شان_شەرەپكە تولغان، چىرىمەس، كۈچلۈك، روھىيەت ۋە ئەرشكە خاس بولغان، مەڭگۈلۈك تەنگە ئۆزگىرەيدۇ. (كورىنتلىقلارI 15:42_52 ، كورىنتلىقلارII 5:1 ، فىلىپىلىكلەر 3:21)

● پۈتكۈل دۇنيادىكى خەلقلەر تىزلىنىپ تۇرۇپ پەرۋەردىگار خۇدانى ئىتراپ قىلىدۇ. (رىملىقلار 14:11)

● خۇدا دۇنيانىڭ ئۈستىدىن قىلىدىغان ئاخىرقى سوراقنى ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرىدۇ (يۇھاننا 5:22،27 ، ئەلچىلەر 17:31)؛ ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقلەرنى سوراق قىلىدۇ (زەبۇر 9:7،8 ، ھېكمەتلەر 12:14 ، مەتتا 12:36،37 ، 25:31_33 ، ئەلچىلەر 10:42 ، رىملىقلار 2:2, 3, 12_16 ، ئىبرانىلار 9:27 ، پېترۇسI 4:5 ، ۋەھىيلەر 20:11_13 ، 22:12 )

● ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەردىن قۇتقۇزۇلىدىغانلار چىقىدۇ. (مەتتا 8:11 ، ۋەھىيلەر 5:9،10 ، 7:9،10 )

● مەسىھيلەر قىلغان ئىشلىرىغا لايىق ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىدۇ. (مەتتا 25:34_40 ، رىملىقلار 14:10،12 ، كورىنتلىقلارI 3:12_15 ، 4:5 ، كورىنتلىقلارII 5:10 ، ئەفەسلىكلەر 6:8 ، پېترۇسI 4:17 ، ۋەھىيلەر 11:18)

●ئەيسا مەسىھنى ۋە خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى (ئىنجىلنى) قوبۇل قىلمىغانلار قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. (مەتتا 11:20_24 ، 25:41_46 ، يۇھاننا 12:48 ، سالونىكالىقلارII 1:8 )

● ئۆز ئورنىنى ساقلىماي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان پەرىشتىلەرمۇ سوراققا تارتىلىدۇ. (يەھۇدا 1:6)

## دوزاق توغرىسىدا

● شەيتان، مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىدۇ. (مەتتا 25:41 ، ۋەھىلەر 19:20 ، 20:10)

● ئۆلۈم ۋە ئۆلۈكلەر دىيارى دوزاق ئوتىغا تاشلىنىدۇ. (ۋەھىلەر 20:14)

● ئېتىقات قىلمىغانلار دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىپ، مەڭگۈ ھالاك بولىدۇ. (مەتتا 13:41،42 ، 25:41،46 ، سالونىكالىقلارII 1:9 ، ۋەھىلەر 11ـ14:9 ، 20:15 ، 21:8)

● دوزاقنىڭ ئوتى ئۆچمەيدۇ، قۇرۇتلىرى ئۆلمەيدۇ. (ماركوس 49ـ9:47)

● دوزاقتا چۈشكەنلەر ھەسرەتتە يىغلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. (مەتتا 8:12 ، 13:42،50 ، 22:13 ، 24:51 ، 25:30 )

● جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر ھاڭ بار، شۇڭا ئۇ يەردىكىلەر ئۆزئارا ئۆتۈشەلمەيدۇ. (لۇقا 26ـ16:19)

## جەننەت توغرىسىدا

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن يەر يۈزىدىكى ئىشلارنى سۆزلىسەم سىلەر ئىشىنەلمىگەن يەردە، ئەرشتىكى ئىشلارنى ئېيتىپ بەرسەم قانداقمۇ قوبۇل قىلالايسىلەر؟ (يۇھاننا 3:12)

● ئەرشتىن چۈشكەن ھەم يەنىلا ئەرشتە تۇرۇۋاتقان ئەيسا مەسىھتىن باشقا، ھېچكىم ئەرشكە چىقىپ باققان ئەمەس. (يۇھاننا 3:13)

● ئەيسا مەسىھ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن بۇرۇن شاگىرتلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: كۆڭلۈڭلار پاراكەندە بولمىسۇن، خۇداغا ئىشىنىڭلار ھەم ماڭىمۇ ئىشىنىڭلار! ئاتام خۇدانىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن ماكان بار، ئەگەر بولمىغان بولسا سىلەرگە ئېيتماستىم، مىنىڭ بېرىشىم سىلەرگە ئورۇن ھازىرلاش ئۈچۈندۇر. سىلەرگە ئورۇن تەييارلىغاندىن كيىن، چوقۇم قايتىپ كىلىپ سىلەرنى ئەكىتىمەن. مەن قەيەردە بولسام، سىلەرمۇ شۇ يەردە بولىسىلەر. (يۇھاننا 3ـ14:1)

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىقتۇرمەن. مىنىڭسىز ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. (يۇھاننا 14:6)

● ھەزرىتى ئەيسا كىرستكە مىخلانغان چاغدا، كىرستكە مىخلانغا يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا: «ئى ئەيسا، پادىشالىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە مىنى ئۇنۇتمىغايسەن»ـ دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇ ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويغىنىكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن!» (لۇقا 23:43)

• ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلدۇ، ھەمدە شاگىرتلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ئىتىقاتچىلارغا كۆرۈندۇ، 40-كۈنى يېرۇسالىمدىكى زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتىرىلدۇ. (ئىنجىل- مەتتا، ماركوس، لۇقا، يۇھاننا)

• ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىپ جەننەتكە كىردۇ. (ئىبرانىلار 9:24 ، پېتروسI 3:22)

• ئەلچى پاۋلۇس ھايات ۋاقتىدا، خۇدا ئۇنى ئەرشكە كۆتىرىپ جەننەتكە ئەكىردۇ، ئۇ ئۇ يەردە تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، ئىنسانلارغا ئېيتىش مەنئى قىلىنغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئاڭلايدۇ ۋە كۆردۇ. (كورىنتلىقلارII 12:4)

• ئەلچى يۇھاننا ھايات ۋاقتىدا، ئەيسا مەسىھ ئۇنى ئەرشكە كۆتىرىپ ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرستىدۇ ۋە قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلدۇ. ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەس روھ جامائەتچىلىككە دىگەن سۆزلەرنى قولىقى بارلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن، غەلىبە قىلغۇچىلارغا مەن چوقۇم خۇدانىڭ جەننىتىدىكى ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى ئاتا قىلىمەن.» (ۋەھىلەر 2:7)

• توپان بالاسىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا، ئادەم ئاتىنىڭ 7-ئەۋلادى بولغان ئىنوھنى، خۇدا ئۇ تېخى ھايات ۋاقتىدىلا ئەرشكە (جەننەتكە) ئەپچىقىپ كەتكەنىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 5:24 ، ئىبرانىلار 11:5)

• ئەيسا مەسىھتىن 800 يىل بۇرۇن ياشىغان ئىلياس پەيغەمبەرمۇ ھايات ۋاقتىدىلا ئەرشكە (جەننەتكە) ئەپچىقىپ كىتىلگەن. (پادىشاھلارII 2:11)

• كەمبەغەل لازار ئۆلگەندىن كىيىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ چىقىپ، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا ئەكىلدۇ. (لۇقا 16:22)

• ئادەملەر قايتا تىرىلگەندىن كىيىن خوتۇن ئالمايدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ، بەلكى ئاسماندىكى پەرىشتىلەردەك بولىدۇ. (مەتتا 22:30، ماركوس 12:25، لۇقا 20:35،36)

• جەننەتكە كىرگەنلەرگە نۇر چاقناپ تۇرغان ئاپپاق كىيىملەر كېيدۈرىلىدۇ. (ۋەھىلەر 3:5 ، 7:9)

• شان-شەرەپ تاجى كېيدۈرىلىدۇ. (ۋەھىلەر 2:10 ، 3:11 ، 4:4)

• ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە تەختلەردە ئولتۇرىدۇ.(ۋەھىلەر 3:21)

• ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ئۇلارغا زىيان سالالمايدۇ. تەختتىكى قوزا (ئەيسا مەسىھ) ئۇلارنى ھاياتلىق سۈيىنىڭ بۇلىقىغا باشلاپ بارىدۇ.

خۇدا ئۆلارنىڭ (يەر يۈزىدىكى چاغدا ئاققۇزغان ئازاپ-ئوقۇبەتلىك) كۆز ياشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۈرتىۋېتىدۇ. (ۋەھىيلەر 7:17)

● مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. (مەتتا 19:29 ، 25:44 ، يۇھاننا 3:15،16 ، 3:36 ، 5:24 ، 6:40 ، 6:47 ، 17:3)

## يېڭى ئاسمان-زېمىن

● قىيامەتتە، خۇدا ھازىرقى ئاسمان-زېمىننى يوقۇتۇپ، ئورنىغا يېڭى ئاسمان-زېمىن بەرپا قىلىدۇ. (يەشايا 65:17 ، 66:22 ، ئىبرانىلار 1:12 ، 11:10،16 ، پېتروسII 3:13 )

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يېڭى ئاسمان-زېمىنغا كىرىدۇ. خۇدا ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدۇ. قايتا ئاچارچىلىق، ئۆلۈم-مۇسىبەت، ئازاپ-ئوقۇبەت، يىغا-زارە، ئاغرىق-سىلاق، قارغىش-ئاھانەت ۋە قاراڭغۇ زۇلمەت بولمايدۇ. خۇدا بىلەن ئۇلار ئوتتورىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى ئاتا بىلەن بالىدەك مېھىر-مۇھەببەتلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، خۇدا ئەمدى ھەممىنى يېڭىلايدۇ. (ۋەھىيلەر 7-21:1)

● مۇنداق ئادەملەر يېڭى ئاسمان-زېمىنغا كىرەلمەيدۇ: قورقۇنچاقلار، ئېتىقاتسىزلار، چىرىك ئادەملەر، قاتىللار، زىناخورلار، سېھىر-جادۇ قىلىدىغانلار، بۇتقا چوقۇنىدىغانلار ۋە ساختىپەز-يالغانچىلار. بۇنداق ئادەملەرنىڭ روھى دوزاقنىڭ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتىغا تاشلىنىپ، مەڭگۈ ھالاك بولىدۇ. مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھەقىقى ئۆلۈمدۇر. (ۋەھىيلەر 21:8)

## مەسىھىيلەرنىڭ قىيامەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سوراق قىلىدىغان، ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان، شەيتان ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنى جازالايدىغان ۋاقىتىدۇر. ھامان بىر كۈنى ئۇ خۇددى ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تۇساتتىنلا قايتىپ كىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ قاچان كىلىدىغانلىقىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كىلىشىنى كۈتىۋىلىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىشى كىرەك:

● ھوشيار، سەگەك بولۇپ، ھەرۋاقىت تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇش كىرەك. (مەتتا 24:42 ، 25:13 ، ماركوس 13:35،37 ، لۇقا 21:8 ، پېتروسI 4:7)

● ئۇنىڭ قايتىپ كىلىشىگە ئىنتىزار بولۇش، سۆيۈش، ئۈمىدلىك بولۇش كىرەك. (لۇقا 11:2 ، تىموتىII 4:8 ، پېتروسI 1:13 ، پېتروسII 3:13)

● سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك. (فىلىپىلىكلەر 3:20 ، سالونىكالىقلارغا I 1:10 ، تىتۇس 2:13 ، ئىبرانىيلار 9:28 ، ياقۇپ 5:7،8)

● ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى ساقلاش كېرەك. (مەتتا 24:45ـ47)

## قىيامەت كېلىشىنىڭ ۋاقىت تەرتىپى

| | | |
|---|---|---|
| مىلادىيە 1ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى | ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى | زامان ئاخىر باشلاندى |
| بىزنىڭ هازىرقى دەۋرىمىز | قىيامەت يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالامەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە | تەبىئىي ئاپەت، ئەخلاقسىزلىق، يوقۇملۇق كېسەل... |
| كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار | ● مەسىھ رەقىبىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى<br>● چوڭ بالايى ـ ئاپەت<br>● ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشى<br>● مەسىھىيلەرنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشى | بۇ ئىشلارنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيدۇ |
| قۇتلۇق مىڭ يىل | دۇنيانى ئېزىقتۇرۇۋاتقان شەيتان تۇتۇلۇپ تېگى يوق هاڭغا تاشلىنىدۇ. | بىر قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى تىرىلىپ ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە دۇنيانى مىڭ يىل ئىدارە قىلىدۇ. |
| ئاخىرقى ئۇرۇش | شەيتان تېگى يوق هاڭدىن چىقىپ ئىنسانلارنى ئاخىرقى قېتىم ئازدۇرىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قارشى چوڭ ئۇرۇش قوزغايدۇ. | ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ شەيتاننىڭ قوشۇنى هالاك قىلىنىدۇ. |
| قىيامەت | ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ پۈتكۈل دۇنيانى سوراق قىلىدۇ. | ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ بۇرۇنقى ئاسمان ـ زېمىن يوقايدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| يېڭى ئاسمان-زىمىن | مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يېڭى ئالەمگە كىرىدۇ. | شەيتان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر دوزاققا تاشلىنىدۇ. |

9 ـ قىسىم

# ئەر ۋە ئايال

# ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئورنى

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

### ئەر ۋە ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدا

● خۇدا بىر ئادەم ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياراتتى. (قۇرئان 4:1)

● خۇدا ھەر بىر مەۋجۇداتنى جۈپى بىلەن ياراتتى. (قۇرئان 51:49)

● ئادەم ئاتا بىلەن ئايالى گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، زېمىنغا چۈشۈرۈۋەتتى. (قۇرئان 2:36 ، 7:24)

● قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىش چەكلىنىدۇ. (قۇرئان 16:59 ، 81:8،9)

● ئىسلام شەرىئىتىگە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ پۇل، ئۆي ۋە باشقا مۈلۈكلەرگە بولغان ھوقوقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ ھوقۇق ئۇلارنىڭ بويتاق ياكى توي قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇلار مال-مۈلۈكنى ئېلىش، سېتىش، قەرز بېرىش، ئىجارىگە بېرىش ھوقوقىغا ئىگە.

● مەيلى ئەر ياكى ئايال مۇسۇلمان بولسۇن، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپ، پەرزلەرنى ئادا قىلسا جەننەتكە كىرەلەيدۇ. (قۇرئان 4:124 ، 33:35 ، 3:195 ، 16:97)

### ئەر ۋە ئاياللارنىڭ باراۋەرسىزلىكى توغرىسىدا

● ئەرلەر ئاياللاردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. (قۇرئان 4:34)

● ئاياللارنىڭ ئەقلى قىسقا بولىدۇ، قىلغان ئىبادىتىمۇ ئاز بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئەرلەرنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇپ، ھەيز مەزگىلىدە ئىبادەت قىلمايدۇ، روزىمۇ تۇتمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:304 ، 2:1951)

● ئەرلەرنىڭ ھوقوقى ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈندۇر. (قۇرئان 2:228)

● بىرەرسى ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، تۆلەيدىغان خۇن پۇلى ئەرلەرنىڭكىدىن يېرىم ھەسسە ئاز بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئالىدىغان مىراسى ئەرلەرنىڭ يېرىمىچىلىك بولىدۇ. سوتتا ئاياللار بەرگەن گۇۋاھلىقنىڭ كۈچى ئەرلەرنىڭ يېرىمىچىلىك بولىدۇ (يەنى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ). بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامىيەتتە ئاياللارنىڭ قىممىتى ئەرلەرنىڭ يېرىمىچىلىك كېلىدۇ.

● ئىككى ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ. (قۇرئان

(2:282

• ئەر مىراسخورنىڭ ئالىدىغان مىراس ئۈلشى، ئايال مىراسخورنىڭ ئىككى ھەسسىچىلىك بولىدۇ. (قۇرئان 4:11، 176)

• دوزاققا كىرىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر، چۈنكى ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ، ئەرلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا كۆز يۇمۇۋالىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:29، 304، 2:1052، 1462 ، 7:62:126 )

## قۇرئاندا ئاياللارنى مۇنداق بولۇڭلار دەپ تەلىم بېرىدۇ:

• مۇسۇلمان ئاياللار ۋە قىزلار پۈركەنجە بىلەن پۈتۈن بەدىنىنى ئورىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باشقىلار ئۇلارنى تونۇۋالىدۇ، دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ. (قۇرئان 33:59)

• مۇسۇلمان ئاياللار ۋە قىزلار سىرتقا چىققاندا، پەسكە قاراپ مېڭىشى، بەدىنىنى يېپىشى، زىننەت بويۇملىرى كۆرۈنۈپ قالماسلىقى كېرەك. ئۇلار يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ كۆكسىنى ئېتىشى، زىبۇ-زىننەتلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىكى كېرەك. پەقەت ئۆزىنىڭ ئېرى، ئاتىسى، بوۋىسى، ئوغلى، ئاكا-ئىنىلىرى، جىيەن ئوغۇللىرى، ئەر قۇللىرى، جىنسى ئىقتىدارى يوق ئەر چاكارلىرى ياكى ئەر-ئايالليق مۇناسىۋەتنى بىلمەيدىغان نارىسىدە ئوغۇللارغا كۆرسەتسە بولىدۇ. يول ماڭغاندا يەرگە قاتتىق دەسسىمەسلىكى كېرەك، بولمىسا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن زىبۇ-زىننەتلىرى جىرىڭشىپ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى مۇمكىن. (قۇرئان 24:31)

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

## ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئورنى توغرىسىدا

• خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئىنسانلارنى ياراتتى، ئۇلارنى ئەر ۋە ئايال قىلىپ ياراتتى. ئەر ۋە ئاياللار يەر يۈزىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرۇشتا ئوخشاش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27، 28)

• خۇدا ئادەم ئاتىنىڭ تىنىدىن ئالغان بىر تال قوۋۇرغا بىلەن ھاۋا ئانىنى ياسايدۇ. ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئاتا مۇنداق دەيدۇ: بۇ مىنىڭ سۆڭىكىمدىن چىققان سۆڭەك، گۆشۈمدىن چىققان گۆشتۇر، ئۇ ئايال دەپ ئاتالسۇن، چۈنكى ئۇ ئەردىن ئېلىنغان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:22، 23)

• ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ھەر قانداق ئادەمگە خۇدانىڭ ھەققانىيىتى ئاتا قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئايرىمچىلىق يوقتۇر. (رىملىقلار 3:22)

● مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. (گالاتىيالىقلار 3:28)

● خۇداغا باغلانغان يېڭى ھاياتتا، ئاياللار ئەرلەردىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەرلەرمۇ ئاياللاردىن مۇستەسنا ئەمەس. گەرچە ئايال ئەردىن يارىتىلغان بولسىمۇ، لىكىن ئەرمۇ ئايالدىن تۇغۇلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى پۈتكۈل مەۋجۇداتنى ياراتقان خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. (كورىنتلىقلارI 12،11:11)

● مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، خۇدا ئاتا قىلغان بەخت-سائادەتتىن ئوخشاشلا بەھرىمەن بولالايدۇ. (مەتتا 10-5:3)

● مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مۇقەددەس روھ ئۇلاردا ئوخشاشلا مىۋە بېرەلەيدۇ. (گالاتىيالىقلار 5:22)

● مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئېتىقاتتا ئوخشاشلا كۈچلۈك بولالايدۇ. (ئەفەسلىكلەر 6:10،11)

● مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، جامائەت ئىچىدە ئوخشاشلا مۇلايىم كەمتەر بولالايدۇ. (سالونىكالىقلارI 2:7)

ئەيسا مەسىھ ئەرلەرگىلا تەلىم بېرىپ قالماستىن، ئاياللارغىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلگەن:

● ئەيسا مەسىھ ئاياللارغا كۆپچىلىك بىلەن بىرگە تەلىم بەرگەندىن سىرت، ئايرىم تەربىيەمۇ قىلاتتى. (لۇقا 42-10:38 ، يۇھاننا 27-4:7 ، 27-11:21)

● ئەيسا مەسىھ ئاياللارنىڭ ئائىلە خىزمىتى قىلىپ باشقىلارنى كۈتۈش بىلەنلا مەشغۇل بولماي، تەلىم ئاڭلاش ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 42-10:38 ، 11:27،28)

● ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىن كىيىن، ئالدى بىلەن ئايال ئېتىقاتچىلارغا ئۆزىنى ئايان قىلغان، ھەمدە ئۇلارغىمۇ ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىپ خۇش خەۋەر تارقىتىشنى بۇيرىغان. (مەتتا 10-28:5 ، يۇھاننا 20:17،18)

● دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ قۇدرىتى بىلەن كەلگۈسىدىكى ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلالايدىغان ئايال ئېتىقاتچىلارمۇ بار ئىدى. (ئەلچىلەر 2:2،3 ، 21:9)

● دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، ئايال ئېتىقاتچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ تەلىم بەرگۈچىلەر بار ئىدى. (ئەلچىلەر 18:26)

# توي

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

● ئاللا ئادەم ئاتىنىڭ جۈپتىنى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش خىلدا ياراتقان (قۇرئان 4:1)؛ بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئىشتىياق باغلىشى ئۈچۈندۇر. (قۇرئان 189 :7 ، 30:21)

● توي قىلغاندا، مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللارنىڭ مەھرىنى (تويلۇق ھەققىنى) بېرىشى كېرەك. (قۇرئان 4:4)

● مۇسۇلمان ئەرلەر ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىدىن بىر قىسمىنى تۆلەپ، ئاياللار بىلەن بىرگە بولسا بولىدۇ. (قۇرئان 4:24)

- شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلار يوقۇرقى ئايەتنى «ۋاقىتلىق نىكاھ» (مۇتئا) نىڭ قانۇنى ئاساسى قىلغان بولۇپ، ئەرلەر ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا، شۇ يەردىكى ئاياللار بىلەن ۋاقىتلىق نىكاھلىنىپ بىرگە تۇرۇشقا يول قويىدۇ. ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار بۇنى پاھىشۋازلىق قىلغان بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ.

● سىلەر ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن ئاياللاردىن ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت خوتۇن ئالساڭلار بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالماسلىقتىن ئەنسىرسەڭلار، بىرلا خوتۇن ئېلىڭلار، ياكى ئايال قۇللىرىڭلاردىن قانائەتلىنىڭلار. (قۇرئان 4:3)

- بۇ ئايەتنىڭ ئۈچ خىل چۈشەندۈرلىشى بار: بىرلا خوتۇن ئېلىش كېرەك؛ گەرچە بىر خوتۇن ئالغان ياخشىراق بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تۆت خوتۇن ئالغىلى بولىدۇ؛ چەكسىز كۆپ خوتۇن ۋە توقال ئالغىلى بولىدۇ. ( چۈنكى ئايال قۇللارغا چەكلىمە قويۇلمىغان)

● سىلەر ھەرقانچە ئارزۇ قىلغان بىلەنمۇ، ئاياللىرىڭلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلالمايسىلەر. ئەمما ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن خوتۇنغىلا بېرىلىپ، باشقىلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر ئۆزئارا كېلىشەلىسەڭلار ۋە ئۇلارنى خورلاشتىن ساقلىنالىساڭلار، ئاللا كەچۈرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن رەھىمدىلدۇر. (قۇرئان 129 :4)

ـ بۇ ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئايالىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما خوتۇنلىرى بىلەن كېلىشەلىسە ۋە ئۇلارنى خورلىمىسلا، كۆپ خوتۇن ئالسا بولىۋېرىدۇ. ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۋېتىدۇ.

**مۇسۇلمان ئەرلەر ئەمرىگە ئالسا بولىدىغان ئاياللار:**

- ئەھلى كىتاپلار (مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىيلار) نىڭ ئاياللىرى. (قۇرئان 5:5)
- ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار (قۇرئان 4:24)
- قۇل ئاياللار (قۇرئان 4:25 ، 33:52)

**ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدىغان ئاياللار:**

- ئانىسى، قىزى، ئاچا-سىڭىللىرى، ھاممىسى، جىيەن قىزى، ئىنىك ئانىسى، ئىمىلداش ئاچا-سىڭىللىرى، قېينى ئانىسى، ئۆگەي قىزى، كېلىنى قاتارلىقلار (قۇرئان 4:23)
- ئاچا-سىڭىلنى تەڭ ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:23)
- ئېرى بار ئاياللارنى ئەمرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 4:24)
- مۇشرىك ئاياللارنى ئېلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:221)

**كۆپ خوتۇنلۇق ئەرلەر ئاياللىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالامدۇ؟**

- قۇرئاندا كۆپ خوتۇنلۇق بولغان ئەركىشىنىڭ ھەممە خوتۇنىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس دېيىلگەن. (قۇرئان 4:129)
- بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىكى ئائىلىلەردە ئىچكى زىددىيەت ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.
- ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرى بۇ جەھەتتە مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولالامدۇ؟

  - مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرى ئىككى گورۇھقا ئايرىلغان بولۇپ، مۇھەممەت يېشى ئەڭ كىچىك بولغان خوتۇنى ئائىشەنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. باشقا خوتۇنلىرى بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئائىشەگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2466،2581)
  - ساۋدە مۇھەممەتنى خۇش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىگە نۆۋەت كەلگەن كۈننى (ئېرى بىلەن بىرگە بولۇش پۇرسىتىنى) ئائىشەگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2593،2688 ، 7:62:139)
  - مۇھەممەت كۆيئوغلى ئەلىنى ئەبۇ جاھىلىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ شۇ سەۋەپتىن ئازاپلىنىشىنى

خالىمايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:342)

○ مۇھەممەت ھەممىدىن كىچىك خوتۇنى ئائىشەنى باشقا خوتۇنلىرىدىن يوقىرى تۇرىدۇ دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:623)

○ گەرچە مۇھەممەت ئائىشەنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى خەدىچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئائىشەنىڭ خەدىچەگە بولغان كۆنلىشى باشقا ئاياللارغا بولغان كۆنلىشىدىن ئېشىپ كىتەتتى. چۈنكى ئۇ دائىم مۇھەممەتنىڭ خەدىچەنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 165، 3:59:164، 8:73:33 )

○ مۇھەممەت خوتۇنلىرىدىن 29 كۈن ئايرىلىپ كىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ خوتۇنلىرىغا ئاچچىقى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:62:119)

○ ئائىشە مۇھەممەتنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بىلەن بىرگە بولىشىدىن قىزغىناتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:63:193)

○ ئائىشە بىلەن ھەفسە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ مۇھەممەتكە تاقابىل تۇرۇپ باققان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:734)

○ ھەفسە ئائىشەدىن رەنجىپ قالغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:92:406)

● بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئان 4-سۈرە 3-ئايەتتىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويغان ئايەتنى شۇ دەۋردە نۇرغۇن جەڭ بولۇپ، كۆپلىگەن ئاياللار تۇل قالغاچقا، ئاللا شۇنداق ۋەھى قىلغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاننى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت دىگىلى بولامدۇ؟

## مۇسۇلمان ئاياللارغا ئائىت تەلىملەر

● مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تۆت ئەرگە تىگىش ھوقوقى يوق.

● ئۇلار مۇشرىك ياكى ئەھلى كىتاپلار (يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەر) نىڭ ئەرلىرى بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:221 ، 60:10)

● تۇغۇلغان پەرزەنتلەر دادا تەرەپكە مەنسۇپ بولىدۇ.

● ئاياللار ئەرلەرنى ئۆزىگە ھەۋەس قىلغۇزىدۇ، ئۇلارنى ئېزىقتۇرىدۇ. (قۇرئان 3:14)

## مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللىرىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىش كىرەك:

● گەپ ئاڭلىمايدىغان جاھىل ئاياللارغا نەسىھەت قىلىش كىرەك، ئەگەر ئۇلار خاتالىقىنى تۈزەتمىسە، ئەرلىرى ئۇلار بىلەن بىللە ياتمىسا بولىدۇ، ياكى ئۇلارنى

ئۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەرلىرىگە بويسۇنسا، ئۇلارنى داۋاملىق بوزەك قىلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:34)

• ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئېتىزلىقىغا ئوخشايدۇ، ئەرلەر ئۇنىڭغا خالىغانچە ئۇرۇق تېرىسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:223)

• ئاياللارنى مىراس قاتارىدا مەجبۇرى ئىگەللىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ تويلۇق مالنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئۇلار روشەن يامان ئىشنى قىلىپ سالغان بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. ئەرلەر ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇلارنى ياخشى كۆرمىسە، سەۋ-تاقەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئاللا بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولىشى مۇمكى. (قۇرئان 4:19)

• ئاياللار ھەيز مەزگىلىدە ئەرلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇش كېرەك، تاكى ئۇلار پاكلانغىچە ئۇلار بىلەن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلىشقا بولمايدۇ. (قۇرئان 2:222)

• سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ۋە پەرزەنتلىرىڭلار ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلاردۇر، شۇڭا ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. (قۇرئان 64:14)

• تاماق يېگەندە ئاياللىڭلارغىمۇ تاماق بېرىڭلار، كىيىم كېيگەندە ئۇلارنىمۇ كىيىندۈرۈڭلار. ئۆيدىن باشقا جايلاردا ئۇلارنى كاچاتلاپ ئۇرماڭلار، تىللىماڭلار. ئۇلارنى تاشلىۋەتمەڭلار. (ئىبىن ماجاخ ھەدىسلىرى، كىتابۇل ئەل نىكاھ، 1850-نومۇرلۇق ھەدىس)

• مۇسۇلمان ئەرلەر ئايال قۇللىرى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا بولىدۇ. (قۇرئان 4:3 ، 23:5،6 ، 33:50،52 ، 70:29،30 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى: 3:432،718،765 ، 5:459،637 ، 7:137 ، 9:506)

**مۇسۇلمان ئاياللا ئەرلىرىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك:**

• ئەگەر ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى خورلىشى ياكى تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرسە، ئۇلار بىلەن يارىشىپ قىلىشى كېرەك، يارىشىپ قېلىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. (قۇرئان 4:128)

**ئەر-ئايالنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە بولغان پەرقلىق مۇئامىلە:**

• ئەگەر ئايال كىشى باشقا ئەركىشى بىلەن زىنا قىلسا، تۆت ئەر كىشى گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئايالنى ئۆيگە سولاپ تاكى ئۆلگۈچە قاماپ قويۇش كېرەك. ئاللا ئۇ ئايالغا باشقا بىر يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. (قۇرئان 4:15)

• ئەگەر ئەر كىشى باشقا ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئاياللىرى ئۇلارنى تەنقىتلىسە

بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ تۈزەلسە، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىش كېرەك. ئاللا ھەقىقەتەن كەچۈرۈمچان ۋە رەھىمدىلدۇر. (قۇرئان 4:16)

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

## توي[1] - خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن، ئەر-ئايالنى بىر گەۋدە قىلىدىغان، مۇقەددەس مۇناسىۋەتتۇر، خۇدا ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ.

- خۇدا ئىرەمباغدا ئادەم ئاتىغا كۆڭۈل بۆلگەچكە، ئۇنىڭغا جۈپتىن بىرنى يارىتىپ، ئىككىسىنى قوشۇپ قويىدۇ، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى توي مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن بارلىققا كېلىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18،20،24)

- توي مۇقەددەس بولۇپ، چوقۇم ھۆرمەتلىنىپ قەدىرلىنىشى كېرەك. (مالاكى 2:15 ، ئىبرانىلار 13:4)

- ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىدىكى ۋاقتىدا بىر توي مەرىكىسىگە قاتناشقان. (يۇھاننا 2:1،2)

### لايىق تاللاش توغرىسىدا:

- مەسىھىيلەر ئېتىقات قىلمىغانلار بىلەن توي قىلمايدۇ. (مىسىردىن چىقىش 35:15،16 ، قانۇن شەرھى 7:3،4 ، يەشۇئا 23:12،13 ، كورىنتلىقلارI 7:12-16, 39 ، كورىنتلىقلارII 6:14-18 )

- ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ ئىدىيىسى ئوخشىمىسا، بىرگە ئۇزۇن ماڭالمايدۇ. (ئامۇس 3:3)

- تەۋراتتا يېقىن تۇققانلار ئوتتۇرىسىدا توي قىلىش چەكلەنگەن. مەسىھىيلەر ھەممىدىن بۇرۇن نەۋرىگە نەۋرىنى چېتىشنى چەكلىگەن. كېيىن بۇ ئادەت غەرپ ئەللىرى ئارقىلىق دۇنياغا تارىلىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىغا ئايلانغان.

### مەسىھىيلەر توي قىلغاندا مۇنۇلارنى ئورۇنداش كېرەك:

- ئەر-ئايال ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بىر جان بىر تەندەك بولىشى كېرەك (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24 ، مەتتا 19:5 ، ماركوس 10:7)؛ دېمەك توي قىلغان ئەر-ئايال پىسخىكا، فىزولوگىيە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇپ،

---

[1] توي: ئۇيغۇر تىلىدا ئەر- ئايالنىڭ قانۇنلۇق بىرلىششىنى ئىپادىلەيدىغان خاس ئاتالغۇدۇر. نىكاھ بولسا توي جەريانىدىكى بىر دىنى تەرتىپ بولۇپ، ئىككىسى باراۋەر ئوقۇم ئەمەس. قەدىمقى يەھۇدى دىنى ۋە مەسىھ ئېتىقاتىدا، توي قىلغان ئوغۇل-قىز چوقۇم خۇدانىڭ ۋە جامائەتنىڭ ئالدىدا نىكاھ ئەھدىسى تۈزىشى، دىنى خادىم ئۇلارنىڭ توي قىلغانلىقىنى جاكارلىشى ۋە بەخت تىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ ئادەت كېيىن ئىسلام دىنىغىمۇ قوبۇل قىلىنغان.

تۇرمۇشتا ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرالايدىغان بولىشى، ئاتا ـ ئانىسىغا يۆلىنىۋالماسلىقى كېرەك.

• ئەركىشى ئائىلىنىڭ بېشىدۇر (ئەفەسلىكلەر 5:23)، ئۇ بىر ئائىلىنى يىتەكلەيدۇ (كورىنتلىقلارI 14:35).

• ئەرلەر ئۆز ئايالىنى خۇددى ئۆزىنىڭ تىنىنى سۆيگەندەك سۆيىشى كېرەك، ئايالىنى سۆيگەنلىك ئۆزىنى سۆيگەن بىلەن باراۋەر. ئۇلاردا ئايالى ئۇچۇن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان روھ بولىشى كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 29 ـ 5:25)

• ئاياللار ئەرلىرىگە ياردەم بېرىشى (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18)، ئۇلارنى هۆرمەتلىشى كېرەك (ئەفەسلىكلەر 5:33).

• ئىقتىدارلىق ۋە ئەخلاقلىق ئايالالار ئەرلىرىنىڭ بېشىدىكى تاجىدۇر (پەند ـ نەسىهەتلەر 12:4).

• ئايالالار ئېرى بىلەن جىدەل ـ غەۋغا قىلماسلىقى (پەند ـ نەسىهەتلەر19 :21)، ئەرلىرى بەرگەن ياخشى تەكلىپ ـ تەربىيەلەرنى ئاڭلىشى (تىتوس 2:4)، ئاسان ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك (پەند ـ نەسىهەتلەر 19:11).

## مۇھەببەت دىگەن نىمە؟

• مۇھەببەت دىگىنىمىز، ئۆزلىكىدىن ۋە شەرتسىز هالدا بارلىقىنى بېغىشلاش، ئەمما قارشى تەرەپتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلماسلىقتۇر. (كورىنتلىقلارI 8 ـ 13:4)

• مۇھەببەت دىگىنىمىز، قارشى تەرەپنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەنپەتىدىن ۋاز كېچىش، ھەتتا قۇربانلىق بېرىشتۇر. (يۇھاننا 15:13 ، يۇھانناI 3:16)

• مەسىهىيلەر مېهىر ـ مۇھەببەتلىك بولىشى كېرەك، چۈنكى خۇدانىڭ ئۆزى مېهىر ـ مۇھەببەت بولۇپ، مېهىر ـ مۇھەببەت خۇدادىن كېلىدۇ. (يۇھانناI 4:19)

## بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم توغرىسىدا

• خۇدا ئىنساننى ياراتقاندىلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇ ئادەم ئاتا بىلەن هاۋا ئانىنى بىر جۈپ قىلىپ ياراتقان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24 ، تىموتىيI 3:2،12 ، تىتوس 1:6 ، كورىنتلىقلارI 7:2 ، ئەفەسلىكلەر 5:31)

• بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم دائىم زىددىيەت ۋە ماجرا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىنلا خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 30:1 ، لاۋىيلار 18:18 ، سامۇئىلI 8 ـ 1:3)

## نېمىشقا بۇرۇنقى بەزى پەيغەمبەرلەرمۇ كۆپ خوتۇنلۇق بولغان؟

• ئىنجىلدىكى تەلىملەرگە ئاساسلانغاندا، خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بېكىتىپ بەرگىنى ھەقىقەتەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدۇر. ئەمما كونا ئەھدە دەۋرىدە (ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە) بەزى پەيغەمبەرلەر ھەقىقەتەن كۆپ خوتۇن ئالغان.

• كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش (شۇنداقلا ئاجرىشىش) ئادەمنىڭ گۇناھىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئىنسان قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. خۇدا بۇنىڭغا ۋاقىتلىق سەۋر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئەسلىدىكى ئىرادىسى ئەمەس. (مەتتا 19:8 ، ماركوس 10:5)

• تەۋراتتىكى خاتىرىلەردىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولغان نۇرغۇن ئائىلىلەردە دۈشمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، جېدەل-ماجرا، ئازاپ، ئۆچمەنلىك قاتارلىق يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققان. بۇ ئىنجىلدىكى مۇنۇ سۆزنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن: «نېمە تېرىساڭ، شۇنى يىغىسەن» (گالاتىيالىقلار 6:7)

• يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) دەۋرىگە كەلگەندە، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدادىن كەلگەن كەچۈرۈم، شەپقەت، كۈچ-قۇدرەت ۋە يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشكەن بولۇپ، خۇدانىڭ ئەسلىدىكى ئىرادىسى بويىچە، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە ئەمەل قىلىپ ياشىشى كېرەك.

• مەيلى ئاددى ئادەم بولسۇن ياكى پەيغەمبەر بولسۇن، ھەممە ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. خۇدا ئادىلدۇر، ئۇ ھېچكىمگە يان باسمايدۇ. تارىختىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىدىن شۇنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، ئادەم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاتى بىلەن ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ.

## توي قىلىشنىڭ مەقستى:

• ئەر-ئايالنىڭ جىسمانى ۋە روھى جەھەتتىن بىرلىشىپ، مۇستەقىل بىر گەۋدە بولىشى ئۈچۈندۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24)

• خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەر-ئاياللىق مۇھەببەت ئۈچۈندۇر. (پەند-نەسىھەتلەر 20-5:15 ، سۆيگۈ نەزمىسى 7-2:3 ، 7-8:5)

• ئەر-ئايال ئىككىيلەن ئۆز ئارا ھەمرا بولۇپ، خۇدانىڭ يولىدا بىرگە مېڭىش ئۈچۈن توي قىلىدۇ. (ھېكمەتلەر 12-4:10 ، ئامۇس 3:3)

• ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيلەش ئۈچۈن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 1:27،28 ، مالاكى 2:15 ، تىموتىI 5:14)

• جىنسى ئەخلاقسىز ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن. (كورىنتلىقلارI 7:2،8،9)

## بويتاقلىق توغرىسىدا

● بويتاقلىق خۇدادىن كېلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىلتىپات بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنداق قىلالمايدۇ. پاۋلۇس ئۇنى تەرىپلىگەن. (كورىنتلىقلارI 8،7:7)

● مەسىھ ئېتىقاتى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان جاپا-مۇشەققەتلىك مەزگىللەردە، بويتاق يۈرگەن ئەۋزەلدۇر. (كورىنتلىقلارI 28-7:25)

● تەنھالىق بىر ئادەمنىڭ خۇدا ئۇچۇن پۈتۈن زېھنى بىلەن خىزمەت قىلالىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. (مەتتا 12،10:19 ، كورىنتلىقلارI 35-7:32)

## ئېتىقاتچى ئەر-ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

● ئەيسا مەسىھ بىلەن جامائەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈلگە قىلىش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 33-5:22 ، ۋەھىيلەر 9-19:7)

● ئەيسا مەسىھنى ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا بىر بىرسىگە بويسۇنۇش كىرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:21)

● ئەر-ئايال سەممىي سادىق بولىمىز دەيدىكەن، خۇدانىڭ نۇرى ئىچىدە مېڭىشى كىرەك. (يۇھاننا I 7،1:6)

● ئەر-ئايال بىر بىرسىنى كۆپرەك ئويلاپ، قارشى تەرەپنى خۇرسەن قىلىشقا تىرىشىش كىرەك. (كورىنتلىقلارI 34،7:33)

● ئەر-ئايال ماددى نەرسىلەردىن تەڭ بەھرىمەن بولىشى، ئۆزئارا بىر بىرسىگە ئىشىنىشى كىرەك. (مەتتا 6:21)

● ئەر-ئايال ئۆزلىرىنىڭ دۇنياسىغىلا كىرۋالماي، بىرلىكتە خۇدا ۋە باشقىلار ئۇچۇنمۇ خىزمەت قىلىشى، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشى كىرەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:18 ، ئەفەسلىكلەر 16،4:15 ، ئەلچىلەر 28-18 ,4-18:1 ، رىملىقلار 5-16:3 )

● ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كىرەك. (تىموتىيI 5:8)

## ئەرلەر ئايالىغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كىرەك:

● ئايالىنى سۆيىشى، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماسلىقى، ئۇنىڭ مەنپەتىنى كۆپ ئويلىشى كىرەك. خۇددى ئەيسا مەسىھ جامائەتچىلىكنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلغىنىغا ئوخشاش. (ئەفەسلىكلەر 5:25 ، كولوسىلىقلار 3:19 ، پېتروسI 3:7)

● خۇدانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئايالىنى تەربىيىلىشى، مەدەت بېرىشى، توغرا يولغا يېتەكلىشى، ھەمدە ئۇنى ئاسرىشى ۋە ئۆزىنىڭ تېنىنى سۆيگەندەك سۆيىشى كىرەك.

(ئەفەسلىكلەر 5:22،23)

● ئايالىغا بولغان ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:3)

● ئايالىنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا كۆپرەك كۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەتلەش كېرەك. شۇنداق بولغاندا قىلغان دۇئالىرى توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. (پېتروسI 3:7)

● ئەرنىڭ تېنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئايالىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. (كورىنتلىقلارI 7:4)

● ئايالىغا ھىلە-مىكىر ئىشلەتمەسلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق كېرەك. بولمىسا خۇداغا قىلغان ھەدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. (مالاكى 2:13-16)

● ئايالىغا سادىق بولۇپ ئۇنى خۇشال قىلىش كېرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 5:18)

● ئايالى بىلەن بىللە خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش كېرەك. (ھېكمەتلەر 9:9)

## ئاياللار ئېرىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك:

● ئاياللار ئۆزىنىڭ ئېرىغا بويسۇنىشى، باشباشتاقلىق قىلماسلىقى كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:22 ، كولوسىلىقلار 3:18 ، پېتروسI 3:1)

● ئۆزىنى تۇتىۋالغان، پاك-دىيانەتلىك، ئۆي ئىشلىرىغا ماھىر، مېھرىبان ۋە ئەرلىرىگە سادىق بولىشى كېرەك. (تىتوس 2:5)

● ئېرىگە بولغان ئاياللىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:3)

● ئەرلىرىنى ھۆرمەتلەش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:33)

● ئايالنىڭ تېنى ئۆزىگىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى ئېرىغىمۇ تەئەللۇقتۇر. (كورىنتلىقلارI 7:4)

● ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇش، خۇدانى ھۆرمەتلەش، مۇلايىم ۋە تىنىچ قەلبكە ئىگە بولۇش كېرەك. ئېرىدا كەمچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا شۇنداق ھالەتنى ساقلاش كېرەك. (پېتروسI 3:1-6)

● ئادەمگە بولغان ئىتائەتتى خۇداغا بولغان ئىتائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. (ئەلچىلەر 4:19)

● خۇداغا ئىخلاسمەن ئايال ئائىلىدە ئۆي ئىشلىرىغا ئىنچىكە بولۇپ، باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئېرىگە يار-يۆلەك بولىدۇ؛ سىرتتا ئىگىلىك تىكلەپ، جەمىيەتتە ئىناۋەتتى بولىدۇ، ئاجىز-نامراتلارغا ياردەم قىلىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 31:10-31)

## جىنسى تۇرمۇش توغرىسىدا

● ئەر-ئايال توي ئىچىدىكى جىنسى تۇرمۇشتىن ھوزۇرلانسا بولىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 19-5:17)

● ئەر-ئايال ئۆز جۈرىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئويلىشىشى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 4،7:3)

● ئەر-ئايال ئىلاج بار ئايرىلىپ تۇرماسلىقى كېرەك. (كورىنتلىقلارI 7:5)

● ئادەمنى غەم-قايغۇ بېسىپ ئازاپلانغان چاغلاردا، جۈرىسىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، قەلبكە تەسەللى بېرىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 24:67 ، سامۇئىلII 12:12)

## پەرزەنتلەر توغرىسىدا

● پەرزەنتلەر خۇدا ئىلتىپات قىلغان بايلىق ۋە بەختتۇر. (زەبۇر 127:3 ، 4،128:3)

● ئاتا-ئانا بىرلىكتە بالىلارنى تەربىيىلىشى كېرەك. (تىموتىI 5،3:4)

● بالىلارنى بىلىملىك ۋە پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 1:4)

● ھەرۋاقىت تەربىيە ۋە تەنبىھ بېرىش ئارقىلىق، بالىلارنى نادانلىقتىن يىراق قىلىپ، ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىش ۋە يامان يوللاردىن توساش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 13:24 ، 19:25 ، 22:15 ، 14،23:13 ، 17،29:15)

● بالىلارنى تاكى قېرىغىچە توغرا يولدا ماڭىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 22:6)

● بالىلارغا ھە دېسىلا نەشتىرىڭلارنى سانجىپ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىماڭلار، بولمىسا ئۇلار چۈشكۈنلىشىپ ئىرادىسىنى يوقۇتۇپ قويىشى مۇمكىن. (كولوسىلىقلار 3:21)

● خۇدادىن كەلگەن تەلىم ۋە نەسىھەتلەر بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەڭلار. (ئەفەسلىكلەر 6:4)

● پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. (مىسىردىن چىقىش 20:12)

## ئېتىقاتسىز جۆرىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

● جۆرىسى ئېتىقات قىلمىغان تەغدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن توي مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. (كورىنتلىقلارI 13،7:12)

• ئۆزىنىڭ پاكلىقى بىلەن ئېتىقاتسىز جۆرىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭمۇ قۇتقۇزۇلۇشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش كېرەك. (كورىنتلىقلارI 16،14:7)

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ئەيسا مەسىھنى باشقىلارغا تونۇتۇش بۇرچى بولىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ جۆرىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ئەلۋەتتە. (كورىنتلىقلارII 18:5)

## رەڭگى ئۆڭگەن توي مۇناسىۋىتى

• ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىپ بىر گەۋدە بولىشى ئەسلىدە خۇدا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پاك ۋە گۈزەل مۇناسىۋەت بولۇپ، بىراق ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى رەڭدارلىقنى يوقاتقان.

• نومۇس ۋە گۇناھ تويغۇسى پەيدا بولغان (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8،7:3)، قورقۇنچ-ۋەھىمە باسقان (10:3)، مەسئۇلىيەتتىن قاچقان (12:3)، ئېزىقتۇرۇلغان (13:3)، ئاياللارغا تۇغۇت ئازابى ۋە روھى كىشەن قوشۇلۇپ، ئەرلەرنىڭ باشقۇرىشى ئاستىغا چۈشكەن (16:3)، ئەرلەر تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر جاپا تارتىدىغان، تۇرمۇشنىڭ غېمىنى يەيدىغان بولغان (19،17:3).

# ئاجرىشىش

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىمەر

• ئەگەر ئەر-ئايالنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلاشسا، ئىككى تەرەپنىڭ تۇققانلىرىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ ئۇلارنى ياراشتۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يارىشىپ قىلىشنى خالىسا، ئاللا ئۇلارنى ئىناق قىلىدۇ. (قۇرئان 35:4)

• ئەرلەر ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا، ئىددىتىنى ھىساپلاپ ئاندىن تالاق قىلىش كىرەك. ئۇلارنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرۋىتىشكە ياكى ئۆزلىرىنىڭ چىقىپ كىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر زىنا قىلغان بولسا بۇنىڭ سىرتىدا. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كيىن، ئۇلارنى ياخشىلىقچە ئەپقالسىمۇ ياكى ئايرىلىپ كەتسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىككى مۇسۇلمان گۇۋاھ بولۇش كىرەك. (قۇرئان 2،1:65)

• ئەرلەر ئايالىنى تالاق قىلماقچى بولسا تۆت ئاي ساقلاش كىرەك. (قۇرئان 226:2)

• تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچ قېتىم ھەيز كەلگىچە قايتا توي قىلىشقا بولمايدۇ (ئىددىت تۇتىشى كىرەك). ھامىلدار بولۇپ قالغان بولسا ئېرىدىن يۇشۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئەگەر ئېرى يارىشىپ قىلىشنى خالىسا، يارىشۋالغىنى ياخشى. (قۇرئان 228:2)

• تالاقنى ئىككى قېتىم دېيىشكىلا بولىدۇ، ئۈچ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەۋەتسە قايتا ياراشقىلى بولمايدۇ. (قۇرئان 2:229)

• ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن (ئۈچ تالاقتىن كېيىن)، ئۇنىڭ بىلەن قايتا يارىشىۋىلىشقا بولمايدۇ، تاكى ئۇ ئايال باشقا بىر ئەركىشى بىلە توي قىلىپ ئاجراشقاندىن كېيىن، ئاندىن ياراشسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:230)

• تالاق قىلىنغان ئايال ئىددەت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن توي قىلسا بولىدۇ. (قۇرئان 2:232)

• نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئايالى بىلەن تېخى بىرگە بولمىغان ۋە مەھرىنى (تويلۇق مالنى) بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتسە بولىدۇ. ئەمما مۇۋاپىق نەپىقە (تۇرمۇش پۇلى) بېرىش كېرەك. (قۇرئان 2:236)

• ھەرقانداق بىر تالاق قىلىنغان ئايالغا مۇۋاپىق نەپىقە (تۇرمۇش پۇلى) بېرىلىدۇ. (قۇرئان 2:241)

• ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى تالاق قىلىش ھوقوقى بار، ئەمما ئاياللارنىڭ ئۆز ئالدىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش ھوقوقى يوق.

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى ئاجرىشىشقا ئائىت تەلىملەر

• ئەر-ئايالنىڭ توي قىلىپ بىرلىشىشى ئۆمۈرلۈك بولىدۇ، ئايرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. (مەتتا 19:3ـ6,9 ، ماركوس 10:7ـ12 ، رىملىقلار 7:2،3 ، كورىنتلىقلارI 7:39)

•چۈنكى نىكاھ خۇدانىڭ ئالدىدا ۋەدە قىلىپ تۈزۈلگەن مەڭگۈلۈك ئەھدىدۇر. خۇدا ئاجرىشىشتىن نەپرەتلىنىدۇ. (مالاكى 2:14ـ16)

• خۇدانىڭ ئاجرىشىشقا يول قويۇشى، ئىنسانلار قەلبىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكىدىندۇر. (قانۇن شەرھى 24:1ـ4 ، مەتتا 19:7،8)

• پەقەت زىنا سەۋەبىدىنلا ئايالنى قويۇۋېتىشكە بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئايالنى قويۇۋېتىپ باشقا ئايالنى ئالغان ئادەم ۋە ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنى ئالغان ئادەم زىنا قىلغان ھېساپلىنىدۇ. (مەتتا 5:31،32 ، 19:6ـ9 ، لۇقا 16:18)

• ئادەم قايتا تىرىلىپ جەننەتكە كىرگەندە نىكاھ مۇناسىۋىتى مەۋجۇد بولمايدۇ. (مەتتا 22:30 ، ماركوس 12:25 ، لۇقا 20:35)

• ئايالنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئايال باشقا ئەركىشى بىلەن توي قىلسا، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىشكە بولمايدۇ. (يەرەميا 3:1)

# زىنا

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

● زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن نومۇس ۋە گۇناھلىق ئىشتۇر. (قۇرئان 17:32)

● ئايالنى زىنا قىلدى دىگەن ئەر چوقۇم تۆت ئەركىشىنى گۇۋاھلىققا تارتىش كىرەك. (قۇرئان 4:15)

● ئاياللارنى زىنا قىلدى دىگۈچىلەر ئەگەر تۆت ئەركىشىنى گۇۋاھلىققا چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 18 قامچا ئۇرۇش كىرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماسلىق كىرەك، گۇناھىغا تۆۋە قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 5،24:4)

● ئەگەر ئەرنىڭ ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىسا، ئاللانىڭ نامىدا تۆت قېتىم قەسەم ئىچىشى، ھەمدە بەشىنچى قېتىمدا مۇنداق دىيىشى كىرەك: «ئەگەر يالغان گەپ قىلغان بولسام، ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغايمەن». بۇ چاغدا ئايال كىشى جازادىن ساقلىنىپ قالماقچى بولسا، ئاللانىڭ نامىدا تۆت قېتىم قەسەم ئىچىشى، ھەمدە بەشىنچى قېتىمدا مۇنداق دىيىشى كىرەك: «ئەگەر ئۇنىڭ گېپى راست بولسا، مىنى ئاللا جازالىسۇن». (قۇرئان 9ـ24:6)

## زىنا قىلغانلارغا بېرىلىدىغان جازا

● زىنا قىلغان ئەر ۋە ئايالنى يۈز قامچىدىن ئۇرۇش كىرەك. بىر توپ مۇسۇلمان ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى نازارەت قىلىشى كىرەك. زىنا قىلغان ئەر زىنا قىلغان ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا خوتۇن قىلىپ ئېلىشقا بولىدۇ. زىنا قىلغان ئايالمۇ پەقەت زىنا قىلغان ئاشۇ ئەرگە ياكى مۇشرىك ئەرلەرگە تەگسە بولىدۇ، باشقا مۇسۇلمان ئەرلەر بىلەن توي قىلسا بولمايدۇ. (قۇرئان 3،24:2)

● ئايالى زىنا قىلسا، ئېرى ئۇنى تاكى ئۆلگۈچە ئۆيگە سولاپ قويۇش كىرەك. (قۇرئان 4:15)

● ئېرى زىنا قىلىپ، ئەگەر گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، ئايالى ئۇنى كەچۈرۋىتىشى كىرەك. (قۇرئان 4:16)

### مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

● زىنا دىگىنىمىز توينىڭ سىرتىدىكى جىنسى مۇناسىۋەت بولۇپ، ئېغىر گۇناھتۇر.

• زىنا قىلىشقا بولمايدۇ. (مىسىردىن چىقىش 20:14 ، لاۋىيلار 18:20 ، ئەلچىلەر 15:20،29 ، رىملىقلار 1:29 ، كورىنتلىقلارI 6:13 ، 10:8 ، كورىنتلىقلارII 12:21 ، گالاتىيالىقلار 5:19،21 ، ئەفەسلىكلەر 5:3 ، كولوسسىلىقلار 3:5،6 ، سالونىكالىقلارI 4:3،4 ، يەھۇدا 7 ، ۋەھىيلەر 9:20،21)

• جىسمانى ھاۋايى-ھەۋەسنى چەكلەش كېرەك. (پېترۇسI 2:11)

• ئېرى ھايات ۋاقتىدا باشقا ئەركىشى بىلەن بىرگە بولغان ئايال پاھىشە دەپ قارىلىدۇ. (رىملىقلار 7:3)

• ھەمجىنسلىق مۇناسىۋەت (بەچچىۋازلىق) ئېغىر گۇناھتۇر. (لاۋىيلار 18:22 ، 20:13 ، رىملىقلار 1:26-28 ، كورىنتلىقلارI 6:9،10)

• مەسىھىيلەر شەھۋانى ھەۋەسلەرگە بېرىلمەي، پاك ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاپ ھايات كەچۈرىشى كېرەك. (سالونىكاI 4:4)

• يات جىنسلارغا قارىتا شەھۋانى خىياللاردا بولماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇمۇ زىنا بىلەن باراۋەردۇر. (مەتتا 5:27،28)

• شەھۋانى ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش كېرەك. (كورىنتلىقلارI 6:18)

• باشقىلارنىڭ ئايالىغا ھەۋەس قىلماسلىق كېرەك. (مىسىردىن چىقىش 20:17)

• گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالسا، خۇدادىن كەچۈرۈم سوراش كېرەك. (زەبۇر 51:2،3 ، يۇھاننا1 1:9) .

• گەرچە ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمىزنى يۇغان بولسىمۇ، ئەمما قايتا گۇناھ سادىر قىلىشقا بولمايدۇ. (يۇھاننا 8:11)

## زىنا قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى

• جىسمىمىزگە زىيان سېلىپ، خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ. (كورىنتلىقلار 6:18-20)

• روھىمىزنى بۇلغايدۇ. (پېتروسI 2:11)

• بىزنى خۇدا بىلەن قارشىلاشتۇرىدۇ. (ياقۇپ 4:4)

• سوراققا تارتىلىمىز (ئىبرانىلار 13:4)، خۇدانىڭ دۆلىتىنى قوبۇل قىلالمايمىز (كورىنتلىقلارI 6:9 ، گالاتىيالىقلار 5:19-21 ، ئەفەسلىكلەر 5:5)، ئەيسا مەسىھ بىلەن كۆرۈشەلمەيمىز (كورىنتلىقلارI 6:9،10 ، ئىبرانىلار 12:14)

• ئۇلار ئۆز تەنلىرىدە قىلمىشلىرىغا لايىق جازا تارتىدۇ. (رىملىقلار 1:27)

• گۇناھتىن قەلبىمىز ئازاپلىنىدۇ، خاتىرجەملىكىكە ئېرىشەلمەيمىز. (زەبۇر 38:3 ، يەشايا 57:21)

## ئەرلەر ئازدۇرۇلۇشلارنى يېڭىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىش كېرەك:

• شەيتانغا پۇرسەت قالدۇرماسلىق لازىم (ئەفەسلىكلەر 4:27). شۇڭا، ئوي-خىيالىمىزنى كونترول قىلىپ، ئاياللارغا بېرىلىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك (ئايۇب 31:1).

• ئازدۇرغۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىشىمىز، ئۇلاردىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. يامان ئىشلارغا نىسبەتەن خۇددى گۆدەك باللاردەك سەبى بولىشىمىز كېرەك. (كورىنتلىقلارI 14:20)

• چاكىنا دوست-ئاغىنىلەر بىلەن بىرگە بولۇپ، خۇپىيانە ۋە ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك، مەيدانىمىزنى ئېنىق ئىپادىلىشىمىز لازىم. (ئەفەسلىكلەر 5:11)

• دائىم ئېتىقاتچى قېرىنداشلار بىلەن بىللە دۇئا قىلىش (تىموتىII 2:22)، ئۆزئارا ياردەم قىلىش، بىر بىرىنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ، ئازدۇرۇلۇشلارغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش (گالاتىيالىقلار 6:2)، بىربىرسىنىڭ ئالدىدا گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۆزئارا دۇئا قىلىشىش كېرەك (ياقۇپ 5:16).

• ئىچىمىز قۇرۇق بولۇپ قالمىسۇن (مەتتا 45-12:43)، قەلبىمىز مۇقەددەس روھ بىلەن تولۇپ، خودانىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئاكتىپ نىشان بىلەن ياشىشىمىز كېرەك.

• گۇناھكار تەبىئىتىمىزنىڭ ھەۋەسلىرىگە ئەگەشمەي، مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكلىشىگە بويسۇنىشىمىز لازىم. (رىملىقلار 8:5،6 ، گالاتىيالىقلار 5:16،17 ، پېتروسI 2:11)

قوشۇمچە: **ھەمجىنسلىقلار توغرىسىدا**

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر:

• ئىسلام دىنىدا ھەمجىنسلىق (بەچچىۋازلىق) مۇناسىۋەت قاتتىق ئەيىپلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار تەھدىت سېلىش، ئۇرۇش، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى چەكلەشكە ئۇرىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە بۇ توغرىلىق ئېنىق تەلىملەر بار.

● ئاللا لۇتنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئاشۇنداق سەت ئىشنى قىلامسىلەر؟ ئەجىبا ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ ئەر كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلماقچىمۇ؟ سىلەر ھەقىقەتەن چەكتىن ئاشقان قوۋمدۇرسىلەر» (قۇرئان 7:80،81)؛ خۇدا سودومىلىقلارنى (لۇتنىڭ قوۋمىنى) جازالاش ئۈچۈن قاتتىق يامغۇر ياغدۇرىدۇ (قۇرئان 7:84)؛ توپا ياغدۇرىدۇ (قۇرئان 11:82 ، 15:74)؛ بەچچىۋازلىق ئېغىر گۇناھ بولغاچقا، ئاللا گۇناھقا پاتقان سودوم شەھرىنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ (قۇرئان 11:77ـ83 ، 15:61ـ77 ، 26:165ـ173 ، 27:54ـ58 ، 29:28ـ30).

● شەرىئەتنى يولغا قويغان ئىسلام ئەللىرىدە ھەمجىنسلىقلار، خېنىم مىجەزلىك ئەرلەر ۋە ئەركەكزەدەك ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازا تۈرلىرى: ھاقارەتلەپ چەتكە قېقىش، تۈرمىگە سولاش، سۈرگۈن قىلىش، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتىش، ئېگىزدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● مۇھەممەت خېنىم مىجەزلىك ئەرلەر ۋە ئەركەكزەدەك ئاياللارنى قارغىغان ۋە «ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار» دىگەن. مۇھەممەت ۋە ئۆمەر ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەممىنى قوغلىۋېتەتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:6834 ، 7:5885،5886) مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى تايىف شەھرىگە ھوجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، مۇھەممەت ئاياللىرىغا: «خېنىم مىجەزلىك ئەرلەرنى ھەرگىز ئۆيگە كىرگۈزمەڭلار» دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:4324 ، 7:5235،5887)

● مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: «ئەگەر باشقىلارنىڭ لۇت قوۋمىدىكىلەر قىلغان ئاشۇنداق سەت ئىشنى قىلىۋاتقىنىنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار». («ئەبۇداۋۇد ھەدىسلەر توپلىمى» 3ـجىلد 145ـبەت 4447،4448ـنومۇر؛ «كىتاپ مىشكات ئەل ماسابىھ» ھەدىسلەر توپلىمى 2:763 ـبەت).

● لۇت قوۋمىدىكىلەرنىڭ سەت ئىشنى قىلغانلار قارغىشتەككۈرلەردۇر. خەلىپە ئەلى شۇنداقلاردىن ئىككى ئادەمنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋەتكەن، خەلىپە ئابابەكرى ئۇنداقلارنى تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. («كىتاپ مىشكات ئەل ماسابىھ» ھەدىسلەر توپلىمى 1:765 ـبەت)

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى تەلىملەر:

● مەسىھ ئېتىقادىدا ھەمجىنسلىق مۇناسىۋەت گۇناھ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئىنجىلدا، ھەمجىنسلىقلار ئەگەر گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلسا، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ، ھەممە شۇ ئارقىلىق جەننەتكە كىرەلەيدۇ ـ دەپ كۆرسىتىلگەن.

● تەۋراتتا مۇنداق دېيىلگەن، ئەگەر ئىككى ئەر كىشى خۇددى خوتۇن كىشى بىلەن بىرگە بولغاندەك بىرگە بولسا، ئۇلارنىڭ قىلمىشى يىرگىنچلىك بولۇپ، ئۆلتۈرۈلىشى كېرەك. بۇنىڭ گۇناھى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھساپ. (تەۋرات ـ لاۋىيلار 13:20 ، 18:22)

● سۇدۇم شەھرىدىكىلەر لۇتنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىككى مېھمانىنى (پەرىشتىنى) چىقىرىپ بەر، بىز ئۇلار بىلەن كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىمىز دەپ زوراۋانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئىككى پەرىشتە لۇتنى قۇتقۇزىۋالىدۇ... سۇدۇم ۋە گومورا دېگەن ئىككى شەھەردىكىلەرنىڭ گۇناھى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن بولغاچقا، خۇدا ئاسماندىن ئوت ياغدۇرۇپ، بۇ ئىككى شەھەرنى تۈپتۈز قىلىۋېتىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19 ـ باب، 18:20)

● ئۇلار خۇداغا ئىتائەت قىلماي، يالغان نەرسىلەرگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەسكەش ھەۋەسلىرىگە قويۇپ بەردى. ئاياللار تەبىئى جىنسى مۇناسىۋەتنى تەبىئى بولمىغان ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇناسىۋىتىگە ئايلاندۇردى. ئەرلەرمۇ ئاياللار بىلەن بولىدىغان جىنسى مۇناسىۋەتنى تاشلاپ، باشقا ئەرلەرگە شەھۋانى ھەۋەسلەر بىلەن كۆيۈپ پىشىدىغان بولدى. ئەرلەر بىلەن ئەرلەر شەرمەندە جىنسى مۇناسىۋەتلەرگە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز تەنلىرىدە قىلمىشلىرىغا لايىق جازانى تارتتى. (رىملىقلار 27،26:1)

● جىنسى گۇناھ قەلبتىن باشلىنىدۇ، ئۇنى پەقەت ئىچكى قەلبنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا ساقايتقىلى بولىدۇ. ئەيسا مەسىھ زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئاياللنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ (يۇھاننا 11 ـ 8:1). پاھىشە ئاياللىنىڭمۇ گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ تۈزەلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىشكە ئىجازەت بېرىدۇ. ئۇ يېرۇسالىمدىكى چوڭ موللىلار ۋە ئاقساقاللار بىلەن ئۇچراشقاندا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قۇيايكى، ھەتتا باجگىر ۋە پاھىشە ئاياللارمۇ سىلەردىن بۇرۇن خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرىدۇ» (مەتتا 21:31). ئۇ زىياپەتكە ئۇسۇپ كىرگەن ھېلىقى «گۇناھكار ئايال» غا مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھىڭىز كەچۈرۈلدى، ئىشەنچىڭىز سىزنى قۇتقۇزدى، تىنىچ ـ ئامان قايتىڭ!» (لۇقا 50 ـ 7:48)

● ئەجىبا يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئالدىماڭلار، بارلىق جىنسى ئەخلاقسىزلىق قىلغۇچىلار، بۇتپەرەسلەر، زىناخورلار، ھەزىلەكلەر، بەچچىۋازلار، ئوغرىلار، ئاچكۆزلەر، ھاراقكەشلەر، تۆھمەتخورلار ۋە ئالدامچىلارغا خۇدانىڭ دۆلىتىدە ئورۇن يوق. بەزىلىرىڭلار بۇرۇن ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار. لېكىن، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە خۇدانىڭ روھى ئارقىلىق گۇناھىڭلار يۇيۇلۇپ، خۇداغا ئاتالدىڭلار ۋە خۇدا تەرىپىدىن ھەققانى ئادەم دەپ جاكارلاندىڭلار (كورىنتلىقلارI 11 ـ 6:9).

• گۇناھكار ئادەملەر (ھەمجىنسلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەسلىدە خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيتى. ئەمما گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئەيسا مەسىھنى قۇبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىگە، شۇنداقلا ئېتىقاتچىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدىغان خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ (مەتتا 1:18 ، 3:11 ، لۇقا 11:13 ، يۇھاننا 20:22)، ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھەمدە خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلەيدۇ. بۇ تەۋراتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (مەتتا 23:37ـ40 ، رىملىقلار 13:10)

• يېقىنقى دەۋرلەردە باش كۆتىرىپ چىققان ھەمجىنسلىقلار ھەركىتى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە تۆۋەندىكى تىمىلارغا چېتىلىدۇ: ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، ئۆزگىرىش ئىمكانىيىتى، سالامەتلىك مەسىلىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ قانۇن، قىممەت قارىشى، ئېتىكا-ئەخلاق، ئەركىنلىك، مەدىنىيەت، مائارىپ، جەمىيەت ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكە بولغان تەسىرى قاتارلىقلار.

تۆۋەندىكى تورىبكەتتە بۇلار توغرىلىق تېخىمۇ تەپسىلى چۈشەنچە بېرىلگەن:

www.txlyd.net

10 ـ قىسىم

# ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

# ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش ئاساسى

ئىسلام بىر خىل ئىجتىمائى ـ سىياسى تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇنىڭ نىشانى ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە ئۆزىنىڭ روھى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر ساھەسىگە چېتىلغان، ئۇلارنى مۇئەييەن قېلىپ ۋە قۇرۇلما بىلەن تەمىنلىگەن. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئاساسى قانۇنى چوقۇم قۇرئاندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولىشى كىرەك. شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە جەمىيەتنى تەشكىللەشنىڭ ئاساسى قورالى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىش ـ ھەركىتىنى تىزگىنلەيدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى كونترول قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ مەيلى قانۇن چىقىرىش، مەمۇرىيەت ياكى سوت ئىشلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامى تۈس ئالغان بولىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدىكى پەيغەمبىرى بىلەن ۋاكالەتچىسىگە مۇتلەق بويسۇنىشى، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىشى، ھەمدە باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ئىسلامى جەمىيەت قۇرۇپ چىقىشى كىرەك، بۇ ئىسلامچە ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ خىل جەمىيەتنى قۇرئان ۋە مۇھەممەت بىكىتكەن قانۇن ـ نىزاملار كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

**قۇرئاندىكى تەلىملەر**

• ئاللانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشى، مۇھەممەتنى ئاللانىڭ قانۇنىغا ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ھۆكۈم قىلغۇزۇش ئۈچۈندۇر. (قۇرئان 4:105 ، 5:49،50 ، 6:114)

• ئاللا يەر يۈزىدە چوقۇم بىر ۋاكالەتچىسنى تۇرغۇزىدۇ. (قۇرئان 2:30)

• مۇسۇلمانلار ئۆز ئىچىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەتنى چاقىرىپ ھۆكۈم قىلغۇزۇشى، ھەمدە قىلغان ھۆكۈمگە قارىتا كۆڭلىدە ھىچقانداق غۇم بولماسلىقى كىرەك. (قۇرئان 4:65)

• ئاللا ۋە مۇھەممەت مەلۇم بىر ئىشقا ھۆكۈم قىلغاندا، مۇسۇلمانلاردا ئۇنىڭغا قارىتا تاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. كىمكى ئاللا ۋە مۇھەممەتكە بويسۇنمايدىكەن، ئۇلار ئازغۇچىدۇر. (قۇرئان 33:36)

• مۇسۇلمانلار ئاللا ۋە مۇھەممەتنىڭ چىقارغان قانۇن ـ بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىش كىرەك، ئەگەر ئەمەل قىلمىسا، دوزاققا كىرىدۇ. (قۇرئان 4:13،14)

• مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى مەسلىھەتلىشىپ قارار قىلىنىدۇ. (قۇرئان 42:38)

• ئىسلامدا مۇھەممەتكە بويسۇنغانلىق ئاللاغا بويسۇنغان بىلەن باراۋەر، مۇھەممەتكە

قارشى تۇرغانلىق ئاللاغا قارشى تۇرغان بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

● كىم مۇھەممەتكە بويسۇنسا، ئۇ ئاللاغا بويسۇنغان بولىدۇ. (قۇرئان 4:80)

● مۇھەممەتكە قارشى تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ يولىدا ماڭمىغان ئادەم دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 4:115)

● ئىسلامىيەت دۇنياسىدا، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ قائىدە-نىزام ۋە تەلەپلىرى ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە ساھەلىرىگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر يېڭى زىمىننى ئىگەللىگەندىن كېيىن، يەرلىك مەدىنىيەتنى ئۇزۇل-كېسىل ۋە تېز سۈرئەتتە يوقىتىۋېتىشكە، ھەمدە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدىنىيىتى، ھەتتا تىلىدىن تارتىپ مەجبۇرى ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىسلام دىنى شەخسىي چوقۇنۇش، جەمىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يادرۇسىغا ئايلىنىپ، ئائىلە، قەبىلە ۋە جەمىيەت بىلەن چىرمىشىپ كېتىدۇ.

● ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشى بولۇپ، پەقەت ئۇلارغا ئاللانىڭ قانۇنى بىلىملىرىنى (شەرىئەتنى) ئۆگەتىسلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە قىيامەتتىكى سوراقتا ئۇنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ دېيىلىدۇ. لېكىن ئەمىلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى- ھاكىمىيەت كۆرىشى، مەزھەپلەر ئوتتورسىدىكى ئۇرۇش-جېدەل ۋە قان تۆكۈشلەر، مۇستەبىتلىك ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ئاياللارنى خارلاش، زوراۋانلىق بىلەن ئاجىز خەلقلەرنى بېسىۋېلىش قاتارلىقلار، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەينەتچىلىك، ئاجىزلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىكنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ.

**مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر**

● پەقەت ئەيسا مەسىھلا ئىنسان قەلبىنى تەبىئەتتىن ھالقىغان ئالاھىدە زور كۈچ-قۇدرەت بىلەن ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچى ۋە ئىقتىدارىغا تايىنىپ قەلبىنى پۈتۈنلەي پاكلاپ ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنى پەقەت خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپلا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. (زەكارىيا 4:6)

● ئەڭ ياخشى قانۇنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر جەمىيەت تەرتىپىنى بەرپا قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت ئادەملەرگە ئىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ (رىملىقلار 3:20)؛ ئىنساننىڭ جىسمانى تىنى ئاجىزدۇر (رىملىقلار 8:3)؛ چۈشكۈنلەشكەن ئىسان تەبىئىتى خۇدانىڭ ھەققانىيىتىنىڭ مۇكەممەللىك تەلىپىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ. تاكى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزى دۇنيانى

ئىدارە قىلمىغىچە، ئىسانلار ھەرگىزمۇ ھەققانى ۋە ئادىل بولغان مۇكەممەل جەمىيەتنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ.

• ئەيسا مەسىھ: خۇدانىڭ دۆلىتى بىلەن رىم ئىمپىراتورى قەيسەرنىڭ دۆلىتىنى ئايرىغلار - دىگەن (مەتتا 22،21:22 ، ماركوس 12:17). بۇ «دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىش تۈزىمى» نىڭ ئاساسىدۇر.

• مەسىھىيلەر يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئەرشىنىڭ پۇقرالىدۇر. (فىلىپىلىكلەر 3:20)

• مەسىھىيلەر پەقەت ئۆزىنىڭ دىنداشلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيادىكى خەلقلەر ئۈچۈن تىنچ-ئامانلىق ۋە بەخت تىلىشى كېرەك، جۈملىدىن ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. (تىموتىI 2،2:1)

• ھەممە ئادەم ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلارغا (ھۆكۈمەتكە) بويسۇنىشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت خۇدانىڭ روخسىتىسىز بارلىققا كىلەلمەيدۇ. (رىملىقلار 13:1)

## شەرئەت (ئىسلام قانۇنى)

### قۇرئاندىكى بىر قىسىم بەلگىلىمىلەر

• مۇسۇلمانلار بىر قىسىم مال-مۈلكى بىلەن ئۇرۇق-تۇققانلىرى، يىتىم باللار ۋە نامراتلارغا ياردەم قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 4:8)

• مىراس توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر (قۇرئان 12، 4:11)

• ئەگەر ئەر-ئايال ئىناق ئۆتەلمەي ئايرىلىپ كەتمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن گۇۋاھچىلارنى چاقىرىپ ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ بېقىش كېرەك. (قۇرئان 128، 4:35)

• ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن ئەگەر مال-مۈلكى بولسا، ئۇرۇق-تۇققانلىرىغا مۇۋاپىق مىراس ئايرىپ ۋەسىيەت قالدۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 2:180)

• تىجارەتتىكى تارازا ئادىل بولۇش كېرەك. (قۇرئان 6:152)

• قەرز، ئېلىم-سېتىم ۋە سودا توختاملىرىدا سەمىمى بولۇش كېرەك. (قۇرئان 2:282)

• سودا-سېتىق قىلىشقا يول قويىلىدۇ. (قۇرئان 2:275)

● ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ھەققىنى يەيدۇ. (قۇرئان 53:39)

● زىنا قىلغان ئەي ۋە ئايالنى يۈز قامچىدىن ئۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 24:2)

● ئاياللارنى زىنا قىلدى دەپ تۆھمەت قىلغانلار، ئەگەر تۆت گۇۋاھچىنى تارتىپ چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 18 قامچا ئۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 24:4)

● ھاراق ۋە قىمار ھارامدۇر، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. (قۇرئان 2:219 ، 5:90)

● ئوغرۇلۇق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 5:38)

● قاتىللىق دىلولىرىدا قانغا قان، جانغا جان ئېلىش بەلگىلەنگەن. ئەمما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ تۇققانلىرى قوشۇلسا، پۇل بىلەن بەدەل تۆلىسىمۇ بولىدۇ. (قۇرئان 2:178)

● ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە قارشى تۇرۇپ قالايمىقانچىلىق تېرىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇلار كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ياكى پۇت-قوللىرى كېسىلىدۇ، ياكى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. (قۇرئان 5:33)

● ئاللا شەھەرلەردىكى دۈشمەنلەردىن تارتىۋېلىپ مۇھەممەتكە بەرگەن مال-مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ يېقىن توققانلىرىغا، ھەمدە يېتىم-يېسىر، يوقسۇل، مۇساپىرلارغا تەئەللۇقتۇر. (قۇرئان 59:7)

● قۇرئاندا ئۆسۈملۈك قەرز (جازانە) توغرىسىدىكى تەلىم تۆت قېتىم «ۋەھى» قىلىنغان.

○ سىلەر جازانە يېيىش ئۈچۈن قەرز بەرگەن پۇلنى باشقىلار ئارقىلىق كۆپەيىدۇ دەيسىلەر، لېكىن ئۇ ئاللانىڭ ئالدىدا كۆپەيمەيدۇ. بىراق ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بەرگەن زاكات پۇلۇڭلار ھەسسىلەپ قايتۇرۇلىدۇ. (قۇرئان 30:39)

- بۇ ئايەتتە باشقىلارغا ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش چەكلەنمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ئورنىغا زاكات بېرىشنىڭ ئاللانى خۇرسەن قىلىدىغانلىقى ۋە ھەسسىلەپ پايدا ئالالايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

○ ئاللا يەھۇدىلارنى بۇرۇن يېيىشكە يول قويغان نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەردىن چەكلىۋەتكەن، چۈنكى ئۇلار جازانە يەپ چەكلەنگەن ئىشنى ۋە باشقا يامان ئىشلارنى قىلغان. (قۇرئان 161،160:4)

- بۇ ئايەت «چەكلەنگەن» دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما ئۆسۈملۈك قەرزنى چەكلەش توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارمىغان.

○ مۇسۇلمانلار ھەسسىلىنىپ كەتكەن جازانىنى يىمەڭلار. (قۇرئان 3:130)

- بۇ ئايەتتە نەچچە ھەسسە قاتلىنىپ كەتكەن يوقىرى ئۆسۈمنى يىمەڭلار دىيىلگەن، ئەمما ھەرقانداق ئۆسۈمنى يىسە بولمايدۇ دىيىلمىگەن.

○ جازانە يىگەن ئادەم جىن چاپلاشقان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئاللا جازانە يىيىشنى چەكلەيدۇ. مۇسۇلمانلار جازانە يىيىشتىن ۋاز كىچىشى كىرەك. بولمىسا ئاللا ۋە مۇھەممەت ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالسۇن. (قۇرئان 279-2:275)

- بۇ ئايەتتە ئۆسۈم يىيىش مۇتلەق چەكلەنگەن.

○ ئۆسۈمگە ئائىت تۈزۈمنىڭ بارغانسىرى چىڭىپ كىتىشىنىڭ سەۋەبى، مۇھەممەت دەسلەپ مەككىدە دىن تارقاتقاندا، مۇسۇلمانلارنى باشقۇرىدىغان ئەمىلى كۈچى بولمىغاچقا، قانۇن چىقىرالمايتى. ئەمما كىيىن مەدىنىگە بىرىپ ھوقوققا ئىگە بولغاندىن كىيىن پۈتۈن جەمىيەتنى كونترول قىلغان.

○ قەرز بىرىپ ئۆسۈم ئالماسلىق ھازىرقى زامان بانكا تۈزىمى بىلەن ماسلاشمايدۇ.

● قۇرئان قانۇن جەھەتتە مۇكەممەل بولمىغاچقا، شەرىئەت قانۇنى كىيىن تولۇقلىنىپ مىڭىلغان. شەرىئەتتە بىر ئادەمنىڭ ئاللاغا، باشقىلارغا ۋە ئۆزىگە قىلىشقا تىگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلىرى بەلگىلەنگەن.

● شەرىئەتكە ئاساسلانغاندا، ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنمەي، ئۇلارغا قارشى گەپ-سۆزلەرنى قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بىرىلىدۇ.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە بولغان مۇئامىلە

ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا، مۇسۇلمان ئەمەسلەر (كاپىرلار) ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا بولۇپ، ئىجتىمائى ئورنى مۇسۇلمانلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ئىسلامدا ئۇلار توغرىلىق تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر بار.

### خەلىپە ئۆمەر قانۇن-نىزاملىرى

● مۇسۇلمان ئەمەسلەر ناھايىتى ئىغىر باج -جىزيە تاپشۇرىشى كىرەك (قۇرئان 9:29)، يەنە يەر بىجمۇ تاپشۇرىدۇ.

● ئەسكەرلىككە قۇبۇل قىلىنمايدۇ.

● يىڭى ئىبادەتخانىلارنى سىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت كونىلىرىنى ئوڭشاپ ئىشلەتسە

بولىدۇ، ئەمما چوڭقايتىشقا بولمايدۇ.

● مەسھىيلەر چىركاۋنىڭ ياكى ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كرېست ئورناتسا بولمايدۇ.

● ئاشكارا يىغىلىپ دىنى پائالىيەت قىلىشقا بولمايدۇ.

● سالغان ئۆي-ئىمارەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىدىن ئېگىز بولسا بولمايدۇ.

● كېيگەن كىيىملىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بولسا بولمايدۇ، ئادەتتە پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەرنى تاقىۋېلىشى كېرەك.

● ئات مىنىشكە بولمايدۇ، پەقەت ئېشەك ۋە خېچىر مىنىشكىلا بولىدۇ.

● ھەرۋاقىت مۇسۇلمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىشى، ئۇلارغا يول بېرىشى، ئورۇن بېرىشى كېرەك.

## ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرى:

● مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئېتىقاتىنى تەشۋىق قىلىشقا بولمايدۇ.

● يوقىرى ئاۋازدا دۇئا قىلىشقا ۋە قىرائەت قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ قالسا بولمايدۇ.

● دىنى كىتاپلىرىنى ئاشكارا سېتىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىلا تارقاتسا بولىدۇ.

● رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت، ژورنال ياكى باشقا تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنى مۇراسىملىرىنى خەۋەر قىلسا بولمايدۇ.

● سوتتا بەرگەن گۇۋاھلىقى مۇسۇلمانلارنىڭكى بىلەن باراۋەر ئەمەس.

● ئۆزلىرىنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

● ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا قامىلىپ چەتكە قېقىلىدۇ، سىياسى ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەردە چەكلىنىپ، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ.

## يەنە مۇنداق بەلگىلىمىلەر بار:

● مۇشرىكلار مەسچىت ھەرەمگە يېقىنلاشسا بولمايدۇ. (قۇرئان 9:28)

● ئەگەر بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:283 ، 9:83:50)

● بىراق، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئەمەس ئادەم بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتسە، شەرىئەتتە ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

• قۇرئاندىكى «ئاللا ھەرگىز ئىمانسىزلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن بولۇشقا يول قويمايدۇ» دىگەن ئايەتكە ئاساسەن (قۇرئان 4:141)، بىر شىركەتنىڭ مۇسۇلمان خوجايىنى مۇسۇلمان ئەمەس بىر ئادەمنى شىركەتتىكى باشقا مۇسۇلمانلارغا باشلىق قىلسا بولمايدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىززەت-ئابرويى بولمايدۇ (قۇرئان 63:8).

• يەھۇدىلار ۋە مەسىھيلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51)

• مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن مۇھەببەتلىششكە بولمايدۇ. (قۇرئان 58:22)

• مۇھەممەت مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرەبىستاندىن قوغلاپ چىقىرۋەتمەكچى بولغان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:393)

• مۇسۇلمانلار ئىگەللىگەن رايونلاردا ھۆكۈمەت سىياسى، ئىقتىسادى، مەدىنىيەت جەھەتلەردە بېسىم سېلىش، ئەل ئىچىدىكى ئەسەبى كۈچلەر تەھدىت سېلىش، ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق زوراۋان ۋاستىلەر ئارقىلىق، باشقا دىنى ئېتىقاتتىكىلەرنى ئاساسى جەھەتتىن يوقىتىۋىتىدۇ (ئۇلار يا بېسىمغا چىدىماي ئىسلامغا كىرىدۇ، ياكى كۆچۈپ كىتىدۇ). تارىختا شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن ئوتتورا شەرق ۋە شىمالى ئافرىقىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدىغان دۆلەتلەردە، تىرورلۇق ھوجۇم ۋە زوراۋانلىقلار سەۋەبىدىن نۇرغۇن مەسىھيلەر (شۇنداقلا مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەر) بۇ رايونلاردىن كۆچۈپ كىتىۋاتماقتا.

## ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرگە بولغان مۇئامىلە

ئەسلى مۇسۇلمان بولۇپ (ھەتتا ئاتا-ئانىسى مۇسۇلمان بولۇپ) كىيىن ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەنلەر، ياكى باشقا دىنلاردىن ئىسلام دىنىغا كىرىپ كىيىن يېنىۋالغانلار، ئىسلام دىنىدا خائىن، مۇناپىق دەپ ھاقارەتلىنىدۇ.

ئىسلام شەرئىتى يۈرگۈزۈلگەن جايلاردا دىنى ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر تۈرمىگە سولىنىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە دىنى سىستىما بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن چىقىپ كىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. دىنى ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتكەنلىك ئاشۇ گەۋدە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆزگەنلىك ۋە ئۇنىڭغا بولغان سادىقلىقنى يوقاتقانلىق بىلەن باراۋەر دەپ قارىلىدۇ.

## قۇرئاندىكى تەلىملەر

• ئەگەر داداڭلار ياكى ئاكا-ئىنىڭلار ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈڭلار. (قۇرئان 9:23)

• ئىسلامدىن چىكىنىپ كەتكەنلەر بىلەن دوست بولماڭلار، ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 4:89)

• ئەھدىلىشىپ بولۇپ كېيىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار ۋە ئىسلامغا ھاقارەت كەلتۈرگەنلەرگە جازا يۈرىشى قىلىڭلار. (قۇرئان 9:12)

• ئاللا مۇھەممەتنى ئىسلامغا كىرىپ كېيىن يېنىۋالغانلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ۋە ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇغان. (قۇرئان 74،9:73)

• ئۇلار ئاللا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ، پۈتۈن پەرىشتىلەر ۋە ئىنسانلار ئۇلارنى قارغايدۇ. (قۇرئان 87،3:86)

• ئاللا ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا قەۋمنى تاللايدۇ. (قۇرئان 5:54)

• ئۇلار ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 16:106)

• ئۇلارنىڭ قىلغان تۆۋىلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. (قۇرئان 3:90)

• ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى بۇ دۇنيا ۋە ئۇدۇنيادا پۈتۈنلەي ئىناۋەتسىزدۇر. ئۇلار مەڭگۈ دوزاقتا قالىدۇ. (قۇرئان 2:217)

## مۇھەممەتنىڭ تەلىملىرى

• ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئىسلامدىن چىكىنىپ، ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:260 ، 9:83:17،37 ، 9:84:57،58،64 ، 9:89:271)

• ئىسلامدىن يېنىپ كەتكەنلەرنى قەيەردە كۆرسەڭلەر، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۆلتۈرگۈچى (قاتىل) قىيامەت كۈنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:84:64)

## شەرىئەتتىكى باشقا بەلگىلىمىلەر

• خەلىپە ئابابەكرى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشنى دۆلەتكە ئاسيلىق قىلىش دەپ ھېساپلىغان.

• ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئەرلەرگە ئالدى بىلەن خىزمەت ئىشلەش كېرەك، يەنى تەربىيە قىلىش ياكى تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئامال بار

ئۇلارنى ئىسلامغا قايتۇرۇپ ئەكىلىش كېرەك، ئەگەر ئۇچ كۈنگىچە قايتمىسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

• ئىسلامدىن يېنىپ كەتكەن ئاياللارنى تۈرمىگە سولاش كېرەك، تاكى ئۇلار ئىسلامغا قايتمىغىچە بىر ئۆمۈر تۈرمىدە ياتىدۇ.

• ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ نىكاھى بىكار بولىدۇ.

ھازىرقى مەدىنىيەتلىك دەۋرىمىزدىمۇ شەرىئەتنى يولغا قويۇۋاتقان ئىسلام ئەللىرى ھېلىھەم مەۋجۇد، ھەتتا شەرىئەتنى يولغا قويمىغان ئىسلام ئەللىرىدىمۇ، كۆپىنچە مۇسۇلمانلار ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەرنى يەنىلا ھاقارەتلەيدۇ، چەتكە قاقىدۇ، بېسىم ئىشلىتىدۇ، ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، تەھدىت سالىدۇ، قارغايدۇ، قاماپ قويىدۇ، ئۇرىدۇ، ھەتتا زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئۆز جەمەتىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلالمايدۇ، ئاتا-ئانىسى، جۆرىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئىشتىن ھەيدىلىدۇ، خىزمەت تاپمىقى تەس بولىدۇ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا يول قويىدۇ، ھەتتا ھۆكۈمەتمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلمايدۇ.

ئىسلامنىڭ مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىقى سەۋەبىدىن، ئىسلام جەمىيىتىدە ياشاۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر گەرچە ئىسلام دىنىغا چىن قەلبىدىن ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما يالغاندىن بولسىمۇ مۇسۇلمان بولىۋالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتكەنلەرمۇ كۆپىنچە ئۆزىنى ئاشكارلىمايدۇ.

• بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسىنىڭ 18-ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە، ۋىجدان ۋە دىنى ئەركىنلىك ھوقوقى بولىدۇ. بۇ ھوقۇق ئادەملەرنىڭ ئۆز دىنى ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يالغۇز ياكى توپلىشىپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن، ئۆزىنىڭ دىنى ئەقىدىسى، ئەمىلىيىتى، ئىبادىتى ۋە قائىدىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئېتىقاتىنى نامايەن قىلىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» . ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭ بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر

• ئەيسا مەسىھ كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىش ياكى ئەگەشمەسلىكنى ئەركىن ھالدا قارار قىلىشىغا يول قويىدۇ (يۇھاننا 6:60-68)؛ ئۇ ئۆزىگە ئەگەشمەكچى بولغانلاردىن بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدەلنى ۋە جان-دىلى بىلەن ئەگىشەلەمدۇ يوق دىگەننى ياخشى ئويلىنىپ بېقىشنى سورايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،

ئەگەشمىگىنى ياخشى دەپ قارايدۇ (لۇقا 62ـ9:57).

● خۇدا ئادەملەرنى ئۆزىگە ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم خۇدادىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولسا، ئۇ ئۆزى ئەركىن قارار قىلسا بولىدۇ. ئەمما خۇدا يەنىلا ئۇ ئادەمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھەرۋاقىت ئۇنىڭ يېنىپ كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ. (لۇقا 32ـ15:11)

## ئىسلام دىنى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى پەرقلەر

| No | مەسىھ ئېتىقاتى | ئىسلام دىنى |
|---|---|---|
| 1 | مەسىھ ئېتىقاتىدا «مەسىھ دۆلىتى» دەيدىغان ئۇقۇم يوق. مەسىھىيلەرنىڭ نىشانى پۈتۈن دۇنيانى «مەسىھىيلەشتۈرۈش» مۇ ئەمەس. | ئىسلام دىنىدا «ئىسلام دۆلىتى» دەيدىغان ئۇقۇم بار. مۇسۇلمانلارنىڭ نىشانى پۈتۈن دۇنيانى «ئىسلاملاشتۇرۇش». |
| 2 | مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ مۇھىم نوقتىسى «كىرىست» بولۇپ، ئەيسا مەسىھ قۇربان بولۇپ تىرىلگەندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتىرىلگەن. ئۇ بۇ ئارقىلىق يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى ئەرشتىكى خۇدانىڭ دۆلىتىگە (جەننەتكە) ئېلىپ بارالايدىغانلىقىنى نامايەن قىلغان. | ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم نوقتىسى «ھىجرەت» بولۇپ، مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان مۇھەممەت سىياسى ھوقۇقتا ئېرىشكەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بىر ئىلاھى ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقماقچى بولغان. |
| 3 | ● مەسىھىيلەرنىڭ خۇش خەۋەر تارقىتىشى دىنى «ئىمپىرىيە» قۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس. خۇدانىڭ دۆلىتى مەسىھىيلەرنىڭ قەلبىدە ۋە ئۆزئارا مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسىتىۋاتقان مەسىھ جامائىتىدە نامايەن بولىدۇ.<br>● مەسىھىيلەر ئەرشنىڭ پۇقرالىرىدۇر. (فىلىپىلىكلەر 3:20)<br>● ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ دۆلىتى | ● ئىسلام دىنى بىر خىل ئىجتىمائى ـ سىياسى تۈزۈلمە بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە مەلۇم بىر روھى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى. ئىسلام قانۇنى (شەرىئەت) دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، جەمىيەتنى تەشكىللەيدىغان ئاساستۇر. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەرتىپكە سالىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش ئۇسۇلىنى بېكىتىدۇ. ھەر بىر |

| | | |
|---|---|---|
| | بىلەن قەيسەرنىڭ (ئادەمنىڭ) دۆلىتىنى ئايرىۋېتىڭلار دېگەن.<br>(مەتتا 22:21،22 ، ماركوس 12:17) | مۇسۇلمان ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىلىرىگە مۇتلەق بويسۇنىشى، ئىسلامنىڭ دىنى قائىدە-تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك.<br>● ئىسلام دىنى بېسىۋالغان رايونلاردا، يەرلىك مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش شەكلى، ھەتتا مىللى تىل-يېزىق يوقىتىلىپ، مەجبۇرى ئىسلاملاشتۇرىلىدۇ. |
| 4 | ● تەۋرات قانۇنى پەقەتلا ئادەمگە گۇناھنى تونۇتىدۇ، ئەمما ئىنسان قەلبىنى ئۆزگەرتىپ گۇناھنى يۇيالمايدۇ. (رىملىقلار 3:20)<br>● ئىنساننىڭ جىسمانى تىنى ئاجىزدۇر (رىملىقلار 8:3)، ئادەم ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ خۇدانىڭ ھەققانىيلىقىنىڭ مۇكەممەللىك تەلىپىگە ھەرگىز يېتەلمەيدۇ.<br>● ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغاندىلا، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئىنسانى تەبىئىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ، ھەمدە گۇناھنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزىدۇ.<br>● دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلار قورال كۈچى ۋە قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق خۇدانىڭ ھاكىمىيىتىنى ياكى غايىۋى بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ.<br>● پەقەت ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ دۇنيانى ئىدارە قىلغاندىلا، ئاندىن | ئىسلام دىنىدا ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشى بولۇپ، پەقەت ئۇلارغا ئاللانىڭ قانۇنى بىلىملىرىنى (شەرىئەتنى) ئۆگەتسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپلا قالماستىن، يەنە قىيامەتتىكى سوراقتا ئۇنى توغرا ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىسلامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسى-ھاكىمىيەت كۆرىشى، مەزھەپلەر ئارا ئۇرۇش-جېدەل ۋە قان تۆكۈشلەر، مۇستەبىتلىك ۋە ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ ئاياللارنى خارلاش، زوراۋانلىق بىلەن ئاجىز خەلقلەرنى بېسىۋېلىش قاتارلىقلار، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەينەتچىلىك، ئاجىزلىق، ئادالەتسىزلىك ۋە رەھىمسىزلىكنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| | مۇكەممەل ۋە گۈزەل بولغان غايىۋى جەمىيەتنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. | |
| 5 | خۇدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېكايىلەر بىلەن مەسىھىيلەرگە ۋەدە قىلىنغان بولۇپ، مەسىھىيلەر چوقۇم ئازاپ-ئوقۇبەت تارتىشى كېرەك. ئەمما ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقلار پەقەت بۇ ھاياتنىڭ بىر تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت ئەمەستۇر. | ئىسلام دىنىدا «مۇۋەپپەقىيەت ئىلاھىيەتشۇناسلىقى» غا ئوخشاپ قالىدىغان تەلىملەر بار. يەنى ئاللاغا بويسۇنسىلا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ دېگەندەك. |
| 6 | ئىنجىلدا، زامان ئاخىرىدا ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى مەيدانغا چىقىدۇ، چوڭ بالايى-ئاپەتلەر يۈز بېرىدۇ، شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاندىن ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ دېيىلگەن. | بەزى مۇسۇلمانلار، قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، شەرىئەت قانۇنىنى يولغا قويىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. |

11 ـ قسم

# جهاد

# جىھاد ئۇرۇشى

## ئىسلامدىكى تەلىملەر

• قۇرئاندا، ئاللانىڭ ئىسلام دىنىنى باشقا ھەممە دىنلاردىن غالىب كىلىشى ئۈچۈن مۇھەممەتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى ئېيتىلغان. (قۇرئان 9:33 ، 48:28)

• ئىسلام دىنىدا دۇنيا ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زىمىنلار «تىنچلىق رايونى» (Darul Salam)، كاپىرلارنىڭ زىمنى «جەڭ رايونى» (Darul Harb) دەپ ئاتالغان. بۇنداق دىگەنلىك، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كاپىرلارنىڭ زىمىنىغا قارىتا ئۇرۇش قوزغىسا بولىدىغانلىقى، ئۇلارغا تىنچ-خاتىرجەملىك بەرمەسلىك كىرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
(ئەملىيەتكە قارىساق، ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۇرۇش-جىدەل ۋە قالاقلىق قاپلىغان، ئەكسىچە مۇسۇلمانلار ئاز ياكى يوق دۆلەتلەردە تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يوقىرى)

## جىھادنىڭ مەنىسى، مەقستى، ئۇسۇلى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى

• جىھاد- ئاللانىڭ يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىش، ئىسلامنىڭ زىمىنىنى كېڭەيتىش، كاپىرلار كونتروللىقىدىكى رايونلارغا تاجاۋۇز قىلىش، قورال كۈچى ۋە باشقا بارلىق ۋاستىلەر بىلەن ئىسلامنى رەت قىلغان ئادەم ۋە خەلىقلەرگە ھوجۇم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر مۇسۇلماننىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە قارشى كۆرەش قىلىشىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

• جىھادنىڭ مەقستى، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام بىلەن بويسۇندۇرۇش، بارلىق كاپىرلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ زىمىنىنى ئىسلام رايونىغا ئايلاندۇرۇش، پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنى مۇسۇلمان قىلىش. جىھادنىڭ مەقستى ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈنلا ئەمەس.

• بۇ مەقسەتكە يىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ھەرقانداق ۋاستە قوللىنىشتىن يانمايدۇ. بۇ ۋاستىلەر دىنغا دەۋەت قىلىش، تەھدىت سېلىش، تىرورلۇق، ئالدامچىلىق، ئۇرۇش قاتارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

• ئىسلام دىنى تارىختا ئاساسلىقى جىھاد ئۇرۇشى ئارقىلىق تىز سۈرئەتتە كېڭەيگەن. بىراق يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار پەن-تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ھەربى ئىشلاردا ئوموميۈزلۈك كەينىدە قالغاچقا، ھەمدە دۇنيادىكى چوڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بېسىمى بولغاچقا، ئۇرۇش ۋاستىسىنى قوللىنالمايۋاتىدۇ. لىكىن تىرورلۇق، تەھدىت سېلىش، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئۇسۇللار يەنىلا مەۋجۇد. ئۇندىن

سرت ئەرەپ ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدە يۇختا تەربىيىلەنگەن، ئىنجىلنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق مەسىھىيلەرنى قانداق ئېزىقتۇرۇشنى ئوبدان بىلىدىغان دىن تارقاتقۇچىلار توپ-توپى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتىلىپ، شۇ جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلار ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرنى ئىسلاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

## جىھادنىڭ كېلىپ چىقىشى

● مۇھەممەت دەسلەپ دىن تارقاتقاندا، يەھۇدىيلار بىلەن مەسىھىيلەرنى چوقۇم ئۆزىگە ئەگىشىدۇ دەپ ئويلىغان، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ قوبۇل قىلغان «ۋەھىسى» بىلەن ئۇلارنىڭكى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى بىر خۇدادىن كەلگەن. شۇڭا ئۇ يەھۇدىيلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، باشتا يېرۇسالىمنى دۇئا قىلغاندا يۈزلىنىدىغان قىبلە دەپ جاكارلىغان، ھەمدە يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان. بىراق يەھۇدىيلار ئۇنىڭ «ۋەھىسى» دىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت يەھۇدىيلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. ئۇ قىبلىنى مەككىگە ئۆزگەرتىپ، ئەرەپ مەدىنىيىتىنى ئاساس قىلغان يېڭى بىر ئېتىقات مەركىزىنى قۇرۇپ چىققان. كېيىن ھەتتا مۇسۇلمانلارنى قوزغۇتۇپ يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈشنى، تاكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە جەڭ قىلىشنى بۇيرىغان.

● مۇھەممەت مەككىدە دىن تارقىتىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا دىنى كەڭچىلىكنى كۆپرەك تەكىتلىگەن بولۇپ، قۇرئاندىكى خاتىرلەرگە ئاساسلانغاندا،

**ئاللا مۇھەممەتكە مۇنداق «ۋەھى» قىلغان:**

○ دىندا زورلاش يوق دېگەن. (قۇرئان 2:256)

○ ياخشى پەزىلەتلىرىڭ بىلەن باشقىلارنى قايىل قىلىپ ئۆزگەرتكىن. (قۇرئان 41:34)

○ ئەگەر ئەھلى كىتاپلار (يەھۇدىيلار ۋە مەسىھىيلەر) سەن بىلەن مۇنازىرلەشسە، ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىڭنىڭ ئاللاغا بويسۇنغانلىقىنى ئېيتقىن. ئەگەر ئۇلار رەت قىلسا، ئۆزۈڭنىڭ پەقەت ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش مەسئۇلىيىتىڭنىڭ بارلىقىنىلا ئېيتىپ قويغىن. (قۇرئان 3:20)

○ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى كەچۈرۈەتكىن، ئۇلارغا «ئامان بولۇڭلار» دېگىن. (قۇرئان 43:88،89)

○ باشقىلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە سەۋر-تاقەت قىلغىن، ئۆزۈڭنى مۇلايىملىق بىلەن

ئۇلاردىن چەتكە ئالغىن، ئۇلارغا كەڭ قوساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن. ئىسلامنى رەت قىلغانلارنى ئاخىرىدا ئاللا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 73:10، 11)

○ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتكىن. (قۇرئان 52:45)

○ باشقىلارنى مەجبۇرلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 10:99)

○ مۇلايىملىق بىلەن باشقىلارنى كەچۈرۈۋەتكىن. (قۇرئان 15:85)

○ يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرغىن. (قۇرئان 23:96)

## مۇسۇلمانلارغا مۇنداق تەلىم بەرگەن:

○ باشقىلارغا ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭلار. (قۇرئان 2:83)

○ ئەقىل ۋە ياخشى گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىڭلار، ئەڭ ياخشى پوزىتسىيەدە ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىڭلار. (قۇرئان 16:125)

○ سەۋر-تاقەت قىلىڭلار، باشقىلار ئۇچۇن ئازاپلىنىپ غەم يىمەڭلار. (قۇرئان 16:126، 127)

○ باشقىلارنىڭ قىلغان تۆھمەتلىرىگە سەۋر-تاقەت قىلىڭلار. (قۇرئان 20:130)

○ قىيامەتتىكى ئاللانىڭ جازاسىدىن قورقمايدىغانلارنى كەچۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 45:14)

○ باشقىلارغا چېچىلىپ قايىنماڭلار. (قۇرئان 19:84)

○ ئەسىرلەرگە ياردەم بېرىڭلار. (قۇرئان 9،8 :76)

## مەسىھىيلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى:

● مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار يەھۇدىلار ۋە مۇشرىكلاردۇر. مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر مەسىھىيلەردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن دىنى ئۇستازلار ۋە ئۆزىنى خۇداغا ئاتىۋەتكەن مۇناخلار بار. ئۇلار هاكاۋۇرلۇق-چوڭچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرگە چۈشكەن ۋەھىلەرنى ئاڭلىغاندا، ھەقىقەتنى بىلگەنلىكتىن كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاقىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنگەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. خۇدا ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. (قۇرئان 85-82:5)

- بۇ ئايەتتىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، مۇھەممەت دەسلەپ مەسىھىيلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى تارقاتقاندا، بىر قىسىم مەسىھىيلەر ئۇنىڭغا ئىشەنگەن،

ھەتتا ئۇنى قوللىغان. چۈنكى مۇھەممەتنىڭ دەسلەپكى تەلىملىرى ئىنجىلدىكى تەلىملەرگە ئوخشىشىپ قالاتتى.

### جىھادقا دائىر تەلىملەرنىڭ پەيدا بولىشى:

● مۇھەممەت مىلادى 622 ـ يىلى مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىشتىن (ھىجرەت قىلىشتىن) بۇرۇن، ئۇنىڭ مەككىدىكى تەسىر كۈچى ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، ئاران نەچچە ئون ئەگەشكۈچىسىلا بار ئىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ھەتتا ئافرىقىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى مەسىھىيلەرنىڭ دۆلىتى ئابىسىنىيەگە (ھازىرقى ئېفىئوپىيەگە) ئىككى قېتىم قېچىپ بېرىپ پاناھلانغان (مىلادى 615 ـ 616 ـ يىللىرى). ئاشۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە «ۋەھى» قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ئىچىدە جىھاد ئۇرۇشى ياكى ھەرقانداق زوراۋانلىققا ئائىت مەزمۇنلار يوق بولۇپ، ھەتتا قوغدىنىش توغرىلىقمۇ سۆزلەنمىگەن.

● بىراق مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن ھەممە ئىش ئۆزگەرگەن، يوقۇردا كۆرسىتىلگەن ئايەتلەرمۇ كېيىنچە «نازىل» بولغان ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىققا ئائىت ئايەتلەر تەرىپىدىن «مەنسۇخ» (ئىناۋەتسىز) قىلىۋېتىلگەن.

● مىلادى 622 ـ يىلى مۇھەممەت مەككىنىڭ شىمالىدىن 350 كىلومىتىر كېلىدىغان جايدىكى مەدىنىگە كۆچۈپ بارىدۇ، بۇ ئىسلام تارىخىدا «ھىجرەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇھەممەت مەدىنەلىكلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ كۈچىيىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىھاد ۋە زوراۋانلىققا ئائىت ۋەھىلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە «ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلار قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىجازەت قىلىندى» دىگەن ئايەت چۈشىدۇ (قۇرئان 22:39)، كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى كۈچەيگەنسىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇرۇش قوزغاشقا ئائىت ئايەتلەر كۆپىيىدۇ، مەسىلەن:

● جىھاد ئۇرۇشى سىلەرگە پەرز قىلىندى. (قۇرئان 2:216)

● كاپىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 4:144)

● ئاللا ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:216،244 ؛ 3:13،167 ؛ 4:75،76،84 ؛ 5:35 ؛ 8:60،65 ؛ 9:41،86)

● ئاللا ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش كېرەك. (قۇرئان 2:217)

● ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىنى سەرپ قىلىپ جەڭ قىلىش كېرەك. (قۇرئان 4:95 ؛ 8:60،72 ؛ 9:20،41 ؛ 49:15 ؛ 61:11)

● جىھاد ئۇرۇشى ئاللانىڭ مۇسۇلمانلارنى سىنىشىدۇر، ئۇ بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى كۆرەش قىلغۇچىلار ۋە چىدامچانلارنى تونۇيدۇ. (قۇرئان 47:31)

● ئاللا جەڭ ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بولىدۇ. (قۇرئان 47:35)

• ئەبۇ بەسىرنىڭ توپىدىكى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ كارۋىنىغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، ماللىرىنى بۇلاپ كىتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2731، 2732)

• مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئاللانىڭ بۇيرىقى بۇيىچە ئىنسانلار بىلەن كۆرەش قىلغىلى كەلگەنلىكىنى، تاكى ئۇلار مۇسۇلمان بولغۇچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:25، 392، 393؛ 4:52:196)

• مۇھەممەت مۇنداق دىگەن: ئەگەر ئۈممەتلىرىمگە قىيىنچىلىق ئەكىلىشىنى ئويلىمىغان بولسام، مەن چوقۇم ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغان بولاتتىم، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە شۇنداق قىلاتتىم، ئاندىن تىرىلەتتىم، ئاندىن يەنە باتۇرلارچە جەڭ مەيدانىدا ئۆلەتتىم. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:36؛ 4:52:216؛ 9:90:332، 333)

• ئەڭ ياخشى مۇسۇلمانلار زەنجىر بىلەن كاپىرلارنىڭ بوينىنى باغلاپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلەردۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:80)

• ئىسلامنى يوقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن جەڭ قىلغانلار، ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغانلاردۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:65؛ 4:53:355)

• مۇھەممەت مۇشرىكلارنىڭ ھەممىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن قوغلاپ چىقىرۋىتىمەن دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:288؛ 5:59:716)

## ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى:

• ئاللا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (قۇرئان 61:4)

• ئۇلار ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغانلاردىن بىر دەرىجە يوقىرى بولىدۇ، ئەڭ ياخشى مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ، ئاللانىڭ كەچۈرۈمى ۋە شەپقىتىگە ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 4:95، 96)

## جىھاد قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدا:

• ئۇلار گەرچە جەڭدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، لىكىن ئەمىلىيەتتە ئۆلمەيدۇ، ئۇلار شىھىد بولغاندىن كىيىن ئاللانىڭ يېنىدا زور ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 3:169)

• خۇدادىن كەلگەن كەچۈرۈم ۋە شەپقەت، ئۇلارنىڭ توپلىغان مال-مۈلكىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر. ئۇلار خۇدانىڭ ھوزورىغا بارىدۇ. (قۇرئان 3:157، 158)

• ئاللا ئۇلارغا زور مۇكاپات بېرىدۇ (قۇرئان 4:74، 77 ، 8:60)؛ ئۇلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، ھاياتى ۋە مال-مۈلكى بىلەن ئاللانىڭ جەننىتىنى تىگىشىدۇ. (قۇرئان

(61:12 ، 9:111

• ئاللا ئۇچۇن جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان ئادەم ھەرگىز دوزاقنىڭ ئوتىدا كۆيمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:66)

**جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشمىغانلار توغرىسىدا:**

• مۇسۇلمانلارنىڭ باھانە كۆرسىتىپ جەڭگە چىقماسلىقىغا روخسەت قىلىنمايدۇ. (قۇرئان 44-9:42)

• ئاللا ئۇلارنى قاتتىق جازالايدۇ. (قۇرئان 9:38،39)

• ئاللا ئۇلاردىن ۋاز كېچىدۇ. (قۇرئان 23-47:20)

• ئۇلارنى مۇسۇلمان دېگەندىن كۆرە، كاپىرلار دېگەن ياخشىراق. ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر ئەمەس. (قۇرئان 3:167،168)

• ئۇلار دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 96-9:93)

• ئۇلار ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 9:81،90 ، 48:16)

• جەڭدىن قاچقانلارغا ئاللانىڭ ھەزىپى ياغىدۇ، ئۇلار چوقۇم دوزاققا چۈشىدۇ. (قۇرئان 8:15،16)

**مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك**

• ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلەر شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاپ ھۇجۇم قىلىڭلار، يوشۇرۇن زەربە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئىسلامغا كىرىپ) ناماز ئوقۇسا، زاكات تۆلىسە، ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5 ، 48:16)

• توپلىشىپ ئۇلارغا ھوجۇم قىلىڭلار. (قۇرئان 9:36)

• ئەيزەب ئۇرۇشىدىن كېيىن، مۇھەممەت كاپىرلارغا ھوجۇم قىلىمەن دېگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:435)

• مۇھەممەت كېچىسى مۇشرىكلارغا ھوجۇم قىلىشقا يول قويغان، چۈنكى بۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە باللىرى خىيىم-خەتەر ئىچىدە قالىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:256)

• قىلغان ئەھدىسىدىن يېنىپ ئىسلامغا تۆھمەت قىلغانلارغا جازا ئۇرۇشى قوزغاش كېرەك. ئاللا مۇسۇلمانلار ئارقىلىق ئۇلارنى جازالايدۇ، ھاقارەتلەيدۇ، بويسۇندۇرىدۇ. (قۇرئان 14-9:12)

**مۇسۇلمانلارغا هوجۇم قىلغانلار توغرىسىدا:** (قۇرئان 194 ـ 2:190)

● ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىڭلار.

● ئۇلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.

● ئۇلارنى چىگرادىن قوغلاپ چىقىرۋېتىڭلار.

● مەسچىتى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماڭلار، تاكى ئۇلار ھۇجۇم قوزغىمىغۇچە. ئەگەر ئۇلار هوجۇم قوزغىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.

● زىيانكەشلىك يوقىتىلغىچە، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، دىن پەقەت ئاللا ئۈچۈندۇر.

● كىم سىلەرگە چىقىلغان بولسا، سىلەرمۇ ئۇخشاش ئۇسۇلدا ئۆچ ئېلىڭلار. (قانغا قان جانغا جان ئېلىش)

**ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر توغرىسىدا:**

● ئاللا ئۇلارنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سالىدۇ. (قۇرئان 3:151 ، 8:12)

● مۇھەممەت ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارغا ۋەھىمە سېلىش ئارقىلىق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:335،438 ، 4:52:220)

ـ تېرورلۇق، تېرورىزىم دىگەن سۆزلەر ئىنگلىزچىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى ۋەھىمە سېلىش دىگەنلىكتۇر.

● ئاللا مۇھەممەتكە، ئۇلارغا ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايسىلەر دەپ خەۋەر يەتكۈزگىن دەيدۇ. (قۇرئان 9:3)

● جەڭدە ئۇلارنى جازالاڭلار، ئەگەشكۈچىلىرىنى قوغلىۋېتىڭلار. (قۇرئان 8:57)

● ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار. (قۇرئان 66:9)

● قورال ۋە ئاتلار بىلەن جەڭگە تەييارلىنىڭلار، ئاللا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ۋە باشقا بارلىق دۈشمەنلەرگە تەھدىت سېلىڭلار. (قۇرئان 8:60)

● ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بارماقلىرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 8:12)

● ئۇلارغا ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. لىكىن ئەمىلىيەتتە سىلەر ئەمەس بەلكى ئاللا ئۇلارغا ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرگەن بولىدۇ. (قۇرئان 8:17)

● جەڭدە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار. غەلىبە قىلغاندىن كيىن قاپقالغانلىرىنى باغلاپ ئەسىرگە ئېلىڭلار. (قۇرئان 47:4)

• ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭلار، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ياكى جىزيە تۆلىگىچە. (قۇرئان 9:29:73)

• ئەتراپىڭلاردىكى كاپىرلارغا ھوجۇم قىلىڭلار، ئۇلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار. (قۇرئان 9:123)

• ئاللانىڭ ئاسماندىن بالايى-ئاپەت ياغدۇرۇپ ئۇلارنى قىيىنشىنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولى بىلەن جازالىشىنى ئۈمىد قىلىش كېرەك. (قۇرئان 9:52)

• مۇھەممەت ئۆزىنى ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن ئىنسانلارغا ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى، تاكى ئۇلار ئاللاغا ئىبادەت قىلغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:196)

## يەھۇدىلار ۋە مەسىھىلەر توغرىسىدا:

• ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىش، ئۆيلىرىنى بۇزۇۋېتىش، جازالاش. ھەتتا ئۇلارغا ھاقارەت كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەرەخلىرىنىمۇ كېسىۋېتىش. ئۇلارنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سېلىش. (قۇرئان 5-59:2)

• مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللادىنمۇ قورقۇنۇچلۇقتۇر. (قۇرئان 59:13)

• ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىڭلار، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە (بىر خىل ئېغىر باج) تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)

## ئەسىرگە چۈشكەنلەر توغرىسىدا:

• مۇھەممەت يەھۇدىلارنىڭ قۇرەيزا قەبىلىسىگە ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر قىسمىنى ئەسىر ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى، ئۆيلىرىنى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى تارتىۋالىدۇ. (قۇرئان 33:26،27)

• ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قىرىۋېتىش، ھەتتا ئۇلار بەدەل تۆلىسىمۇ قويۇۋەتمەي ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 8:67)

• مۇھەممەت تەسلىم بولغان قۇرەيزا قەبىلىسىنىڭ ئەسكەرلىرىنىمۇ قىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالىلىرىنى ئەسىرگە ئالىدۇ، ھەمدە ئۇ ئاياللار ۋە مال-مۈلۈكلەرنى ئەسكەرلىرىگە تەقسىملەپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە مەدىنەدىكى يەھۇدىلارنى قېرى-ئاجىز دېمەستىن ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:280 ، 5:59:362،443،444،447،448)

• مۇھەممەت خەيبەرگە ھوجۇم قىلىپ ئۇ يەرنى ئىگەللىگەندە، ئۇلارنىڭ

ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋىتىپ، ئاياللىرى ۋە باللىرىنى ئەسىرگە ئالدۇ. شۇ چاغدا مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشە: «بىز ئەمدى خورما يىيەلەيدىغان بولدۇق» دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:509،510،512،547،550)

## مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ ئولجىسى

• مۇسۇلمانلار جەڭدە قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمى ئاللاغا، مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ تۇققانلىرىغا، ھەمدە يىتىم-يىسىر، يوقسۇل ۋە مۇساپىرلارغا تەقسىملىنىشى كىرەك. (قۇرئان 8:1،41 ، 8-59:6)

• ئاللا جەڭدە چۈشكەن ئولجىلار بىلەن جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنى مۇكاپاتلايدۇ (قۇرئان 20-48:18)؛ ئۇلار جەڭ ئولجىلىرىنى يىسە بولىدۇ (قۇرئان 8:69).

• مۇھەممەتنىڭ دىيىشىچە ئاللا شۇنداق ۋەدە قىلغانكى، جىھاد ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇسۇلمان، ئەگەر ھايات بولسا ئاللا ئۇنى جەڭ ئولجىلىرى بىلەن مۇكاپاتلايدىكەن؛ ئەگەر شىھىت بولسا جەننەتكە ئەكىرىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:35 ، 4:52:46)

• جەڭدە چۈشكەن ئولجىلار مۇھەممەتكە ۋە مۇسۇلمانلارغا ھالالدۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:351،353)

- دىمەك جەڭدە باشقىلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋىتىپ، ئۇلارنىڭ ئايالى ۋە باللىرىنى قۇل قىلىش، ئۆي-زىمىن ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ بۆلىشىۋىلىش، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالالدۇر.

• ئاللا مۇھەممەتنى ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىدىن سىرت، جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى قۇل قىلىپ، ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىشقا يول قويغان. (قۇرئان 33:50)

• مۇھەممەتنىڭ دىيىشىچە، جىھاد ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە ساتقۇنلۇقتىن دىرەك بىرىدىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 269-267 :52 :4 )

## مۇسۇلمانلار كەلگۈسىدىمۇ داۋاملىق جىھاد قىلىدۇ

• مۇھەممەت مەككىنى بويسۇندۇرغاندىن كىيىن، ئىسلامنىڭ جىھاد ئۇرۇشى رەسمى باشلانغان. ئىسلام ھۆكۈمرانلىرى جىھاد ئۇرۇشىغا چاقىرىق قىلغاندا، مۇسۇلمانلار چوقۇم دەرھال ئاۋاز قوشىشى كىرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:79،311)

• مۇسۇلمانلار ھامان بىر كۈنى جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:56:792)

• ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە ۋەھى قىلىنغان بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: چەكلەنگەن ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنى قەيەردە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاپ ھوجۇم قىلىڭلار، يوشۇرۇن زەربە بېرىڭلار. ئەگەر ئۇلار تۆۋە قىلىپ ئۆزگەرسە،ھەمدە ناماز ئوقۇپ، زاكات تاپشۇرسا، ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5)

• مۇھەممەت ئۆلۈشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن: يەھۇدىلار ۋە مەسىھىيلەر ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىسۇن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:427،435،436)

• مۇھەممەتنىڭ بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلىرى جىھاد قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چۈشۈپ يىراققا يۈرۈش قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەھەرلىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ باققان. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:175)

• مۇھەممەت ۋە ئۆمەر مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق قىلىپ، كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە ھوجۇم قىلىڭلار، تاكى ئۇلار ئاللاغا ئىبادەت قىلغىچە ياكى جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر جەڭ قىلىڭلار- دېگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:53:386)

• خەلىپە ئابابەكرى پەرقلىق ناماز ئوقۇيدىغان ۋە زاكاتنى ئاز بەرگەنلەر بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئەگەر ئۇلار بۇرۇن مۇھەممەتكە تۆلىگەن نەرسىلەرنى ئابابەكرىگىمۇ تۆلىمىسە، ئۇ ئۇرۇش قوزغايتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:84:59)

• باشقا دىنىدىكىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىك ۋە ئۆچ ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا غايەت زور ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانغان.

**قۇرئان ۋە ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان جىھادقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ كۆرۈلۈش قېتىم سانى**

| سۆزلەر | قېتىم سانى |
|---|---|
| ئۆلتۈرۈش | 948 |
| جىھاد | 6898 |
| ئۇرۇش، جەڭ | 4258 |
| نەيزە بىلەن ھوجۇم قىلىش | 4854 |

| | |
|---|---|
| ئوقيا بىلەن ھۇجۇم قىلىش | 2400 |
| قان ئاققۇزۇش | 1951 |
| تاجاۋۇز قىلىش | 798 |
| بۇلاپ تارتىۋېلىش | 1189 |
| قېلىچ | 1511 |
| قەستلەپ ئۆلتۈرۈش | 710 |
| ۋەھىمە (تېرورلۇق) | 260 |
| يوقۇتۇش، ھالاك قىلىش | 159 |
| ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش | 177 |
| جەمئى | 35213 |

بەزى مۇسۇلمانلار مۇنداق دەيدۇ: ئىسلامنىڭ مەنىسى تىنچلىق دىگەنلىكتۇر، قۇرئاننىڭ 2-سۈرە 256-ئايىتىدە دىندا زورلاش يوق دىيىلگەن، مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىشى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ياكى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ غورورىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. ھەممە ئىشنى ئىسرائىلىيە، ئامېرىكا، غەرب ئەللىرى ۋە ياكى باشقا دۆلەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ...

● «ئىسلام» دىگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەرەپچە يېزىلىشى «سالام» دىگەن سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ، «سالام» نىڭ مەنىسى تىنچلىقتۇر. ئەمما «ئىسلام» نىڭ ئەسلى مەنىسى «بويسۇنۇش» دىگەنلىك بولىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نوقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقستى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش، ھەممە ئادەمنى مۇسۇلمان قىلىپ، كاپىرلارنى يوقىتىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەتتا جىھاد ئۇرۇشى قىلىپ، قان تۆكۈشتىنمۇ يانمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قوغداش ياكى تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەستۇر.

● قۇرئاندا گەرچە تىنچلىققا دائىر ئايەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇرۇش ۋە جەڭگە ئائىت نۇرغۇن ئايەتلەر بار. قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋالنىڭ كېلىپ

چىقىش سەۋەبى: مۇھەممەت مەككىدىكى ۋاقتىدا ئەگەشكۈچىسى ئاز، كۈچىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغدا «ۋەھى» قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدە ھېلىقى جىھاد ئۇرۇشىكەن ھەتتا ئۆزىنى قوغداش توغرىلىقمۇ ئايەت يوق ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇھەممەت كۆپرەك دىنى ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار دائىم مىسال كەلتۈرىدىغان قۇرئان 2-سۈرە 256-ئايەتتىكى «دىندا زورلاش يوق» دېگەندەك گەپلەر. بىراق مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئادەم توپلاپ كۈچىيىۋالدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا ئائىت يېڭى ئايەتلەر «ۋەھى» بولىدۇ. بۇ يېڭى ئايەتلەر بۇرۇنقى ئايەتلەرنى مەنسۇخ (ئىناۋەتسىز) قىلىۋېتىدۇ. ھىجرەتتىن كېيىن «ۋەھى» قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ، دەسلەپ پەيدا بولغانلىرى ئۆزىنى قوغداش، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ، ئەمما كېيىن مۇھەممەت كۈچەيگەنسېرى ئايەتلەرمۇ بارغانسېرى ھوجۇم خاراكتېرلىق ۋە زوراۋانلىققا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئەتراپتىكى باشقا خەلقلەرنى مەجبۇرى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنى جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاياللىرى، بالىلىرى، ئۆي-زېمىنى ۋە مال-مۈلكىنى بۇلاشقا قۇترىتىدۇ. (قۇرئان 2:216 ، 8:12 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 353، 4:53:351)

● بەزى كىشىلەر مۇھەممەتكە ئىشەنمەي، ئىسلام دىنىغا قارشى گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغاچقىلا، مۇھەممەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىش ھازىرقى بىر قىسىم ئەسەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان.

● مۇھەممەت دۇنيا ئاللاغا ۋە ماڭا مەنسۇپ دېگەن (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:85:77 ، 9:92:447) ؛ شۇڭا مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر ياشاۋاتقان زېمىنلارنىمۇ ئەسلىدە مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولىشى كېرەك دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ھەتتا بۇنىمۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق دەپ ئاتىۋالىدۇ.

● «ھىجرەت» تىن كېيىنكى مۇھەممەت، تۆت خەلىپە ۋە باشقا ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار مەدىنىدىن مەككىگە ھوجۇم قىلىدۇ، ئەتراپتىكى خەلقلەرگە جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ، ئىسلام دىنىنى پۈتكۈل ئەرەپ يېرىم ئارىلىغا كېڭەيتىدۇ، ئاندىن شىمالى ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبى ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردىمۇ قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق يەرلىك خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا مەجبۇرى كىرگۈزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىدۇر.

● ئىسلامنىڭ جىھاد ئۇرۇشى 1400 يىللارنىڭ ئالدىدا باشلانغان بولۇپ، تا ھازىرغا قەدەر داۋاملاشماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادقا دائىر تەلىملىرى مىلادى 622-يىلى مۇھەممەت مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن «ۋەھى» قىلىنغان قۇرئان

ئايەتلىرى ۋە مۇھەممەتنىڭ كاپىرلارغا قارشى قوزغىغان ھوجۇملىرىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ئۇرۇشىنى باشلىغان ۋاقتى يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرىشى، غەرپ ئەللىرىنىڭ يېقىنقى زامانلاردىكى مۇستەملىكىچىلىك قىلمىشلىرى ۋە ئامرىكا دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغىنىدىن مىڭ يىل بۇرۇن بولۇپ، ھەتتا ياۋروپالىقلارنىڭ يىرۇسالىمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىنمۇ 400 يىل بۇرۇنقى ئىشتۇر. دېمەك ھازىرقى بەزى ئەسەبىي مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىشى، جىھاد ئۇرۇشى قوزغىشى ۋە تېرورلۇق قىلمىشلىرىغا ئىسرائىلىيە، ئامرىكا، ياۋروپا ئەللىرى ۋە باشقا بىرەر دۆلەت ياكى مىللەت سەۋەپچى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىنلا شۇنداق ئەنئەنە باردۇر.

- ھازىرقى بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلام دۇنياسىنى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچراپ خېيىم-خەتەر ئىچىدە قالدى دەپ ئويلايدۇ. گەرچە كۆپ قىسىم مەسىلىلەر دىنى سەۋەپتىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئەنسىز كەيپىياتتا بەزى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قۇرئان، ھەدىس ۋە مۇھەممەتنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن يېتەرلىك ئاساس تېپىپ، «كاپىر-مۇشرىك» لارغا قارشى جىھاد ئۇرۇشى قوزغايدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، يەنە تېخى ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ.
- مۇسۇلمانلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 20% نى ئىگەللەيدۇ، ئەمما ئۇلار چېتىشلىق بولغان زوراۋانلىق، تېرورلۇق ھەركەتلىرى باشقا ھەرقانداق دىن ۋە مىللەتلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.
- 1948-يىلدىن 2007-يىلغىچە بولغان ئارلىقتا 11 مىليون مۇسۇلمان زوراۋانلىق توقۇنۇشلىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز بىر قىسمى ئىسرائىلىيە بىلەن ئەرەپلەر ئوتتورسىدىكى توقۇنۇشلاردا ئۆلگەن، مەسىلەن «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش» تا 35 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. ھالبۇكى 99% تىن ئارتۇق ئادەم ئىچكى توقۇنۇش ۋە مەزھەپ ئۇرۇشلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان «دىنداشلىرى» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
- يېقىن يىللاردا كۆتىرىلگەن ئىسلام قوراللىق كۈچلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرورلۇق ھوجۇملىرىنى قوزغىماقتا. ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن بولىشى مۇمكىن، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمى دىنى ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىققان ھوجۇم خاراكتىرلىق ھەركەتلەردۇر. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىسرائىلىيەلىكلەرگە، ئامرىكىلىقلارغا، ياۋروپالىقلارغا، مەسىھىيلەرگە، بۇددىستلارغا، ھىندىلارغا، ئاتېزىمچىلارغا (خۇداسىزلارغا)، مەيلى قېرى-ياش بولسۇن ياكى ئاجىز ئايال ۋە كىچىك باللار بولسۇن، قارقۇيۇق ھوجۇم قىلىۋېرىدۇ.

چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى يىرگىنىچلىك «كاپىر-مۇشرىك» لاردۇر. ئۇلار ھەتتا ئوخشىمىغان مەزھەپتىكى ۋە باشقىچە پىكىردىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ ھوجۇم قىلىدۇ.

● ئوساما بىن لادىن 1998-يىلى 2-ئاينىڭ 23-كۈنى Al-Quds al-'Arabi دا ئامېرىكىغا قارشى جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش توغرىسىدا باياناتت ئېلان قىلىپ، ئاخىرقى نىشانىنىڭ، ئامېرىكىنى ۋەيران قىلىش، بارلىق ئامېرىكىلىقلارنى قىرىۋېتىش، مەيلى ئەسكەر ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى قېرىلار ياكى باللار بولسۇن، ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

● پەلەستىن ئىسرائىلىيە مەسىلىسىدە، ھەر بىر زوراۋانلىق ھەركىتىنى ئېلىپ بارغۇچى ھامان ئۆز جىنايىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەيلى ئۇ پەلەستىنلىك ياكى ئىسرائىلىيەلىك بولسۇن.

● ئىسلام جىھاد تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەقىقى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىسلام دىنىنىڭ جىھاد ئۇرۇشىغا ئائىت تەلىملىرىدۇر. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى (ھەتتا ئىخلاسمەن بولمىغان مۇسۇلمانلارنى) مەغلۇپ قىلىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاستە تاللىماسلىقنى ئۆگىتىدۇ. بۇلار ئالدامچىلىق، قاتىللىق ۋە باشقا تىرورلۇق ھەركەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ھەرقانچە كۆپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلسىمۇ، لىكىن يەنىلا جەننەتكە كىرىش ياكى كىرەلمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيدۇ. ئەمما جىھاد ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ئۆلۈپ كەتسە، پۈتۈن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، جەننەتكە جەزمەن كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا شۇنداق ۋەدە قىلىنغان. (قۇرئان 3:157،158،169 ، 4:74،77 ، 8:60 ، 9:111 ، 61:12)

● ئىسلام دىنىدا ئۆچمەنلىك، ئۆچ ئېلىش، نەپرەتلىنىش، غەزەپلىنىش قاتارلىق روھى ئامىللار تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

● شۇڭا مەسىھىلەر ئىسلام دىنىنى ھەممىگە قادىر، ھەققانى، ئادىل، پاك، مۇقەددەس ۋە مېھىر-مۇھەببەتلىك بولغان خۇدادىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

## مەسىھ ئېتىقادىدىكى تەلىملەر

● مۇھەممەت تەۋرات ۋە ئىنجىلدىمۇ قۇرئانغا ئوخشاش جىھاد ئىدىيىسى بار دەپ قارايدۇ: «ئاللا جەننەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى تېگىشىدۇ؛

ئۇلار ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ؛ ئۇلار يا دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ غەلىبە قىلىدۇ، ياكى شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ئاللانىڭ ھەقىقى ۋەدىسى بولۇپ، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئانلاردا خاتىرلەنگەن.» (قۇرئان 9:111)

• بىراق بۇ نوقتىدا قۇرئان پۈتۈنلەي خاتالاشقان. چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا قۇرئانغا ئوخشاش دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان جىھاد ئىدىيىسى مەۋجۇد ئەمەس.

## تەۋراتتىكى خاتىرلەر:

• گەرچە تەۋراتتا ئىسرائىللارنىڭ قەدىمقى زامانلاردا ئېلىپ بارغان بەزى ئۇرۇشلىرى خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتىرى ئىسلامنىڭ دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان جىھاد ئۇرۇشى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

• قەدىمقى قانان رايونىدىكى خەلقلەر بالىلىرىنى ساختا ئىلاھلىرىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئوتتا كۆيدۈرىدۇ، پال سالىدۇ، رەمچىلىك قىلىدۇ، سېھىر-جادۇ قىلىدۇ، جىنكەشلىك قىلىدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ روھىغا تىۋىنىدۇ، بۇلار خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇڭا خۇدا ئۇلارنى جازالاپ، ئىسرائىللار ئارقىلىق يوقىتىدۇ (تەۋرات-قانۇن شەرھى 12-18:9)؛ خۇدا ئىسرائىللار ئۈچۈن جەڭ قىلىدۇ (قانۇن شەرھى 1:30 ، 20:4).

• ئىسرائىللارنىڭ قانان رايونىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى خۇدانىڭ ئادىل ھۆكۈمگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، باشقىلارنى خۇداغا مەجبۇرى ئىشەندۈرۈش ياكى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلمىغان. بۇ خۇددى قەدىمقى زامانلاردا خۇدا توپان بالاسى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى سۇغا غەرق قىلىپ، شۇ دەۋردىكى رەزىللىك ۋە گۇناھقا پاتقان ئادەملەرنى جازالىغىنىدەك ئىشتۇر. ئىنسانلارنى خۇدا ياراتقان، شۇڭا خۇدانىڭ توغرا يولىدىن چىقىپ گۇناھقا پاتقان ئىنسانلارنى جازالاش ھوقوقىمۇ بار ئەلۋەتتە.

• بۇ ئۇرۇش پەقەت شۇ دەۋردىكى مۇئەييەن كوللىكتىپقا قارىتىلغان بولۇپ، باشقا دەۋرلەردىكى ئېتىقاتچىلارغا ماس كەلمەيدۇ. تەۋراتتا خۇدا يەھۇدىيلارنى باشقا مىللەتلەرگە جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇڭلار، ھەممە ئادەمنى مېنىڭ دىنىمغا كىرگۈزۈڭلار، كىرمىگەنلەرنىڭ «كاللىسىنى ئېلىڭلار، بارماقلىرىنى چاناۋىتىڭلار، ئۆلتۈرۈۋىتىڭلار» دېمىگەن.

• خۇدا ئىسرائىللارنىڭ جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قانانلىقلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋېلىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىسرائىللارنىمۇ ناپاك قىلىدىغانلىقىنى، ھەمدە خۇدا تەرىپىدىن

جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (يەشۇئا 7). بۇ قەدىمقى زامان تارىخىدا كەم كۆرۈلىدىغان، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىشتۇر. چۈنكى قەدىمقى زامانلاردا بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنى يوقاتسا، ئۇلارنىڭ مال-ۋارانلىرى ۋە باشقا مال-مۈلۈكلىرىنى ئىگەللىۋالاتتى، ھەم بۇنى خۇشاللىنارلىق غەلىبە دەپ قارايتى. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسرائىللار بۇنداق قىلمىغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بۇ ئىش ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدىن كېلىپ چىقمىغان بەلكى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر. ھالبۇكى قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا «جەڭ ئولجىلىرى (ئاياللار، بالىلار، ئۆي-زېمىن، مال-ۋاران ۋە باشقا مۈلۈكلەر) سىلەرگە ھالال قىلىندى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا، ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇل قىلىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن.

● ئادىل خۇدا قەدىمقى قانانلىقلارنىلا جازالىمىغان، بەلكى ئىسرائىللار گۇناھ ئۆتكۈزسىمۇ ئوخشاشلا جازالايدىغانلىقىنى ئالدىن جاكارلىغان. تەۋراتتا خاتىرلىنىشىچە، ئەگەر ئىسرائىللار قانان رايونىغا كىرگەندىن كېيىن خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلماي، رەزىل ئىشلارنى قىلسا، باشقا ئەللەرنىڭ ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلسا، خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقى، ھەرخىل ئاپەت يۈز بېرىپ، دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدىغانلىقى، ئۆز يۇرتىدىن قوغلىنىپ، سەرسان-سەرگەردان بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 68-28:15 ، 29-29:18 ).

● بۇ ئەھۋال كېيىنكى دەۋرلەردە ھەقىقەتەن يۈز بەرگەن. مەسىلەن، ئىسرائىللار كېيىن مۇئابنىڭ ئاياللىرى بىلەن شەھۋانى ئىشلارنى قىلىپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغىمۇ قۇربانلىق ۋە سەجدە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ۋابا كېسىلى قوزغىلىدۇ، ئەينى چاغدا ئىسرائىللاردىن 24 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ. (تەۋرات-نوپۇس سانى 9-25:1)

## تەۋراتتىكى تەلىملەر

● ئىسرائىللارنىڭ پەقەت بىر خۇداغىلا ئىبادەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇلارغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلگەن. (يەشۇئا 24:14،15 ، شاھلار تەزكىرىسىI 18:21)

● خۇدا كۆپ قېتىم كۆچ-مادارىدىن قالغان ئاجىز ئىسرائىللار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ. (قانۇن شەرھى 32:36)

● ئۆچمەنلىك جېدەل-ماجرا تېرىيدۇ، مېھىر-مۇھەببەت سەۋەنلىكلەرنى ياپىدۇ. (پەند-نەسىھەتلەر 10:12)

• خۇدا ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچىڭگە ۋە قورالىرىڭغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس روھىمغا تايىنىپ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالايسىلەر. (زاكارىيا 4:6)

## ئىنجىلدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر

• خۇدا تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلغۇچىدۇر. (ئىبرانىلار 13:20)

• ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىنى ئۆزىگە ئەگىشىشكە مەجبۇرلىمايدۇ. (يۇھاننا 6:66، 67)

• ئەيسا مەسىھ ئۆزىنى رەت قىلىپ قارشى تۇرغانلار، ھەتتا ھاقارەتلىگەن، تۆھمەت قىلغان ۋە زىيانكەشلىك قىلغانلارغىمۇ ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋەتمەيدۇ. (لۇقا 9:54)

• ئەيسا مەسىھ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ھاياتلىق بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. (لۇقا 9:56 ، يۇھاننا 6:35)

• ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنى ھاياتلىققا ئېرىشسۇن، ھەمدە ھاياتى تېخىمۇ مول بولسۇن دەپ كەلگەن. ئەمما شەيتان ئەۋەتكەن ئوغرى بولسا ئۇغۇرلاش، ئۆلتۈرۈش ۋە بۇزۇش ئۈچۈن كېلىدۇ. (يۇھاننا 10:10،11)

**ئىنجىل مەتتا 10:34 تىكى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك : «مېنى بۇ دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كەلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭلار، مەن تىنچلىق ئەمەس، بەلكى قىلىچ ئەپكەلدىم.»** (بۇ يەردىكى «قىلىچ» دېگەن سۆز «جېدەل-ماجرا» غا سىمۇل قىلىنغان)

• دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى بۇ يەردىكى قىلىچ دېگەن سۆز (the sword) ئەمەس، بەلكى (a sword) تۇر.

• ئىنجىل مەتتا 39-10:34 دىكى ئايەتلەردە، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بۇ دۇنياغا خۇش خەۋەر تارقاتقاندا قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئالدىن ئەسكەرتىلگەن، يەنى گەرچە بىر قىسىم ئادەم قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ رەت قىلىدىغانلىقى، ھەتتا قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

• مەسىھيلەر بۇ دۇنيادىكى قاراڭغۇلۇقتا ياشاپ گۇناھقا پاتقان ئىنسانلارنى تۆۋە قىلىپ ئۆزگىرىشكە چاقىرغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى مەسىھيلەر تارقاتقان خۇش خەۋەر ئىنسانلارنى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ يورۇقلۇققا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى پاش قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەتتا ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشى

مۇمكىن.

● خۇدانىڭ سۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ئېختىلاپ ئېلىپ كىلىشى مۇقەررەر بولۇپ، بۇ ھەق بىلەن ناھەق، راست بىلەن يالغان، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتورىسىدىكى ئىختىلاپتۇر. ئىنجىلدا مەسىھىيلەرنىڭ شۇ سەۋەپتىن كىلىپ چىققان تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر-تاقەت قىلىشى ۋە مىھىر-مۇھەببىتىنى يوقاتماسلىقى تەكىتلەنگەن، ئەمما باشقىلارغا قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئۇلارنى مەجبۇرى بويسۇندۇرۇش بۇيرۇلمىغان.

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى گەرچە تىنچلىق تەرەپدارلىرى بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە چاغلاردا باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلمەكتە.

● ئەيسا مەسىھ ئېلىپ كەلگەن «قىلىچ» خۇدانىڭ ھەققانى سۆزىدۇر (ئەفەسلىكلەر 6:17 ، ئىبرانىلار 4:12 ، ۋەھىيلەر 1:16)؛ مەسىھىيلەر بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى پەردىنىڭ كەينىدىكى قارا روھلار ۋە شەيتان بىلەن جەڭ قىلىدۇ (ئەفەسلىكلەر 6:12)

## ئەيسا مەسىھنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان چاغدىكى ئىنكاسى

● ئەيسا مەسىھ قولغا ئېلىنغاندا، ئۆزىگە ساتقۇنلۇق قىلغان يەھۇدانى يەنىلا «دوستۇم» دەپ چاقىرىدۇ. خۇدادىن پەرىشتىلەرنى ياردەمگە ئەۋەتىپ ئۇلارنى جازالىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئادەم قارغىمايدۇ (مەتتا 53، 26:50)؛ شاگىرتلىرىنىڭ قىلىچ كۆتىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى توسايدۇ، قولىقى كىسىۋىتىلگەن بىر ئەسكەرنىڭ قولىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ (لۇقا 51، 22:50 ، يۇھاننا 18:11).

● ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى، ئېتىقاتچىلىرىنىڭ جەڭ قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى ئېيتىدۇ. (يۇھاننا 18:36)

● ئەيسا مەسىھ كىرىستقا مىخلانغاندا، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى خۇدانىڭ كەچۈرۈۋىتىشىنى تىلەيدۇ. (لۇقا 23:34)

● ئەيسا مەسىھ كىرىستكە مىخلانغان يەنە بىر ئادەمگە تەسەللى بېرىدۇ. (مەتتا 27:44 ، لۇقا 23:43)

● ئەيسا مەسىھنىڭ تۇنجى شىھىت بولغان ئېتىقاتچىسى ستىفانمۇ خۇدادىن ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (ئەلچىلەر 59، 7:60)

## مەسىھىيلەرنىڭ دۈشمەنلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى

● دۈشمەنلىرىڭلارغىمۇ مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار (مەتتا 5:44 ، لۇقا 6:27،35)؛ ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار (لۇقا 6:35)؛ ئۇلارنىڭ بېشىغا كۆڭ چۈشكەندە يەيدىغانغا يەم ئىچىدىغانغا سۇ بېرىڭلار (رىملىقلار 12:20).
- خۇدانىڭ ۋە مەسىھىيلەرنىڭ ھەقىقى دۈشمىنى ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى شەيتاندۇر. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

● سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار (مەتتا 5:44)؛ ئۇلارغىمۇ بەخت تىلەڭلەر، ئادەمگە بەخت تىلەشكىلا بولىدۇكى، قارغاشقا بولمايدۇ (رىملىقلار 12:14)؛ يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرماڭلار، تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار (رىملىقلار 12:17)؛ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارماڭلار (رىملىقلار 2:1)؛ ئالدىنىش ۋە زىيانلارغا چىداڭلار (كورىنتلىقلارI 6:7).

● باشقىلاردىن ئىنتىقام ئالىمىز دېمەڭلار، ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇڭلار (رىملىقلار 12:19)؛ ئىنتىقام ئالغۇچى خۇدادۇر، ئۇ چوقۇم جازالايدۇ (رىملىقلار 12:19 ، ئىبرانىلار 10:30).

● بىز جىسمانى تەنگە تايىنىپ جەڭ قىلمايمىز، بىزنىڭ قورالىمىز بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ماددى نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدىن كەلگەن ۋە شەيتانىنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىيالايدىغان روھى قوراللاردۇر. (كورىنتلىقلارII 10:3،4)

● بىز بۇ دۇنيادىكى ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيانى سوراۋاتقان قارا روھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى شەيتان بىلەن جەڭ قىلىمىز. (ئەفەسلىكلەر 6:12)

● مەسىھىيلەرنىڭ جېڭى روھى دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ،مۇستەھكەم ئىشەنچ ۋە پاك ۋىجدانىنى تەلەپ قىلىدۇ. (تىموتىI 1:18،19)

## باشقا تەلىملەر

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلارغا، ھۆكۈمەتكە ۋە قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنۇپ، ياخشى پۇقرالاردىن بولۇش كېرەك. (رىملىقلار 4-13:1)

● مەسىھىيلەر يەر يۈزىدە ئۆزىگە بايلىق توپلىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇنى ھامان قۇرۇت يەيدۇ، چىرىيدۇ، ياكى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. ئەكسىچە ئۇلار تاپقان پۇل-ماللىرىغا ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، «ئەرشتىكى بايلىقى» نى كۆپەيتىشى كېرەك. ئادەمنىڭ بايلىقى نەدە بولسا، قەلبىمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. (مەتتا 6:19)

● قىلىچ كۆتۈرگەنلەر قىلىچ ئاستىدا ئۆلىدۇ. (مەتتا 26:52)

- زوراۋانلىق كۈچىگە تايانغانلار ھامان زوراۋانلىق ئىچىدە ئۆلىدۇ.

• قەلبى ئۆچمەنلىكتە تولغان، جىدالخور، ھەسەتخور، ئاسان غەزەپلىنىدىغان، گوروھۋاز، ئۇرۇشقاق ئادەملەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. (گالاتىيالىقلار 21،5:20)

• ئۇرۇش-جىدەل ئادەمنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. (ياقۇپ 4:1)

• ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىپ ئەسىر قىلغانلار، ھامان ئۆزلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ. قىلىچ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، ھامان ئۆزى قىلىچلىنىپ ئۆلىدۇ. شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى سەۋر-تاقەت قىلىپ، ئىشەنچىسىنى يوقاتماسلىقى كېرەك. (ۋەھىيلەر 13:10)

• ئەيسا مەسىھ ھامان شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرمۇ جەزمەن غەلىبە قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 17:14)

## مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى جەڭگە قاتناشسا بولامدۇ؟

يوقۇردا كۆرستىلگەن ئىنجىلدىكى تەلىملەر ئاساسىدا، مەسىھى ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ بۇ توغرىلىق ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. ئەلۋەتتە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەم تارىختىكى بەزى ئالاھىدە ۋەقەلەر ۋە ئىشلارغا ئالدىراپ ھۆكۈم قىلسا بولمايدۇ. بىراق ئەگەر ئۆزىمىز مەلۇم ئالاھىدە ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، قارار چىقىرىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا، تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە جاۋاپ بېرىدۇ.

• «خۇدانى سۆيۈش ۋە ئىنسانىنى سۆيۈش» بارلىق ئىشلاردىكى باش پىرىنسىپتۇر. (مەتتا 40-22:37) شۇڭا ھەرقانداق ئىشىمىز ئىنسانغا بولغان مېھىر-مۇھەببەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا (جۈملىدىن دۈشمەنلەرگە) بولغان ئۆچمەنلىكتىن كېلىپ چىقماسلىقى كېرەك.

• مەسىھ جامائىتى سىياسى تەشكىلات ياكى دۆلەت ئەمەس، شۇڭا زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغاندا چوقۇم سەۋر-تاقەت قىلىشى كېرەك. ئەيسا مەسىھ ئەڭ ياخشى ئۆلگىمىزدۇر.

• خۇدا ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىز ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۇنى قوغدىشىمىزغا ياكى دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىشىمىزغا مۇھتاج ئەمەس.

• قورال كۈچىگە تايىنىپ ھەققانىيەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

• دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە جەمىيىتى مۇتلەق ئادىل، ھەققانى ۋە تىنىچ-ئامان ئەمەستۇر.

• خۇدا ئۆزى بەلگىلىگەن مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە ئۇسۇلدا رەزىللىككە زەربە بېرىدۇ.

خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنى ئىشلىتىشكىمۇ قادىر بولۇپ، بەزىدە ئۇلارنىڭ گۇناھلىق قىلمىشلىرى ئارقىلىقمۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. مەسىلەن، بىر دۆلەت ياكى مىللەتنى باشقا بىر دۆلەت ياكى مىللەت ئارقىلىق جازالاش دېگەندەك. ئەمما بۇ ھەرگىز مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىمۇ ئاشۇ گۇناھلىق ئىشلارغا قاتنىشىڭلار دېگەنلىك ئەمەس.

● ئەگەر مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئارمىيەگە ئەسكەرلىككە كىرگەن بولسا، دۆلەت ۋە خەلقنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە قاتناشسا،قورال كۈچى بىلەن رەزىل كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، ئىگىچاقسىز ئاجىزلارنى قوغدىسا، پىرىنسىپ جەھەتتە خاتا بولمايدۇ.

○ ھوقۇقدارلار قورال كۈچى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى رەزىل كۈچلەرنى جازالىسا، دۆلەتنى قوغدىسا بولىدۇ. (رىملىقلار 13:4)

○ ھوقۇقدارلارنىڭ دۆلەتتىكى ئاجىز پۇقرالارنى يامان ئادەملەردىن قوغداش مەجبۇرىيىتى بار. (زەبۇر 82:4)

○ ئەسكەرلەر يەھيا پەيغەمبەردىن «بىز نىمە قىلىشىمىز كېرەك» دەپ سورىغاندا، يەھيا پەيغەمبەر ئۇلارنى ئەسكەرلىكتىن چېكىنىپ كېتىڭلار، ئۇرۇش ـ جەڭلەرگە قاتناشماڭلار دېمەيدۇ، بەلكى «خەلققە زوراۋانلىق قىلماڭلار، قاقتى ـ سوقتى قىلماڭلار، تەمىناتىڭلارغا قانائەت قىلىڭلار» دەيدۇ. (لۇقا 3:14)

○ ئەيسا مەسىھ بىر يۈز بېشىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ماختايدۇ (مەتتا 10 ـ 8:5)؛ رىم قوشۇنىنىڭ ئىتالىيە قىسمىدىكى كورنىلىي ئىسىملىك بىر قۇماندان خۇداغا ئېتىقات قىلىدىغان تەقۋادار ئادەم بولۇپ، ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىدۇ (ئەلچىلەر 10:1،2).

○ ئەگەر ھوقۇقدارلارنىڭ بۇيرۇقى ھەققانىيەتتىن چەتنەپ كەتسە، مەسىھىيلەر ئۇلارنىڭ گېپىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. (ئەلچىلەر 4:18،19 ، 5:29)

● ئەگەر بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپمۇ توقۇنۇشتىن ساقلانغىلى بولمىسا، ھەققانىيەت ئۈچۈن جەڭ قىلسا بولىدۇ. ئەمما چوقۇم جەڭگە قاتناشمىغانلارنى زەخمىلەندۈرۈشتىن ساقلىنىش، زۆرۈرىيىتى بولمىغان قان تۆكۈلۈش ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

● ئىنجىلنىڭ ۋەھىلەر قىسمىدا زامان ئاخىرىدىكى ئۇرۇش سۆزلەنگەن بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى دەججالنى، ئىنسانلارنى ئازدۇرغان ساختا پەيغەمبەرنى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنى يوقىتىدىغان چوڭ ئۇرۇشتۇر. ئۇ ئۇرۇشنى

مەسىھىيلەر قوزغىمايدۇ، بەلكى خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 19:11 ـ 20)

**ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدا مەسىھىيلەر نۇرغۇن زوراۋانلىقلارنى قىلىپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنى قىرىۋەتكەن. ئۇلار ياۋروپادا سىھىر ـ جادۇ قىلىدىغانلار ۋە باشقا دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. غەرپ مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. ياۋروپالىقلار ئىككى قېتىم دۇنيا ئۇرۇشى قوزغىغان. ئامېرىكىمۇ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان. ئىنسانپەرۋەرلىكتىن چىقىپ كەتكەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەسىھىيلەر قىلغان. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟**

• كۆپ ساندىكى ئۇرۇش، زوراۋانلىق ۋە قىرغىنچىلىقلار، مەيلى ئۇ دىنىنى قالپاق قىلسۇن قىلمىسۇن، ھەممىسى ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن، ئۆچمەنلىك، شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىقلار.

• «مەسىھ ئېتىقاتى» (خىرىستىيان دىنى) بىلەن ئۆزىنى «مەسىھي» (خىرىستىيان) دەپ ئاتىۋالغان بەزى ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئارلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىسى دېگىنىمىز ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىپ بىر ئۆمۈر ئەگەشكەن ئادەمدۇر. بۇ ئۇنىڭ دۆلىتى، مىللىتى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېتىقاتى، چىركاۋدا چوملدۈرۈلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئۆزىنى «مەسىھي» (خىرىستىيان) دەۋالغان ئادەمنىڭ ھەقىقىي مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولىشى ناتايىن، غەرپتە تۇغۇلغان ھەممە ئادەمنىڭمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولىشى ناتايىن.

• يەر يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھكاردۇر (يۇھاننا I 1:8،10)؛ جۈملىدىن مەسىھىيلەرمۇ گۇناھكاردۇر، ئۇلارمۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنى مەسىھي دەۋالغان بىلەن ئەمىلىيەتتە ئەيسا مەسىھكە ھەقىقىي ئېتىقات قىلمىغان بولىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ دىگىنى بىلەن ئەمىيىتى ئوخشمايدۇ. يەنە بەزىلەر مەسىھ ئېتىقاتىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغىنى ھەقىقەتەن خاتا، ئەمما بۇ مەسىھ ئېتىقاتىنىڭمۇ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

• گەرچە بىر قىسىم ساختا مەسىھىيلەر بولسىمۇ، ئەمما مەسىھىيلەرنىڭ ھەممىسى ساختىپەز ئەمەس. ئەيسا مەسىھكە ھەقىقىي ئەگەشكەن، ئاجىز يوقسۇللارغا ياردەم قىلىپ، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىۋەتكەن ئېتىقاتچىلارمۇ ئاز ئەمەس.

• ئەگەر بەزى مەسىھىيلەر ناھەق ئۇرۇش قوزغىسا، زوراۋانلىق قىلسا، قىرغىنچىلىق

قىلسا، ئۇلار ئىنجىلنىڭ تەلىمىگە خىلاپلىق قىلغان، ئەيسا مەسىھنى ئۇلگە قىلمىغان بولىدۇ.

● بىر مەسىھ ئېتىقاتچىسىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى ئەيسا مەسىھكە ۋە ئىنجىلغا باغلىق بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى «مەسىھي» (خىرىستيان) دەپ ئاتىۋالغانلىقىغا باغلىق بولمايدۇ. ئەيسا مەسىھ پۈتۈنلەي پاك ۋە گۇناھسىز بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن قىلغان تەلىمى ئۆزئارا ماس كېلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ ھېچقاچان شاگىرتلىرىغا ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئادەم ئۆلتۈرۈڭلار، گۇناھ ئۆتكۈزۈڭلار دەپ ئۆگەتمىگەن. بۇنى ئۇنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ھەركىتىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

### مەسىھىيلەر زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا:

● مەسىھىيلەر ئوڭۇشسىزلىقلارغا سەۋر-تاقەت قىلالايدۇ، ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىقنى ئاخىرقى مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەت دەپ قارىمايدۇ. خۇدا مەسىھىيلەرنى ھەممە ئىشتا چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر دەپ ئۆگەتمىگەن، مەسىھ جامائىتى تاكى قىيامەت كەلگىچە تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىشى مۇقەررەر. خۇدانىڭ پىلانى ئاشۇنداق نۇرغۇن كۈلپەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر ئىچىدە تەدرىجى روشەنلىشىدۇ. مەسىھىيلەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىنى بۇ دۇنيادىكى تەغدىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كەلگۈچە، يەر يۈزىدىكى چوڭ شان-شەرەپلەرنى تاما قىلىپ كەتمەيدۇ.

● ئىنجىلدا قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مەسىھىيلەر دۇچ كېلىدىغان ھەرخىل قىيىنچىلىقلار ئالدىن بىشارەت قىلىنىپ بولغان. مەسىلەن، چوڭ زىيانكەشلىك (ئەلچىلەر 8:1-3)؛ ھاقارەت، تۆھمەت، ئۆچمەنلىك، رەت قىلىنىش، تاشلىۋېتىلىش (مەتتا 5:11 ، لۇقا 6:22 ، ئىبرانىيلار 10:32،33 ، پېتروسI 2:12 ، 4:4)؛ ناھەق سوتقا تارتىلىش (ئەلچىلەر 17:6)؛ يوشۇرۇن زەربە بېرىش (زەبۇر 11:2)؛ مال-مۈلكىنى تارتىۋېلىش (ئىبرانىيلار 10:34)؛ پاراكەندە قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇرۇپ يېقىتىش، ئۆلۈم گىرداۋىغا ئاپىرىش (كورىنتلىقلارII 4:8-11)؛ تاياق يېيىش، تۈرمىگە سولىنىش، جازالىنىش، ئەخمەق قىلىنىش، جاپا-مۇشەققەتلەردە چېنىقىش (ماركوس 13:9 ، كورىنتلىقلارII 6:4-10 ، 11:23،25 ، تىموتىII 2:9 ، ئىبرانىيلار 11:35-38 ، ۋەھىلەر 2:10)؛ ئۆلتۈرۈلۈش (ئەلچىلەر 7:60 ، 12:2 ، ئىبرانىيلار 11:37 ، ۋەھىلەر 2:13 ، 6:9).

● زىيانكەشلىك يەھۇدىيلار ۋە باشقا مىللەتلەردىن كېلىدۇ (ئەلچىلەر 14:2-5)؛ ئاما ۋە ئەمەلدارلاردىن كېلىدۇ (ئەلچىلەر 16:22-24 ، 19:23-29)؛ ئۆز

خەلقىدىن ھەتتا دوستلىرىدىن كىلىدۇ (ئەلچىلەر 9:23ـ29)؛ ئائىلىسىدىكىلەردىن كىلىدۇ (مەتتا 10:21،36 ، ماركوس 12:12،13).

## مەسىھىيلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى

• ئەيسا مەسىھمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ناھەق سوتقا تارتىلىپ ئادالەتسىز ھۆكۈم قىلىنغان، مەسخىرە قىلىنغان، تاياق يىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا كىرىستقا مىخلىنىپ ئىچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن.

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەپ جاكارلىغان: ئەگەر كىمدەكىم ئۇنىڭغا ئەگەشمەكچى بولىدىكەن، ئۆزىدىن ۋاز كىچىپ، كىرىستىنى يۈدۈپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش كىرەك. (مەتتا 16:24)

• ئەيسا مەسىھ پاۋلۇسقا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزى ئۈچۈن نۇرغۇن جاپاـمۇشەققەتلەرنى تارتىدىغانلىقىنى ئالدىن ئىيتىدۇ. (ئەلچىلەر 9:16)

• مەسىھىيلەر ئەگەر ھەقىقەتەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ھايات كەچۈرمەكچى بولسا (تىموتىII 3:12)؛ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن (مەتتا 5:11)، خۇدانىڭ دۆلىتى ئۈچۈن (سالونىكاII 1:5)، كىرىست ئۈچۈن (گالاتىيالىقلار 5:11 ، 6:12)، خۇدانىڭ سۆزى ئۈچۈن (مەتتا 13:21)، ھەققانىيەت ئۈچۈن (مەتتا 5:10)، ياخشىلىق ئۈچۈن (پىتروسI 3:17) ياشىماقچى بولسا، مۇقەررەر ھالدا بۇ دۇنيادىكى رەزىل كۈچلەر ۋە شەيتاندىن كەلگەن قارشىلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

• خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن چوقۇم نۇرغۇن جاپاـمۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈش كىرەك (ئەلچىلەر 14:22)؛ بۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇر (سالۇنىكالىقلارI 3:3،4)؛ خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولۇپ، مەسىھىيلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرغاندۇر (پىتروسI 2:19ـ21).

• شەيتان ئادەمنى ئىزىقتۇرۇپ، زىيانكەشلىك قىلىدۇ، بۇنىڭغا خۇدا ۋاقىتلىق يول قويغان. (ئايۇب 2:4،5 ، ۋەھىلەر 2:10 ، 13:5ـ7)

## مەسىھىي ئەمەسلەر مۇنداق بولىشى مۇمكىن:

• ئەيساغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ (يۇھاننا 15:18ـ23)؛ دۇرۇس ياشىغانلارنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارغا ھوجۇم قىلىدۇ (زەبۇر 11:12 ، پەندـنەسىھەتلەر 29:10)؛ جىسمانىيەتتىن تۇغۇلغانلار روھىيەتتىن تۇغۇلغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ (گالاتىيالىقلار 4:29)؛ ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ (فىلىپىلىكلەر 1:28).

• ئۇلار بىلەن بىللە شاللاق تۇرمۇش كەچۈرمىگەن، ئۆزىنى شەھۋانىلىق، ھاۋايى

ھەۋەس، ھاراقكەشلىك، قۇرۇق زىياپەت، ئەھمىيەتسىز سورۇنلاردىن تارتقان ۋە يىرگىنىچلىك مەبۇدلارغا چوقۇنمىغان مەسىھىيلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا غەلىتە تۇيۇلىدۇ، ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ. (پېترۇس I 4:3،4)

● مەسىھىيلەرگە ھەسەت قىلىدۇ، ئۆچلۈك قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 18ـ5;12 ، 51ـ13:45)

● مەسىھىيلەر ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن غەزەپلىنىدۇ. (ئەلچىلەر 54ـ7:51)

● مەسىھىيلەرنى جەمىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار دەپ قارايدۇ. (ئەلچىلەر 24:5)

● بەزىلەر ھەتتا مەسىھىيلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. (يۇھاننا 3ـ16:1)

**مەسىھىيلەر بېسىمغا ئۇچرىغاندا مۇنداق قىلىشى كېرەك:**

● دۇنيادىكى ئادەملەر بىزگە ئۆچمەنلىك قىلسا، ھەيران قالماڭلار، ئەجەپلەنمەڭلار. (پېترۇس I 4:12 ، يۇھاننا I 3:13)

● بۇنىڭ نىمە سەۋەپتىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئويلاش كېرەك. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقى ۋە گۇناھىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ۋاقتىدا گۇناھىمىزنى تونۇپ تۆۋە قىلىشىمىز كېرەك (پېترۇس I 4:15)؛ ئەگەر پەقەت مەسىھ ئېتىقاتچىسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بولسا، ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك (ئەلچىلەر 21:13 ، پېترۇس I 2:19،20 ، 4:16).

● ئەيسا مەسىھنىڭ تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلىشىمىز كېرەك. (ئىبرانىلار 12:2،3)

● ئەيسا مەسىھكە بولغان ئىشەنچىمىزنى قەتئىي ساقلىشىمىز، ئېتىقاتتا تەۋرەنمەسلىكىمىز، ئاداققىچە سادىق بولىشىمىز كېرەك. (ۋەھىيلەر 2:10،13)

● مەيلى ھايات ياكى مامات بولايلى، ئەيسا مەسىھنى ھەرۋاقىت ئۇلۇغلايمىز. (فىلىپىلىكلەر 1:20)

● خۇدانىڭ ياردىمىنى تىلەش (يەرەمىيا 15:15)؛ ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. (پېترۇس I 4:19)

● تەھدىتلەردىن قورقماي، خۇدانىڭ تەلىملىرىنى داۋاملىق سۆزلەش (ئەلچىلەر 4:29)؛ ئادەملەردىن بەكرەك خۇداغا ئىتائەت قىلىش كېرەك (ئەلچىلەر 5:29).

● خۇشال-خۇرام يۈرۈش (مەتتا 5:12 ، لۇقا 5:23 ، رىملىقلار 5:3 ، ياقۇپ 1:2

، پېترۇسI 4:13،14)؛ شان-شەرەپنى خۇداغا ئاتاش (پېترۇسI 4:16)؛ ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ھاقارەتكە ئۇچراشقا ئەرزىگەنلىكىمىزدىن خۇرسەن بولۇش (ئەلچىلەر 5:41)؛ ئەيسا مەسىھنىڭ تارتقان ئازابى ۋە قۇربانلىقىنى ئۆلگە قىلىش (فىلىپىلىكلەر 3:10 ، ئىبرانىلار 13-13:11)

● كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان شان-شەرەپنىڭ ئالدىدا بۇنچىلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ (رىملىقلار 8:18)؛ شۇڭا سەۋر-تاقەت قىلىش (رىملىقلار 12:12)؛ جاپا-مۇشەققەتلەر ئالدىدا تەۋرەنمەسلىك (سالونىكالىقلارI 3:3)؛ قورقماسلىق كېرەك (ۋەھىيلەر 2:10).

● بەزىدە ھەتتا ئېتىقاتچىلارنىڭ كىشەنلىنىپ تۈرمىگە قامىلىش سەۋەبىدىن، خۇش خەۋەر تېخىمۇ كەڭ تارقىلىپ كېتىدۇ. (فىلىپىلىكلەر 14-1:12).

● مەسىھىيلەر باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بەرگەن چاغدا، مۇقەددەس روھ دىيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى ئۇلارنىڭ دىلىغا سالىدۇ. (مەتتا 20-10:17 ، لۇقا 15-21:12 ، فىلىپىلىكلەر 14-1:12 ، سالونىكالىقلارII 4-1:3).

● ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرىش، قېيىنچىلىقتا قالغان ئادەملەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. (ئىبرانىلار 39-10:32)

● ۋىجدانىغا خىلاپ ئىش قىلماسلىق، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، تۈز بولۇش، گەپ-سۆزلىرى يېقىملىق بولۇش، شۇ ئارقىلىق مەسىھىيلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارنى خىجالەتتە قالدۇرۇش كېرەك. (تىتوس 2:7،8 ، پېترۇسI 3:16)

● ئەگەر زۇلۇم بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە، باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ داۋاملىق خۇش خەۋەر تارقىتىش كېرەك. (مەتتا 10:23 ، ئەلچىلەر 8:1،4)

● پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن ھوقۇقلۇق ئورۇنغا ئەرز قىلىپ ئۆزىنى قوغدىسا بولىدۇ. (ئەلچىلەر 16:37 ، 29-22:25 ، 25:10،11)

## زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مەسىھلەرگە بېرىلگەن تەسەللى

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق ئەيسا مەسىھكە زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر. (ئەلچىلەر 9:4،5)

● ئەيسا مەسىھ تارتقان ئازاپنىڭ بىر قىسمىنى بىز تەڭ تارتىشىپ بەرگەن بولىمىز. (كولوسىلىقلار 1:24)

● ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت بىز بىلەن ئەيسا مەسىھ ئوتتورىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنى ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ. (رىملىقلار 8:35)

• مۇقەددەس روھ بىز بىلەن بىرگە بولىدۇ (پېتروس I 4:14)؛ بىزگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ (سالونىكالىقلار I 1:6)؛ بىزنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشىمىز ئۈچۈن، خۇدا ھامان بىر يول ئېچىپ بېرىدۇ (كورىنتلىقلار I 10:13).

• ئەيسا مەسىھكە ئەگىشىپ نۇرغۇن جاپا تارتىمىز، ئەمما ئۇ ئارقىلىق تەسەللىمۇ تاپىمىز. (كورىنتلىقلار II 1:5)

• جاپا تارتىش ئارقىلىق سەۋرچانلىق، پىشىپ يېتىلىش ۋە ئۈمىد بارلىققا كېلىدۇ. (رىملىقلار 5:3،4 ، ياقۇپ 1:3،4)؛ ئىشەنچىمىز سىناقلاردىن ئۆتۈپ تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ (پېتروس I 1:7).

• جاپا-مۇشەققەتنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن، خۇدا سىلەرنى دەس تۇرغۇزۇپ، ئېتىقاتىڭلارنى مۇستەھكەملەيدۇ، كۈچ ئاتا قىلىدۇ. (پېتروس I 5:10)

• ھەممە ئىشلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، خۇدانى سۆيگەنلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ (رىملىقلار 8:28)؛ گەرچە باشقىلار بىزگە زىيانكەشلىك قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خۇدانىڭ نىيىتى ياخشى بولۇپ، شۇ ئىشتىنمۇ بىزگە پايدىلىق نەتىجە كېلىپ چىقىشى مۇمكىن (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 50:20)

• خۇدانىڭ نەزىرىدە ئۆز خەلقىنىڭ ئۆلۈمى ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. (زەبۇر 116:15)

• ئۇلارنىڭ شەيتاننىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىشى ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق قېنى ۋە خۇدانىڭ سۆزىگە تايانغانلىقىدىندۇر. ئۇلار ھەتتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۆز جېنىنى ئايىمايدۇ. (ۋەھىلەر 12:11)

• ھازىر ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىساقمۇ، ئەمما كەلگۈسىدە خۇدا چوقۇم ئۇلاردىن ھېساپ ئېلىپ، ئادالەتنى ياقلاپ بېرىدۇ. (سالونىكالىقلار II 1:6-9 ، زەبۇر 135:14)

• كەلگۈسىدە ئالقىش، شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولىمىز. (رىملىقلار 8:17 ، كورىنتلىقلار II 4:17 ، پېتروس I 1:7)

• خۇدادىن كەلگەن بەخت ۋە چوڭ ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىمىز (مەتتا 5:10،12 ، لۇقا 5:22،23)

## مەسىھلەر ئۆزىگە زۇلۇم سالغانلارغا مۇنداق مۇئامىلە قىلىشى كېرەك:

• ئۇلاردىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى ئەيسا مەسىھ مۇنداق دېگەن «تېنىڭلارنى ئۆلتۈرەلىسىمۇ، ئەمما روھىڭلارنى ئۆلتۈرەلمەيدىغانلاردىن قورقۇماڭلار. ئەكسىچە تېنىڭلارنىمۇ، روھىڭلارنىمۇ دوزاختا ھالاك قىلالايدىغان خۇدادىن قورقۇڭلار.» (مەتتا 10:28)

• يامانلىقنى يامانلىق بىلەن قايتۇرماسلىق، ھاقارەتلىگەنلەرنى ھاقارەتلىمەسلىك، سەۋر-تاقەت قىلىش كېرەك. ئۇلارغا بەخت تىلەش، ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلىش كېرەك، ئەمما ئادەم قارغاشقا بولمايدۇ. (رىملىقلار 12:14 ، كورىنتلىقلارI 4:12،13 ، پېتروس 3:9)

• ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش كېرەك (مەتتا 5:44)؛ ھەتتا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا نۇرغۇن زىيانكەشلىك قىلغان پاۋلۇسنىمۇ خۇدا ئاخىرىدا ئۆزگەرتىپ مەسىھ ئېتىقاتچىسى قىلغان (ئەلچىلەر 9)

• ھاكىمىيەتنى سوراۋاتقانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش، ياخشى تىلەك تىلەش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلساق ئىخلاسمەنلىكىمىز ۋە قەدىر-قىممىتىمىزنى ساقلاپ، تىنچ-ئامان ھايات كەچۈرەلەيمىز. (تىموتىيI 2:1،2)

## زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا:

• خۇددى ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرغاندەك ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرۇش (كولوسلىقلار 4:18 ، ئىبرانىلار 13:3)؛ ئۇلار بىلەن بىرگە ئازاپلىنىش (كورىنتلىقلارI 12:26)؛ يىغلىغانلار بىلەن تەڭ يىغلاش كېرەك (رىملىقلار 12:15)

• ئۇلارغا مەدەت بېرىش، ئېشەنچىسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. (سالونىكالىقلارI 3:2)

• ھېسداشلىق قىلىش، تۈرمىگە قامالغانلارنى يوقلاپ تۇرۇش كېرەك. (ئىبرانىلار 10:33،34 ، مەتتا 25:35)

• ئادىللىقنى ئىستەش، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش (يەشايا 1:17)؛ ئۆزىنى ئاقلىيالمايۋاتقانلار ئۈچۈن گەپ قىلىش، ئىگە-چاقىسىز ئاجىزلار ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلاش؛ ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئاجىز ۋە يوقسۇللارنى قوغداش، ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلىش كېرەك (پەند-نەسىھەتلەر 31:8،9).

• ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانلارنى قۇتقۇزىۋېلىش، ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلارنى توساش كېرەك. (پەند-نەسىھەتلەر 24:11)

12 ـ قىسىم

# دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى

# ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى

## ئىسلامنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۆرۈشى

● ئىسلام دىنىنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى، مەۋجۇدلىقى، تەرەققىياتى، كېڭىيىشى ۋە نۇرغۇن جايلارغا خوجا بولالىشىدا زوراۋانلىق ۋە ئۇرۇش ئاساسلىق رول ئوينىغان، بۇنىڭ ئىچىدە جىھاد ئۇرۇشى ئەڭ تۈرتكىلىك ئامىل بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن.

● مىلادى 622-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارىدۇ (ھىجرەت). شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ ھەربى، سىياسى، دىنى ھوقوقنى ئۆزىگە يىغىپ، دىنى ھاكىمىيەت ئاستىدىكى كوممونا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىدۇ، ھەمدە سىياسى ھوقوقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن قوراللىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ.

### مۇھەممەتنىڭ دىن تارقىتىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى

| ۋاقتى | جەڭ | قۇرئان |
|---|---|---|
| 624 | بەدىر جېڭى | 3: 13, 123; 8: 5-19, 41-44 |
| 625 | ئۇھۇد جېڭى | 3: 121, 122, 140, 165-172 |
| 627 | خەندەك جېڭى | 33: 9-12, 25-27 |
| 628 | ئۇدبىر جېڭى | 48: 1-3, 22-27 |
| 629 | مۇدا جېڭى | 2: 191-193 |
| 630 | خۇنسىن جېڭى | 9: 25-27 |
| 630 | تابۇق جېڭى | 9: 38-40, 42-52, 65, 66, 81-83, 86, 87, 90, 93, 117 |
| 630 | مەككە جېڭى | 9: 12; 28: 85; 61: 13; 110: 1-3 |

● مىلادى 623-630 يىللىرى ئارلىقىدا جەمى يەتمىش نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ.

● مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «جىھاد» بولسا، سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېتىقاتىنى قوغداش ئىدى. ئۇلار ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ساق تۇراتتى. پەقەت ئىگەچاقىسى يوق قۇللارلا ۋەھشى مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ شىھىت بولغانلار ئەنە شۇلار ئىدى.

ئۇلار مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، جىھادنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۇسۇلمانلار پاسسىپ ھالدىكى قوغدىنىشتىن، ئاكتىپ ھالدىكى ھوجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھوجۇمى پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە ئەسەبىلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مەككىدىكى تەلىملەرگە ماس كەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار دەسلەپكى تىنچ كوللىكتىپتىن، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ ئەسەبىي تەشكىلاتقا ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدۇ.

● ۋاھالەنكى، بىرىنچى قېتىملىق ھەربىي ھەركەتتە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار يەنىلا مۇھەممەتكە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار جەڭگە ئەمەس دۇئاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، قان ئاققۇزۇشتىن كۆرە، جەننەتكە تەييارلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما مۇھەممەت داۋاملىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى يۇيىدۇ. ئۇ باشتا ئاللادىن بىۋاستە ۋەھيى كەلدى دەيدۇ. كېيىن يەنە تەھدىت سېلىش، قارغاش، ۋەدە بېرىش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا قۇترىتىدۇ. بىراق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار يەنىلا ئاددىي ھەم مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللاپ، جەڭ قېلىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇ چاغلاردا مۇھەممەت ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەتسىز قالاق ئادەملەرنى مەككىنىڭ سودا كارۋىنىغا ھوجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ قاراقچىلار بولاڭ-تالاڭ قىلغان ئولجىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، شەھەردە قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۇلارنىڭ بۇنداق زوراۋانلىق قىلمىشىنى ئەيىپلەيدۇ، ھەمدە بۇلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئالمايدۇ. مۇھەممەت ئۇلارنى ياخشى چۈشەنگەچكە، ماللارنى تۆگىدىن چۈشۈرمەي ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئاللادىن ئۇنىڭغا يەنە ۋەھيى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلاردىن بۇلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھالال ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ، ھەمدە ھېلىقى ماللارنى بۆلىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تاكتىكىسى مۇسۇلمانلار ئىچىدە رول ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق بۇلاڭ-تالاڭغا قاتنىشىدىغان مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن 83 ئادەم ۋە مەدىنەلىك 231 ئادەم بار ئىدى.

● مىلادى 623، 624-يىللىرى، مۇھەممەت «ئاللا ئۈچۈن جەڭ قېلىش» دېگەن شۇئار بىلەن، مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنىغا قوراللىق ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى بۇلايدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مەككىنىڭ سودا ئىشلىرىغا زەربە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ ئولجىسىغا ئېرىشىپ، ئەمەلى كۈچى ۋە نام-ئابرويىنى يوقىرى كۆتىرىدۇ. بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان كارۋان ئەترىتى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەككىلىكلەردىن 950 ئادەمنى توپلاپ مەدىنىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئىككى شەھەر ئوتتورىسىدىكى بەدىر دېگەن جايدا، مۇھەممەت 324 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان ئاز ساندىكى قوشۇنى بىلەن مەككىلىكلەرنى يېڭىۋالىدۇ. ئۇ بۇ

جەڭدە 70 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ 70 ئادەمنى ئەسىر ئالىدۇ.

● مىلادى 625-يىلى مەككىلىكلەر ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن زور قوشۇن تەشكىللەپ مەدىنىگە ھوجۇم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۇھۇد تېغىنىڭ باغرىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. جەڭدە مۇھەممەت يارلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. ئەمما مەككىلىكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرمەي، قايتىپ كېتىدۇ.

● مىلادى 627-يىلى، مەككىلىكلەر يەھۇدىلار بىلەن بىرلىشىپ 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قورشاپ ھوجۇم قىلىدۇ. مۇھەممەت شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولاپ سۇ توشقۇزۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. مەككىلىكلەر شەھەرنى 15 كۈن قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن چېكىنىپ كېتىدۇ. مۇھەممەت شەھەردىن چىقىپ ھوجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەككىلىكلەر شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىگە ھوجۇم قىلالمايدۇ.

● مىلادى 628-يىلى مۇھەممەت ھەج قىلىشنى باھانە قىلىپ، مەككىگە قوشۇن تارتىپ بارىدۇ. مەككىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، «ئۇدەيبىيە ئەھدىسى» نى تۈزىدۇ. ئىككى تەرەپ 10 يىلغىچە ئۇرۇشمايدىغان، مەككە قۇرەيشلىرى ھەر يىلى 3 كۈن مەككىدىن چېكىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بولىدۇ. مۇھەممەت ئۇرۇش توختىغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى دۆلەت ۋە قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەيبەردىكى يەھۇدىلارغا جازا ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى تازىلايدۇ.

● مىلادى 630-يىلى، مۇھەممەت ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ مەككىلىكلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزىدۇ. ئۇ ئون مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنى باشلاپ مەككىگە ھوجۇم قىلىپ بارىدۇ. ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە ئاقسۆڭەكلىرى تەسلىم بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇھەممەت قوشۇنىنى باشلاپ كەئبىگە كىلىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى 360 بۇتنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

● مىلادى 630-632 يىللىرى، مۇھەممەت ئەرەپ قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ. «ئاللا ئۈچۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش» دىگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇش قوزغاپ، تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ.

● مىلادى 631-يىلى بەزى قەبىلىلەر مۇھەممەتكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا باج تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق تىنچلىققا ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

● مىلادى 631 ـ يىلى مۇھەممەتنىڭ قېينئاتىسى ئابابەكرى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىگە تاۋاپ قىلغىلى كىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەتنىڭ جىيەنى ئەلى مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: مۇسۇلمان بولمىغانلار مەككىگە كىرىشكە بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئەرەپ قەبىلىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان بارلىق ئەھدىنامىسى بىكار قىلىنىدۇ.

● مىلادى 632 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مۇھەممەت مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مۇسۇلمانلار رەھبەرلىك مەسىلىسىدە ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كىلىدۇ، چۈنكى مۇھەممەت ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن ۋارىسلىق قىلغۇچىسىنى بىكىتمىگەن ئىدى. يېڭى داھىنى ئەمدى پەيغەمبەر دەپ ئاتاشقا بولمايتى، چۈنكى مۇھەممەت ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغانىدى. مۇسۇلمانلار ئۇ ئۆلگەندىن كيىن ئاللانىڭ يەنە ۋەھى چۈشۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەككە ۋە مەدىنەلىكلەر ئوتتورىسىدا تالاش ـ تارتىش كىلىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنى مۇھەممەتنىڭ ۋارىسى دەپ قارايدۇ. مەككە مۇسۇلمانلىرى مۇھەممەتنىڭ قېينئاتىسى ئابابەكرىنى خەلىپە قىلىپ سايلايدۇ. بىراق مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ كۈيئوغلى ئەلىنى مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا بىكىتكەن ۋارىسى دەپ قارايدۇ.

● مىلادى 632 ـ يىلدىن تاكى 1683 يىللىرىغىچە، ئىسلام پادىشالىقلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى بويىچە غەربى ئاسيا، ئوتتورا ئاسيا، جەنۇبى ئاسيا، شىمالى ئافرىقا، شەرقى جەنۇبى ياۋرۇپا ۋە غەربى جەنۇبى ياۋرۇپا قاتارلىق رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە دىنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ.

● مىلادى 632 ـ 634 يىللىرى خەلىپە ئابابەكرىنىڭ ۋاقتىدا، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس ئىدى، ھەتتا قالايمىقانچىلىقمۇ چىققانىدى. يالغاندىن ئىسلامغا كىرگەن بەزى قەبىلىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پايتەخت مەدىنىگە داۋاملىق باج تاپشۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ ۋە مەركىزى ھاكىمىيەتنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى قىسىمدا پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. خەلىپە ئابابەكرى ئۇلارغا قارشى جازا يۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىدۇ. ئۇ خالىد ئىبىن ۋالىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ، مەككىنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلىپ كىتىشىنى توسىدۇ. باشقا مۇسۇلمان سەركەردىلەرمۇ ئامان، يەمەن قاتارلىق جايلاردا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئەرەپ يېرىم ئارىلى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزى تېخىمۇ يوقىرى كۆتىرىلىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى توپىلاڭلار باستۇرۇلغاندىن كيىن، ئەرەپلەر ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى ئاستىدا چەتئەللەرنى ئىستىلا قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسلامنىڭ تەسىر دائىرىسى دۇنياغا يۈزلىنىدۇ.

● مىلادى 633 ـ يىلى كۈزدە، ئابابەكرى ئۈچ قوشۇننى تەشكىللەپ ىيراققا سەپەرۋەر

قىلىدۇ. ئەرەپ ئارمىيىسى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا ۋىزانتىل (شەرقى رىم) ئىمپېرىيىسىنىڭ پەلەستىندە تۇرۇشلۇق باش ۋالىسىنى سەگىئوسنى مەغلۇپ قىلىدۇ، ھەمدە گازا رايونىدا ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىدۇ. ۋىزانتىل پادىشاھى ھىراكىلۇس قايتارما ھوجۇم تەشكىللەيدۇ. ئابابەكرى ئىراقتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان خالىد ئىبنى ۋالىدنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى 18 كۈن يۈرۈش قىلىپ، دەمەشىق ئەتراپىدا ۋىزانتىل ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قورشاۋغا ئالىدۇ. 634 - يىلى ۋىزانتىل ئارمىيىسى مەغلۇپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلار پەلەستىن رايونىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ.

• ۋىزانتىل ئىمپېرىيىسى بىلەن ساسانىلار (پارىس) ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ غەربى ئاسىيا ۋە شىمالى ئافرىقىنى ئىگەللەيدۇ، پەلەستىن ۋە سۈرىيەدىكى خىرىستىيان شەھەرلىرىنى تارتىۋالىدۇ. 634 ـ 637 يىللىرى ئالدى كەينى بولۇپ دەمەشىق، ئانتاكىيا ۋە يېرۇسالىم قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالىدۇ. 638 ـ 642 يىللىرى ئىراق ۋە مىسىرغا، 640 ـ 642 يىللىرى پارىسقا (ئىران)، 640 - يىلى ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىدۇ.

ئۇ پەرمان چىقىرىپ ئەرەپ زىمىنىدا ئەرەپلەردىن باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنى چەكلەيدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان زىمىنلاردا، مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرگە ئېغىر باج (جىزيە) تۆلەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرسە باجنى ئازلىتىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلى تولۇق ئىسلاملاشتۇرىلىدۇ. بېسىۋېلىنغان شەھەرلەر كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ بازىلىرىغا ۋە ھەرخىل مەزھەپلەرنىڭ مەنبىئىگە ئايلىنىدۇ.

644 - يىلى ئۆمەر مەدىنىدىكى مەسچىتتە ئىبادەت قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا پارىس مىللىتىدىن بولغان بىر قۇل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرىلىدۇ.

• مىلادى 644 ـ 656 يىللىرىدىكى خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا، ئۇ داۋاملىق غەرپكە يۈرۈش قىلىپ شىمالى ئافرىقىنى بويسۇندۇرىدۇ، بېركو، تىرىپولى، كارتاگى، سىپروس (650 - يىلى) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالىدۇ. شەرقتە ئەرمىنىيەنى بويسۇندۇرىدۇ (646 - يىلى)، پارىس ۋە خۇراسان رايونىدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرىدۇ. ئىسلام ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى بەلخ، كابۇل، غەزنە قاتارلىق جايلارغىچە بېسىپ بارىدۇ، ۋە بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنى مەجبۇرى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ. ئوسمان ئەسلى بۇرۇنقى مەككىدىكى ھۆكۈمدار جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن، مۇھەممەتنىڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرىنى چەتكە

قاقىدۇ. ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى يېغىپ، باشقىلارغا شەخسىيەتچىلىك ۋە ساختىپەزلىك قىلىدۇ. بۇلاپ كەلگەن مال-مۈلۈكلەرنى ئايرىشتا ئادىل بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكى بارغانسىرى يوقىرىلايدۇ. دۆلەت ئىچىدە دائىم قالايمىقانچىلىق چىقىپ، ھەرقايسى رايونلاردا قارشىلىق ۋە توپىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. مىلادى 656-يىلى خەلىپە ئوسمان ئۆز ئىچىدىكى پارچىلىنىپ كەتكەن گورۇھلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىسلام ئىچكى مەزھەپلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

● مىلادى 656-661 يىللىرى. خەلىپە ئەلى ئەسلىدە مۇھەممەتنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، دەسلەپكى دىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇنقى خەلىپە ئوسماننىڭ تەيىنلىگەن ئادەملىرى ۋە قارارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەنپەتىگە تېگىپ نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش «تۆگە ئۇرۇشى» دا، ئەلى مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشەنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئۇندىن سىرت مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى رەقىبلىرى بولغان مەككە ئاقسۆكەڭلىرىنىڭ ۋارىسى مۇئاۋىيەلەرمۇ سۈرىيەدە ئىش تېرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كونا ۋە يېڭى ئۆچمەنلىكلەر يىغىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا سەۋەپچى بولىدۇ، ھەمدە بىر بىرسىگە قارمۇقارشى بولغان سىياسى مەزھەپلەر پەيدا بولىدۇ. ئىفرات دەرياسى بىلەن سۈرىيە ئوتتورسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەلى ئەجەللىك يارلىنىدۇ. ئۇ مىلادى 660-يىلى دۈشمەنلىرى بىلەن سۈلھى تۈزەيدۇ. ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كىتىدۇ ۋە كىيىن خاۋارىجلار مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مىلادى 661-يىلى ئەلى خاۋارىجلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەلى ئۆلگەندىن كىيىن ئوغلى ھەسەن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما كىيىن ئۇ ۋارىسلىق ھوقوقىدىن ۋاز كىچىدۇ، ئورنىغا ئىنىسى ھۆسەن دەسسەيدۇ. مىلادى 680-يىلى ئىراقتا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھۆسەن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسمىي خەلىپە ئاخىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار پارچىلىنىپ كىتىدۇ. سۈنئىلەر بىلەن شىئەلەر توقۇنۇشۋاتقان پۇرسەتتە، مۇئاۋىيەلەر ھوقوقنى تارتىۋالىدۇ.

● مىلادى 661-750 يىللىرى. ئۇمەييە سولالىسى دىنى جەھەتتە، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئالىدىغان جىزيە بېجىنى ئازايتىپ، ئارمىيەگە كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلىدۇ، ھەم ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. ھەربى جەھەتتە، سىرتقا قارىتا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغايدۇ.

● مىلادى 7-8 ئەسىرلەردە، مۇئاۋىيەلەر دەمەشىقتە ئۆز ئالدىغا خەلىپە تىكلىگەندىن كىيىن، داۋاملىق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار شەرققە يۈرۈش قىلىپ

ئافغانىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى، تاشقى كاۋكاز رايونى قاتارلىق زېمىنلارنى بېسىۋالدۇ. بۇنىڭ بىلەن جوڭگو، ھىندىستان ۋە بۇددا دىنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شىمالدا ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسى بىلەن داۋاملىق توقۇنۇشىدۇ. ئۇلار كونىستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول) شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما نەتىجىسى بولمايدۇ. غەرپتە شىمالى ئافرىقىدىكى تونىس، ئالجىرىيە، موروككو قاتارلىق يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرىنى يوقىتىدۇ. شىمالى ئافرىقىدىكى كۆچمەن خەلق بەربەرلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ.

• مىلادى 711-يىلى شىمالى ئافرىقىدىكى بەربەرلەرنى ئاساس قىلغان ئەرەپ ئارمىيىسى جەبىلتارىق بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. ئۈچ يىللىق قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن، پىلىنىئۇس يېرىم ئارىلىنى (ئىسپانىيەنى) بېسىۋالىدۇ، ھەم بۇجايىنى 800 يىل ئىدارە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى غەربى جەنۇبى ياۋرۇپاغا تارقىلىپ كىرىپ، بۇ يەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

• مىلادى 732-يىلى، مۇسۇلمان ئارمىيىسى داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، فىرانسىيەگە ھوجۇم قوزغايدۇ. ئەمما فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى چارلىز مارتېل (لەقىمى بازغان) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەربى جەنۇبى ياۋرۇپادىكى ھوجۇمى توختايدۇ.

• شۇنىڭ بىلەن ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەرەپ ئىسلام ئىمپېرىيىسى غەرپتە ئىسپانىيەدىن تارتىپ، شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىياپايان زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، ياۋرۇپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

• ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسى ۋە مەزھەپ توقۇنۇشلىرى كەسكىنلىشىدۇ. ئەمەلدارلار پارىخورلۇققا بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ھالسىرتىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ.

• مىلادى 750-950 يىللىرىدىكى ئاباسىلار سۇلالىسى. مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئاباسنىڭ ئەۋلادلىرى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇمەييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، باغداتتا ئاباسىلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ ئۇرۇشلىرى داۋاملىشىدۇ.

• مىلادى 821-833 يىللىرى، مۇسۇلمانلار غەربى ياۋرۇپا ۋە شەرقى ياۋرۇپادىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولىدۇ.

• مىلادى 825-يىلى مۇسۇلمانلار ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى سىسلىيە ئارىلىغا

ھوجۇم قىلىپ، ئارالنى ئىگەللىۋالدۇ، ھەمدە ئۇنى تاكى 1050 ـ يىللىرىغىچە ئىدارە قىلدۇ.

● مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، دۆلەت فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزىمىنى يولغا قويغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىكى ۋالىلار ۋە چوڭ پومىشچىكلار ئۆز ئالدىغا كۈچ توپلايدۇ. ئىچكى قالايمىقانچىلىك ۋە مەزھەپلەر توقۇنۇشى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابباسىلار سۇلالىسى ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

● مىلادى 950 ـ 1258 يىللىرى، ئابباسىلار سۇلالىسى ھەربىلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ، ئىسلام خەلىپىسى ئەمىلى ھوقۇقى بولمىغان قورچاق داھىيغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

● مىلادى 10 ـ ئەسىردە، ئابباسىلار سۇلالىسى بىلەن تىركىشىدىغان بىر نەچچە خەلىپە دۆلىتى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، مىسىردىكى فاتىمە پادىشالىقى (990 ـ 1171)، ئىسپانىيەدىكى كىيىنكى ئۇمەييە پادىشالىقى (756 ـ 1031) قاتارلىقلار. سالجۇق تۈركلىرى پايتەخت باغداتقا كىرىدۇ.

● مىلادى 1000 ـ يىلى، مەخمۇد ئىسلام ئەسكەرلىنى باشلاپ ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالىدىكى پەنجاپ ئۆلكىسىنى بېسىۋالىدۇ. لاھاردا مۇسۇلمان ۋالىدىن بىرنى تىكلەيدۇ.

● مىلادى 1055 ـ 1194 يىللىرى. تۈركلەرنىڭ سالجۇق قەبىلىسى ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، باغداتنى ئەرەپلەردىن تارتىۋالىدۇ. يەنە رىملىقلارنىڭ قولىدىن كىچىك ئاسىيا (ھازىرقى تۈركىيە) نى تارتىۋالىدۇ، 1095 ـ يىلى يېرۇسالىمنى بېسىۋالىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام تېرىتورىيىسىدە يەنە ئۈچ چوڭ ئىمپىرىيە قورۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇغۇل ئىمپىرىيىسى، ئوتتورا ئاسىيادىكى تۆمۈرلەڭ ئىمپىرىيىسى ۋە تۈركىيەدىكى ئوسمان ئىمپىرىيىسى قاتارلىقلار ئىدى.

● مىلادى 1099 ـ يىلى ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى يېرۇسالمنى ئىگەللەيدۇ. ئەمما 1169 ـ 1187 يىللىرى سالاھىدىن باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئارمىيىسى شەھەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

● مىلادى 1206 ـ يىلى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ھىندىستاننىڭ شىمالىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دېھلىدا «سۇلتانلىق» قۇرىدۇ.

● مىلادى 1220 ـ 1258 يىللىرى، مۇڭغۇل ئارمىيىسى باغداتقا باستۇرۇپ كىرىدۇ، ھەمدە شەھەرنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مىۋىسى

• ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە يېقىن ساھابىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمىتى ۋە ھوقوقى بار ئىدى. شۇڭا مۇھەممەتكە ئەڭ يېقىن تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكىتىگە ئاساسەن، ئىسلامنىڭ بەرگەن مىۋىسىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

• ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلار بىربىرىسىگە رەھىمسىزلىك ۋە ۋەھشىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان. مۇھەممەت ئۆلۈپ ئىككىنچى كۈنىلا، ئۇلار خەلىپىلىكنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتكىلى، ھەتتا بىر بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالىدۇ. خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كىتىدۇ. مۇسۇلمانلار تەرەپ-تەرەپتىن توپىلاڭ كۆتىرىپ ئوسمانغا قارشى چىقىدۇ. تۇنجى خەلىپە ئابابەكرىنىڭ ئوغلى ئوسماننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. خەلىپە ئوسمانغا ئاسيلىق قىلغان بۇ مۇسۇلمانلار كيىن مەدىنىدىكىلەرگە بېسىم قىلىپ، ئەگەر دەرھال يېڭى خەلىپىدىن بىرنى تىكلىمىسە، ئۇلارنىڭ ھەممىنى قىرۋىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەربىر خەلىپىنىڭ باللىرى ھوقۇق تالىشىپ يەنە بىر خەلىپىنىڭ باللىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ھەتتا داڭلىق ساھابە ھىساپلانغان زۇبەيرنىڭ باللىرىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئەلىدىن تارتىپ يەزىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرگىچە، مۇسۇلمانلار ھە دىسىلا بىربىرسىنى قەستلەيدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئاسىلىق قىلىدۇ، توپىلاڭ كۆتىرىدۇ. ئۇلار مەككىدە ئۇرۇش قوزغاپ، كەئبىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇ جەريانلاردا مەككە، مەدىنە، بەسرە، كۇفا، سۈرىيە، يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلاردا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئادەم جېنىدىن ئايرىلىدۇ.

• ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن، تاشقى جەھەتتىكى بويسۇنۇش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىكى روھى پاكلىقىقا ئانچە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئەلىگە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جاللاتلار مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ ناماز ئوقۇسىمۇ، ئەمما كىم ئۆزىگە بويسۇنمىسا، ئۇنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈۋىتەلەيدۇ. مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشە بىر ئۆمۈر ئەلىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە شۇنداق ياشايدۇ. ئوسمان ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىمەن دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىكنى ئاشۇرۇۋىتىدۇ. ھەسەن مال-دۇنيانى قوغلىشىپ ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقوقىنى سېتىۋىتىدۇ، ھەمدە نەچچە يۈزلىگەن خوتۇن ۋە توقاللىرى بىلەن ئەيشى-ئىشرەتتە ئۆتۈپ، مال-دۇنيالىرىنى بۇزۇپ چاچىدۇ.

• مۇھەممەتنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھوقوققا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش-جىدەل، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، پىتنە-پاسات، ئالدامچىلىق ۋە زەھەرخەندىلىكنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن قان

تۆكۈلۈشكە سەۋەپ بولىدۇ. ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ، ياۋايىلارچە ۋەھشى قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، زەھەرخەندىلەرچە زىيانكەشلىكلەرنى قىلىدۇ.

● مۇھەممەتنىڭ ساھابىلىرى بىربىرسىگە مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇپ ئۆتمەيدۇ. ئاللامۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ. گەرچە قۇرئاندا «ئاللا ئۇلارنى (مۇسۇلمانلارنى) بىر يەرگە يىغىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر» (قۇرئان 8:63) دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ.

● مۇھەممەت ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن مۇنداق دىگەن: «ئاللانىڭ نامى بىلەن، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كىيىن، سىلەرنىڭ ئاللادىن باشقا ئىلاھقا چوقۇنىشڭلاردىن ئەنسىرمەيمەن، ئەمما بىربىرىڭلار بىلەن بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كىتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن» . (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:428 )

● ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىمۇ، خۇددى ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، بىر دۆلەت قانچە ئىسلاملاشسا، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە شۇنچە كۈچلۈك بېسىم ۋە زوراۋانلىق ئېلىپ كىلىدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋردىكى ئىسلامدا تىنچلىق بولۇپ باققان ئەمەس. مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا جۈملىدىن خىرىستىيانلار، يەھۇدىلار، ھىندىلار، بۇددىستلار ۋە دىنسىزلارغا ھوجۇم قىلمىغان چاغلاردىمۇ، ئۆز ئىچىدىن بىربىرسى بىلەن مەزھەپ تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى [1]

## ئومومى بايان:

● مىلادى 7-ئەسىردىن تاكى 17- ئەسىرلەرگىچە، ئىسلام ئىمپېرىيىلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقلا تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغاندى.

● ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلاپ، تاكى 400 يىل ئۆتكەندىن كىيىن، ئاندىن ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. گەرچە ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ (يېرۇسالىمنى تولۇق قايتۇرۇۋالالمىغان بولسىمۇ)، ئەمما 200 يىلدەك ۋاقىت تىركىشىپ، ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋرۇپاغا تاجاۋۇز

[1] ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى: ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالىمنى بېسىۋالىدۇ. كىيىن يەنە ياۋرۇپاغا تاجاۋۇز قېلىپ كىرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ياۋرۇپادىكى خىرىستىيان ئەللىرى ئىسلامغا قارشى ئىتتىپاق قۇرىدۇ، ھەمدە مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇزۇن يىل جەڭ قىلىدۇ. بۇ تارىختا ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان.

قىلىپ كىرىشىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. (ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، كېيىنكى ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمۇ شەكىللىنەلمىگەن بولاتتى)

• ھازىرقى دەۋردىكى بەزى خىرىستىيان داھىلار ئەھلى سەلىپنىڭ تارىختا قوزغىغان ئۇرۇشى ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەھلى سەلىپ قوزغىغان ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق مەسىھ ئېتىقادىغا ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆلگە قىلمىغان.

• ھالبۇكى مۇسۇلمانلارنىڭ داھىلىرى تارىختىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ نامى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىقى ۋە قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن ئەزەلدىن كەچۈرۈم سوراپ باققان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە قىرغىنچىلىقلار ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن، ئۇلار مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەلىمى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۆلگە قىلغان.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخ

• مىلادى 632-يىلى مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئەرەپ مۇسۇلمانلىرى مۇھەممەتكە چۈشكەن «ۋەھى» ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆلگە قىلىپ، قېلىچ-توقماققا تايىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە ھوجۇم قىلدۇ، ھەمدە بۇ ئارقىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇلار مەسىھىيلەرگىمۇ ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى بېسىۋالدۇ. كېيىنكى مىڭ يىل جەريانىدا كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار مەسىھلەرگە ھوجۇم قىلىپ ئۇرۇش قوزغىغان.

• مۇھەممەت ئالەمدىن ئۆتكەن زامانلاردا، ئەرەبىستان ۋە پېرسىيە (ئىران) تېرىتورىيىسىدە ناھايىتى كۆپ مەسىھ جامائەتلىرى ۋە يەھۇدىلار بار ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالى ئافرىقا ۋە غەربى ئاسىيا دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى مەسىھىيلەر ئىدى.

• ئەينى ۋاقىتتا ياۋرۇپاغا ھوجۇم قىلىپ كىرگەن مۇسۇلمانلار ئاساسى جەھەتتىن ئەرەپلەر ۋە بەربەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە قۇللارنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كاپىرلارنىڭ چىركاۋ ۋە مۇناستىرلىرىنى ۋەيران قىلىش، زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغان ئىدى.

• مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا ياشىغان مەسىھىيلەر ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرالار بولۇپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج -جىزيە تاپشۇرىتى، لىكىن يەر-زېمىنغا ھەقىقى ئىگە بولالمايتى.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى

| | |
|---|---|
| 1076 ـ يىلى | سالجۇق پادىشاھلىقى يېرۇسالېمنى ئىگەللىۋالدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىپ ھەج قىلىشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. ئۇلار ئېغىر باج تۆلەيدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ كەمسىتىشى، ھاقارىتى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، بەزىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ، تۇتۇپ قۇل قىلىنىدۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. |
| 1085 ـ يىلى | رىم پاپىسى گرىگورى يەتتىنچى (Gregory VII) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ سەكراتتا يېتىۋاتقاندا بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە، خىرىستىيانلار ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. |
| 1095 ـ يىلى 3 ـ ئاي | رىم پاپىسى ئۇربان ئىككىنچى (Urban II) ئىتالىيەنىڭ پىئاسىنزا شەھرىدە چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ۋىزانتىيىنىڭ ۋەكىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ مەسىھلەرنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى بېسىۋالغانلىقىنى ۋە شەرقتىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قاتتىق زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسۇلمانلارنى قوغلىۋەتمىگىچە زۇلۇم ۋە خېيىم ـ خەتەرنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ شەرققە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيىغا ياردەم بېرىشنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوجۇمىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى سورايدۇ. |
| 1095 ـ يىلى 11 ـ ئاي | رىم پاپىسى ئۇربان ئىككىنچى (Urban II) فىرانسىيەنىڭ كلېرمونت شەھرىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ئۇ ياۋرۇپادىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا: «ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، كىرىستىنى يۈدۈپ مېڭىش، ھەممە مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىش» توغرىسىدا چاقىرىق قىلىدۇ. يېغىنغا قاتناشقانلار ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇنداق قىلىشىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر» دەپ توۋلايدۇ. تۇنجى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ مەقستى، مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى ئازات قىلىپ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا بىخەتەر يول ئېچىپ بېرىش ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ 2/3 قىسىم زېمىنىنى 400 يىل بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن خىرىستىيان ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكىتىدۇر. |

# ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ جەريانى

| قېتىملىق | ۋاقتى | قاتناشقان دۆلەتلەر | نەتىجىسى |
| --- | --- | --- | --- |
| 1 | 1096 ـ 1099 | فىرانسىيە | يېرۇسالېمنى ئىگەللەپ، يېرۇسالېم پادىشاھلىقىنى قۇردى. |
| 2 | 1147 ـ 1149 | فىرانسىيە، رىم | دەمەشىق ۋە ئۇدىسسىيەنى قايتۇرۇۋالالماي مەغلۇپ بولدى. |
| 1187 ـ يىلى. مىسىر سۇلتانى سالاھىدىن باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار يېرۇسالېمنى قايتىدىن ئىگەللىۋالدى. | | | |
| 3 | 1189 ـ 1191 | گېرمانىيە ئەنگلىيە، فىرانسىيە | يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋالالماي چېكىنىپ كەتتى |
| 4 | 1202 ـ 1204 | رىم | ئەسلىدە مىسىرغا يۈرۈش قىلغان ئەسكەرلەر ۋېنېتسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كونستانتىنوپولغا ھۇجۇم قىلىپ، «لاتىن ئىمپېرىيىسى» نى قۇردى. |
| 5 | 1217 ـ 1221 | ۋېنگىرىيە، رىم، يېرۇسالېم پادىشالىقى | سۈرىيە رايونىدا غەلىبە قىلدى، ئاندىن مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ دامىيتا شەھىرىنى ئىگەللىدى، ئەمما قاھىرەگە قىلغان ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولدى. |
| 6 | 1228 ـ 1229 | رىم | مىسىر سۇلتانى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋالدى. |
| 1244 ـ يىلى يېرۇسالېم شەھىرىنى مۇسۇلمانلار يەنە ئىگەللىۋالدى. | | | |
| 7 | 1248 ـ 1254 | فىرانسىيە | مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ دامىيتانى ئىگەللىدى، ئەمما قاھىرەگە ھۇجۇم قىلغاندا مەغلۇپ بولدى. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 8 | 1270 | فرانسىيە | دېڭىزدىن ئۆتۈپ شىمالى ئافرىقىدىكى تۇنىسقا ھوجۇم قىلىدۇ، تۇنىسقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇسۇلمان پادىشاھ ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئولپان تۆلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېكىنىپ كېتىدۇ. |
| 9 | 1271 ـ 1272 | ئەنگلىيە | سۈرىيەدە جەڭ قىلىدۇ، كېيىن مەملۇك سۇلتانلىقى بىلەن 10 يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، ئەنگلىيەگە قايتىپ كېتىدۇ. |
| شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى توختايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار داۋاملىق ئۇرۇش قوزغاپ، مەسىھىيلەرنىڭ زېمىنلىرىغا ھوجۇم قىلىدۇ. 1291 ـ يىلى مەسىھىيلەر ئىگەللەپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەر ئاككا (يېرۇسالېمنىڭ شىمالىدىكى شەھەر) مەملۇك سۇلتانلىقى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېم پادىشالىقىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. | | | |

● ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا خۇددى دەسلەپكى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدەك زوراۋانلىق ۋە ۋەھشى قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، ھەقىقەتەن خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگەن. بۇنى مەسىھ جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى ئەيىپلەيدۇ.

● ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى ئىگەللىگەن رايونلاردا كۆپىنچە ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنى ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويغان.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن

| | |
|---|---|
| 14 ـ 16 ئەسىر | ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى بارغانسىرى كۈچىيىپ، ئەتراپىتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ. ياۋروپادىكى خىرىستىيان دۆلەتلىرىگە ھوجۇم قىلىپ، كونستانتىنپول (ئىستانبۇل) نى بېسىۋالىدۇ. |

| | |
|---|---|
| 15 ـ ئەسىر | ياۋروپالىقلارنىڭ ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە شەرقتىكى مەسىھىي قېرىنداشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆز زىمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. |
| 1480 ـ يىلى | سۇلتان مەھمۇد ئىككىنچى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئوترانتو دېڭىز بوغۇزىنى ئىگەللەپ، ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە تەييارلىنىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىپ، پىلانى سۇغا چىلىشىدۇ. |
| 1529 ـ يىلى | سۇلتان سولايمان ۋېيېناغا قورشاپ ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇ يول ئۈستىدە بىنورمال چىققان بوران ـ چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ قالغاچقا، نۇرغۇن قورال ـ ياراق ۋە زەمبىرەكلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن شەھەرنى ئالالماي چېكىنىپ كېتىدۇ. |
| 1683 ـ يىلى | ئوسمان ئىمپىرىيىسى ۋېيېناغا كەڭ كۆلەملىك ھوجۇم قوزغايدۇ، ئەمما ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى جەڭدە ئۆلىدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش تارىخى بۇرۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، 200 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ياۋروپاغا ھوجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئوسمان ئىمپىرىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى شۇنىڭدىن كېيىن توختايدۇ. ئوسمان ئىمپىرىيىسى تەدرىجى ئاجىزلىشىپ، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك كۈچىيىدۇ. |

## ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسىنىڭ ئېتىقات ئارقا كۆرۈنۈشى

● ئىسلام دىنى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى سىياسىي داھىيلار ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارى ھەم دىنىي يولباشچىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھەركەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئاساسلانغان. چۈنكى ئىسلامىيەتتە دىن بىلەن سىياسىي ئايرىلمىغان. مۇسۇلمانلار ئۆچۈن ئېيتقاندا جەڭ قىلىش ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلىدۇر. ئىسلام دىنىدا بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ جۈملىدىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق دىن تارقىتىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، بارلىق ئادەملەرنى مۇسۇلمان قىلىش. شۇڭا شارائىت ۋە كۈچى بولسىلا، كاپىرلارغا قارىتا جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بىر تەلىمىدۇر.

● ۋىزانتىيە (شەرقى رىم) ئىمپېرىيەسى ئۇزۇن ۋاقىت مۇسۇلمانلارنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، ئاستا-ئاستا ئىسلام دىنىنىڭ جىھاد (دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش) ئىدىيىسىنى يۇقتۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقى دىنى ھوقۇققا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە كېيىن غەربى ياۋروپا ئەللىرىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

● بىراق مەسىھ ئېتىقاتى باشلىنىشتىلا ئىنسانى مېھىر-مۇھەببەت، كەچۈرۈمچانلىق، سەۋر-تاقەت ۋە تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇش-جېدەلنى رەت قىلغان. بۇنىڭغا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ھەركىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئىسپات بولالايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى دەسلەپكى 300 يىلدا، گەرچە نۇرغۇن ئازاپ-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ۋە تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەيسا مەسىھنىڭ يولىنى تۇتۇپ، مېھىر-مۇھەببەت، رەھىمدىللىك ۋە تىنچلىق بىلەن دىن تارقىتىدۇ.

● مىلادى 4-ئەسىردە رىم ئىمپېرىيەسى مەسىھ ئېتىقاتىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىنمۇ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى رىم ھۆكۈمدارلىرىنى ئادالەتسىز، ناھەق ئۇرۇشلارنى قىلىشتىن توسايدۇ. جەڭ قىلىپ قان تۆكۈدىغان ئىشلارنى ئېتىقاتىمىزغا خىلاپ دەپ قەتئى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەتتا بەزىلەر ئۇلارنى «مەسىھىيلەر رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسى تەسىرى ۋە ھەربى كۈچىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ ئەيىپلەيدۇ.

● كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەسىھىيلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھوجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ بەزى خاتا ئىدىيىلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان، ۋە شۇ سەۋەپتىن بەزى ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنى قوزغىغان، قىرغىنچىلىقمۇ قىلغان. بىراق مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق مەسىھ ئېتىقاتىغا زىتتۇر.

## مەسىھىيلەر ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر

● ئەيسا مەسىھنىڭ 12 شاگىرتى بولۇپ، ساتقۇن يەھۇدادىن باشقا قاپقالغان 11 شاگىرتى ئىچىدە 10 شاگىرتى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغان. يەنە بىر شاگىرتى يۇھاننامۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ خۇش خەۋەر تارقاتقانلىقى ئۈچۈن پاتمۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرغان.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى 300 يىلدا، مەسىھىيلەر جەمىيەتتىكى ئەڭ ئاجىز كوللىكتىپ بولۇپ، دائىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان مەسىھىيلەر ئېتىقات يولىدا شېھىت بولغانىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ئۇلار ئەيسا

مەسىھنىڭ خۇدانىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچى يولى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

● رىم ئىمپېراتورى نېرو (37 ـ 68)، مەسىھلەر رىمنىڭ كۆپ ئىلاھلىرىغا ئىشەنمەي ئۆزلىرىنىڭ بىر خۇدالىق ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرغاچقا، ئۇلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. مىلادى 64 ـ يىلى ئۇ رىمنىڭ نامراتلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر رايونىغا ئوت قويغۇزىتىپ، ئارقىدىن بۇنى مەسىھىيلەر قىلغان دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئۇ مەسىھىيلەرنى تۇتۇپ مۇسابىقە مەيدانلىرىدا تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدىلا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم قىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. ھەتتا مەسىھىيلەرنى تۆۋرۈكلەرگە باغلاپ، مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، كېچىسى ئۆزىنىڭ بېغىنى يورۇتىدىغان چىراق قىلىدۇ. شۇ قېتىملىق ۋەھشى قىرغىنچىلىقتا، شاگىرت پېتروس ۋە پاۋلۇسلارمۇ نېرونىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ شېھىت بولىدۇ.

● رىم ئىمپېراتورى دومىتىئان (51 ـ 96) ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ جاكارلايدۇ. مەسىھىيلەر ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا دومىتىئان مەسىھىيلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، مىلادى 81 ـ يىلى كەڭ كۆلەمدە مەسىھىيلەرنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. نۇرغۇن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

● رىم ئىمپېراتورى تىرايان (53 ـ 117) مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇتىۋالسا، ئۇلارنى رىمنىڭ بۇد ئىلاھلىرىغا تاۋاپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئەگەر ئۇنىمسا ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. شۇ دەۋردە يېرۇسالىمنىڭ ئېپىسكوپى سىميان كىرستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ. ئانتاكيەنىڭ ئېپىسكوپى تىرىك پېتى شىرغا يەم قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرۇپ، رىمنىڭ بۇد ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.

● تىرايانىدىن كېيىنكى نەچچە ئەۋلاد رىم ئىمپېراتورلىرىمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان سىياسەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىمپېراتور پىئاسنىڭ دەۋرىدە، سىمىرنا (ھازىرقى تۈركىيەدىكى ئىزمىر) شەھرىنىڭ ئېپىسكوپى پولىكارپۇس قولغا ئېلىنىپ، مۇسابىقە مەيدانىدا يىرتقۇچلارغا يەم قىلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پۇرسەت بېرىلىپ، ئەگەر مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئالدىدا ئەيسا مەسىھنى ھاقارەتلىسە، دەرھال قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرىلىدۇ. ئەمما پولىكارپۇس مۇنداق دەپ رەت قىلىدۇ: مەن 86 يىلنىڭ ياقى رەببىمنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. ئۇ ئەزەلدىن ماڭا يامانلىق قىلىپ باققىنى يوق. شۇنداق تۇرۇپ، مېنى قۇتقۇزغان ئاشۇ رەببىمگە قانداقمۇ ھاقارەت كەلتۈرەلەيمەن. بۇنى ئاڭلىغان مەسئۇل ئەمەلدار ئۇنىڭغا: ئۇنداقتا مەن سېنى يىرتقۇچلارغا تاشلاپ بېرىپ يەم قىلماقتىن باشقا ئامالىم يوق ـ دەيدۇ. پولىكارپۇس: ئىختىيارىڭىز، قېنى يىرتقۇچلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىڭ ـ دەيدۇ. ئەمەلدار غەزەپلىنىپ: ئەگەر سەن يىرتقۇچلاردىن قورقمىساڭ، ئۇنداقتا سېنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىمەن ـ دەيدۇ.

پولىكارپۇس ئۇنىڭغا: سەن ئوت بىلەن مىنى قورقۇتماقچىمۇ، ئۇ ئوتقۇ بىرەر سائەت كۆيە، ئەمما سەن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان دوزاقنىڭ ئوتىنى ئۇنتۇپ قالما ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پولىكارپۇس ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

● ئىمپېراتور ئاۋرېلىئوس (121 ـ 180) مەسىھىيلەرنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ساداقىتىنى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ. ھەم ئۇلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. مەسىھ ئېتىقادىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن پېشۋالىرى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن پاكىت كۆرسىتىپ، ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىمى بولمايدۇ. مەسىھ ئېتىقادچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە يەر تەۋرەش، كەلكۈن، ۋابا، ئوت ئاپىتى قاتارلىقلار توختىماي يۈز بېرىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي، ئەكسىچە بۇ ئاپەتلەرگە مەسىھىيلەر سەۋەبچى دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھوجۇم قىلىپ تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. بۇنى ھۆكۈمەت توسمايدۇ. مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ جەسەتلىرى كوچا ـ كوچىلاردا ياتىدۇ، توپىلاڭچىلار «رىم ئىلاھلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى زېمىننى بۇلغىمىسۇن» دەپ، مەسىھىيلەرنىڭ جەسەتلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، كۆيدۈرۈپ، دەريا ـ دېڭىزلارغا چېچىۋېتىدۇ.

شۇ مەزگىللەردە سىمفورىنۇس ئىسىملىك بىر ياش ئېتىقادچى قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. جازا ئىجرا قىلىنىشنىڭ ئالدىدا، ئانىسى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم، قەيسەر بولغىن، ئۆلۈمدىن قورقما، چۈنكى ئۇ سىنى ھەقىقى ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەرشتىكى خۇداغا تەلپۈنگىن. بۈگۈن سىنىڭ ھاياتىڭ ئېلىپ كېتىلمەيدۇ، بەلكى ئەرشتىكى ھاياتلىققا ئۆزگىرىدۇ.»

● مىلادى 166 ـ يىلى، مەسىھ ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئاقلاش يولىدا زور كۈچ چىقارغان يۇستىن مارتىر شېھىت بولىدۇ. يۇستىن مىلادى 100 ـ يىللىرى سامارىيەنىڭ فىلاۋىئە شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ھەم تىرىشچان ئىدى. ئۇ «ئىنسان قانداق قىلغاندا خۇدانى تونۇيالايدۇ» دىگەن سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن، تۈرلۈك گىرىك پەلسەپىلىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئەمما قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالمايدۇ. مىلادى 130 ـ يىلى مەسىھ ئېتىقادىنى قۇبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ بىر ئۆمۈر مەسىھ ئېتىقادىنى قوغداش ۋە ئاقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەمدە بۇ توغرىلىق ئاز بولمىغان كىتاپلارنى يازىدۇ. ئۇ يەھۇدىلار بىلەن مۇنازىرلىشىپ، تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرىدا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ دەل ئەيسا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەتتا رىم ئىمپىراتورلىرىغا خەت يېزىپ، مەسىھ ئېتىقادىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مىلادى 166 ـ يىلى يۇستىن ۋە باشقا بەش مەسىھ ئېتىقادچىسى قولغا ئېلىنىدۇ. رۇستىكۇس ئىسىملىك بىر يەرلىك

ئەمەلدار ئۇلارنى رىمنىڭ بۇد ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلىپ، ئىسرىق كۆيدۈرسە، قويىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئەمەلدار ئۇلارنى قامچىلاپ ئۇرغۇزۇپ، ئاندىن كاللىسى ئالىدۇ.

● مىلادى 222 ـ 250 يىللىرى، مەسىھ ئېتىقاتىغا چۈشكەن بېسىم سەل يېنىكلەيدۇ. مەسىھىيلەر ئاز ـ تولا ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

● رىم ئىمپېراتورى دىسىئۇس مىلادى 250 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق مەسىھىيلەرنى ئېتىقاتىدىن ۋاز كىچىپ، رىم ئىلاھلىرىغا نەزىر ـ چىراق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، پەرمانغا بويسۇنمىغانلارنى ئېغىر جازالايدۇ. گەرچە بىر قىسىم ئاجىز كىشلەر ئېتىقاتىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇن مەسىھىيلەر ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرىدۇ.

● مىلادى 260 ـ 303 يىللىرى، مەسىھ جامائىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىدۇ، ئېتىقاتچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ.

● مىلادى 300 ـ يىلى، رىم ئىمپېراتورى دىكلىتىئانوس دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق رىم پۇقرالىرىنىڭ ئېتىقاتىنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ توسقۇن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 303 ـ يىلى ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق مەسىھ جامائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا يا ئېتىقاتىدىن ۋاز كىچىش، ياكى ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككىلا يولنى بېرىدۇ. نۇرغۇن ئىنجىل يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئاز بولمىغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرىلىدۇ. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتى يەنىلا يوقالمايدۇ.

● مىلادى 308 ـ يىلى رىم ئىمپېراتورى گالىرىئۇس پەرمان چىقىرىپ، رىم ئىلاھلىرىغا نەزىر چىراق قىلىنغان ھاراقنى، رىمنىڭ بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئۈستىگە چېچىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق مەسىھىيلەرنى يا بۇدقا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى ئاچ قېلىپ ئۆلۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

● مىلادى 313 ـ يىلى رىم ھۆكۈمىتى پەرمان چىقىرىپ، بۇندىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتىغا يول قويىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

● مىلادى 323 ـ يىلى ئىمپېراتور كونستانتىن تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە نۇرغۇن رىملىقلارمۇ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى

● مەسىھلەر خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىشتا ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ، بۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنى ئېتىقاتىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىھىيلەر ئۆزىنىڭ بىر خۇدالىق ئېتىقاتىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، شۇڭا رىملىقلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنى ئېتىقاتى بىلەن سىغىشالمايدۇ. بۇ رىملىقلارنى نارازى قىلىپ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. مەسىھىيلەر يەنە رىملىقلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ ئۆتكۈزگەن نەزىر-چىراقلىرىغا قاتناشمىغاچقا، ھەتتا بەزىدە ئىلاھقا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلار دەپمۇ قارالغان.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەسىھ جامائىتىدە نۇرغۇن مۆجىزىلەر كۆرۈلگەن بولۇپ (مەسىلەن كېسەللەرنىڭ ساقىيىپ كېتىشى دېگەندەك)، بۇ رىمنىڭ سېھرى-جادۇنى چەكلەيدىغان قانۇنىغا خىلاپ كېلىپ قالغان.

● دەسلەپكى جامائەتنىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېتىقاتچىلار جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئادەملەر بولغاچقا، مەسىھ ئېتىقاتى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تەرىپىدىن خۇراپاتلىق دەپ قارىلىپ كەمسىتىلگەن.

● مەسىھ ئېتىقاتىدا تەشەببۇس قىلىنغان پاك ياشاش، مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇش، ئادالەتنى ياقلاش ۋە تىنچلىقنى سۆيۈشتەك پەزىلەتلەر، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇق غايە دەپ قارالغان. رىملىقلارنىڭ گىلادىئاتور مەيدانلىرىدىكى قۇللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ بىرىبىرسىنى ئۆلتۈرىدىغان ئويۇنلىرىغا مەسىھلەر قاتناشمايتى. نۇرغۇن مەسىھ ئاقساقاللىرى رىملىقلارنىڭ ئويۇن-تاماشا، بۇزۇقچىلىق ۋە ۋەھشىلىككە تولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەيىپلەيتى. شۇ سەۋەپتىنمۇ رىملىقلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرايتى.

● مەسىھىيلەرنىڭ توپلىشىپ جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇشلىشى، باشقىلاردا ئۇلارنىڭ سىياسى مۇددىئاسى ۋە ھەركىتى بارمىكىن دېگەن گۇماننى پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىھىيلەر رىمنىڭ قانۇنىغا قارىغاندا خۇدانىڭ قانۇنىغا تېخىمۇ بەكرەك بويسۇناتتى. شۇڭا نۇرغۇن مەسىھىيلەر «ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھ» دەپ قاراپ، قورال ئېلىپ ئەسكەر بولۇشقا ئۇنىمايتى. بۇ ئىش ھەربى كۈچكە تايىنىپ مەۋجۇد بولىۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى. ئۇندىن سىرت، مەسىھىيلەر ئۆز ئېچىدىكى زىددىيەتلەرنى دىنى ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەل قىلاتتى، سوتقا ئەرز قىلمايتى. بۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە رىم قانۇنىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ قارىلاتتى. رىم ھۆكۈمتى مەسىھىيلەرنى ئۆزىنىڭ قانۇن-تۈزۈمى ۋە ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان ئوبىكتى بار، ئۇلار رىمنىڭ ھۆكۈمرانىغا سادىق ئەمەس دەپ قارايتى. شۇڭا

مەسىھىيلەرنىڭ سانى قانچە ئاشقانسىرى، رىم ھۆكۈمىتىگە شۇنچە بېسىم بولاتتى. بىراق ئەمەلىيەتتە، مەسىھىيلەر جەمىيەتتىكى ھەممىدىن بەك قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان، ھەم ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغان پۇقرالاردىن ئىدى. چۈنكى مەسىھ ئېتىقاتىدا ھۆكۈمەتكە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈمگە بويسۇنۇش ئېتىقاتچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئەمەلدارلار ئۈچۈنمۇ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمىيەت تۈزۈلمىسىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم مەسىھ ئېتىقاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى قۇللىرىنى ئازات قىلىۋېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ قۇللارنى ئازات قىلىۋېتىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما مەسىھىيلەر ئىنجىلدىكى «قېرىنداشلارنى سۆيۈڭلار» دىگەن تەلىمگە ئاساسەن، گەرچە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلاتتى.

**مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ جەلىپكارلىقى**

● ئەيسا مەسىھ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 3-كۈنى تىرىلىپ شاگىرتلىرىغا كۆرۈنىدۇ، 40-كۈنى ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ، 50-كۈنى شاگىرتلار ئىرۇسالىمدا يىغىلىپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈپ، ھەممىسى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا سۆزلىيەلەيدىغان ۋە مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغان ئىقتىدارلارغا ئىگە بولىدۇ. شۇ چاغلاردا (مىلادى 33-يىلى) ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن ئېتىقاتچىلارنىڭ سانى نەچچە مىڭلا ئادەم ئىدى. 300 يىللىق زۇلۇم ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىمپىراتور كونىستانتىنىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ سانى 6 مىليونغا يېتىپ، ئىمپىرىيە نوپۇسىنىڭ 10% نى ئىگەللەيدۇ.

● ئەينى دەۋرلەردە، بىر ئادەمنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى ياخشىلاشقا ھېچقانچە پايدىسى تەگمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە جەمىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىمۇ ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن ئادەم مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ جەلىپكارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. مەسىلەن، مەسىھ جامائەتچىلىكىدە كېسەل ساقايتىپ، جىن قوغلايدىغان ئىقتىدارلار بار بولۇپ، ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالغان ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ، روھى جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيتى. مەسىھ ئېتىقاتى يەنە ئۈمىدسىزلىكتە قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يېڭىدىن ئۈمىد ئاتا قىلالايتى. ئۇندىن باشقا، مەسىھىيلەرنىڭ ئۆزىگە خاس

پەزىلەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئادىتىمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلالايتى. مەسىلەن، خىزمەت ۋە سودىدىكى سەمىمىلىكى، جەمىيەتتىكى ناچار قىلمىشلارنى يوقتۇرماسلىقى (مەسىلەن ئاياللارنى ئۇرۇش، بالىلارنى تاشلىۋتىش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق، هاراقكەشلىك قاتارلىقلار). مەسىھىيلەر ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتىمۇ داڭ چىقارغان بولۇپ، ئېتىقاتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھەرۋاقىت تەييار ئىدى، مەردانىلىق بىلەن ھەققانىيەتنى ياقلايتى. بۇلارمۇ باشقىلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

مەسىھ ئېتىقاتى قۇرۇق تەلىم بولماستىن، بەلكى ئۇنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ. شۇ سەۋەپلەردىن، دەسلەپكى 300 يىلدا، جەڭ ۋە زوراۋانلىققا تايانمىسىمۇ، ھەتتا شۇنچىلىك قاتتىق بېسىم ئاستىدا بولسىمۇ، مەسىھ ئېتىقاتى يەنىلا ئۈچقاندەك تەرەققى قىلالايدۇ. مانا بۇنى خۇدانىڭ ھەقىقى مۆجىزىسى دىيىشكە بولىدۇ.

● مىلادى 3-ئەسىردىكى دىن قوغدىغۇچىسى تېرتۇلىئان ھەقىقى ئىبادەتنى زورلاشقا بولمايدۇ دەپ قارايتى، ئۇ مۇنداق دىگەن: «مەسىھ ئېتىقاتىدا زورلاش دەيدىغان گەپ يوق»، «دىنغا زورلاش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپتۇر»، «خۇدا ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئەمما ئۇ باشقىلارنى مەجبۇرلىمىغان، چۈنكى خۇدا ئەزەلدىن ئىنساننى مەجبۇرلىمايدۇ». 3-ئەسىردىكى كارتاگىلىك ئېپىسكوپ سىپرىئاننىڭ دەرىسلىكىدىمۇ «ئادەم دىنغا ئېتىقات قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ» دىيىلگەن. دىمەك، دىن تارقىتىشتا زوراۋانلىققا تايىنىشقا بولمايدۇ. تاكى كونىستانتىنپولنىڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارلىقتا، پەيلاسوپ لاكتەنتىئوس مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دىگەن: «(مەسىھ ئېتىقاتىدا) زوراۋانلىق ۋە زىيانكەشلىك يوق، چۈنكى دىندا زورلاش يوقتۇر. بىز مۇشت-پەشۋاغا ئەمەس، بەلكى گەپ-سۆزگە تايىنىپ باشقىلارنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرىمىز. باشقىلار ئېتىقاندەك كىشىلەرنى ئېزىقتۇرمايمىز، بەلكى تەلىم بېرىمىز، ئىسپاتلايمىز ۋە نامايەن قىلىمىز».

13 ـ قىسىم

# پەرشتە

# ئىسلام دىنىدىكى پەرىشتە

## پەرىشتە بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى

- ئاللا پەقەت ھەقىقەت ئۈچۈنلا پەرىشتىلەرنى زېمىنغا چۈشۈرىدۇ. (قۇرئان 15:8)
- ئاللا ھەممە مەۋجۇداتنى پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ نامىنى دەپ بېرىشنى سورايدۇ. (قۇرئان 2:31)
- ئاللا پەرىشتىلەرنى ئۆزى ياقتۇرغان كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ. (قۇرئان 16:2)
- پەرىشتىلەر ئەسلى ئاللانىڭ قۇللىرى ئىدى. (قۇرئان 43:19)
- پەرىشتىلەر قورققانلىقى ئۈچۈن ئاللانى مەدھىيەلەيدۇ. (قۇرئان 13:13)
- پەرىشتىلەر ئاللانىڭ يەر يۈزىدىكى ئىنسانلارنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 42:5)

## پەرىشتە بىلەن پەيغەمبەرنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتىلەر پەيغەمبەرگە بەخت تىلەيدۇ. (قۇرئان 33:56)
- ئاللا پەرىشتىلەرنى ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ. پەقەت شەيتانلا رەت قىلىدۇ. (قۇرئان 2:34 ، 7:11 ، 15:28-31 ، 17:61 ، 18:52 ، 20:116 ، 38:71-74 )

## پەرىشتە بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتىلەر مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئاللانىڭ ئۇلارنى قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، يورۇقلۇققا ئەپچىقىشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 33:43)
- «مېنىڭ ئىگەم ئاللادۇر» دىگۈچىلەر، ھەم ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرغانلارغا، پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ ياخشى خەۋىرىنى يەتكۈزىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنى قوغدايدۇ. (قۇرئان 41:30،31)
- مۇسۇلمانلار ئۇرۇشتا ئاللادىن ياردەم تىلىگەندە، ئاللا ئۇلارغا مىڭ پەرىشتە چۈشۈرۈپ ياردەم بەرمەكچى بولغان. (قۇرئان 8:9)

## پەرىشتە بىلەن مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

- پەرىشتە قامچا بىلەن كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە ئۆلگۈچە ئۇرىدۇ. (قۇرئان 8:50)

• كاپىرلار پەرىشتىلەرنى ئاياللار دەپ قارايدۇ، ئۇلارنى ئاياللارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدۇ. (قۇرئان 43:19 ، 53:27)

## پەرىشتىلەرنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزىشى

• پەرىشتە مەسىھ ئەيسانىڭ تۇغۇلىشى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى مەريەمگە يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 3:42ـ45)

• پەرىشتە يەھيا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى زاكارىياغا يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 3:39)

## قىيامەت كۈنىدىكى پەرىشتىلەر

• ئاللا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بۇلۇتلار ئىچىدە يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ئىنسانلارنى سوراق قىلىدۇ. (قۇرئان 2:210)

• ئۇ كۈنى ئاسمان ۋە بولۇتلار يېرىلىدۇ، پەرىشتىلەر ھەيۋەت بىلەن يەر يۈزىگە چۈشىدۇ. (قۇرئان 25:25)

• ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرۋاتقان ۋە تۆت ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان پەرىشتىلەر، ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 39:75 ، 40:7)

• پەرىشتىلەر ۋە روھىلقۇددۇس بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا كۆتىرىلىدۇ. ئۇ بىر كۈنىنىڭ ئۇزۇنلىقى 50 مىڭ يىلغا تەڭ. (قۇرئان 70:4)

• يەر قايتا ـ قايتا قاتتىق تەۋرىگەندە، ئاللا قاتار ـ قاتار تىزىلغان پەرىشتىلەر بىلەن يەرگە چۈشىدۇ. ئۇ كۈنى دوزاق ئېلىپ كىلىنىدۇ. (قۇرئان 89:21ـ23)

• ئاسماندا نۇرغۇن پەرىشتىلەر بار، ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرى قۇبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئاللا روھسەت قىلغان ۋە خالىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 53:26)

• ئاللا پەرىشتىلەرگە بۇيرۇق قىلىپ، ئىلگىرى ئاللاغا ئىبادەت قېلغانلارنى دوزاقتىن ئېلىپ چىقىڭلار دەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:806)

• ئاللاغا، قىيامەتكە، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتاپلارغا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش كىرەك. (قۇرئان 2:177.285)

• پەرىشتىلەر قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (قۇرئان 4:166)

• قەدىر ئېيى مىڭ ئايدىنمۇ ئەۋزەلدۇر، پەرىشتىلەر ۋە رۇھىلقۇددۇس ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ھەرخىل ئىشلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلىپ پەسكە چۈشىدۇ. (قۇرئان 97:3، 4)

● پەرىشتىلەر بولۇتلار ئارىسىغا چۈشىدۇ، جەننەتكە ئەپچىقىلىپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ، دۇنيادا ھەرخىل ئىشلار يۈز بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:432)

## ئىسلامدىكى تۆت چوڭ پەرىشتە

● جەبرائىل (قۇرئان 2:98)- ئاللانىڭ ۋەھىلىرىنى مۇھەممەتكە يەتكۈزگەن پەرىشتە.

● مىكائىل (قۇرئان 2:98)- پۈتكۈل ئالەمنى نازارەت قىلىدىغان، ئىنسانلار دۇنياسىدىكى تەمىناتنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە.

● ئەزرائىل - جاننى ئالىدىغان پەرىشتە. (قۇرئان 32:11)

● ئىسرافىل - يامغۇر ۋە شامالنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە. زامان ئاخىر بولغاندا بۇرغا چېلىپ، بارلىق ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ سوراق قىلىشىغا تەييارلاندۇرىدۇ.

## پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتى

● مۇسۇلمانلار ياخشى ھالەتتە تۇرغاندا، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 16:32)

● پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغاندا، ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورايدۇ: سىلەر ھايات ۋاقتىڭلاردا قانداق ئىدىڭلار؟ (قۇرئان 4:97)

● جاننى ئالغۇچى پەرىشتە ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن، بىرىپ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغاندا، مۇسادىن قاتتىق تاياق يەپ كىتىدۇ، ھەتتا كۆزىمۇ زەخمىلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1339 ، 4:55:619)

● ئاللا ئاياللارنىڭ بالىياتقۇسىغا بىر پەرىشتىنى ھاۋالە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇ بالىياتقۇدىكى ئەھۋاللارنى ھەرۋاقىت ئاللاغا دوكلات قىلىپ تۇرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:318)

● ئاللا بىر پەرىشتىنى يىغى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ھەركىتى، تۇرمۇشى، ئۆلىدىغان ۋاقتى، دىنى ئېتىقاتى قاتارلىقلارنى خاتىرلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، خاتىرلەنگەن مەزمۇنلار ئۇ بالىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاققا كىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:430 ، 4:55:549،550 ، 8:77:593،594)

## باشقا پەرىشتىلەر

● ھارۇت ۋە مارۇت: قەدىمقى بابىلۇندىكى ئىككى پەرىشتە، كىشىلەرگە سېھىر-جادۇ قىلىشنى ئۆگىتىدۇ، ئەر-خوتۇنلارنى ئاجراشتۇرۇۋېتىدۇ. (قۇرئان 2:102)

● ياخشى-يامان ئىشلارنى خاتىرلەيدىغان پەرىشتە: پەرىشتىلەر نازارەتچىلەردۇر،

ھۆرمەتكە لايىقتۇر، خاتىرلىگۈچىدۇر، ئۇلار ئادەملەرنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى بىلىدۇ. (قۇرئان 12ـ82:10)

● مۇھاپىزەتچى پەرىشتە: ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە پەرىشتىلەر بولىدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ بۇيرىقى بىلەن شۇ ئادەمنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. (قۇرئان 13:11)

● ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرىشكە مەسئۇل 8 پەرىشتە بار. (قۇرئان 69:17)

● جەننەت مۇئەككىلى رىزۋان.

● دوزاق مۇئەككىلى مالىك ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى

○ مالىك دوزاقنى باشقۇرىدىغان پەرىشتە. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1386)

○ دوزاققا تاشلانغانلار ئازاپتا نالە قىلىپ: «ھەي مالىك، ئىگەڭ جېنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرسۇن» ـ دەيدۇ. ئۇ: «سىلەر بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىسىلەر» ـ دەيدۇ. (قۇرئان 43:77)

○ دوزاقنى باشقۇرىدىغان جەمى 19 پەرىشتە بار. (قۇرئان 31،74:30)

○ دوزاقتىكى ئوتتا جازالايدىغانلار ۋەھشى ۋە قاتتىققول پەرىشتىلەردۇر. (قۇرئان 66:6)

● مۇنكىر ـ نېكىر

○ كۆرۈنىشى بەدبەشىر بولغان، كۆك كۆزلۈك قارا ئەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، قەبرىلەرگە كىرىپ ئۆلۈكلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە دىنى ئېتىقاتىنى سورايدۇ. ئۆلگەنلەر «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت، دىنىمىز ئىسلام» دىسە، ئۇلار كىتىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قاتتىق دۇمبالاپ، تاكى قىيامەت كۈنىگىچە قىينايدۇ.

○ ئىمانسىزلار ئۆلۈپ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەندىن كىيىن، پەرىشتىلەردىن تاياق يەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق چىقىرىغان ئاۋازىنى ئادەم ۋە جىنلاردىن باشقا ھەممە مەۋجۇدات ئاڭلىيالايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1374،2:1338)

● جەبرائىل

مۇھەممەت ۋە جەبرائىل:

○ مۇھەممەت بىر قېتىم ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، تۇنجى قېتىملىق ۋەھىنى قوبۇل قىلىدۇ. جەبرائىل ئىسىملىك بىر پەرىشتە ئۇنى ئۈچ قېتىم قاتتىق بوغۇپ قويىۋېتىدۇ. يەنە بىر شايى رەختىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئۈچ قېتىم ئوقۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇمۇ ئۈچ قېتىم «ئوقۇيالمايمەن» دەيدۇ. ئۇ بۇ

ئىشتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە، ۋەھىمە باسىدۇ، خۇددى ئۆزىگە جىن چاپلىشىپ قىيناۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆڭكۈردىن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن بىر كۈنى، مۇھەممەت مەككىنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئاسماندىن كەلگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلايدۇ. ئۇ ھېلىقى ئۆڭكۈردە ئۇچرىغان مۇدھىش روھنىڭ مۇئەللەقتىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ھېلىقى روھ ئۇنىڭغا: «مەن پەرىشتە جەبرائىل بولىمەن، سەن بولساڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولدۇڭ» دەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ، ھەتتا قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. بۇ ئىش مۇھەممەتكە خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەھىمە ۋە ئازاپ ئېلىپ كىلىدۇ. ھەتتا ئاخىرى چىدىماي، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئۆزىنى پەسكە ئېتىۋالماقچىمۇ بولىدۇ. بىراق تاغ چوققىسىغا چىققاندا، ھېلىقى روھ يەنە ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ: «ھەي مۇھەممەت، سەن راستىنلا ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولدۇڭ» دەيدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشۈپ، ئۆيىگە قايتىدۇ. ئايالى خەدىچە ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە مەدەت بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ۋەھى كېلىشكە باشلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:3،4 ، 4:55:605 ، 6:60:478 ، 8:73:233 ، 9:87:111)

○ مۇھەممەت جەبرائىلنىڭ ئىككى قېتىم چۈشكىنىنى كۆرىدۇ (قۇرئان 53:13)؛ ئۇنىڭ ئاسماندا تۇرغىنىنى كۆرىدۇ (قۇرئان 81:23)

○ ۋەھى مۇھەممەتكە چۈشكەندە، بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى. بەزىدە جەبرائىل ئادەمنىڭ سىياقىدا ئۇنىڭغا سۆزلەيتى. ۋەھى توختىغاندا مۇھەممەتنىڭ پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كېتەتتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:2 ، 4:54:438)

○ مۇھەممەت مەككىدىكى چاغدا، جەبرائىل چۈشۈپ ئۇنىڭ كۆكرىكىنى ئېچىپ، زەم زەم سۈيى بىلەن يۇيۇپ تازلايدۇ، ئاندىن ئەقىل بىلەن ئىماننى ئۇنىڭ ئىچىگە قويغاندىن كېيىن، كۆكرىكىنى ئەسلى ھالىتىگە ئەكەپ قويىدۇ. جەبرائىل ئۇنى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئېلىپ چىقىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1636)

○ كىشىلەرنىڭ جەبرائىلغا ئۆچمەنلىك قىلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەھىلەرنى مۇھەممەتنىڭ قەلبىگە قويۇپ قويغانلىقىدىندۇر. (قۇرئان 2:97)

○ مۇھەممەتنىڭ دېيىشىچە، جەبرائىل ھەر يىلى بىر قېتىم ئۇنىڭغا قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىكەن. ئۇمۇ جەبرائىلغا بىر قېتىم قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىكەن. ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئاخىرقى يىلى جەبرائىل ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئىككى قېتىم قىرائەت قىلىپ بەرگەنىكەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:46:819)

○ جەبرائىل مۇھەممەتكە يولىيۇرۇق قىلىپ، قۇرەيزا يەھۇدىلىرىغا ھوجۇم قىلغۇزىدۇ، تەسلىم بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەن 600 دىن 900 گىچە ئەرلەرنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى، باللىرى ۋە مال-مۈلكىنى بولاڭ-تالاڭ قىلغۇزۇپ، مۇسۇلمان ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:68 ، 5:59:362،443،444،447،448 )

○ جەبرائىل مۇھەممەتنىڭ قوغدىغۇچىسى. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەرىشتىلەر مۇھەممەتنىڭ ياردەمچىلىرىدۇر. (قۇرئان 66:4)

○ مۇھەممەت جەبرائىل بىلەن سۆزلىششتىن بۇرۇن سامساق يېمەيتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:855)

جەبرائىلنىڭ تاشقى قىياپىتى:

○ ئائىشە جەبرائىلنى كۆز بىلەن كۆرەلمەيتى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:440 ، 5:57:112 ، 8:73:220 ، 8:74:266)

○ جەبرائىلنىڭ تاشقى كۆرنىنىش دىھيەگە ئوخشايتى. (مۇھەممەتنىڭ دىھيە ئىسىملىك قاملاشقان بىر دوستى باركەنتۇق) (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:56:827 ، 6:61:503)

○ ئۇنىڭ 600 قانىتى بار ئىدى. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:458 ، 6:60:379)

جەبرائىل توغرىلىق باشقا خاتىرىلەر:

○ جەبرائىل يەھۇدىلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:7)

○ جەبرائىل مۇنداق دىگەن: ئەر-خوتۇن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئەگەر ئەر باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ؛ ئەگەر ئايال باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا ئاپىسىغا ئوخشايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:546 ، 5:58:275 ، 6:60:7)

○ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال جەبرائىلنى شەيتانكەن دىگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1125)

○ جەبرائىل بولسا روھىلقۇددۇستۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 8:73:173)

● ھەر بىر پەرىشتىنىڭ ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت قانىتى بولىدۇ. (قۇرئان 35:1 ، بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:71 ، 6:60:223،224)

## پەرىشتە ۋە ئىبادەت توغرىسىدا

• ھەر جۈمە كۈنى، پەرىشتىلەر مەسچىتلەرنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، مەسچىتكە كىلىدىغانلارنى ساقلايدۇ. ئىمام چىقىپ سۆزلەشكە باشلىغاندا، پەرىشتىلەر خاتىرلەيدىغان دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىمامنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:929 ، 4:54:433)؛ ئۇلار زىكرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:881)

• ناماز ئوقۇغاندا، ئالدىغا ۋە ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئاللا، ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە بار.
(بۇخارى ھەدىسلىرى 753 ,532 ,531 ,417ـ410 ,406 ,405 :1 )

• مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغان چاغدىكى «ئامىن» سۆزى بىلەن، پەرىشتىلەرنىڭ «ئامىن» سۆزى بىرلا ۋاقىتتا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 782ـ780 :1 ، 4:54:446 ، 6:60:2 ، 8:75:411)

• ھەر كۈنى سەھەردە يەر يۈزىگە ئىككى پەرىشتە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى «ئى رەببىم، سەدىقە بەرگەنلەرگە تولۇقلاپ بەرگەيسەن» دىسە، يەنە بىرسى «پىخسىقلارنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتكەيسەن» دەپ تىلەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1442)

• ئەگەر بىر ئەر خوتۇنىغا جىنسى مۇناسىۋەت قىلايلى دىگەندە، خوتۇنى ئۇنىماي ئېرىنى خاپا قىلىپ قويسا، پەرىشتە ئۇ ئايالنى تاكى تاڭ ئاتقىچە قارغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:460 ، 7:62:121)

• رەسساملىق قىلغانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا جازالىنىدۇ. ئىت ياكى رەسىم (ئادەم ۋە جانلىق ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بار رەسىم) ئېسىلغان ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2105 ، 4:54:447ـ450, 539 ، 5:59:338 ، 7:72:833،844 )

• توخولارنىڭ چىللىغىنى ئۇلارنىڭ پەرىشتىلەرنى كۆرگەنلىكىدىندۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:54:522)

# مەسىھ ئېتىقادىدىكى پەرىشتە

## پەرىشتە بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى

• پەرىشتىلەر خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان مەۋجۇداتلار بولۇپ (كولوسىلىقلار 1:16)، يارىتىلغان چاغدا ياخشى ئىدى. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:31)

• خۇدا زېمىننى (يەرشارىنى) ياراتقاندا، پەرىشتىلەر بار بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭ گۇۋاھچىلىرىدۇر. (ئايۇپ پەيغەمبەر 7ـ38:4)

• پەرىشتىلەر خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ، چۈنكى خۇدا ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر. (زەبۇر 148:2،5)

• پەرىشتىلەرمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇنى مەدھىيىلىشى كېرەك. (زەبۇر 103:20)

• پەرىشتىلەر خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ. (نەھەمىياھ 9:6)

• خۇدانىڭ تەختىنىڭ تۆت ئەتراپىدا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان پەرىشتىلەر تۇرغان بولۇپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە شان-شەرىپىنى نامايەن قىلىدۇ. (قانۇن شەرھى 33:2 ، نەھەمىياھ 9:6 ، زەبۇر 68:17 ، دانىيال 7:10 ، يەشايا 6:3 ، ئىبرانىلار 12:22 ، ۋەھىلەر 5:11)

• پەرىشتىلەر خۇداغا سەمىمى، سادىق ۋە ئىتائەتمەندۇر. (ساموئىلI 29:9 ، ساموئىلII 14:14 ، 19:27)

• خۇدا پەرىشتىلەرگە ئىشەنچ قىلمايدۇ. (ئايۇپ 15:15)

• خۇدا ئۆزىگە خاس شان-شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنى ھېچكىمگە بەرمەيدۇ. (يەشايا 42:8)

## پەرىشتە بىلەن ئەيسا مەسىھنىڭ مۇناسىۋىتى

• پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق يارىتىلغان، ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. (يۇھاننا 1:3 ، كولوسىلىقلار 1:16)

• ئەيسا مەسىھ پەرىشتىلەردىن خېلىلا يوقىرى تۇرىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 1:21،22 ، ئىبرانىلار 1:4،5)

• پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (مەتتا 4:11 ، ماركوس 1:13 ، لۇقا 22:43) ئۇ گېسىمانىيە بېغىدا ۋە باشقا جايلاردا، ئەگەر خالىغانلا بولسا، پەرىشتىلەرنى ئىشقا سېلىپ، كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالالايتى. (مەتتا 26:53)

• ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندە، بىر پەرىشتە ئۇنىڭ قەبرىسىنى توسۇپ تۇرغان يوغان تاشنى يۆتكىۋەتتىدۇ. (مەتتا 28:2)

• قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھ نۇرغۇن پەرىشتىلەر بىلەن بىللە ئاسماندىن چۈشىدۇ (مەتتا 16:27). ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن پەرىشتىلەر مۇقەددەس پەرىشتىلەر دەپ ئاتىلىدۇ (ماركوس 8:38). ئۇلار تاللانغان پەرىشتىلەردۇر (تىموتىI 5:21).

## پەرىشتىلەر ۋە ئادەملەر

• خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، ئۇنى پەرىشتىدىن ئاجىزراق قىلىپ ياراتقان. (زەبۇر 8:5)

• پەرىشتىلەرنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئىقتىدارى ئادەملەردىن يۇقىرى. (مەتتا 28:2 ، ئەلچىلەر 5:19 ، پېتروسII 2:10،11)

## پەرىشتىلەر بىلەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى

• پەرىشتىلەر خىزمەت قىلىدىغان روھلاردۇر، ئۇلار قۇتقۇزۇلماقچى بولغان ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. (ئىبرانىلار 1:14)

• پەرىشتىلەر خۇدادىن ئەيمىنىدىغان ئادەملەرنى قۇتقۇزىدۇ (زەبۇر 34:7). ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ ۋە قوغدايدۇ (زەبۇر 91:11،12)

• پەرىشتىلەر بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالغان ھەققانى ئادەمنى ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ، ئىبراھىمنىڭ قوينىغا قويىدۇ. (لۇقا 16:22،23)

• مۇقەددەس مۇرتلار كەلگۈسىدە پەرىشتىلەرنى سوراققا تارتىدۇ. (كورىنتلىقلارI 6:3)

## پەرىشتىلەرنىڭ خىزمىتى

• پەرىشتىلەر خۇدانىڭ قانۇنىنى (تەۋرات قانۇنىنى) يەتكۈزىدۇ. (ئەلچىلەر 7:53 ، گالاتىيالىقلار 3:19 ، ئىبرانىلار 2:2)

• قىيامەتتىكى خۇدانىڭ سورىقىغا پەرىشتىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. (ماركوس 8:38 ، 13:27 ، لۇقا 12:8،9 ، سالونىكالىقلارII 1:7،8 ، ۋەھىلەر 15،16)

• خۇدا ئىلاھى قۇدرىتى ئارقىلىق، ھاياتلىق ۋە ئىخلاسمەنلىككە ئائىت بارلىق ئىشلارنى مەسىھىيلەرگە ئاتا قىلىپ بولغان (پېتروسII 1:3).

## پەرىشتىلەرنىڭ خاراكتېرى

• پەرىشتىلەر خوتۇن ئالمايدۇ ياكى ئەرگىمۇ تەگمەيدۇ. ئۇلار ئۆلمەيدۇ. (مەتتا 22:30 ، ماركوس 12:25 ، لۇقا 20:36)

• پەرىشتىلەر باتۇر ۋە جەڭگىۋار بولىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 32:1،2 ، يەشۇئا 5:13،15 ، پادىشاھلارI 22:19 ، پادىشاھلارII 6:17)

• پەرىشتىلەردە خۇدانىڭ شان-شەرىپى ۋە ئالىجاناپ خاراكتېرى بولىدۇ. (مەتتا 24:31 ، لۇقا 2:9، ئىبرانىلار 1:7)

● پەرىشتىلەرنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى «مۇقەددەس بولغۇچى» دۇر. (ئايۇپ 5:1 ، زەبۇر 89:5،7 ، دانىئال 8:13)

## پەرىشتىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى

● پەرىشتىلەر ئەقىل-پاراسەتلىك بولىدۇ. (سامۇئىلII 14:20)

● پەرىشتىلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. (مەتتا 24:36)

● پەرىشتىلەرمۇ خۇش خەۋەرنى (ئىنجىلنى) كۆرۈشكە ئىنتىزار. (پېتروسI 1:12)

● پەرىشتىلەرنىڭ سىياقى چاقماقتەك، كىيىمى خۇددى قاردەك ئاپپاق بولىدۇ. (مەتتا 28:2،3 ، لۇقا 2:9 ، ئەلچىلەر 1:10)

## پەرىشتىلەر قىلغان بەزى ئىشلار

● بۇرۇن يولۇچى ۋە مۇساپىرلارنى ئۆيىدە كۈتىۋالغانلار، بىلىپ بىلمەيلا پەرىشتىلەرنىمۇ كۈتىۋالغانىدى. (ئىبرانىلار 13:2)

● پەرىشتىلەر ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن سۆزلەشكەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:1-16)

● پەرىشتىلەر سۇدۇملۇقلارغا زەربە بەرگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19)

● ياقۇپ ئەلەيھىسسالام چۈشىدە، ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئىگىز بىر شوتىدا، پەرىشتىلەرنىڭ چىقىپ-چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 28:12)

● پەرىشتىلەر ياقۇپنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 48:16)

● مۇسا پەيغەمبەرگە سۆزلىگەن پەرىشتە چۆل-جەزىرىلەردە ۋە سىناي تېغىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. (ئەلچىلەر 7:37،38)

● بىلئامنىڭ ئېشىكى يولنى توسۇپ تۇرغان پەرىشتىنى كۆرىدۇ. ئەمما ئاچكۆز بىلئام ئۇنى باشتا كۆرەلمەيدۇ. (نوپۇس سانى 22:21-35 )

● پەرىشتە خۇدانىڭ بۇيرىقى بىلەن شەھەرنى ۋەيران قىلغۇچىمەكچى بولىدۇ. (سامۇئىلII 24:16،17)

● پەرىشتە خۇدانىڭ خىزمەتچىسىگە ياردەم قىلىدۇ. (پادىشاھلارI 19:5-7)

● پەرىشتە خۇدانىڭ بۇيرىقى بىلەن، ئىسرائىللارنىڭ ھەربى قوشۇنىغا ياردەم

بىرىپ، ئاسسۇرىيەلىكلەرنىڭ 185 مىڭ ئەسكىرىنى ھالاك قىلىۋىتىدۇ. (پادىشاھلار II 19:35)

● پەرىشتە ئۇرەكتىكى شىرنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ دانىئال پەيغەمبەرگە زىيان يەتكۈزىشىنى توسايدۇ. (دانىئال 6:22)

● بىر پەرىشتە ئىزەكىئال پەيغەمبەرنى يىرۇسالىمغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭغا غايىبانە مەنزىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىزاكىئال كەلگۈسىدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى كۆرىدۇ. (ئىزەكىئال 40 ـ 44)

● پەرىشتە ئىسرائىللار ئۈچۈن خۇدادىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدۇ. (زاكارىيا 1:12)

● پەرىشتە خۇداغا ۋاكالىتەن ئادەملەرگە چۈشەنچە بىرىدۇ. (زاكارىيا 1 ـ 6)

● پەرىشتىلەر گۇناھىغا تۆۋە قىلغان ئادەملەر ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ. (لۇقا 15:10)

● پەرىشتە ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرىنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ ئەچىقىدۇ. (ئەلچىلەر 5:19)

● پەرىشتە كورنىلىغا كۆرۈنىپ، ئۇنىڭغا پېتروسنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەل دەيدۇ. (ئەلچىلەر 6 ـ 10:3)

● پەرىشتە پېتروسنى تۈرمىدىن قۇتقۇزۇپ ئەچىقىدۇ. (ئەلچىلەر 10 ـ 12:7)

● قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن، تۆت پەرىشتە زىمىننىڭ تۆت تەرىپىدە تۇرۇپ، تۆت تەرەپتىن كىلىدىغان شامالنى توسايدۇ، ئۇنىڭ يەر، دېڭىز ۋە ئورمانلىقلارغا تېگىشىنى چەكلەيدۇ. (ۋەھىيلەر 7:1)

● قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن، پەرىشتىلەر چوڭ مۇھىم ئىشلارنى جاكارلايدۇ. (ۋەھىيلەر 20 ـ 14:6)

● باشقا ئەللەرنىڭمۇ قوغدىغۇچى پەرىشتىلىرى بولىدۇ. (دانىئال 10:20)

● ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ستېفاننىڭ چىرايى يورۇپ، پەرىشتىنىڭ شانلىق نۇرى ئەكس ئىتىدۇ. (ئەلچىلەر 6:15)

**مۇقەددەس كىتاپلاردا ئىسمى چىققان بەزى پەرىشتىلەر**

**جەبرائىل:**

● ئۇ دانىئال پەيغەمبەرگە نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندۈرىدۇ. (دانىئال 18 ـ 8:16 ، 22 ـ 9:20)

● ئۇ زاكارىياغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بىر باللىق بولىدىغانلىقىنى، باللىنىڭ ئىسمى يەھيا

دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 20ـ 1:11)

● ئۇ مەريەمگە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بىر بالىلىق بولىدىغانلىقىنى، بالىنىڭ ئىسمىنىڭ ئەيسا دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (لۇقا 37ـ 1:26، مەتتا 1،2 ، ئەلچىلەر 8:26 ، 27:23)

● ئۇ يۈسۈپنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇپ، مەريەم هامىلدار بولغان بالىنىڭ مۇقەددەس روهتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (مەتتا 23ـ 1:20)

## مىكائىل :

● ئۇ ئىسرائىللارنىڭ قوغدىغۇچىسى، پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى. ئۇنىڭ ئالاهىدە ۋەزىپىسى بار. (دانىئال 10:13،21 ، 12:1 ، يەهۇدا 9)

● ئاسماندا مىكائىل پەرىشتىلىرىنى باشلاپ، شەيتان بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. (ۋەهىلەر 12:7)

## كېرۇب

● خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن هاۋا ئانىنى ئېرەمباغدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئېرەمباغنىڭ شەرقىگە كېرۇبنى ئورۇنلاشتۇرۇپ هاياتلىق دەرىخىنى قوغداتقۇزىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:24)

● ئىزەكىئال پەيغەمبەر كېرۇبنىڭ سىياقىنى كۆرىدۇ. (ئىزەكىئال 10)

## ساراف

● مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئۈستىدە يەشايا پەيغەمبەرگە كۆرىنىدۇ. ئۇلارنىڭ هەر بىرىنىڭ ئالتە قانىتى بار ئىدى. (يەشايا 6:2)

## ئىنجىلدا پەرىشتىلەر توغرىلىق بېرىلگەن ئاگاهلاندۇرۇش

● پەرىشتىلەرگە سەجدە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەرمۇ خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. ئۇلار خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. (كولوسىلىقلار 2:18 ، ۋەهىلەر 19:10 ، 22:8،9)

● ئەگەر بىزدە پەرىشتىلەرنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان ئىقتىدار بولغان تەقدىردىمۇ، بىراق مېهىر ـ مۇهەببىتىمىز بولمىسا، خۇددى قۇرۇق ئاۋاز چىقىرىدىغان داقا ـ دۇمباققا ئوخشاپ قالىمىز. (كورىنتلىقلارI 13:1)

● ئەگەر كېيىن ئاسماندىن كەلگەن بىرەر پەرىشتىنىڭ يەتكۈزگەن ۋەهىسى ئەيسا

مەسىھ ئەلچىلىرى تارقاتقان خۇش خەۋەرگە ئوخشىمىسا، ئۇ پەرىشتە قارغىشقا لايىقتۇر. (گالاتىيالىقلار 1:8)

## چۈشكۈنلەشكەن پەرىشتە

• شەيتان (ئىبلىس) دۇنيانى ئازدۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنى خۇدا بىلەن تەڭ قىلمەن دەپ ياراتقۇچىسىغا ئاسىيلىق قىلغاچقا، ئەرشتىن زېمىنغا تاشلىنىدۇ. ئۇ ئاسماندىكى ئۈچتىن بىر قىسىم پەرىشتىنى ئازدۇرۇپ بىرگە ئەپچۈشىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 6:4 ، ئايۇپ 4:18 ، يەشايا 15ـ12:14 ، ئىزەكىئال 29ـ12:28 ، مەتتا 25:41 ، رىملىقلار 8:38 ، كورىنتلىقلارI 11:10 ، پېتروسII 2:4 ، يەھۇدا 6 ، ۋەھىيلەر 12:4،9)

• شەيتاننىڭ مەقسىتى ئوغۇرلاش، بۇلاش ۋە بۇزۇشتۇر. (يۇھاننا 10:10)

• شەيتاننىڭ خىزمىتى ئەسلىدە خۇدانىڭ ئالدىدا ئىنسانلارنى ئەيىپلەش ئىدى (زاكارىيا 3:1 ، ۋەھىيلەر 12:10)؛ كېيىن ئۇ زوراۋانلىق، خورلاش ۋە ئازدۇرۇشقا تايىنىپ، ھەممە يەرگە چېپىپ، يەۋەتكىلى بولىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەيدۇ. (پېتروسI 5:8)

• شەيتان نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ سىياقىغا كىرۋالىدۇ. ئۇنىڭ چاپارمەنلىرىمۇ مېھرىبان قىياپەتكە كىرۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم قىلمىشلىرىغا لايىق بولىدۇ. (كورىنتلىقلارII 11:14،15)

• دۇنيادا، بىز كۆرەلمەيدىغان «قارا روھلار» ھەرخىل يامان ئىشلارنى كونترول قىلىپ، ئىنسانلار ۋە جەمىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 2:2 ، 6:12 ، كولوسسلىقلار 2:14)

• ئاسماندا مىكائىل ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى بىلەن شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرى جەڭ قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 12:7)

• قىيامەتتىكى سوراقتا، ئەيسا مەسىھ شەيتان ۋە ئۇنىڭ جىنلىرىنى دوزاقتىكى مەڭگۈلۈك ئوتقا تاشلايدۇ. (مەتتا 25:41 ، ۋەھىيلەر 10ـ20:1 )

## پەرىشتە ۋە شەيتان قانداق پەيدا بولغان؟

• مەيلى پەرىشتە ياكى شەيتان بولسۇن، ھەممىسى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان. خۇدا ئۇلارنى يەرشارى ۋە ئىنسانلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بارلىققا كەلتۈرگەن. شەيتان ئەسلىدە پەرىشتىلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، كېيىن خۇداغا ئاسىيلىق قىلغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. شۇنىڭ بىلەن شەيتان (خۇداغا قارشى تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە) ۋە جىنلار (يامان روھلار) بارلىققا كەلگەن.

- پەرىشتىلەر دىگىنىمىز ئۇمۇمەن خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان، ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغان ۋە ئىنسانلارغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى پەرىشتىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شەيتان بولسا خۇداغا قارشى تۇرىدىغان، ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان يامان پەرىشتىدۇر.

- شەيتان دۇنيادىكى يامانلىقلارنى كونترول قىلىپ تۇرغان رەزىل سىستېمىنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىۋىشىدۇر. ئۇ گۇناھكار ئادەملەرنى ئىدارە قىلىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغان ئادەملەر شەيتانىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، خۇداغا مەنسۇپ بولغان بولىدۇ. گەرچە شەيتاندا ئۆزىگە چۇشلۇق قۇدرەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قۇدرىتى يەنىلا چەكلىك بولۇپ، ھامان خۇدانىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ.

14 ـ قىسىم

# ئەرەپلەر

# ئىسلام دىنىدا

## ئىسمائىل ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادىمۇ؟

● ئىبراھىم پەيغەمبەر ئايالى سارە بىلەن باللىق بولالمىغىنى ئۈچۈن، سارەنىڭ دېدىكى ھەجەرنى توقاللىققا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسمائىل دىگەن بىر ئوغۇلنى تاپىدۇ. مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ ئىسمائىلنى ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى دەپ بىلىدۇ.

● بىراق بۇ خىل قاراش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يازغان تارىخى خاتىرىلىرىگە زىت كىلىدۇ.

○ ئەڭ بۇرۇنقى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىبىن ئىسھاق يازغان مۇھەممەتنىڭ تەرجىمھالىدا، ئىسمائىلنىڭ ئەجدادلىرى ئىچىدە ئەرەپلەرنىڭ بارلىقى خاتىرلەنگەن. كىتاپنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە، ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئوغلى، ئىبراھىم ئازارنىڭ ئوغلى، ئازارنىڭ ئەجدادى بولسا نوھتۇر ـ دىيىلگەن. تۆتىنچە بېتىدە، نوھنىڭ ئەجدادى ئەرەپلەردۇر ـ دىيىلگەن. دىمەك، ئىسمائىل ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى ئەمەس، بەلكى ئەرەپلەر ئىسمائىلنىڭ ئەجدادىدۇر.

○ ئەرەپ تىلى ئىسمائىلنىڭ ئانا تىلى ئەمەس. بۇخارى ھەدىسلىرى 4:55:583 دا خاتىرلىنىشچە، ئىسمائىل مەككىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كىيىن، ئۇ يەردىكى جۇرھۇم دىگەن بىر جەمەتتىن ئەرەپ تېلىنى ئۆگىنىدۇ. دىمەك، ئەرەپ تىلى ۋە ئەرەپلەر ئىسمائىلدىن بۇرۇنلا مەۋجۇد ئىدى.

● مۇسۇلمانلارنىڭ يازغان تارىخىغا ئاساسلانغاندا ئىسمائىل ئەمىلىيەتتە ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىغا كۆچۈپ بارغان بىر كۆچمەندۇر.

● شۇڭا، بارلىق ئەرەپلەرنى ئىسمائىلنىڭ ياكى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى دىيىشكە بولمايدۇ.

## ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى

● تەۋراتتا مۇنداق خاتىرلەنگەن.

سارەنىڭ دېدىكى مىسىرلىق ھەجەر ئىبراھىمغا توغۇپ بەرگەن ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى تۆۋەندىكىچە: نىبايوت، كەدار، ئادبەئەل، مىبسام، مىشما، دۇماخ، ماسسا، خاداد، تەما، يەتۇر، نافىش ۋە قەدەما. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 25:13 ـ 15)

● مۇسۇلمانلارنىڭ تارىخى كىتاپلىرىدا يېزىلغان ئىسىملار تەۋراتتىكىسى بىلەن ئوخشايدۇ.

| No | تەۋراتتا | ئىبن ھاشىمنىڭ تەرجىمالىدا | ئەرەپچە ئىسىملار |
|---|---|---|---|
| 1 | نىبايوت | نابىت | نابات، نابايىاس |
| 2 | كەدار | قەيدار | قەيدەر |
| 3 | ئادبەئەل | ئادبال | |
| 4 | مىبسام | مابشا | |
| 5 | مىشما | مىسما | |
| 6 | دۇما | دىما | دۇماتۇل جاندال |
| 7 | ماسسا | ماشى | |
| 8 | خاداد | ئادىر | |
| 9 | تەما | تايما | تېيماخ |
| 10 | يەتۇر | ياتۇر | يادۇر |
| 11 | نافىش | نابىش | |
| 12 | قەدەما | قايدۇما | |

## قۇرئاندىكى ئەرەپلەر توغرىلىق خاتىرلەر

● كۆچمەن ئەرەپلەر (بەدۋىلەر) ئىچىدىن بەزىلەر كېلىپ سەندىن روخسەت سورايدۇ (جەڭگە چىقماسلىق ئۈچۈن). ئاللاغا ۋە پەيغەمبەرگە يالغان گەپ قىلغانلار كەيىندە قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلار ئازاپلىق جازاغا ئۇچرايدۇ. (قۇرئان 9:90)

● كۆچمەن ئەرەپلەر ئىسلامغا تېخىمۇ ئىشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئېتىقاتى ساختىدۇر. ئاللانىڭ مۇھەممەتكە چۈشۈرگەن نىزاملىرىنى ئۇلارنىڭ چۈشىنەلىشى تېخىمۇ تەس. (قۇرئان 9:97)

● مەدىنەلىكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كۆچمەن ئەرەپلەر، مۇھەممەتكە ئەگىشىپ جەڭگە چىقماي، ئارقا سەپتە قېپقالسا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭلا تىنچ ئامانلىقىنى ئويلاپ، مۇھەممەتنىڭ قېيىنچىلىقلىرىنى بىرگە تارتىشىپ بەرمىسە بولمايدۇ.

(قۇرئان 9:120)

● ئۇلار خىيالىدا ئىتتىپاقداش ئارمىيە تېخى چېكىنمىدى دەپ ئويلايدۇ، ئەگەر ئىتتىپاقداش ئارمىيە قايتىدىن باستۇرۇپ كەلسە، ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇملۇقتىكى كۆچمەن ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. (قۇرئان 33:20)

● كەينىدە قېپقالغان كۆچمەن ئەرەبلەر «بىز ئائىلىمىزدىكىلەرنى ۋە مال ـ بىساتىمىزنى قوغدىمىساق بولمايدۇ، شۇڭا بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرۈشنى تىلىگىن» دەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى چىن كۆڭلىدىن چىققان ئەمەس. (قۇرئان 48:11)

● ئاللا ۋەھىي قىلىپ، مۇھەممەتنى كەينىدە قېپقالغان كۆچمەن ئەرەبلەرگە مۇنداق دېگۈزىدۇ: «سىلەر بىر كۈچلۈك خەلققە ھوجۇم قىلىشقا چاقىرىلىسىلەر. تاكى ئۇلار تەسلىم بولغۇچە ئۇرۇشىسىلەر. ئەگەر سىلەر بويرۇققا بويسۇنساڭلار، ئاللا سىلەرگە گۈزەل ئىلتىپاتلارنى بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇرۇنقىدەك ئۆزۈڭلارنى جەڭدىن قاچۇرساڭلار، ئۇ سىلەرنى ئازاپلىق جازاغا دۇچار قىلىدۇ.» (قۇرئان 48:16)

● كۆچمەن ئەرەبلەر «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىمان ئېيتمىغان. گەرچە ئۇلار بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمان ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرمىگەن. (قۇرئان 49:14)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا

● مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن، سام تىل سىستېمىسىغا تەۋە نۇرغۇن قەبىلىلەر ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەمەن قاتارلىق جايلارغىچە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. كېيىن ئۇ يەردە خازارماۋېت (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10:26) قاتارلىق دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

● تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10 ـ بابتا، جەنۇبى ئەرەبىستاندىكى نۇرغۇن خەلقلەرنى كۇش (10:6) ۋە يوقتاننىڭ (10:25) ئەۋلادلىرى دەيدۇ.

● شىمالى ئەرەبىستاندىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر، ئىبراھىمنىڭ ھەجەر ۋە كەتۇراھ دېگەن ئىككى توقىلىدىن تاپقان بالىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 25:1 ـ 18)

● ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئاساۋنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ نۇرغۇن قەبىلىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ،

ئەرەبىستاننىڭ غەربى شىمالى رايونىغا كەڭ تارقالغان. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 36)

• ياقۇپنىڭ دەۋرىدە، مىدىيانda ئىسمائىللارنىڭ سودا كارۋانلىرى بار ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 36،37:25)

• سولايمان پادىشاھ دەۋرىدىكى ئىسرائىلىيە بىلەن باشقا خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا قويۇق سودا مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئۇ قىزىل دېڭىز بويىدىكى پورت ئىزيون گېبىردا كېمىلەرنى ياساتتى، سودا قىلاتتى. (پادىشاھلارI 27،9:26)

• جەنۇبى ئەرەبىستاندىكى شىبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى سولايمان بىلەن كۆرۈشكىلى كىلدۇ. (پادىشاھلارI 13-10:1)

• ئەرەپلەرنىڭ شاھلىرى سولايمانغا ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كىلەتتى. (تارىخنامەII 9:14 ، پادىشاھلارI 10:15)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 9-ئەسىردە، يەھۇدىيەنىڭ پادىشاھى يەھۇشافا ئەرەپلەر سوۋغا قىلغان 7700 قوشقار ۋە 7700 تېكەنى قوبۇل قىلدۇ. (تارىخنامەII 17:11)

• فىلىستىنلەر ۋە كۇشقا يېقىن جايدىكى ئەرەپلەر يەھۇدىيە پادىشاھى يەھۇرامغا ھوجۇم قىلدۇ. ئۇلار يەھۇدىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ، چېگرا ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئوردىدىكى بارلىق مال-دۇنيانى ۋە يەھۇرامنىڭ خوتۇنى، باللىرى ھەممىسنى بولاپ كىتىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى يەخۇئازلا قېپقالىدۇ. (تارىخنامەII 17،21:16)

• يېرۇسالىم ئاھالىسى يەھۇرامنىڭ كىچىك ئوغلى يەخۇئازنى پادىشاھ قېلىپ تىكلەيدۇ. چۈنكى ئەرەپلەرگە ئەگىشىپ كىلىپ ئوردىغا ھوجۇم قىلغان ئەسكەرلەر يەھۇرامنىڭ بارلىق چوڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. (تارىخنامەII 22:1)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردىكى خېزېكىياھ پادىشاھنىڭ دەۋرىدە، ئىسرائىللار ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن ئەرەپلەردىن خەۋەردار ئىدى. (يەشايا 13:20 ، 21:13)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 7-ئەسىردىكى يوسىئاھ پادىشاھنىڭ دەۋرىدە، ئەرەپلەر دەشت-باياۋانلاردا يۈرەتتى. (يەرەمىيا 3:2)

• يەھۇدا دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەردە)، ئەرەپلەر سودا قىلىش جەھەتتە خېلى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. (يەرەمىيا 25:23،24 ، ئىزەكىئال 27)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردە، نەھەمىيا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن يېرۇسالېمنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقماقچى بولغاندا، ئەرەپلەردىن بولغان گەشەم ئۇنى توسماقچى بولىدۇ. (نەھەمىيا 2:19 ، 6:1)

● پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەبىستانغا بارىدۇ. (گالاتىيالىقلار 1:17)

● ھەجەر ئەرەبىستاندىكى سىناي تېغىغا سىمۋوۋل قىلىنغان. (گالاتىيالىقلار 4:25)

بۇ سىناي يېرىم ئارىلى ئاقابا دېڭىز قولتۇقىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

15 ـ قىسىم

# باشقا تىملار

## ئىككى دىنىنىڭ دۇنياۋىلىقى

### ئىسلام دىنى

● ئاللا بارلىق ئادىمزاتنىڭ ئىگىسىدۇر. (قۇرئان 7:172)

● ئاللا ھەر بىر مىللەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇزغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانىڭ يولىدا ماڭغان، بەزىلىرى ئازغۇنلۇقتا تۇرغان (قۇرئان 10:47 ، 16:36). ھەر بىر مىللەتنىڭ ئاگاھلاندۇرغۇچىسى بار (قۇرئان 35:24). ئاللا قەدىمقى ھەرخىل دىنى مەزھەپلەرنى توغرا يولغا يىتەكلەش ئۈچۈن، نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن (قۇرئان 15:10) .

○ ئەمما يوقۇرقى ئايەتلەر تارىخى پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئەمەس، چۈنكى قەدىمقى مەدىنىيەتلىك دۆلەتلەر بولسۇن ياكى قالاق قەبىلىلەر بولسۇن، تارىختا يەھۇدى مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتلەر كۆپ ئىلاھقا ۋە مەبۇدلارغا چوقۇنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانىڭ يولىدا ماڭغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇلاردىن لاۋزى (جوڭگو)، ساكيامونى (ھىندىستان)، زوروئاستىر (ئىران) دىگەندەك ئادەملەر چىققان بولۇپ، ئۇلار داۋجاۋ دىنى، بۇددا دىنى ۋە زەردۇشت دىنى قاتارلىق كۆپ ئىلاھلىق دىنلارنىڭ بارلىققا كىلىشىگە ئاساس سالغان.

● ئاللا پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارغا رەھىم قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەتنى ئەۋەتكەن. (قۇرئان 21:107)

○ ئەگەر ئىسلام دۇنياۋى خاراكتىرلىق دىن بولسا، نىمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ھەرخىل مىللەتلەر ئەرەپ تىلىدا ناماز ئوقۇشقا ۋە قۇرئاننى پەقەت ئەرەپ تىلىدا قىرائەت قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

### مەسىھ ئېتىقاتى

● خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ خۇداسىدۇر. (رىملىقلار 3:29 ، كولوسىلىقلار 3:11)

● خۇدانىڭ ۋەدىسى يەھۇدىلارغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۈچۈن بىرىلگەن. (ئەلچىلەر 2:39)

● خۇش خەۋەر (ئىنجىل) يەر يۈزىدىكى بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەرگە تارقىتىلىدۇ (ۋەھىلەر 14:6). پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ (مەتتا 24:14).

● قۇتقۇزىلىدىغانلار ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەردىن چىقىدۇ. (ۋەھىلەر 10،5:9 ، 7:9)

● پۈتۈن دۇنيادىكى ئېتىقاتچىلار، مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن، ئەر ياكى ئايال

بولسۇن، باي ياكى نامرات بولسۇن، ھەممىسى ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. (كورىنتلىقلارI 12:13 ، گالاتىيالىقلار 3:28)

• ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى خۇدانى ئۇلۇغلايدىغانلارنى خۇدا قوبۇل قىلىدۇ (ئەلچىلەر 10:35)، ئۇلارنى يەھۇدى ياكى باشقا مىللەتلەر دەپ ئايرىمايدۇ (ئەلچىلەر 15:9 ، كولوسىلىقلار 3:11). خۇدانىڭ ھەققانىيىتى ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن ھەرقانداق ئادەمگە ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇ مىللەت، تەبىقە، جىنس، بايلىق ۋە بىلىمگە قاراپ ئايرىمايدۇ (رىملىقلار 3:22 ، 10:12 ، گالاتىيالىقلار 3:28 ، كولوسىلىقلار 3:11). ھەممە ئادەمنىڭ بىرلا رەببى باردۇر (رىملىقلار 10:12).

## ئەيسا مەسىھ بىلەن دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

• ئەيسا مەسىھ پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. (لۇقا 2:10،11)

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «شەرقتىن ۋە غەربتىن نۇرغۇن ئادەملەر كىلىپ، خۇدانىڭ دۆلىتىدە ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلار بىلەن بىللە ھەمدەستىخان بولىدۇ». (مەتتا 8:11)

• ئەيسا مەسىھ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆزىگە ئەگەشتۈرىدۇ. (يۇھاننا 10:16)

• ئەيسا مەسىھ شاگىرتلىرىغا مۇنداق بۇيرۇيدۇ: «بېرىپ پۈتكۈل مىللەتلەرنى مىنىڭ شاگىرتىم قىلىپ يىتىشتۈرۈڭلار، ئۇلارغا مەن سىلەرگە بۇيرۇغان بارلىق ئەمرلەرگە ئەمەل قىلىشنى ئۆگىتىڭلار.» (مەتتا 28:19،20 ، ماركوس 16:15)

• ئەيسا مەسىھ كىرىستتا ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق، دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىمۇ خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن يەھۇدىلار ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى يوقىتىپ، ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇ تام چېقىپ تاشلىنىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىرلىككە كىلىدۇ. تىنچلىق توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرمۇ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىدۇ. (ئەفەسلىكلەر 2:14-18)

• بەزى مۇسۇلمانلار خاتا ھالدا، ئەيسا مەسىھنى پەقەت ئىسرائىللارغىلا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر دەپ قارايدۇ. ئەمما قۇرئاندا، ئەيسا مەسىھ پۈتكۈل ئىنسانلارغا بېرىلگەن بىشارەتتۇر دىيىلگەن. (قۇرئان 21:91)

## مەزھەپلەر

• ئىنجىلدا ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتى گىرىك تىلىدا (ekklesia) دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەنىسى «چاقىرىلغانلار» دىگەنلىكتۇر. يەنى خۇدا تەرىپىدىن چاقىرىلىپ،

گۇناھقا پاتقان بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ چىققان ھەم خۇدانىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان كىشىلەردۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئىمارەتنى ياكى تەشكىلاتنى كۆرسەتمەيدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە بىر قىسىم مەزھەپلەر پەيدا بولۇپ، ئوخشىمىغان ئوقۇم، تەلىم ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى مەسىھ جامائىتى ئىنجىلغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ.

• رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىنپول مەسىھ ئېتىقاتىنى ئاشكارا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلىشىشكە يۈزلىنىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئوتتورا ئەسىرگە كەلگەندە، مەسىھ جامائىتى بارغانسىرى چىرىكلىشىپ، ئىنجىلغا قارىغاندا ئۆرپ-ئادەت ۋە رىم پاپىسىنىڭ نوپوزىغا تېخىمۇ بەكرەك بويسۇنىدىغان بولىدۇ. بىراق شۇنداقتىمۇ، تارىختا يەنىلا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار ئىنجىلغا ۋە ئەيسا مەسىھكە سادىق بولۇپ ياشايدۇ، ھەتتا شۇ سەۋەپتىن زىيانكەشلىككىمۇ ئۇچرايدۇ. 16-ئەسىرگە كەلگەندە، گىرمانىيىلىك مارتىن لۇتىر ئىنجىلغا قايتىش ھەركىتىنى باشلاپ، دىنى ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنى ئىسلاھاتچىلار بۇرۇنقى كاتولىك مەزھىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، پروتېستىن مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

• 17-ئەسىردە، دىنى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى كۆز قاراش جەھەتتىكى پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا مەسىھ جامائىتىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، مەزھەپلەر نەزىرىيىسى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

○ ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئىشتا بارلىق ھەقىقەتنى تولۇق بىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولغانىكەن، كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ۋە كۆزقاراشلىرىدا پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ نورمال ئەھۋال. شۇڭا پۈتكۈل مەسىھ جامائىتىنى بىرلا تەشكىلاتنىڭ يېتەكلەپ ماڭالىشى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

○ ئەمما بۇ كۆز قاراشتىكى پەرقلەر مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىگە چېتىلمايدۇ، ئۇلار پەقەت تاشقى شەكىل جەھەتتىكى بىر قىسىم ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن قائىدە-يوسۇن، تەشكىلى تۈزۈم دېگەندەك.

○ ئايرىلىپ تۇرۇش پارچىلىنىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەرقايسى مەزھەپلەردە ئاز-تولا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە يەنىلا بىر بولۇپ، ئومومى مەسىھ جامائىتىنىڭ تەركىبى قىسىملىرىدۇر.

• ئەمىلى جەرياندا، مەزھەپلەر ئوتتورىسىدا بەزىدە زىددىيەتلەرمۇ كۆرىلىدۇ. ئەگەر مەسىھىيلەر بىرلىككە كېلەلمىز دەيدىكەن، چوقۇم پاۋلۇسنىڭ مۇنۇ پوزىتسىيىسىنى ساقلىشى كېرەك: «مەيلى ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى توغرا بولسۇن ياكى بولمىسۇن،

قانداق بولىشىدىن قەتئىنەزەر، پەقەت ئەيسا مەسىھ تونۇتۇلسىلا، مەن شۇنىڭدىن خۇرسەنمەن.» (فىلىپىلىكلار 1:18)

● تارىختا پەيدا بولۇپ يوقاپ كەتكەن، ياكى ھازىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان بەزى مەزھەپلەر بىدئەت دەپ قارىلىدۇ (مەسىلەن يەھۋا گۇۋاھچىلىرى). چۈنكى ئۇلارنىڭ دىنى ئەقىدىسى ئىنجىلغا خىلاپ بولۇپ، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئاساسى ئەقىدىلىرىدىن چەتنەپ كەتكەن.

● ئەسلىدە توغرا ئېتىقات يولىدا كېتىۋاتقان بەزى مەزھەپلەردىمۇ ھازىر چىكىنىش مەۋجۇد. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جامائەت تەشكىلىگە گۇمانىزىمچىلار (خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلار) ۋە ئاتىزىمچىلار (خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار) نى ئەكىرمەكتە. دۇنيانىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل گۇناھلارغا يول قويماقتا. ئەمىلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئىنجىلدا ئالللىبۇرۇن بىشارەت قېلىنىپ بولغان بولۇپ، زامان ئاخىرىدا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشلاردۇر. شۇنداقتىمۇ، ھازىرغا قەدەر يەنىلا كۆپ قىسىم جامائەتچىلىك ئىجىلدىكى تەلىملەر بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا تەۋرەنمەي ماڭماقتا.

● ئىنجىلنى ئاساس قىلغان يېڭى مەزھەپلەر ئوتتۇرسىدا گەرچە ئاز-تولا پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ئاساسى ئەقىدىلىرى ئوخشاشتۇر.

● ئىسلام دىنىدىمۇ نۇرغۇن مەزھەپلەر بار. مەسىلەن، تارىختا سىياسى ھاكىمىيەت ھوقوقىنى تالىشىپ پارچىلانغان سۈننى، شىئە، خاۋارىج، مۇتەزىلاھ قاتارلىق مەزھەپلەر، ۋە كېيىن پەيدا بولغان سوپىزىم قاتارلىق چوڭ مەزھەپلەر، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان يەنە نۇرغۇن ئۇششاق مەزھەپلەر بار.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىشى

● بىر قىسىم مۇسۇلمانلار، پەيغەمبەرلەرنى خۇدا ئەۋەتكەن، شۇڭا ئۇلار گۇناھ سادىر قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ. ھەمدە مۇشۇ سەۋەپتىن تەۋراتتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە دائىر مەزمۇنلارنى رەت قېلىدۇ.

● بىراق ئەمىلىيەتتە قۇرئاندىمۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا چەكلەنگەن مىۋىنى يەپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. (قۇرئان 2:35،36 ، 7:23 ، 20:121) ، شۇڭا ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىدۇ (قۇرئان 2:38)

○ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى تەۋراتنىڭ ئالەمنىڭ يارىتىلىش قىسمىدا خاتىرلەنگەن. (2:17 ، 3:5،6،24)

● نوھ ئاللادىن ئۆزىنىڭ ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 11:47، 71:28)

● ئىبراھىم ئەسلىدە يولتۇز، ئاي ۋە كۈنلەرنى ئىلاھ دەپ چوقۇناتتى (قۇرئان 6:75-79). ئۇ يالغان گەپ قىلىپ باققان (قۇرئان 21:63). ئاللادىن ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلىگەن. (قۇرئان 14:41 ، 26:82)

○ ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تەۋرات ئالەمنىڭ يارىتىلىش قىسمىدا خاتىرلەنگەن. (15:1-6 ; 16:1-4 ; 17:15-19 ; 20:1-11 ; 12:10-20)

● يۈسۈپمۇ ئايال خوجايىنىغا ھاۋايى ھەۋەس قىلىدۇ، بىراق ئاللا ئۇنى گۇناھ ۋە نومۇسلۇق ئىش قىلىشتىن توسۇيدۇ. (قۇرئان 12:24)

○ دېمەك، گەرچە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام گۇناھلىق ئىشنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلبىدە گۇناھ پەيدا بولۇپ بولغان.

● مۇسا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 26:20 ، 28:15،16)

○ مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى تەۋراتنىڭ مىسىردىن چىقىش ۋە نوپۇس سانى دېگەن قىسىملىرىدا خاتىرلەنگەن. (مىسىردىن چىقىش 2:12 ، نوپۇس سانى 20:6-13)

● داۋۇت ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 38:24)

○ داۋۇتنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى مۇقەددەس كىتاپنىڭ سامۇئىلII 11، 12 ؛ تارىخنامەI 21:1 ؛ زەبۇر 51:4 قاتارلىقلاردا خاتىرلەنگەن.

● سولايمان ئاللادىن گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 38:34،35)

○ سولايماننىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى كونا ئەھدىنىڭ پادىشاھلارI قىسمىدا خاتىرلەنگەن. (11:1-8)

● يۈنۈس لىق مال بېسىلغان بىر كېمىگە قېچىپ چىقىۋالىدۇ. ئۇ مەغلۇپ بولغان بولۇپ، ئەيىپلىنىشكە لايىقتۇر. (قۇرئان 37:139-142)

○ يۈنۈس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى كونا ئەھدىنىڭ يۈنۈس پەيغەمبەر قىسمىدا خاتىرلەنگەن.

• مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن. (قۇرئان 4:106 ، 40:55 ، 47:19 ، 48:2 ، 110:3 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى 8:75:379 ، 9:93:482)

• پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە، پەقەت ئەيسا مەسىھلا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولۇپ، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئۇنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققانلىقى توغرىسىدا خاتىرە يوق. ئەكسىچە قۇرئان ۋە ھەدىستە «مەسى ئەيسا» نىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا مۇقەددەس ئىكەنلىكى، بىر ئۆمۈر ھەققانى ياشىغانلىقى، گۇناھسىز پاك پەيغەمبەر ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن. (قۇرئان 3:46 ، 6:85 ، 19:19 ؛ بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:236)

  ○ ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھسىز پاك ئىكەنلىكىنى تەۋرات، زەبۇر ۋە قەدىمقى پەيغەمبەرلەر ئالدىن بىشارەت قىلغان، ئاخىرىدا ئىنجىلدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. (يەشايا پەيغەمبەر 53:9 ؛ ئىنجىل-مەتتا 27:4 ، لۇقا 23:4،41،47 ، يۇھاننا 8:29،55،46 ، كورىنتلىقلارII 5:21 ، ئىبرانىلار 4:15 ، پېترۇسI 2:22 ، يۇھانناI 3:5)

• مۇقەددەس كىتاپلاردا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمۇ تەپسىلى خاتىرلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇ كىتاپلارنىڭ ئەمىلىيەتكە سادىق بولغانلىقى، پاكىتنى يۇشۇرمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىتاپلارنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. چۈنكى خۇدا يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى يۇشۇرمايدۇ، ئۇ ھەم مېھىر-مۇھەببەتلىك ھەم ئادالەتلىك خۇدادۇر. ئىنسانلار ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى خۇدانىڭ كۆزىدىن يۇشۇرالمايدۇ. بۇ ئارقىلىق خۇدا ئىنسانلارغا شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچىكى، ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈزگەن ھەر بىر گۇناھىنىڭ ئىز-خاتىرىسى قالىدۇ، ئۇنىڭ چوقۇم جازاسى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ، مەيلى ئۇ پەيغەمبەر بوپكەتسۇن، گۇناھىغا چاپان ياپمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە ئىنسانلار بۇزۇلۇپ گۇناھقا پاتقان بولسىمۇ، ئەمما خۇدا ئىنسانلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىگە كېلىپ گۇناھكارلار بىلەن دوست بولىدۇ، چۈنكى ئۇ گۇناھكارلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر. ئىنجىل خۇدانىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى يەر يۈزىدىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنى يورۇتىدۇ.

• ھەتتا تارىختىكى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەن يەردە، دىمەك، ھەرقانداق بىر ئادەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىقلا پاك ۋە ھەققانى ئادەم بولالمايدۇ. ئادەملەر پەقەت ئېتىقاتى ئارقىلىقلا خۇدا تەرىپىدىن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەگەر ئىبراھىم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ھەققانى دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ماختىنالايتى. ئەمما خۇدانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ

ماختانغىدەك ھېچنېمىسى يوق. مۇقەددەس يازمىلاردا، ئىبراھىم خۇداغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھەققانىي ئادەم دەپ ئاتالغان ـ دېيىلگەن». (رىملىقلار 4:2،3)

## ئىسمائىل

### ئىسلام دىنىدىكى خاتىرلەر

- مۇھەممەت ئۆزىنى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتايدۇ.
  - تەتقىقاتچىلارنىڭ بايقىشىچە، بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ ئەجدادىنى ئىسمائىلنىڭ چوڭ ئوغلى نىبايۇتقا باغلىسا، يەنە بەزىلەر ئىسمايىلنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قېدارغا باغلايدۇ.
- ئىبراھىم ئاللادىن ئۆلۈكنى قانداق تىرىلدۈرگەنلىكىنى ئۆزىگە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 2:260)
- قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ ئاللا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق دېيىلمىگەن (قۇرئان 107ـ37:0:1). ئىسمائىل بىلەن ئىسھاقنىڭ قايسىسى پەيغەمبەر دېگەن مەسىلىدە زىددىيەت بار.

بۇ توغرىدىكى زىددىيەتلىك ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

| ئىسھاقنى قوللايدىغان ئايەتلەر | ئىسمائىلنى قوللايدىغان ئايەتلەر |
|---|---|
| • ئاللا ئىبراھىمنىڭ ئايالى سارەگە، ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ياقۇپ توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. (قۇرئان 11:71)<br>• ئاللا ئىبراھىمغا بىر ئوغۇل ئاتا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئۇ بالا چوڭ بولۇپ ئىبراھىمغا ياردەملەشكۈدەك بولغاندا، ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «ھەي ئوغلۇم، مەن چۈشۈمدە سىنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلغانلىقىمنى كۆرۈپتىمەن، سەن ئويلىشىپ باققىن، بۇنىڭغا نىمە پىكرىڭ بار» ـ دەيدۇ. ئۇ: | • ئاللا ئىسمائىلنى، ئېلىشانى، يۇنۇسنى ۋە رۇتنى شۇ دەۋردىكى باشقا خەلقلەردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 6:86)<br>• ئىسمائىل ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ، ئۇمۇ پەيغەمبەردۇر. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا ۋە زاكات بېرىشكە بويرۇيدۇ، ئۇ ئاللانىڭ يېنىدا خۇشاللىق تاپىدۇ. (قۇرئان 55،54:19) |

«ئى ئاتا، سەن بۇيرۇغاننى ئىجرا قىلغىن، ئەگەر ئاللا شۇنداق ئىرادە قىلغان بولسا، مېنىڭ سەۋر-تاقەتلىك ئىكەنلىكىمنى كۆرىسەن» - دەيدۇ. ئىبراھىم ئاللاغا بويسۇنۇپ، ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، ئاللا ئۇنى توختىتىۋالىدۇ، ھەمدە ئۇلۇغ بىر قۇربانلىقنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق ئۇ ئوغۇلنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، ۋە ئۇنىڭ نامىنى كېيىنكى ئەۋلادلار ئىچىدە مەڭگۈ ياد ئەتكۈزىدۇ. ئاندىن ئاللا ئىبراھىمغا ئوغلى ئىسھاقنىڭ پەيغەمبەر ۋە ھەققانى ئادەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەمدە ئىبراھىم بىلەن ئىسھاققا بەخت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدىن ھەققانى ئادەممۇ شۇنداقلا ئازىدىغانلارنىڭمۇ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 37:100-113)

●ئاللا ئىبراھىمغا ئىسھاق ۋە (ئىسھاقنىڭ ئوغلى) ياقۇپنى ئاتا قىلدۇ. ھەم ئۇلارنى توغرا يولدا يېتەكلەيدۇ. (قۇرئان 6:84)

● ئاللا ئىبراھىمغا ئىسھاق ۋە ياقۇپنى ئاتا قىلدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا (ئىسرائىللارغا) پەيغەمبەر ۋە مۇقەددەس كىتاپلارنى ئىلتىپات قىلدۇ. (قۇرئان 29:27)

● ئاللا ياقۇپنىڭ ئەۋلادلىرىغا (ئىسرائىللارغا) مۇقەددەس كىتاپلارنى، ئەقىل-پاراسەتنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئاتا قىلدۇ. (قۇرئان 45:16)

● يۇسۇپ ئەجدادى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلدۇ. (قۇرئان 12:38)

● كېيىنكى دەۋرلەردىكى مۇسۇلمانلار ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان بالىسىنى ئىسمائىل دەۋالىدۇ.

● مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ قارايدۇ.

● ئەمىلىيەتتە ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادى ئەرەپ قان سېستىمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا مۇھەممەتنى ئىسمايىلنىڭ ئەۋلادى دەپ ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

● قۇربان ھېيتتا مۇسۇلمانلار قوي-كاللارنى قۇربانلىق قېلىش ئارقىلىق، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئاشۇ ۋەقەلىكنى خاتىرلەيدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خاتىرىلەر

● ئىبراھىم ئۆزۈن مەزگىلگىچە ئايالى سارەدىن بالىلىق بولالمىغاچقا، ئۇنىڭ دىدىكى مىسىرلىق ھەجەر بىلەن بىرگە بولۇپ، ئىسمائىلنى تاپىدۇ. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16)

● خۇدا ئىسمائىل توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

○ ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى خۇددى ياۋا ئىشەككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولى باشقىلارغا ھوجۇم قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ قولىمۇ ئۇنىڭغا ھوجۇم قىلىدۇ (دىمەك ئۇرۇش-جېدەل قېلىپلا تۇرىدۇ). ئۇ قېرىنداشلىرىنىڭ شەرقىدە ياشايدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:12)

○ ئىسمائىلدىن 12 قەبىلە باشلىقى تۇغۇلىدۇ، كەلگۈسىدە چوڭ دۆلەت بولىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 17:20 ، 21:18)

● خۇدا ئىسھاق بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى مۇستەھكەملەيدۇ، ھەمدە بۇنى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەھدىسى قېلىدۇ. ئەمما خۇدا ئىسمائىل بىلەن ئەھدە تۈزمەيدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21-17:18)

● ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلى ئۇنىڭ ئۆز ئايالى سارەدىن تاپقان بىردىنبىر بالىسى ئىسھاقتۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 9-22:2 ، ياقۇپ 2:21)

○ ھەجەر ئىبراھىمنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى ئەمەس. سارە باشتا بالىلىق بۇلالمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىبراھىم خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا سارەنىڭ دىدىكى ھەجەر بىلەن بىرگە بولۇپ ئىسمائىلنى تاپىدۇ. ئەمما كېيىن خۇدانىڭ ۋەدىسى ۋە مۆجىزىسى بىلەن سارە ھامىلدار بولۇپ ئىسھاق توغۇلىدۇ. ئىسھاقنىڭ مەنىسى «كۈلكە » (خۇشاللىق) دىگەنلىكتۇر.

● ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن سىنالغاندا، ئىتىقاتى ۋەجىدىن ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ خۇدانىڭ ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ، ئۇ خۇددى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن ئوغلىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەندەك بولدى. (ئىبرانىلار 19-17:11)

● خۇدانىڭ ئىبراھىمغا «سىنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇڭ» دىگىنى ئىسھاقنى كۆرستىدۇ، ئىسمائىلنى ئەمەس. چۈنكى:

○ بۇ چاغدا ئىسمائىل كەتكەن ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 21:14)

○ خۇدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسھاقتىن تۇغۇلغانلارلار ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسمائىلدىن تۇغۇلغانلار ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتالمايدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 21:12 ، رىملىقلار 9-7:9)

○ ئىسھاقنىڭ ئاپىسى سارە ئىبراھىمنىڭ ھەقىقى قانۇنلۇق خوتۇنىدۇر. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 17-15:17)

○ ئىسمائىلنىڭ ئاپىسى ھەجەر بولسا، پەقەت بىر دىدەك. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:1)

● ئىسھاق ۋە ئىسمائىلنىڭ ئانىلىرى سارە ۋە ھەجەردىن بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى بولغان ئىككى دىنى سىستىما بارلىققا كىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى شەرىئەتنى، يەنە بىرى شەپقەتنى ئاساس قىلغاندۇر. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسى بېرىلدى: (گالاتىيالىقلار 31-21:4)

| ئىسھاق | ئىسمائىل |
|---|---|
| سارە ئىبراھىمنىڭ ھەقىقى خوتۇنى. ھۆر ئەركىن ئايال.<br>ئىسھاق خۇدانىڭ ئىرادىسى، ۋەدىسى ۋە مۆجىزىسى بىلەن قانۇنلۇق ئەر-ئايالدىن تۇغۇلغان. | ھەجەر ئىبراھىمنىڭ خوتۇنى ئەمەس، پەقەت بىر دىدەك، قۇل ئايال.<br>ئىسمائىلنىڭ تۇغۇلىشى ئىبراھىمنىڭ جىسمانىيىتىدىن كىلىپ چىققان گۇناھنىڭ نەتىجىسىدۇر. |
| ئىنجىلغا يەنى خۇدانىڭ شەپقىتىگە تايىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. | دىنى ئەمرىمەرۇپلارنىڭ (شەرىئەتنىڭ) قۇلى بولىدۇ. |
| ئىنجىل خۇدانىڭ شەپقىتى بولۇپ، ئەرشتىن كەلگەن. | شەرىئەت خۇددى بۇرۇنقى تەۋرات قانۇنىغا ئوخشاش، بىر خىل دىنى قائىدە-تۈزۈم بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ شەپقىتى بولماستىن، بەلكى ئادەملەرنى جازالاش ياكى مۇكاپاتلاشتا ئاساسلىنىدىغان ھەركەت ئۆلچىمىدۇر. |

| | |
|---|---|
| ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەر ئەمدى قۇل ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشكەن پەرزەنتلەر ۋە مىراسخورلاردۇر. | دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا ئىسلىۋالغانلار داۋاملىق قۇللۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلاردۇر. |

- ئىسلام دىنىدىكى ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قۇلدار بىلەن قۇلنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ. ئىسلامىمۇ بىرخىل قائىدە-نىزامچىلىقنى ئاساس قىلغان دىندۇر (شەرىئەتكە بويسۇنۇش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىششنى تەشەببۇس قىلىدۇ). ئەمىلىيەتتە ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن 600 يىل بۇرۇنلا، ئىنجىلدا بۇنىڭ خاتالىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. ئەمىلىيەتتە ئۇ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق كەلگەن خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە ئەركىنلىكىنى تاشلاپ، قايتىدىن دىنى ئەمرى-مەرۇپلارنىڭ قۇلى بولۇشتۇر (گالاتىيالىقلار 31-4:21). ئىسمائىل دەل ئىسلام دىنىنىڭ سىمۋولى، ئىسھاق بولسا مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ سىمۋولىدۇر.
  - ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ ياخشىلانمىسا، ئۇنداقتا ئۇ دىنى قائىدە-تۈزۈملەرگە ياكى دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە خۇددى قۇلغا ئوخشاش مەجبۇرى بويسۇنۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، ئەگەر ئادەمنىڭ قەلبى ئۆزگىرىپ ياخشىلانسا ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولسا، ئۇنداقتا ئۇ باشقىلارغا ۋە جەمىيەتكە يامانلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ، قانۇن-تۈزۈملەرگىمۇ تەبىئىيلا رىئايە قىلىدىغان بولۇپ، ئۆزىنى مەجبۇرلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. دېمەك شۇنداق بولغاندىلا، ئادەملەر دىنى قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ ۋە قانۇننىڭ قۇلى ئەمەس، بەلكى ھەقىقى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بولىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتى ئالدى بىلەن دىنى ئەمرىمەرۇپ ياكى شەرىئەتكە بويسۇنۇشنى ئەمەس، بەلكى قەلبنى ئۆزگەرتىشنى ئاساس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قەلبىنى ھەقىقى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەستۇر. بۇنداق قىلىش ئۈچۈن، بىردىنبىر ئامال خۇدانىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن «قۇتقۇزۇش شەپقىتى» ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش كېرەكتۇر. شۇنداق بولغاندىلا، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئىنسان قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئادەمنى ئىچىدىن ئۆزگەرتىدۇ. مانا بۇ مەسىھ ئېتىقاتى بىلەن دۇنيادىكى باشقا دىنلارنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىدۇر.

## قۇربان ھېيت

- ئىسلام كالىندارى (ھىجرىيە) 12-ئاينىڭ 10-كۈنى قۇربان ھېيت بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ بايرىمىدۇر. بۇ كۈنى مۇسۇلمانلار قوي ياكى باشقا بىرەر

هايۋاننى قۇربانلىق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا خۇدانىڭ بىر قوينى چۈشۈرۈپ بەرگىنىنى خاتىرلەيدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ئىسمائىل دەپ قارايدۇ، ئەمما قۇرئاندا ئۇنداق دېيىلمىگەن، بەلكى ئىسھاقنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. (قۇرئان 107 ـ 37:102)

• تەۋراتتا ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ئىسھاق دەپ ئېنىق تونۇشتۇرىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22)

• ئىنجىلغا ئاساسلانغاندا، ئىبراھىم ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغاندا، خۇدانىڭ ئاسماندىن بىر قوينى چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىدەك ۋەقەلىك ئارقىلىق، كەلگۈسىدە خۇدانىڭ ئىنسانلارنى گۇناھ ۋە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەيسا مەسىھنى چۈشۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. يەھيا پەيغەمبەر ئەيسا مەسىھ توغرىلىق مۇنداق دېگەن: «قاراڭلار، خۇدانىڭ قوزىسى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇغۇچى» (يۇھاننا 1:29). تەۋرات دەۋرىدە، ئادەملەر ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلاتتى. ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىقنى بەرگەندىن كېيىن، ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىش ئەمەلدىن قالدى.

• ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى خۇدا ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشقا رازى بولغانلىقى، ئادەمنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقاتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىپادىلىش شەكلى نىمە؟ ئىسلام دىنىنىڭ ئىلاھى «ئاللا»نىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگىنى ئىبراھىمنىڭ قىلغىنىدىن ئېشىپ كىتەلمەيدۇ.

• مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىشىنى، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا تەسىر يەتكۈزگەنلىك دەپ قارايدۇ.

• ھەزرىتى ئەيسا مۇنداق دېگەن: « ئەجدادىڭلار ئىبراھىم مېنىڭ كېلىشىمنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن، ھەم ئۇنى ئالدىنئالا كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولغان» (يۇھاننا 8:56). ئىبراھىم خۇدا تەرىپىدىن سىنالغاندا، ئېتىقاتى ۋەجىدىن، ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلماقچى بولىدۇ. ئىلگىرى خۇدا پەقەت ئىسھاقتىن تۇغۇلغانلارنىڭلا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇڭا ئىبراھىم خۇدانىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئەمىلىيەتتىمۇ ئۇ ئوغلىنى خۇددى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندەك بولدى. (ئىبرانىلار 19 ـ 11:17). تەۋراتتا، خۇدانىڭ كەلگۈسىدە پۈتۈن ئىنسانلارنى قۇتقۇزىدىغانلىقىدەك خۇش خەۋەرنى ئىبراھىمغا يەتكۈزگەنلىكى خاتىرلەنگەن.

خۇدا ئىبراھىمغا مۇنداق دىگەن: «كەلگۈسىدە پۈتۈن مىللەتلەر سەن ئارقىلىق بەخت تاپىدۇ» . (گالاتىيالىقلار 3:8)

● مەسىھ ئېتىقاتىدىكى خۇدانىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن قىلغان ئىشى، ئۇنىڭ ئادەملەردىن تەلەپ قىلغان ئىشىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. خۇدا ئادەملەردىن مەلۇم ئىشنى قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىنسانلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىدىغان مەجبۇرىيەت يوق. ئىبراھىم ئاخىرىدا بالىسىنى قۇربانلىق قىلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا، ئىككى مىڭ يىلدىن كىيىن، ئوخشاش بىر جايدا، ئەيسا مەسىھ قۇربانلىق بەردى.

● ئىنجىلدا مۇنداق دىيىلگەن: خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇنچىلىك سۆيىدۇكى، ھەتتا يىگانە ئوغلى (ئەيسا مەسىھ) نىمۇ ئۇلارغا ئاتا قىلدى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بارلىق ئادەملەرنى ھالاكەتتىن ساقلاپ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئىگە قىلدۇ (يۇھاننا 3:16)؛ خۇدا ئۆزىنىڭ يىگانە ئوغلىنى بۇ دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئۇ ئارقىلىق بىزنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان مىھىر-مۇھەببىتى نامايەن بولىدۇ (يۇھاننا I 4:9)؛ خۇدا ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ئايىماي، بىزگە ئاتىۋەتكەن يەردە، ئەجىبا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتنىمۇ ئۇنىڭغا قوشۇپ بىزگە ئاتا قىلماسمۇ؟ (رىملىقلار 8:32) ؛ بىز باشتا خۇدانى سۆيمىدۇق، بەلكى خۇدا بىزنى سۆيۈپ، گۇناھلىرىمىزنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئوغلىنى قۇربان بولۇشقا ئەۋەتتى. مانا بۇ مۇھەببەتتۇر (يۇھاننا I 4:10).

● مەسىھ ئېتىقاتىدىكى (ئىنجىلدىكى) خۇدا مىھىر-مۇھەببىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نامايەن قىلغان.

## ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن

● پەلەستىن دىگەن نام قەدىمقى فىلىستىن دىگەن مىللەت نامىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى پەلەستىندىكى ئەرەپلەر ئەمەس، بەلكى قەدىمقى گىرىكلارغا قانداش بولغان مىللەت بولۇپ، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ زامانىدىلا مەۋجۇد ئىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 10:14 ، 20:1-17 ، 34-21:22)

● قۇرئاندا ئاللانىڭ پەلەستىننى ئىسرائىللارغا ئاتا قىلغانلىقى خاتىرلەنگەن.

○ ئاللا مۇقەددەس كىتاپلاردا بەنى ئىسرائىللارغا مۇنداق دىگەن: «سىلەر بۇ زىمىندا ئىككى قېتىم قالايمىقانچىلىق چىقىرىسىلەر، چوقۇم ھەددىڭلاردىن ئاشىسىلەر» (قۇرئان 17:4)

○ ئىسرائىللار مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئاللا ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «سىلەر بۇ زېمىندا ياشاڭلار، زامان ئاخىرىدا مەن سىلەرنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدىن يىغىمەن». (قۇرئان 104:17)

○ قۇرئاندا مۇسانىڭ سۆزى ئارقىلىق، ئاللانىڭ ئىسرائىللارغا ئاشۇ زېمىننى بېكىتىپ بەرگەنلىكىنى، ئىسرائىللارنىڭ چوقۇم ئۇ زېمىنغا كىرىپ ياشىشى ۋە ھەرگىز چېكىنىپ چىقماسلىقىنى تەلەپ قىلغان. (قۇرئان 5:21)

● تەۋراتتا خۇدانىڭ پەلەستىننى ئىسرائىللارغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىش 17ـ13:14 ، 21ـ15:18 ، 8ـ17:3 ، 21:12،13 ، 24:7 ، 5ـ26:2 ، 15ـ13 ,4ـ28:1 ، 35:11،12 ، 48:3،4 ؛ مىسىردىن چىقىش ؛ يەشايا 41:8،9 ، ھۇشىئا 11:8،9)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1900ـ يىللىرى، گىرىتسىيەدىن كەلگەن ئىگىئانلار مىسىرغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ، بىراق مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200ـ يىللىرى كافتور دېگەن جايدىن قانانغا (ھازىرقى پەلەستىنگە) كىرىدۇ (قانۇن شەرھى 2:23 ، يەرەمىيا 47:4). ئۇلار دېڭىز بويىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنى ۋە بەش شەھەرنى ئىگەللەپ، يەرلىك قانانلىقلار بىلەن سودا ـ تىجارەت قىلىدۇ. بۇ خەلق كېيىن فىلىستىنلار دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇلار تۇرغان جايلارمۇ فىلىستىن دەپ ئاتىلىدۇ.

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1500ـ يىللىرى ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ، چوڭ بىر سىياسى گەۋدىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

مۇقەددەس كىتاپلاردىكى خاتىرىلەر:

● مۇقەددەس كىتاپتا خۇدا يەشۇئاغا، جەنۇپتىكى فىلىستىندىن تارتىپ شىمالدىكى لىۋانىنىڭ خامات ئېغىزىغىچە بولغان بارلىق زېمىننىڭ ئىسرائىللارغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (يەشۇئا 5ـ13:1)

● ئىسرائىللار قانانلىقلارنى پۈتۈنلەي قوغلىۋەتمەيدۇ (سەردارلار 33ـ1:21). شۇنىڭ بىلەن خۇدانىڭ پەرىشتىسى ئىسرائىللارغا مۇنداق دەيدۇ: خۇدا ئەمدى ئۇلارنى ھەرگىز ئىسرائىللارنىڭ ئالدىدىن قوغلىۋەتمەيدۇ. ئۇلار خۇددى ئىسرائىللارنىڭ بىقىنىغا سانجىلغان تىكەندەك تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسرائىللارنى خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى سىنايدۇ. (يەشۇئا 2:3،22 ، 3:4)

● پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ئىسرائىللارغا چېقىلغانلىق خۇددى ئۇنىڭ كۆز قارچۇغىغا تەگكەنلىك بىلەن باراۋەردۇر. (زاكارىيا 2:8)

كەلگۈسىدىكى بىشارەتلەر:

● ئىسرائىللار كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنياغا تارىلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى باشقا مىللەتلەر ئىگەللەيدۇ. (يوئېل 3:2)

● ۋاقتى سائىتى كەلگەندە، خۇدا ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن يىغىپ، ئىسرائىلىيەگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار يېرۇسالېمدا ئولتۇراقلىشىدۇ. (يەرەمىيا 16:14،15 ، 29:14 ، 31:8 ؛ ئېزەكىئېل 11:17 ؛ زاكارىيا 8:7،8)

● ئەگەر پەلەستىنلىكلەر خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسا، ئۇلار بۇ زېمىندا داۋاملىق تۇرۇپ قالسا بولىدۇ.

● خۇدا پەلەستىنلىكلەر ئارقىلىق ئىسرائىللارنىڭ خۇدانىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى داۋاملىق سىنايدۇ.

## يېرۇسالېم

● قۇرئاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە يېرۇسالېم تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان.

● بەزى مۇسۇلمانلار قۇرئان (17:1) دىكى «ئاللاغا مەدھىيىلەر بولسۇن، ئۇ ئۆز خىزمەتكارىنى بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن يىراقتىكى مەسچىتكە ئېلىپ بارىدۇ» دىگەن ئايەتكە ئاساسەن، «يىراقتىكى مەسچىت» (مەسچىتى ئاقسا) نى يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا (بەيتۇل مۇقەددەس) شۇ، مۇھەممەت مۇشۇ يەردىن ئاسمانغا كۆتىرىلگەن دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇخىل قاراش خاتادۇر.

○ بۇ ئايەتتە مۇھەممەتنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقى دىيىلمىگەن.

○ يېرۇسالېمدىكى مۇقەددەس ئىبادەتخانا مۇھەممەتتىن 500 يىل بۇرۇنلا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدە يېرۇسالېمدا ئۇنداق بىر ئىبادەتخانا ياكى مەسچىت مەۋجۇد ئەمەستى.

○ قۇرئاننىڭ بۇ ئايىتى بەلكىم مۇھەممەتنىڭ بىرەر غەلىتە چۈشىنى بايان قىلغان بولىشى مۇمكىن. «ئابابەكرى جەمەتىدىكىلەردىن بىرسى ماڭا مۇنداق دىگەن، پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنى ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە، كەچتە مۇھەممەتنىڭ بەدىنى جايىدا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ روھىنى ئاللا ئېلىپ كېتىدىكەن». (ئىبنى ئىسھاق، «سىراتۇل رۇسۇللاھ»، 183 ـ بەت)

● تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا يېرۇسالېم ناھايىتى كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

## يېرۇسالېمنىڭ نامى توغرىسىدا:

● يېرۇسالېم دېگەن نام «تىنچلىق شەھىرى» دېگەنلىكتۇر. ئىبرانى تىلىدا تىنچلىق «سالېم» دېيىلىدۇ.

● تەۋراتتا قەدىمقى سالېم شەھىرىنىڭ پادىشاھى مالكىسىدىق تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگار خۇدانىڭ كاھىنى، ھەققانىيەت شاھى، تېنچلىق شاھى دەپ ئاتالغان بولۇپ، نان ۋە شاراپ بىلەن ئىبراھىمنى كۈتىۋالىدۇ (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 14:18). ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئېرىشكەن ئولجىسىدىن ئوندىن بىرىنى مالكىسىدىققا تەغدىم قىلىدۇ (ئىبرانىلار 7:2).

● پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سالېمدا بارگاھى، زىئوندا تۇرالغۇسى باردۇر. (زەبۇر 76:2) سالېم ۋە زىئون يېرۇسالېمنى كۆرسىتىدۇ.

● يېرۇسالېم قەدىمدە «يەبۇس»، «زىئون»، «داۋۇتنىڭ شەھىرى» دەپمۇ ئاتالغان. (ساموئىل II 5:7 ، تارىخنامە I 11:4،5،7)

● «يەھۇدانىڭ مەركىزى شەھىرى» دەپمۇ ئاتالغان. (تارىخنامە II 25:28)

● «مۇقەددەس شەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (يەشايا 52:1 ، مەتتا 4:5 ، 27:53)

## يېرۇسالېمنىڭ تارىخى:

● ئىسرائىللار يېرۇسالېمغا كىلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن بۇرۇن، بۇ يەردە ئامور، خىت قاتارلىق مىللەتلەر ئارلىشىپ ياشىغان. (ئىزەكىئال 16:3)

● ئىسرائىللار مىسىردىن چىقىپ قانان رايونىغا كىرگەندە، شۇ ۋاقىتتىكى يېرۇسالېم شاھى بىلەن ئامورلاردىن بولغان باشقا تۆت شاھ بىرلىشىپ يەشۇئاغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق ئەھدىسى تۈزگەن گىبېئونلارغا ھوجۇم قىلىدۇ. يەشۇئا پەرۋەردىگارغا دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي قۇياش، گىبېئوننىڭ ئۈستىدە توختىغىن؛ ھەي ئاي، ئايىيالۇن جىلغىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرغىن». شۇنىڭ بىلەن قوياش توختايدۇ، ئايمۇ ئورنىدا تۇرىدۇ، تاكى يەشۇئا بەش شاھنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچە شۇنداق بولىدۇ. (يەشۇئا 10)

● ئىسرائىللار قانان رايونىغا كىرگەندە، يېرۇسالېمنى يەبۇسلار ئىگەللەپ تۇرغان بولۇپ، ئىسرائىللار شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى بىر قىسىم يەرلەرنى بويسۇندۇرىدۇ، كېيىن ئىسرائىللارنىڭ ئىچىدىكى بېنيامىن قەبىلىسى بۇ يەرلەرنى ئىگەللەپ ئولتۇراقلىشىدۇ. ئۇلار شەھەر سېپىلى ئىچىدىكى يەبۇسلار بىلەن تىنچ-ئىناق ئۆتىدۇ. (سەردارلار 1:8،21)

● مىلادىدىن بۇرۇنقى 1000-يىللىرى، داۋۇت ئىسرائىللارنى باشلاپ يېرۇسالېمغا

كىلىدۇ، ھەمدە ئۇ يەردىكى يەبۇسلارغا ھوجۇم قىلىدۇ. يەبۇسلار كۆڭلىدە داۋۇت ھەرگىز سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمما داۋۇت زىئوننىڭ قورغىنىنى ئىگەللەپ، كېيىن ئۇنى داۋۇتنىڭ قورغىنى دەپ ئاتايدۇ. (ساموئىلII 5:6،7،9 ؛ تارىخنامەI 8-4:11)

• داۋۇت يېرۇسالىمنى پايتەختى قىلىدۇ. ئۇ ئەھدە ساندۇقىنى يېرۇسالىمغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر چېدىر قۇرىدۇ. (ساموئىلII 19-6:2)

• داۋۇت ئەسلىدە خۇدا ئۈچۈن بىر ئىبادەتخانا سالماقچى بولىدۇ، ئەمما خۇدا ئۇنى رەت قىلىدۇ. (ساموئىلII 17-7:2)

• داۋۇتقا ۋارىسلىق قىلىپ پادىشاھلىق تەختكە چىققان سولايمان، ئەسلىدىكى شەھەرنىڭ شىمالى تېمىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان يەردە، خۇداغا ئاتالغان تۇنجى ئىبادەتخانىنى قۇرىدۇ. ئۇ يەنە يېرۇسالىمنىڭ شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سېلىپ، يېرۇسالىم شەھرىنى كېڭەيتىدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ. (پادىشاھلارI 3:1 ، 9:15)

• سولايمان پادىشاھ ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرىنى، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ئىسرائىلنىڭ ئاتامانلىرىنى يېرۇسالىمغا يىغىدۇ. ئۇنىڭ مەقستى پەرۋەردىگارنىڭ ئەھدە ساندۇقىنى داۋۇتنىڭ قورغىنىدىن يەنى زىئوندىن مۇقەددەس ئىبادەتخانىغا يۆتكەپ كېلىش ئىدى. (پادىشاھلارI 8:1)

• سولايماننىڭ ۋارىسى رېھوبوئامنىڭ بەشىنچى يىلى، مىسىر پادىشاھى شىشاك يېرۇسالىمغا ھوجۇم قوزغاپ، شەھەرنى بېسىۋالىدۇ. ئۇ مۇقەددەس ئىبادەتخانا ۋە ئوردىدىكى قىممەتلىك بويۇملارنى بۇلاپ ئەكېتىدۇ. سولايمان پادىشاھ ياساتقان ئالتۇن قالقانىمۇ تارتىۋالىدۇ. (پادىشاھلارI 26،25:14)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 700-يىللىرى، ئاسسۇرىيە ئارمىيىسى يېرۇسالىمغا ھوجۇم قىلىدۇ. (پادىشاھلارII 18:17)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 588-يىلى، بابىلون پادىشاھى نەبۇقەدنەزەر يېرۇسالىم شەھرىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسى ۋە خان ئوردىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. يېرۇسالىم شەھرىنىڭ سېپىللىرىنى بۇزۇپ، ئۆيلەرگە ئوت قويىۋېتىدۇ. (پادىشاھلارII 10-25:1)؛ ئۇ يەنە مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بويۇملارنى بۇلاپ ئەكېتىپ، بابىلوندىكى بۇتخانىغا قويىدۇ. (ئېزرا 5:14)

• 70 يىلدىن كېيىن، پىرسىيە پادىشاھى كۇرۇس يەھۇدىيلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرۇشىغا رۇخسەت بېرىدۇ (ئېزرا 11-1:2). نەھەمىيا يېرۇسالىمنىڭ شەھەر سېپىلىنى قايتىدىن سالىدۇ. (نەھەمىيا)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 37-4 يىللىرى، رىم ئىمپېرىيىسى ھىرودخانىنى تىكلەپ

يېرۇسالېمنى ئىدارە قىلىدۇ. ھېرودخان بۇزۇلغان شەھەر سېپىلىنى ئوڭشايدۇ، سېپىل راۋاقلىرىنى سالغۇزىدۇ، مۇقەددەس ئىبادەتخانىنىمۇ قايتىدىن ياسىتىدۇ.

● ھېرودخاننىڭ ۋاقتىدا، ئەيسا مەسىھ يەھۇدىيەدىكى بەيتلەھەمدە تۇغۇلىدۇ. شەرقتىن كەلگەن بىرنەچچە مۇنەججىم ئەيسا مەسىھنى كۆرۈش ئۈچۈن يېرۇسالېمغا كېلىدۇ. (مەتتا 2:1)

● ئەيسا مەسىھنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كىرستتا ئۆلتۈرۈلىشى، ئۆلۈمدىن تىرىلىشى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى يېرۇسالېمدا يۈز بەرگەن (مەتتا 27، 28 ؛ ماركوس 15، 16 ؛ لۇقا 23 ، 24 ؛ يۇھاننا 19 ، 20). بۇلار كونا ئەھدە (تەۋرات، زەبۇر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ) ئالدىن قىلغان بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. شۇڭا مەسىھ جامائىتى يېرۇسالېمنى مۇقەددەس شەھەر دەپ ئۇلۇغلايدۇ.

● ئەڭ دەسلەپكى مەسىھ جامائىتى يېرۇسالېمدا شەكىللىنىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان، ئاندىن كېيىن باشقا جايلارغا تارقالغان.

● مىلادى 49-يىلى، باشقا مىللەتلەردىن بولغان مەسىھ جامائەتچىلىكى يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات قانۇنىغا ئەمەل قىلىش ياكى قىلماسلىق توغرىسىدىكى قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ مەسىلىنى يېرۇسالېمدىكى جامائەتچىلىك بىرىنچى قېتىم چوڭ يىغىن ئېچىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 29-1:15)

● مۇقەددەس كىتاپتا يېرۇسالېمنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرلەر بار. مەسىلەن، زەبۇر 122:3 ، 125:2 ؛ زەفانىيا 1:11 ؛ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 22:2 ، سامۇئىلII 5:9 ؛ تارىخنامەI 11:7،8 ؛ تارىخنامەII 27:3 ، 32:5 ؛ پادىشاھلارI 9:15 ؛ پادىشاھلارII 22:14 ؛ نەھەمىيا 3 ؛ ئەلچىلەر 21:34 .

● مۇقەددەس كىتاپتا يېرۇسالېمدىكىلەرنىڭ گۇناھى ۋە ھەسرىتى توغرىسىدىمۇ خاتىرلەر بار. مەسىلەن، يەشايا 1:21 ، 4-1:29 ؛ يەرەمىيا 26:18 ؛ مەتتا 23:37،38

## يېرۇسالېمنىڭ كەلگۈسىدىكى شان-شەرىپى

● خۇدا تاللىدى يەھۇدا قەۋمىنى، ئۇ سۆيگەن زىئون تېغىنى. ئۇنىڭ سالغان مۇقەددەسگاھى، ئاسمان پەلەك قەد كۆتۈرۈپ، زېمىندەك مەڭگۈلۈك قۇرۇلدى. (زەبۇر 78:68،69)

● پەرۋەردىگار ئۆزى ئۈچۈن، شۇنداقلا خىزمەتكارى داۋۇت ئۈچۈن، يېرۇسالېمنى جەزمەن قوغدايدۇ ھەم قۇتقۇزىدۇ. (يەشايا 37:35)

## «ئاسماندىكى يېرۇسالىم»

• مۇقەددەس كىتاپتا تىلغا ئېلىنغان «ئاسماندىكى يېرۇسالىم»، «ئۈستىدىكى يېرۇسالىم»، «يېڭى يېرۇسالىم» بىلەن ھازىرقى يەر يۈزىدىكى يېرۇسالىم پەرقلىنىدۇ.

• ھازىرقى يېرۇسالىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى تېخى قۇل بولۇپ تۇرماقتا، بىراق ئۈستىدىكى يېرۇسالىم ھۆر-ئەركىن بولۇپ، ئۇ بىز (مەسىھىيلەر) نىڭ ئانىسىدۇر. (گالاتىيالىقلار 4:25،26)

• زىئون تېغى مەڭگۈ ھايات خۇدانىڭ شەھرىگە يەنى ئاسماندىكى يېرۇسالىمغا سىمۋوۋۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ يەردە سان-ساناقسىز پەرىشتىلەر بار. (ئىبرانىلار 12:22)

• يېڭى يېرۇسالىم ئەرشتىن چۈشىدۇ، ئۇ قىيامەتتە بولىدىغان چوڭ سوراقتىن كېيىنكى مەسىھىيلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە شان-شەرەپكە تولغان تۇرالغۇسى بولۇپ، «يېڭى ئاسمان-زېمىن» دۇر. (ۋەھىيلەر 3:12 ، 21:2)

• ئىنجىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پارىسى ۋەھىيلەردە يېڭى يېرۇسالىمنىڭ قۇرۇلمىسى، بېزىلىشى، ھالىتى قاتارلىقلار تەپسىلى تەسۋىرلەنگەن. (ۋەھىيلەر 22-21:16، 22:1 ؛ يەشايا 54:11،12 )

## يەر تەۋرەش

### ئىسلام دىنىدا

قۇرئاندىكى خاتىرىلەر:

• مەديان قەۋمىدىكىلەر شۇئەيبنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن توساتتىن يەر تەۋرەپ ئۇلارغا زەربە بېرىلىدۇ. تاڭ سەھەردە ئۆيلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ سونايلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلىرى بايقىلىدۇ. (قۇرئان 7:91)

• مۇسا ئۆز قەۋمىدىن 70 ئادەمنى تاللاپ ئاللا بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. ئۇلار يەر تەۋرەشكە دۇچ كېلىدۇ، مۇسا مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىم، ئەگەر خالىساڭ، بۇرۇنلا ئۇلارنى ۋە مېنى ھالاك قىلغان بولاتتىڭ. ئەجىبا سەن ئارىمىزدىكى نادانلار ئۈچۈن ھەممىمىزنى ھالاك قىلماقچىمۇ؟ بۇ پەقەت سېنىڭ سىنىقىڭ. بۇ ئارقىلىق سەن خالىغان بەزى كىشىلەر ئازىدۇ، سەن ئىرادە قىلغان يەنە بىر قىسىم كىشىلەر توغرا يولدا ماڭىدۇ. سەن بىزنىڭ قوغدىغۇچىمىز، شۇڭا بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە رەھىم قىلغىن. چۈنكى سەن ھەممىدىن بەك كەچۈرگۈچىسەن. (قۇرئان 7:155)

● ئەينى ۋاقىتتا ئاللا بىر تاغنى ئىسرائىللارنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئاسماندىكى چېدىرنى تەۋرەتكەندەك تەۋرىتىدۇ، ئۇلار ئۇ تاغنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ھىس قىلىدۇ. ئاللا ئۇلارغا: «مەن سىلەرگە بەرگەن تەۋراتنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەمرىمەرۇپلارنى ئىسىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار» - دەيدۇ. (قۇرئان 7:171)

○ قۇرئاندىكى بۇ ھېكايىنىڭ مەنبىئى يەھۇدىلارنىڭ «ئادوباخ زاراخ» دىگەن كىتابىنىڭ 2-باب 2-بۆلىكى ۋە «سابات» دىگەن كىتاپنىڭ 88-باب 1-بۆلىكىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنى تەۋرات مىسىردىن چىقىش 19:17 ، 32:19 تىكى مەزمۇنلار بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قويغان.

● بۇرۇنقىلار ھەقىقەتەن ھىلە-مىكىر ئىشلەتكەچكە، ئاللا ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش-ئىمارەتلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى بېشىغا چۈشىدۇ. ئۇلارغا ئەنە شۇنداق ئويلىمىغان يەردىن جازا كىلىدۇ. (قۇرئان 16:26)

● ئەجىبا سىلەر ئاللانىڭ سىلەرنى يەر ئاستىغا يۇتكۇزۇۋېتىشى ياكى قۇم-شىغىللىق بوران بىلەن ئۇچۇرىشىدىن، ئۆزۈڭلارنىڭ ھېچقانداق قوغدىغۇچى تاپالماسلىقىدىن ئەنسىرمەمسىلەر؟ (قۇرئان 17:68)

● ئۇلار (مەديانلار) ئاللانى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، يەر تەۋرەپ ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. تاڭ سەھەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىدە سونايلىنىپ ياتىدۇ. (قۇرئان 29:37)

● ئەجىبا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىدىكى ئاسمان-زىمىننى كۆرمەمدۇ؟ ئەگەر مەن خالىسام، ئۇلارنى يەر ئاستىغا يۇتكۇزىۋېتىمەن، ياكى ئاسماننى پارچە-پارچە قىلىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشۈرىمەن. ئاللاغا تۆۋە قىلغان ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇنىڭدا بىشارەت بار. (قۇرئان 34:9)

● ئەجىبا سىلەر ئەرشتىكى ئاللانىڭ زىمىننى تەۋرىتىش ئارقىلىق سىلەرنى يۇتكۇزىۋېتىشىدىن قورقمامسىلەر؟ (قۇرئان 67:16)

● قۇرئاندا ئاللا زىمىننى تەۋرەپ كەتمىسۇن دەپ تاغلارنى ئورۇنلاشتۇرغان دىيىلىدۇ. (قۇرئان 15:19 ، 16:15 ، 21:31 ، 31:10)

○ بۇ تەلىم ئىلمىيەنگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى تاغلار يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. ئەمىلىيەتتە تاغلار قورۇقلۇق بۆلەكلىرى (ماترىكلار) نىڭ ئايرىلىشى ياكى سوقۇلىشىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، مۇشۇ سەۋەپتىن يەر تەۋرەيدۇ. ئۇندىن باشقا، يانار تاغلارنىڭ پارتلىشىمۇ يەر تەۋرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

● قۇرئاندا قىيامەت باشلىنىشىنىڭ ئالدىدا يەر تەۋرەيدۇ دىيىلگەن. (قۇرئان 99:1،4)

• بۇخارى ھەدىسلىرىدە يەر تەۋرەشنىڭ كۆپىيىشى قىيامەتنىڭ بىشارىتىدۇر دېيىلىدۇ.

○ بىلىم ئاجىزلاشقان، يەر تەۋرەش كۆپەيگەن، كۈن ناھايىتى تېز ئۆتىدىغان، تالاش-تارتىشلار ئاۋۇغان، قىرغىنچىلىقلار كۆپەيگەن، مال-دۇنيا ئېشىپ كەتكەن زامانلار يېتىپ كەلمىگۈچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:1036)

○ تاكى مۇنۇ ئالامەتلەر كۆرۈلمىگىچە، قىيامەت بولمايدۇ. ئىككى گوروھ ئۆزئارا سوقۇشۇپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلىدۇ، ئۇلار بىر دىنى مەزھەپتىكى ئادەملەردۇر. 30 دەججال (ئالدامچى) پەيدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى دەۋالىدۇ. دىنى ئۆلىمالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبىدىن دىنى بىلىم يوقايدۇ. يەر تەۋرەش كۆپىيىدۇ. كۈنلەر بەك تېز ئۆتىدۇ. تالاش-تارتىشلار ئاۋۇپ كېتىدۇ، قىرغىنچىلىقلار كۆپىيىدۇ، مال-مۈلۈكلەر نورمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئادەملەر بەسلىشىپ ئېگىز ئىمارەتلەرنى سالىدۇ، بىر ئادەم باشقىلارنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتكەندە، «مەن ئاشۇ يەردە بولسامچۇ» دەيدۇ. كۈن غەربتىن چىقىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 9:88:237)

**مەسىھ ئېتىقاتىدا**

ئىنجىلدىكى خاتىرىلەر:

• 4000 يىللار ئىلگىرىكى ئىبراھىمنىڭ دەۋرىدە، ئۆلۈك دېڭىزنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى سۇدوم ۋە گوموررا دىگەن شەھەرلەر يەر تەۋرەشتە گۇمران بولىدۇ.

○ ئەينى ۋاقىتتا پەرۋەردىگار خۇدا ئاسماندىن گۈڭگۈرت ۋە ئوت ياغدۇرۇپ، سۇدوم ۋە گوموررا شەھرىنى، پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى، شەھەر ئىچىدىكى خەلقنى ۋە يەر ئۈستىدە ئۈنگەن بارلىق مەۋجۇداتنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:24،25)

○ پەرۋەردىگار خۇدا شۇنداق دەيدۇكى: مەن خۇددى بۇرۇنقى زامانلاردا سۇدوم ۋە گوموررا شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلغاندەك، ئاراڭلاردىكى شەھەرلەرنىمۇ گۇمران قىلىپ، سىلەرنى خۇددى ئوت دۆۋىسىدىن تارتىۋالغان بىر پارچە ئوتۇنغا ئوخشىتىپ قويالايمەن. شۇنداقتىمۇ سىلەر يەنىلا ماڭا قايتمايسىلەر. (ئاموس 4:11)

• خۇدا سىناي تېغىدا ئىسرائىللارغا تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرۈپ بەرگەندە يەر تەۋرەيدۇ.

○ سىناي تېغىنى ئىس-تۈتەك قاپلايدۇ. چۈنكى پەرۋەردىگار ئوت ئىچىدە تاغقا چۈشىدۇ. تاغ خۇددى كۆيۈپ كەتكەندەك ئىس ئۆرلەيدۇ. پۈتۈن تاغ تىترەپ كېتىدۇ. (مىسىردىن چىقىش 19:18)

○ پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتىدىن يەر-زېمىن تەۋرەپ كېتىدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ، سىناي تېغىمۇ ئىسرائىلنىڭ خۇداسىغا ئۇچراپ تىترەپ كېتىدۇ. (زەبۇر 68:8)

• يەر قاتتىق تەۋرەپ يېرىلىدۇ، ھەمدە ئادەم توپلاپ مۇسا ۋە ھارۇنغا ھوجۇم قىلماقچى بولغان كوراھ ۋە ئۇنىڭ گوروھىدىكىلەرنى يۇتۇپ كېتىدۇ. (نوپۇس سانى 16:31، 32)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 1400-يىللىرى، ئىسرائىللارنىڭ ئەسكەرلىرى يەرىكو شەھرىنى قورشاپ، شەھەر سېپىلىنى كۈندە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ، ئالتە كۈن شۇنداق قىلىدۇ. يەتتە كاھىن يەتتە بۇرغىنى ئېلىپ، ئەھدەساندۇقىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۇلار يەتتىنچى كۈنى شەھەر سېپىلىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. كاھىنلار بۇرغىلارنى ئۇزۇنغىچە چالىدۇ. بارلىق خەلق كۈچەپ چوقان سۈرەن سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. (يەشۇئا 6:20)

• پەرۋەردىگار، سېئىردىن چىقىپ، ئېدوم زېمىنىدا ماڭغاندا، يەر تەۋرەپ، ئاسماندىكى بولۇتلاردىن يامغۇر ياغىدۇ. (سەردارلار 5:4)

• سائۇلنىڭ ۋاقتىدا، يۇناتان گىبېئاھتا فىلىستىنلەرگە ھوجۇم قىلغاندا، يەر تەۋرەيدۇ. (سامۇئىلI 14:15)

• ئىلياس ھورەب تېغىدىكى چاغدا خۇدا ئۇنىڭغا، سەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالدىمدا تۇرغىن دەيدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئۇ يەردىن ئۆتكەندە، قاتتىق شامال چىقىپ، تاغلار گۈمۈرىلىدۇ. لېكىن خۇدا شامالنىڭ ئىچىدە بولمايدۇ. ئاندىن يەر تەۋرەيدۇ، خۇدا ئۇنىڭدىمۇ بولمايدۇ. ئاندىن ئوت يانىدۇ، خۇدا ئوت ئارىسىدىمۇ بولمايدۇ. ئوتتىن كېيىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. (پادىشاھلارI 19:11، 12)

• مىلادىدىن بۇرۇنقى 750-يىللىرى، قانان رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرەيدۇ. (ئاموس 1:1)

• ئەيسا مەسىھ كىرستىكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، يەر تەۋرەيدۇ، ھەمدە بەزى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر تىرىلىپ، قەبرىلىرىدىن چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرگە كۆرۈنىدۇ. (مەتتا 27:50-54)

● ئەيسا مەسىھ تىرىلگەندىمۇ يەر تەۋرەيدۇ. (مەتتا 28:1،2)

● پاۋلۇس بىلەن سىلاس فىلىپپىيەدىكى زىنداندا قاملىپ تۇرغان بىر كېچىدە، ئۇلار دۇئا قىلىدۇ ۋە خۇدانى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىدۇ، بۇ چاغدا تۇساتتىن قاتتىق يەر تەۋرەپ، تۈرمىنىڭ ئىشىكلىرى ئۆزلىكىدىن ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن زىندان بېگى مەسىھ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىدۇ. پاۋلۇس ۋە سىلاسلار ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ. (ئەلچىلەر 16:25،26)

● مۇقەددەس كىتاپتا، يەر تەۋرەش كۆپىنچە ئەھۋالدا خۇدانىڭ غەزىپى ۋە سوراق قىلىشىغا سىمۋوۋل قىلىنىدۇ. (ئايۇپ 9:6 ؛ زەبۇر 18:7،15 ، 8ـ29:5 ، 46:2،3 ، 60:2 ، 77:18 ، 97:4 ، 104:32 ، 7ـ114:3 ؛ يەشايا 13:13،14 ، 20ـ24:18 ، 29:6 ؛ يەرەمىيا 4:24 ؛ ئامۇس 8:7،8 ؛ ناھۇم 1:5 ؛ خاباكۇك 3:6 )

**قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ ئاپەت، يەر تەۋرەش ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر:**

● قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە دۆلەتلەر ئارىسىدا چوڭ ئۇرۇشلار پارتلايدۇ. كۆپ جايلاردا ئاچارچىلىق ۋە يەر تەۋرەش يۈز بېرىدۇ. بۇلار چوڭ ئاپەتنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشىدۇر. (مەتتا 24:7،8 ؛ ماركوس 13:8)

● يەر قاتتىق تەۋرەيدۇ. كۆپ جايلاردا ئاچارچىلىق ۋە ۋابا يۈز بېرىدۇ. ئاسماندا قورقۇنۇچلۇق ئالامەتلەر ۋە چوڭ كارامەتلەر كۆرۈنىدۇ. (لۇقا 21:11)

● پەرۋەردىگار خۇدانىڭ سوراق كۈنىدە، يەر-زېمىن قاتتىق تەۋرەيدۇ. ئىنسانلار قورقىنىدىن ئۆڭكۈرلەرگە ۋە ئورەكلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، خۇدانىڭ غەزىپى ۋە پارلاق نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇ چاغدا، ئىنسانلار ئۆزلىرى ياساپ چوقۇنۇۋاتقان ئالتۇن-كۈمۈش مەبۇدلارنى چاشقان ۋە شەپەرەڭلەرگە تاشلاپ بېرىدۇ. (يەشايا 21ـ2:19)

● ئالتىنچى پېچەتنى ئاچقاندا، شۇنى كۆردۈمكى، يەر-زېمىن قاتتىق تەۋرەپ كەتتى، قۇياش قارىيىپ، ئاي قاندەك قىزىل رەڭگە كىردى. ئاسماندىن ئاقار يۇلتۇزلار يەرگە تۆكۈلدى. ئاسمان يۆتكىلىپ، خۇددى ئورالما كىتاپتەك ئورالدى. تاغ ۋە ئاراللار ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. يەر يۈزىدىكى ھەرخىل ئادەملەر تاغنىڭ ئۆڭكۈرلىرىگە ۋە قىياتاشلارنىڭ كامارلىرىغا مۆكۈنىۋالدى. (ۋەھىلەر 17ـ16:12)

● ئۇلار كېلىشگە ئاسمان-زېمىن تىترەپ، قۇياش ۋە ئاي تۇتۇلىدۇ، يۇلتۇزلار چاقنىمايدۇ. (يوئېل 2:10)

● پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازى زىئوندىن چىقىدۇ، يېرۇسالىمدىن ئاڭلىنىدۇ،

ئاسمان-زېمىن تىترەيدۇ. ھالبۇكى خۇدا ئۆز خەلقىنىڭ پاناھگاھى ۋە ئىسرائىلنىڭ قورغىنى بولىدۇ. (يوئېل 3:16)

• پەرىشتىلەر ئىسرىقدانىنى ئېلىپ، قۇربانلىق سۇپىسىدىكى ئوت بىلەن لىق توشقۇزۇپ، ئاندىن زېمىنغا تۆكتى. چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، يەر-زېمىن تەۋرىدى. (ۋەھىيلەر 8:5)

• شۇ چاغدا يەر قاتتىق تەۋرەپ، شەھەرنىڭ ئوندىن بىر قىسمى گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ئۆلگەنلەر 7000 ئادەم بولۇپ، قالغانلارنى قورقۇنۇچ باستى ۋە ئەرشتىكى خۇداغا شان-شەرەپ تىلىدى. (ۋەھىيلەر 11:13)

• خۇدانىڭ ئاسماندىكى ئىبادەتخانىسى ئېچىلدى. ئىبادەتخانا ئىچىدىن ئۇنىڭ ئەھدە ساندۇقى كۆرۈندى. ئارقىدىن چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى، يەر تەۋرەپ، مۆلدۈر ياغدى. (ۋەھىيلەر 11:19)

• ستەنفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرافېسسورى، گېئولوگىيە ئالىمى، دوكتۇر ئاموس نۇر، پەلەستىن رايونىدىكى يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، زاكارىيا پەيغەمبەرنىڭ يەر تەۋرەش يۆنىلىشى ۋە يەرنىڭ يېرىلىشى توغرىسىكى ئالدىن بېشارىتىگە دىققەت قىلىدۇ. زاكارىيانىڭ كىتابىدا بىر ئۇزۇك قاتلام ئېنىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇك قاتلامنىڭ شەرقى تەرىپى شىمالغا يۆتكىلىدۇ، غەربى تەرىپى جەنۇبقا يۆتكىلىدۇ. بۇ دەل ئۆلۈك دېڭىز رايونىدىكى قۇرۇقلۇق بۆلىكى (ماترىكلار) نىڭ يۆتكىلىش يۆنىلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

( Amos Nur & Chris Mac Askill, The Walls Came Tumbling Down – Earthquakes in the Holy Land, Stanford, CA: ESI Productions, 1991)

• ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ 40-كۈنى يېرۇسالېمدىكى زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ. شۇ چاغدا ئىككى پەرىشتە شاگىرتلارغا: «ئۇ ھازىر ئاسمانغا قانداق كۆتۈرۈلگەن بولسا، كەلگۈسىدە يەنە شۇنداق قايتىپ كېلىدۇ» - دەيدۇ. ھازىر شۇ جايدا يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىپ قالغان داڭلىق بىر ئۇزۇك قاتلام زەيتۇنتاغنى كېسىپ ئۆتكەن ھالەتتە بولۇپ. ئۇ يەردىن غەرپكە قارىغاندا مۇقەددەس ئىبادەتخانا تېغىنى كۆرگىلى بولىدۇ، شەرققە قارىغاندا يەھۇدىيە چۆلى ۋە ئۆلۈك دېڭىزنى كۆرگىلى بولىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇ يەردە تارىختىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بەرگۈسى. شۇ چاغدا ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ، مۇقەددەس ئىبادەتخانا شان-شەرەپكە تولىدۇ.
(زاكارىيا 5-14:3 ؛ ئېزەكىئال 22-38:18 ؛ ۋەھىيلەر 20-16:17 ؛ خاگگاي 2:6،7 ؛ ئىبرانىلار 27-12:25 ؛ لۇقا 27-21:25)

## قۇربانلىق

### ئىسلام دىنىدا

● تۆگىلەر قاتار تىزىلغانىدا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ئاللانىڭ نامىنى ياد ئېتىش كېرەك. ئۇلار يەردە يانچىلاپ ياتقاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېسە ياكى قانائەتچان نامراتلارغا ۋە تىلەمچىلەرگە بەرسە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ گۆشى ۋە قېنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا بارمايدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى بارالايدۇ. (قۇرئان 22:36،37)

● ئاللا چوڭ بىر قۇربانلىقنى بەدەل تۆلەپ، ئىبراھىمنىڭ قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئوغلىنى ساقلاپ قالدى. (قۇرئان 37:107)

### مەسىھ ئېتىقادىدا

● يىلان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئېزىقتۇرىدۇ. ئۇلار گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قىپيالىڭاچ بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ. خۇدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى گۇناھىغا تۆۋە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ھەمدە ھايۋاننىڭ تېرىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بەدىنىنى ياپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىنىڭ گۇناھىنى يېپىش ئۈچۈن ئىككى ھايۋان تۇنجى قېتىم قۇربانلىق بېرىدۇ. بۇ خۇدانىڭ شەپقىتى ۋە ئادالىتىدىن بولغان بولۇپ، قۇربانلىق قېلىنغان ھايۋان كەلگۈسىدە بولىدىغان تېخىمۇ چوڭ ۋە ئۇلۇغ بىر قۇربانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

● ئادەم ئاتىنىڭ ئوغلى ھابىل يوقۇرقى ئىشنى ئاتا-ئانىسىدىن ئوقۇدۇ. ئۇنىڭدا ئىشەنچ بولغاچقا، قوي پادىسى ئىچىدىن تۇنجى تۇغۇلغىنىنى خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدۇ. خۇدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ۋەجىدىن، خۇدا ئۇنى ھەققانى دەپ ئاتايدۇ. «ھەققانى» دىگەنلىك ئۆزىنىڭ گۇناھى سەۋەبىدىن مەڭگۈلۈك جازاغا تارتىلىدىغانلىقنى تونۇپ، چىن قەلبىدىن گۇناھىغا تۆۋە قىلىشتۇر. قابىلمۇ يەر مەھسۇلاتىدىن ئېلىپ پەرۋەردىگارغا تەقدىم قىلىدۇ، ئەمما خۇدا ئۇنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ قان تۆكۈپ قېلىنغان قۇربانلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قابىل ھەسەت ۋە غەزەپتە ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

● توپان بالاسىدىن كېيىن، نوھ خۇداغا ئاتاپ قۇربانلىق سۇپىسىدىن بىرنى ياسايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل ھالال ھايۋانلار ۋە قۇشلارنى كۆيدۈرمە قۇربانلىق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئەسلىدە توپان بالاسىدىكى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ھالاك بولىدىغانلىقنى، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالالىشى پۈتۈنلەي خۇدانىڭ شەپقىتىدىن بولغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ يەنە بۇ

ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ياپىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىدۇ.

• ئىبراھىم خۇداغا ئاتاپ ئۈچ قۇربانلىق سۇپىسى ياسايدۇ. بۇ ئۇنىڭ خۇداغا قۇربانلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خۇدا ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇغاندا، ئۇ بۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر سىناق بولۇپ، خۇدا ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق قوشقاردىن بىرنى تەييارلاپ قويغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكمۇ «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئاتالغان ئەيسا مەسىھنىڭ، كەلگۈسىدە ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغانلىقىنىڭ ئالدىن بىشارىتى ئىدى.

• مۇسا ئىسرائىللارنى مىسىردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ھارپا كېچىسى، خۇدانىڭ پەرىشتىسى مىسىردىكى تۇنجى تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولىدۇ. بۇ مىسىرلىقلار ۋە ئىسرائىللارغا ئوخشاشلا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا خۇدا ئىسرائىللارنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغان ئۇسۇلنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. ھەر بىر ئۆيلۈك ئىسرائىل قوزىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ قېنىنى ئىشىكنىڭ ئىككى يېنى ۋە ئۈستىگە سۈركەپ، شۇ ئارقىلىق بەلگە قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىللار ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. كېيىن ئۇلار بۇ ئىشنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد خاتىرلەپ، شۇ كۈننى بايرام قىلىپ تەبرىكلەيدۇ، ھەممە ھەر قېتىملىق بايرامدا قوينى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

• خۇدا مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق تەۋرات قانۇنىنى چۈشۈرگەندە، ھالال ھايۋانلارنى (بولۇپمۇ قوينى) قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشنى بۇيرۇيدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئاققۇزغان قېنى جان ۋە روھقا سىموۋۇل قىلىنغان بولۇپ، شۇ ھايۋانلارنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق، ئەسلى ئۆلۈمگە لايىق بولغان گۇناھكار ئادەملەرنىڭ جېنى ۋە روھى ساقلىنىپ قالىدۇ. بىراق، بۇ خىل قۇربانلىق يىلمۇ-يىل، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مەڭگۈلۈك كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ كەلگۈسىدىكى مەڭگۈلۈك قۇربانلىق، يەنى «خۇدانىڭ قوزىسى» دەپ ئاتالغان ئەيسا مەسىھنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر.

• كونا ئەھدە زامانىدىكى پۈتكۈل تارىخقا قارىساق، ئادەملەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرىدۇ، خۇدا بۇ خىل ھاقارەتنى پەقەت قان بىلەنلا يۇغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە بىرەر قوي ياكى كالىنىڭ قۇربانلىقى ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى ئالدىدا تولىمۇ ئەرزىمەستۇر.

• دۇنيادىكى ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا، ئالەمنىڭ مەلۇم بىر ئىگىسىگە قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپلا، مەلۇم قۇربانلىقنى بېرىش ئارقىلىق، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالىغان.

● خۇدا قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا، پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى ئاشكارلىغان بولۇپ، كەلگۈسىدە قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان ئىدى.

● بۇندىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا، داۋۇت پەيغەمبەر كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئىچىدىن قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت بەرگەن. ئەيسا مەسىھ كېلىشتىن 700 يىل بۇرۇن، يەشايا پەيغەمبەر ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ ئۈستىگە ئارتىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئېغىر ئازاپلارنى تارتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان. يەھيا پەيغەمبەر ھەزرىتى ئەيسانىڭ دەل ئاشۇ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپ بەرگەن.

● ھەزرىتى ئەيسا غايىپتىن تۆرىلىدۇ، ھەرخىل كېسەللەرنى مۆجىزىلەرچە ساقايتىدۇ، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدۇ، بورانىنى تىنجىتىدۇ، ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرستىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە پىلانى بىلەن بولغان بۇ چوڭ قۇربانلىق ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى نامايەن بولىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ يۇيۇلۇپ قۇتقۇزۇلىشىدىكى بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىقتۇر. (يەشايا 53:10 ؛ كورىنتلىقلارI 5:7 ؛ ئىبرانىلار 9:11،12،26،28 ، 10:10ـ14)

● ئەيسا مەسىھنىڭ پاك مۇقەددەس قېنى خۇددى بۇلغانمىغان ئەيىپسىز قوزىنىڭ قېنىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تۆلەنگەن ئەڭ قىممەتلىك بەدەلدۇر. (ماركوس 10:45 ؛ يۇھاننا 1:29 ؛ پېتروسI 1:18،19)

●ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىق قېنى خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدا يېڭى بىر ئەھدىنى تۈزىدۇ (كورىنتلىقلارI 11:24ـ29).

● ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەل قۇربانلىق بولۇپ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھايۋانلارنى يەنە قۇربانلىق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

● ئەيسا مەسىھ ئۆلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلىدۇ، 40ـكۈنى ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇ يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى بىزنى قۇتقۇزۇپلا قالماي، يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. شۇڭا بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىشىمىز، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىشىمىز كېرەك. «بىز مەسىھكە ۋاكالىتەن سىلەرنى خۇدا بىلەن يارىشىشقا دەۋەت قىلىمىز. خۇدا ئاشۇ گۇناھسىزنى بىزنىڭ ئورنىمىزدا گۇناھكار قىلدى، بۇ ئارقىلىق بىزنى ئۇنىڭ ئىچىدە خۇدانىڭ ھەققانىيىتى قىلدى». (كورىنتلىقلارII 5:21)

## يىمەكلىك

### ئىسلام دىنىنىڭ يىمەكلىك ئادىتى

● ئۆزى ئۆلگەن ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى، قانىنى، چوشقا گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. ئاللانىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلانمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ. (قۇرئان 2:173 ، 5:3،4 ، 6:118،145 ، 16:115)

● ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن، مەجبۇرلىنىشتىن ياكى بىلمەسلىكتىن ھارام نەرسىنى يەپ سالسا، گۇناھ بولمايدۇ. (قۇرئان 5:3 ، 6:145 ، 16:115)

ھاراق توغرىسىدا:

● مۇھەممەتكە دەسلەپ چۈشكەن ۋەھىلەردە ھاراق چەكلەنمىگەن.

○ سىلەر خورما بىلەن ئۈزۈملەردىن ھاراق ۋە ئېسىل يىمەكلىكلەرنى چىقىرىسىلەر. بىلگەنلەرگە بۇنىڭ ئىچىدە بىشارەت بار. (قۇرئان 16:67)

○ ئەي مۇسۇلمانلار، ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغاندا ناماز ئوقۇماڭلار، تاكى ئۆزۈڭلارنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگەنگە قەدەر. (قۇرئان 4:43)

● كېيىنكى مەزگىللەردە چۈشكەن ۋەھىلەردە ھاراق چەكلەنگەن.

○ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشتا چوڭ گۇناھ بار. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە پايدىسى تەگسىمۇ، ئەمما زىيىنى پايدىسىدىن چوڭدۇر. (قۇرئان 2:219)

○ ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش يامان ئىش بولۇپ، شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا ئۇلاردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. شەيتان مۇشۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئۆچمەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاللانى ئەسلەشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ. (قۇرئان 5:90،91)

● قۇرئاندا بۇنداق زىددىيەتلىك ئايەتلەرنىڭ بولىشى، مۇھەممەتنىڭ ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئويلاپ تاپقان ئامالىدۇر. مىلادى 622 ـ يىلى مۇھەممەت مەدىنىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يەرلىكلەرنىڭ ھاراق ئىچىش سورۇنلىرى ۋە

قىمار سورۇنلىرىغا قاتنىشىدۇ. بەزىلەر مۇھەممەتتىن ھاراق ئىچىشكە بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ھاراقنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ھاراق ئىچىشتىن چەكلىمەيدۇ. كېيىن بەزىلەر مەس ھالەتتە ناماز ئوقۇپ ئايەتلەرنى قالايمىقان دېگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھەممەت مەس بولۇپ قالغان چاغدا ناماز ئوقۇماسلار دەيدۇ. ئەمما ھاراق ئىچىشنى يەنىلا پۈتۈنلەي چەكلىۋەتمەيدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىقتا، بەزى مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ مۇشتلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ كاللىسىنى يېرىشىدۇ، ھەم شۇ سەۋەپتىن ئۆچمەنلىشىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىم مۇھەممەت قاتتىق چارە قوللىنىپ، ھاراقنى شەيتاننىڭ نەرسىسى، ھارام، يامان نەرسە، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش كېرەك دەپ، ئۇنى ئۆزۈل-كېسىل چەكلەيدۇ. ھەر قېتىملىق ئۆزگىرىشتە مۇھەممەت ئاللادىن ئاشۇنداق ۋەھى كەلدى دەيدۇ. ئەجىبا، ئاللا بۇرۇن ھاراقنىڭ شەيتاننىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھارام ۋە يامانلىقىنى بىلمەسمۇ؟

مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىلارنىڭ يېمەكلىكى توغرىسىدا:

- مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىلارنىڭ يېمەكلىكلىرى مۇسۇلمانلارغا ھالال بولۇپ، يېسە بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىكلىرىمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر. (قۇرئان 5:5)

ھەدىستە يېيىش چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

- ئېشەك گۆشى يېيىش چەكلىنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 4:52:234 ، 5:59:509، 510 ، 7:67:429 ـ 436)

- قوزۇق چىشى بار يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يېيىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:67:435o, 438 ، 7:71:672)

- خام سامساق يېيىشكە بولمايدۇ. خام سامساق يېگەن ئادەملەرگە يېقىنلىششقا، بىرگە ناماز ئوقۇشقا بولمايدۇ. خام سامساق يېگەنلەر مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 1:853 ـ 856 ، 5:59:526)

يېيىشكە بولىدىغان ھايۋانلار:

- تۆگىنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. (قۇرئان 22:36)

- ئاتنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 5:59:530 ، 7:67:429 ـ 436)

خورما توغرىسىدا:

- ھەر كۈنى ئەتىگەندە يەتتە تال ئەجۋە خورمىسى يېگەن ئادەمگە، شۇ كۈنى زەھەر ۋە سېھىر-جادۇ تەسىر قىلمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:65:356 ، 7:71:663, 664, 671)

• خورما بىلەن ئۈزۈم قېقىنى ئارلاشتۇرۇپ مۇرابба قىلىشقا بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:69:507)

تاماق يېگەندىكى قائىدىلەر:

• ئوڭ قولدا بىر نەرسە يېيىش كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:65:288)

• تاماق يېگەندە ئوڭ قولدا يېيىش كېرەك، جىنلار سول قولدا يەيدۇ. (مۇسلىم ھەدىسلىرى)

• تاماق يېگەندە «بىسمىللا» (ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن) دەپ ئاندىن يېيىش كېرەك. (ئەبۇ داۋۇد ھەدىسلىرى)

• ئادەملەر تاماق يېگەن ۋاقتىدا، جىنلار ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرىدۇ. شۇڭا چۈشۈپ كەتكەن تاماق ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ يەۋېتىش كېرەككى، ھەرگىز جىنلارغا قالدۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قولنى شۈمەپ، قاچىنى يالىۋېتىش كېرەك. (مۇسلىم ھەدىسلىرى)

قاچىلاش ئەسۋاپلىرى توغرىسىدا:

• سۇ ئىچكەندە، سۇ قاچىلىغان ئەسۋاپنىڭ ئىچىگە پۈلىمەسلىك ۋە دەم تارتماسلىق كېرەك. (بۇخارى ھەدىسلىرى 154،1:153 ، 7:69:534)

• يېشىل ۋە ئاق رەڭلىك كومزەك ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:69:501)

• ئالتۇن-كۈمۈشتە ئىشلەنگەن لېگەن ۋە تەخسىلەردە يەپ ئىچىشكە بولمايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:62:104 ، 7:65:337 ، 7:69:536-539 ، 7:72:753 ، 8:74:253g)

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يېمەكلىك توغرىسىدىكى تەلىملىرى

تەۋراتتا چەكلەنگەن يېمەكلىكلەر:

• جانلىقلارنىڭ قېنى (لاۋىيلار 7:26 ، 14-17:10). چوشقا ۋە چاشقان (يەشايا 65:4 ، 66:17). تۆگە، بۇرسۇق، توشقان، چوشقا (لاۋىيلار 7-11:4، قانۇن شەرھى 8،14:7). سۇ ئىچىدە ياشايدىغان قاسراقسىز ۋە قاناتسىز بولغان كۆرۈمسىز ھايۋانلار (لاۋىيلار 12-11:10، قانۇن شەرھى 10،14:9).

• ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىچىدە، ھەرخىل قارچۇغا ۋە بۈركۈت تۈرىدىكى يىرتقۇچ قۇشلار، قاغا-قوزغۇنلار، مۈشۈكياپىلاق تۈرىدىكى قۇشلار، تۆگە قۇشى، غارغار ئۆدەك، ساقىيقۇش، تازقارا، قاقىر، ئاققوتان، ھۆپۈپ، شەپەرەڭ قاتارلىقلار. (لاۋىيلار 19-11:13 ، قانۇن شەرھى 18-14:11)

● قانتى بار ۋە تۆت پۇتى بىلەن ئۆمىلەيدىغان جانىۋارلار. (لاۋىيلار 11:23، قانۇن شەرھى 14:19)

● توپىقى ئىككىگە ئاجرىمىغان، كۆشىمەيدىغان ھايۋانلار. (لاۋىيلار 11:26)

● تاپىنىدا ماڭىدىغان تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار (لاۋىيلار 11:27،28) (مەسىلەن، يولۋاس، شىر، ئېيىق، بۆرە قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار)

● سېسىق كۈزەن، ئاغمىخان تۈرىدىكى ھايۋانلار، پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك تۈرىدىكى ھايۋانلار. (لاۋىيلار 31ـ11:29)

● ئۆزى ئۆلگەن ياكى يىرتقۇچلار تەرىپىدىن تىتىۋېتىلگەن ھايۋان جەسەتلىرى. (لاۋىيلار 17:15 ، قانۇن شەرھى 14:21)

ئىنجىلدىكى تەلىملەر:

● خۇدا ھەممە يېمەكلىكنى پاكلىيالايدۇ. (ماركوس 7:19 ؛ ئەلچىلەر 10:15 ؛ تىموتىيI 4:3،5)

● سىرتتىن كىرگەن نەرسە ئادەمنى ناپاك قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە ئەمەس، قورسىقىغا كىرىدۇ، ئاندىن تەرەت بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچىدىن يەنى قەلبىدىن چىقىدىغان نەرسىلا ئادەمنى بۇلغاپ، ناپاك قىلىدۇ. مەسىلەن، يامان نىيەت، جىنسىي ئەخلاقسىزلىق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، زىناخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، يامانلىق، ھىيلىگەرلىك، شەھۋانىلىق، ھەسەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھاماقەتلىكلەر. بۇ يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئادەمنى ناپاك قىلىدۇ. (مەتتا 20ـ15:16 ، ماركوس 23ـ18 ,7:15 )

● «بۇنى ئالما»، «ئانى يېمە»، «مانى تۇتما» دېگەن قائىدىلەرگە ئەمدى بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇلار ئادەملەرنىڭ بۇيرۇقى ۋە تەلىملىرىدۇ. روشەنكى، كىشىلەر ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋالغان دىنلاردىكى مۇنداق تەقۋادارلىق، ساختا كەمتەرلىك ۋە ئۆز تېنىنى ئازاپقا سالىدىغان قائىدە-يوسۇنلار دانالىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىمىزدىكى ھەۋەسلىرىنى چەكلەشتە ھېچقانداق پايدىسى يوق. (كولوسىلىقلار 23ـ2:20)

●ئاجىز قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقاتىتا يېقىلىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، مەبۇدقا ئاتالغان يېمەكلىكلەرنى يېمىسە بولىدۇ (رىملىقلار 15ـ14:13 ؛ كورىنتلىقلارI 13ـ8:7 ، 10:28 ؛ ۋەھىيلەر 2:14،20) . ئەگەر گۆش يېيىش سەۋەبىدىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقاتىغا تەسىر قىلسا، ئۇنداقتا بۇ گۆشنى يېمەسلىك كېرەك. (رىملىقلار 14:21)

نىمىشقا تەۋراتتا چوشقا گۆشى چەكلىنىدۇ، ئەمما ئىنجىلدا چەكلەنمەيدۇ؟

● تەۋراتتىكى قانۇن ـ تۈزۈملەر ئەخلاق ۋە ھەق تەلەپ قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

● ئەخلاق قانۇنىنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغىنى ھاياتلىقتا مۇناسىۋەتلىك بولغان چوڭ ئەخلاق مىزانلىرىدۇر. ئۇنىڭ مەقستى، ئىچكى پاكلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىش. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ھەم خۇداغا ھەم ئىنسانغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغان، تېخىمۇ يۇقىرى بولغان بىر پاكلىق ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە ئۈلگە قىلىشتۇر. «ئون پەرھىز» ئەخلاق قانۇنىنىڭ يادرۇسى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ خۇداغا ۋە باشقا ئادەملەرگە بولغان مەجبۇرىيىتى بەلگىلەنگەن. ئۇ شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ.

● ھەق تەلەپ قانۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر قائىدە ـ نىزاملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەتراپتىكى مۇھىت ۋە تارىخى شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇنداق قانۇنلار پاكلىق، يېمەكلىك، سالامەتلىك، كىيىم ـ كېچەك، دىنى قائىدە ـ يوسۇن قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقستى تاشقى جەھەتتىكى پاكلىق ئامىللىرى ئارقىلىق ئىسرائىللارنى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەردىن ئايرىش، ھەم بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىگە خاس بولغان مۇستەقىل ھالەتتە ساقلاش ئۈچۈندۇر. ئۇلار بىرلا خۇداغا ئېتىقات قىلىپ، ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇدلارغا چوقۇنىدىغان خۇراپاتلىقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىدا چوشقا گۆشى يېمەسلىككە ئائىت بەلگىلىمىلەر بار.

● ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن يات مىللەتلەردە، چوشقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى چوشقىلار ئىنتايىن مەينەت ھايۋان بولۇپ، ئەخلەت ـ چاۋالار بىلەن بېقىلاتتى. شۇڭا چوشقا گۆشى ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىپ، جەمىيەتكە خەۋپ سالاتتى. ئىسرائىللار بولسا ئۇ خەلقلەرنىڭ ناپاك نەرسىلىرىنى ئۆزىگە قەتئى يۇقتۇرمايتى. چۈنكى خۇدا ئۇلارنى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن تاللىغان بولۇپ، باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرگەن ئىدى.

● خۇدانىڭ ئىسرائىللارنى تاللىشى، ئۇلار ئارقىلىق مەسىھنى دۇنياغا ئەۋەتىپ، ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىدى. خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان ھالىتىدە كېلىپ ئەيسا مەسىھ بولدى. ئۇ مەريەم ئارقىلىق مۆجىزىلەرچە دۇنياغا تۇغۇلدى.

● ئەيسا مەسىھ دەۋرىدىكى ئىسرائىللار تەۋراتتىكى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مەقستىنى چۈشەنمىگەن بولۇپ، قەلبىنى پاكلاشنىڭ ئورنىغا قولىنى يۇيۇش ۋە دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا بويسۇنۇشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. دىنى داھىلار ئۆزلىرىنىڭ

نۇرغۇن قائىدىلەرنى چىقىرىۋالغان بولۇپ، بۇلارنى پاكلىنىشنىڭ ئۆلچىمى دەۋالغانىدى. نەتىجىدە نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن، دىنى ئېتىقات شەكىللىۋازلىق ۋە ساختىپەزلىككە تولغان ئۆلۈك قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دىنى موللىلار تاشقى كۆرۈنۈشتە، ئۇزۇن دۇئالارنى قىلىدۇ. قوللىرىنى پاكىز يۇيىدۇ، ھالال يېمەكلىكلەرنىلا يەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچى بولسا، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك ۋە شەھۋانى ھەۋەس بىلەن چىرىپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزلىرىنى پاك دەپ ماختىنىدۇ.

• ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئالدىدا ئاللىبۇرۇن بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا بۇ خىل ساختىپەزلىكنى يوقۇتۇپ، قەلبىنىڭ ھەقىقى پاكلىقىغا قايتىش ئۈچۈن، بارلىق يېمەكلىكلەرنى ھالال دەپ جاكارلايدۇ (ماركوس 7:18-23 ؛ مەتتا 15:16-20). ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىش ئارقىلىق، دۇنيادىكى بارلىق مەدىنىيەتلەرنى خۇداغا يۈزلەندۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتلەرنى خۇدانىڭ ئەخلاق قانۇنى ئىچىدە پاكلىماقچى بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئىسرائىللارنىڭ ئەمدى ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بۇ كوللىكتىپنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىشى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇھىت ۋە ھاۋارايىنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ھەممە مىللەتكە باب كېلىدىغان ئورتاق ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مەۋجۇد بولۇشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

• مۇسا ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنى مەخسۇس ئىسرائىل مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بېكىتىلگەن بولۇپ، كېيىنكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىسرائىل مىللىتىدىن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار تەۋراتتا بېكىتىلگەن ھەق تەلەپ قانۇنىغا بويسۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

• ئەيسا مەسىھنىڭ ئەخلاق قانۇنى ھەممە ئادەمگە ئوخشاشتۇر. قادىر خۇداغا شان-شەرەپ ئەكىلىدىغىنى قانداق نەرسىنى يېيىش ياكى يېمەسلىك ئەمەس، بەلكى خۇدانى ۋە قېرىنداشلىرىنى ھەقىقى سۆيۈشتۇر. بۇ قانۇن دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمگە تەتبىقلىنىدۇ.

• خۇدا غايىبانە ئالامەت ئارقىلىق ئەلچى پېتروسقا، تەۋراتتا ناپاك دەپ قارالغان بەزى ھايۋانلارنى يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇنىڭ يات مىللەتلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىشى ئۈچۈن ئىدى (ئەلچىلەر 10:11-15, 28). ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن يەھۇدىلار ئەمدى يات مىللەتلەرنى ناپاك دەپ قارىسا بولمايدۇ. قائىدە يوسۇن جەھەتتىكى پاكلىققا ئائىت قانۇن ئەمدى كۈچكە ئەمەس (چۈنكى ئۇنىڭدا ناپاك نەرسىنى يېگەن ئادەممۇ ناپاك بولىدۇ دەپ قارىلاتتى). شۇڭا يەھۇدىلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنى ئايرىپ تۇرغان يېمەكلىككە ئائىت قانۇن-نىزام كۈچتىن قالىدۇ.

ھاراق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر:

● شاراپ ئادەمنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرىدۇ، ھاراق ئادەمنى ھۆكىرتىدۇ. ھاراق ئىچىپ ئازغانلىق ئەقىلسىزلىقتۇر. (پەندى-نەسىھەتلەر 20:1)

● ھاراققا ئامراق ئادەم باي بولالمايدۇ (پەندى-نەسىھەتلەر 21:17)؛ ھاراقكەشنى نامراتلىق باسىدۇ (پەندى-نەسىھەتلەر23:21).

● ھاراق ئىچىپ مەس بولۇشقا بولمايدۇ (رىملىقلار 13:13 ، ئەفەسلىكلەر 5:18). ھاراقكەشلەر خۇدانىڭ دۆلىتىگە كىرەلمەيدۇ (كورىنتلىقلارI 6:10) .

● ئەگەر ھاراق ئىچىش سەۋەبىدىن بۇرادىرىڭلار ئېتىقاتتا يىقىلىپ چۈشسە، ئۇنداقتا ھاراق ئىچمىگەن تۈزۈك. (رىملىقلار 14:21)

● ھاراق ئىچىپ ئىش تېرىشقا بولمايدۇ. (تىموتىيI 3:3 ؛ تىتوس 1:7)

● ھاراققا بېرىلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. (تىموتىيI 3:8)

● ھاراقنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق كېرەك. (تىتوس 2:3)

● ئىشتىھا تۇتۇلۇپ، بەدەن ئاجىزلاپ قالغاندا، ئازراق ھاراق ئىستىمال قىلسا بولىدۇ. (تىموتىيI 5:23)

## ئىسلامدا رەسىم چەكلىنەمدۇ؟

● قۇرئاندا رەسىم-سۈرەتنى چەكلەيدىغان ھىچقانداق ئايەت يوق.

● ھەدىسلەردە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىم چەكلىنىدۇ.

○ پەرىشتە جانلىقلارنىڭ (ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ) سۈرىتى بار ئۆيگە كىرمەيدۇ. قىيامەتتە ئەڭ قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلار رەسساملاردۇر. چۈنكى ئۇلار خۇدا ياراتقان نەرسىلەرنى ئوخشىتىپ ياساشقا ئۇرۇنىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2105 ، 4:54:447،450،539 ، 5:59:338 ، 7:72:833،835،838،844 ، 8:73:130 ، 9:87:165 ، 9:93:646،647)

○ رەسىم سىزىش خاتادۇر. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:837)

○ مۇھەممەت رەسىم سىزىلغان پەردىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 3:2479)

○ مۇھەممەت رەسىم سىزغانلارنى قارغايدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:63:259 ، 7:72:845)

○ مۇھەممەت سۈرەت ۋە كىرىست بەلگىسىنى ئۆچۈرۋىتىدۇ. (بۇخارى ھەدىسلىرى 7:72:836)

• ئىسلامدا پەقەت مۇھەممەت ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈرىتىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىملەرنىڭ ھەممىسى چەكلىنىدۇ.

• رەسساملار قىيامەتتە جازالىنىدۇ دېيىلگەن، ئەمما ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى جازالاپ، رەسىملىرىنى بۇزۇۋېتىڭلار دېيىلمىگەن.

• ئىسلام ئۆلىمالىرى رەسىم دېگىنىمىز رەڭ، سىر، بوياق، قەلەم، ئاپارات قاتارلىقلاردا ئىشلەنگەن ھەرقانداق رەسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ. ئۆيدە رەسىملا ئەمەس، ھەتتا تېلېۋىزور بولۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا تېلېۋىزور پەيدا بولغان چاغلاردا، دىنى تويىلاڭ كۆتىرىلگەن ئىدى.

• ھازىر كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىكى سۈرەتنى چەكلەشكە ئائىت بەلگىلىملەرگە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ.

• مۇسۇلمانلار (ئاساسلىقى ئىران، ئافغانىستان، تۈركىيە، ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلار) ئىشلىگەن مۇھەممەتنىڭ سۈرىتىگە دائىر ئۈلگىلەر:

http://www.zombietime.com/mohammed_image_archive/islamic_mo_full

http://www.zombietime.com/mohammed_image_archive/islamic_mo_face_hidden

16 ـ قىسىم

# مەسىھ رەقىبى

(ئەيسا مەسىھكە قارشى چىققۇچى يامان روھ بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا دەججال دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

**مەسىھ ئېتىقاتىدا**

## شەيتان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

● شەيتان نۇرلۇق پەرىشتىنىڭ سىياقىغا كىرۋالىدۇ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ دىيانەتلىك قىياپەتكە كىرۋالىدۇ. (كورىنتلىقلارII 15،14:11)

● شەيتان دۇنيادىكى ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. ئۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن پەرىشتىلەر ئاسماندىن يەرگە تاشلىنىدۇ. (ۋەھىلەر 9:12)

● شەيتانىنىڭ روھى ساختا پەيغەمبەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ، ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (ۋەھىلەر 14،13:16)

● شەيتان شەخسى ھەۋىسگە بېرىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ھەقىقەتتە تۇرمايدۇ. (يۇھاننا 44:8)

● (ئەيسا مەسىھكە) ئىشەنمىگەنلەرنىڭ قەلب كۆزىنى ئەسلىدە بۇ دۇنيانىڭ «ئىلاھى» (شەيتان) كور قىلىپ قويغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خۇدانىڭ ئوبرازى بولغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنىڭ پارلاق نۇرىنى كۆرۈشتىن توسايدۇ. (كورىنتلىقلارII 4:4)

## ساختا پەيغەمبەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەر

● نۇرغۇن ساختا پەيغەمبەرلەر بارلىققا كېلىپ، ئىنسانلارنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 24،11:24)

● ساختا ئۇستازلار ئادەملەرنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدىغان بىدئەت تەلىملەرنى تارقىتىدۇ. (پېتروسII 1:2)

● يامانلىق قىلغۇچى ۋە ئازدۇرغۇچى بارغانسىرى رەزىللىشىپ كېتىدۇ. ئۇ باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، ئۆزىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ. (تىموتىII 13:3)

● مەسىھىيلەر ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئۇلارنىڭ بەرگەن مېۋىسىدىن ئۇلارنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ. يامان دەرەخ ياخشى مېۋە بېرەلمەيدۇ. (مەتتا 15ـ20:7)

● مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرلەندۈرىشى بولمىغان ئادەم، ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ چاقىرالمايدۇ. (كورىنتلىقلارI 3:12)

● خۇدا ئەيسا مەسىھ توغرۇلۇق ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەن. شۇڭا، ئەيسا مەسىھكە

ئىشەنگەن كىشى خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن كىشى خۇدانىڭ گۇۋاھلىقىغىمۇ ئىشەنمىگەن ۋە خۇدانى يالغانچىغا چىقارغان بولىدۇ. (يۇھاننا I 5:10)

## ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى (دەججال) غا دائىر خاتىرىلەر

● ئۇ ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. ئاتا بىلەن ئوغۇلنى ئىنكار قىلىدۇ، يەنى ئەيسا مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەن مۇقەددەس نامىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. (يۇھاننا I 2:22 ، 4:3)

● ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ ماھىيىتىنىڭ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسان تىنىغا ئايلىنىپ كىلىشى ئىكەنلىكىنى رەت قىلىدۇ. (يۇھاننا II 7)

● مەسىھ رەقىبى ئەيسا مەسىھكە قارشى چىقىپ، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. ئاتالمىش ئىلاھلارنى ۋە ئادەملەر چوقۇنىدىغان بارلىق بۇتلارنى بېسىپ چۈشىدۇ. ھەتتا خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋىلىپ، ئۆزىنى خۇدا دەپ ئاتايدۇ. (سالونىكالىقلار II 2:4)

○ مىلادى 691- يىللىرى، مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمدىكى يەھۇدىلارنىڭ «مۇقەددەس ئىبادەتخانا» خارابىلىكىنىڭ ئۈستىگە «ئۆمەر مەسچىتى» نى سالىدۇ. يەھۇدىلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېتىقات قىلىپ كىلىۋاتقان خۇداسى «يەھۋا» نىڭ ئورنىغا «ئاللا»ئالمىشىدۇ. تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرىدا خۇدانىڭ خاس ئىسمى «يەھۋا» بولۇپ، مەنىسى «مەڭگۈ بار بولغۇچى» دۇر. خۇدا ھەتتا ئۆزى بىۋاستە مۇسا پەيغەمبەرگە: «مەن ئەجدادىڭ ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ياقۇپنىڭ خۇداسى يەھۋا بولىمەن، بۇ مىنىڭ مەڭگۈلۈك نامىم، ئەۋلادتىن ئەۋلاتقىچە مۇشۇ نام بىلەن ياد ئېتىلىمەن» - دەپ جاكارلىغان. ھالبۇكى «ئاللا» دىگەن نام تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇچرىمايدۇ. گەرچە مۇقەددەس كىتاپلاردا «ئىلاھ» دىگەن سۆز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى ئاتالغۇ بولۇپ، خۇدانىڭ خاس نامى ئەمەس. «ئاللا» دىگەن ئاتالغۇ ئەمەلىيەتتە «ئەل+ئىلاھ» دىگەن ئەرەپچە سۆز بىرىكمىسىدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «بۇ ئىلاھ» دىگەنلىكتۇر. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئەرەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنى «ئاللا» دەپ ئاتاپ كەلگەن. مەسىلەن مۇھەممەتنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى «ئابدۇللاھ» بولۇپ، مەنىسى «ئاللانىڭ قۇلى» دىگەنلىكتۇر. لىكىن ھەممىگە ئايانكى، مۇھەممەتنىڭ دادىسى مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام دىنى تېخى بارلىققا كەلمىگەن.

## زامان ئاخىرىدىكى چوڭ بالايى-ئاپەت

• شەيتانىنىڭ (ۋەھىلەر 12:3،7،8) ۋەكىلى ئىككى مەخلۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى مەسىھنىڭ رەقىبى (روھ)، يەنە بىرى ساختا پەيغەمبەردۇر (ئادەم). (ۋەھىلەر 13)

• دانىئال پەيغەمبەر ئالدىن بىشارەت قىلغان 4-مەخلۇق (دانىئال7)، مەسىھ رەقىبىنىڭ پادىشاھلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. (ۋەھىلەر 17-17:7)

• ئۇ دۇنيانىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە دىنى داھىسى بولىۋالىدۇ. چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ئوڭ قولى ۋە پىشانىسىگە بەلگە ئۇرۇپ قويىدۇ (ۋەھىلەر 13:6)؛ چوقۇنمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. (ۋەھىلەر 13:15)

• خۇدانىڭ مۇقەددەس خەلقىگە زۇلۇم سالىدۇ. (دانىئال 7:25)

• كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ. (دانىئال 7:25)

• ئۆزىگە چوقۇنماي، ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بەرگەنلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. (ۋەھىلەر 20:4)

## ئىسلام دىنى

• يوقۇرقىلارغا ئاساسلانغاندا ، ئىسلام دىنىنى خۇدادىن ئەمەس، بەلكى ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

  ○ ئەسكەرتىش: مەسىھنىڭ رەقىبى نۇرغۇن بولۇپ (يۇھاننا I 2:18 ، 4:3)، ئىسلام دىنىدىن باشقا يەنە، مورمون دىنى، يەھۋا گۇۋاھچىلىرى، خىرىستىيان ئىلمىيەن جەمئىيىتى قاتارلىقلارمۇ بار.

• مۇھەممەتكە «ۋەھى» ئېلىپ كەلگەن روھ خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى ئەمەس، بەلكى مەسىھكە قارشى روھ بولۇپ، شەيتاندىن كەلگەن.

• مۇھەممەت بولسا ساختا پەيغەمبەر ۋە يالغان ئۇستازدۇر.

زامان ئاخىرىدا بولىدىغان چوڭ بالايى-ئاپەت ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تۆۋەندىكىسى شۇنداق ئېھتىماللىقى بار بولغان بىر خىل تەھلىلدۇر. بۇ تەھلىلگە ئاساسلانغاندا، زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: (ۋەھىلەر 20-14:6)

• ئاگاھلاندۇرۇش دەۋرى. (ۋەھىلەر 14:6،7)

  ○ دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئوتتورىسىدا ئۇرۇش-جەڭلەر كۆپىيىشكە باشلايدۇ. (مەتتا 24:6)

○ نۇرغۇن يەرلەردە ئاچارچىلىق، ۋابا ۋە يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ. (مەتتا 24:6،7)

○ بۇلار بالايى-ئاپەتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ (مەتتا 24:8)، ئۇلار يەرشارىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم جايلىرىدا يۈز بېرىدۇ (مەتتا 24:7)، خۇدا بۇ كىچىك جازالار بىلەن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان قورقۇنۇچلۇق چوڭ سوراقنى سەمگە سالىدۇ.

○ بۇ دەۋردە مەسىھىيلەر تىرىشىپ بارلىق مىللەتلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىشى، خۇدانى تونۇتىشى، ۋە بۇ ئارقىلىق خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈشى كېرەك. (ۋەھىيلەر 14:6،7).

- بابىلۇن گۇمران بولىدۇ. (ۋەھىيلەر 14:8)

○ ئىنجىلنىڭ ۋەھىيلەر قىسمىدا دېيىلگەن بابىلۇن ۋە پاھىشە ئايال (ۋەھىيلەر 17،18)، كەلگۈسىدىكى دۇنياۋى خاراكتېرلىق بىر چوڭ دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پۇل ۋە ئەخلاقسىزلىققا چوقۇنىدۇ (ۋەھىيلەر 17:2)، ئىدىيىسىنى دۇنياغا تارقىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:5 ، 18:3)، دۇنيادىكى ئەللەرنى ئېزىقتۇرىدۇ (ۋەھىيلەر 18:23)، دۇنياۋى دەرىجىلىك قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:2،18)، نۇرغۇن ئەللەرنى كونترول قىلىۋالغان (ۋەھىيلەر 17:15)، سۇلارنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ (ۋەھىيلەر 17:1)، مەخلۇققا مىنىۋالغان (ۋەھىيلەر 17:3،7)، ئۇن دۆلەتنى تىزگىنلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ (ۋەھىيلەر 17:16،17)، ئىنتايىن باي (ۋەھىيلەر 17:4)، سودىگەرلىرى يەر يۈزىدە ھۆرمەتكە ئىگە (ۋەھىيلەر 18:23)، پۈتۈن دۇنيادىن مال كىرگۈزىدۇ (ۋەھىيلەر 18:17،19)، بابىلۇننىڭ چوڭچىلىق پىسخىكىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ (ۋەھىيلەر 17:5)، ئىنتايىن تەكەببۇر بولۇپ، بالايى-ئاپەت كەلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ (ۋەھىيلەر 18:7)، ئۆزىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ، ھەشەمەتچىلىككە بېرىلىدۇ (ۋەھىيلەر 18:7)، ئەسلىدە خېلى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما كېيىن روھى جەھەتتىن بۇلغىنىپ كېتىدۇ (ۋەھىيلەر 18:2)، گۇناھى چەكتىن ئاشىدۇ (ۋەھىيلەر 18:5).

○ ئۇ ئاخىرىدا مەخلۇقنىڭ دۆلىتى تەرىپىدىن ئوتتا گۇمران قىلىنىدۇ. ئۇ قاتتىق جازالىنىدۇ (ۋەھىيلەر 17:1)، خۇدانىڭ ھەسسىلەپ جازالىشىغا ئۇچرايدۇ (ۋەھىيلەر 18:6)، ئۇ ھوقۇقىنىڭ يوقىرى پەللىسىدە تۇرغاندا، مەخلۇق توساتتىن ئوت بىلەن ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. (ۋەھىيلەر 17:16،17 ، 18:8)، ۋەيرانچىلىق شۇنچىلىك ئېغىر بولىدۇكى، نورمال ياشاشقىمۇ ئىمكانىيەت قالمايدۇ (ۋەھىيلەر 18:21،23)، ئۇنىڭ مەخلۇق تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشى خۇدانىڭ

ئىرادىسىدۇر (ۋەھىلەر 17:16،17)، ئۇنىڭ ۋەيران بولىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىنى قالايمىقانلاشتۇرۋېتىدۇ (ۋەھىلەر 16ـ18:11)، خۇدا ئۇنى سوراق قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆز خەلقىنى ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇيدۇ (ۋەھىلەر 18:4).

- مەخلۇقنىڭ دەۋرى (ۋەھىلەر 14:9ـ13)

○ مەخلۇقنىڭ دۆلىتى ھوقۇق سورايدۇ (دانىئال 7)، چوڭ بالايى-ئاپەت بولىدۇ (مەتتا 28ـ24:9)، نۇرغۇن ئادەملەر مەخلۇق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ (ۋەھىلەر 11ـ6:9)، مەخلۇق دېڭىزدىن چىقىدۇ (دانىئا 7:3 ، ۋەھىلەر 13:1)، ئۇنىڭ ئون مۈڭگۈزى بولۇپ، ئون دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ (دانىئال 7:7 ، ۋەھىلەر 13:1)، مەخلۇق تېخى دۆلەتكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ (ۋەھىلەر 17:12)، چوڭ پاھىشە ئايالنى ھالاك قىلىدۇ (ۋەھىلەر 17:16)، ئاندىن دۆلەتكە ئېرىشىدۇ، ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق بولىدۇ (دانىئال 7:7 ، ۋەھىلەر 13:4). ئۇ دۇنيانى ئۈچ يېرىم يىل سورايدۇ (دانىئال 7:23،25 ، ۋەھىلەر 13:5،7)، دىنى خاراكتېرلىق دۆلەت بولىدۇ (دانىئال 13:4)، ھاكاۋۇرلۇق ۋە كۇپۇرلۇققا تولغان سۆزلەرنى قىلىدۇ (دانىئا 7:8،25 ، ۋەھىلەر 13:1،5،6)، ۋەيران قىلىش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ، كۆرگەنلەرنى ۋەھىمە باسىدۇ (دانىئا 7:7،15،19،23،28 ، ۋەھىلەر 13:4،7 ، 17:16،17 ، 18:9،10 ، 19ـ18:15)، ئادەملەر قورقىنىدىن روھى چىقىپ كېتىدۇ (لۇقا 21:26). ئون دۆلەتنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمران ئۈچ دۆلەتنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يەتتە دۆلەت قالىدۇ (دانىئال 7:8،24). مەخلۇق كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ (دانىئال 7:25)، ئوغۇلنى تۇققان ئايالغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ (ۋەھىلەر 12)، مەسىھلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم سالىدۇ (دانىئال 7:25 ، ۋەھىلەر 7ـ13:5)، ئۆزىگە چوقۇنمىغانلارنى، بولۇپمۇ مەسىھىيلەرنى ئۆلتۈرىدۇ (ۋەھىلەر 13:10 ، 20:4).

- خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن، يەھۇدىيلار سوراققا تارتىلىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، جاپا-مۇشەققەت تارتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى رەزىل ئادەملەر يوقىتىلىدۇ (يەشايا 26ـ1:21 ، 26ـ3:13 ، 6ـ4:1 ، 26ـ30:8 ، 22ـ60:13 ؛ يەرەمىيا 11ـ30:4 ؛ ئىزەكىئال 28ـ36:17 ؛ ئامۇس 15ـ9:1 ؛ ۋەھىلەر 11:2). ئىسرائىللارنىڭ قېپقالغان خەلقى (ۋەھىلەر 12:6)، ياردەمگە ئېرىشىپ، ئەجدىرھادىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ (ۋەھىلەر 12:13،14)، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئەجدىرھا بىلەن جەڭ قىلىدۇ (ۋەھىلەر 12:17)، ئۇلار زىيان-زەخمەتكە ئۇچراشقا رازى بولىدۇ، بۇ ئىش قالدۇق ئىسرائىللارنى تەسىرلەندۈرىدۇ، ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ نامىنى چاقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىدۇ.

• غەلىبە قىلغان ئېتىقاتچىلار ئاسمانغا كۆتىرىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 14:14ـ16)، ئەيسا مەسىھ بۇلۇتلار ئىچىدە شان ـ شەرەپ بىلەن قايتىپ كېلىدۇ (مەتتا 24:30 ، ۋەھىيلەر 14:14)، ئۇ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى يىغىپ ئاسمانغا كۆتىرىدۇ. (مەتتا 24:31 ، ۋەھىيلەر 14:15،16). ئاسمانغا كۆتىرىلگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇدانىڭ تەختىنىڭ ئالدىدا ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ (ۋەھىيلەر 7:1ـ17).

• خۇدانىڭ غەزىپى چۈشىدىغان كۈنى (ۋەھىيلەر 14:17ـ20)، خۇدانىڭ غەزىپى رەزىل ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ (يەشايا 13:6ـ22 ، زەفانىئاھ 1:14ـ2:4 ، ۋەھىيلەر 6:12ـ17 ، 14:17ـ15:1 )، مەخلۇق ۋە ساختا پەيغەمبەرنىڭ ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، قولغا ئېلىنىدۇ (دانىئال 7:25ـ27 ، ۋەھىيلەر 19:20). ئۇلار دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىدۇ (دانىئال 7:11 ، ۋەھىيلەر 19:20).

• قۇتلۇق مىڭ يىل بولىدۇ (ۋەھىيلەر 20:1ـ6)، ئىسرائىلىيە دۆلىتى قايتا گۈللىنىدۇ (يەشايا 2:1ـ5).

• شەيتان ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشنى قوزغايدۇ، ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 20:7ـ9)

• خۇدا ئاق تەختىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاخىرقى سوراقنى قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 20:11ـ15)

• يېڭى ئاسمان ـ زېمىن باشلىنىدۇ (ۋەھىيلەر 21،22)

قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى ـ ئاپەتتە مەيدانغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبى ئىسلامىزىمچىلار بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبىنى تۆۋەندىكى تەھلىلدىن كۆرۈڭ:

| مۇقەددەس كىتاپتىكى بىشارەتلەر | ئىسلام دىنىدا |
|---|---|
| دانىئال 7:1ـ6، ۋەھىيلەر 13:2 دا:<br>• تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مەخلۇق بابىلۇن، پىرسىيە ۋە گىرىتسىيەدۇر. تۆتىنچى مەخلۇقمۇ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەلۇم بىر دۆلەتكە قارىتىلغان.<br>• تۆتىنچى مەخلۇق بۇرۇنقى بىر دۆلەتنىڭ قايتا باش كۆتىرىپ چىقىشى بولۇپ (ۋەھىيلەر 17:8)، | • يۇھاناننىڭ دەۋرىگىچە، ئوتتۇرا شەرقتە بەش ئىمپىرىيە قۇرۇلۇپ يوقاپ بولغان بولۇپ، ئۇلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1600 ـ يىللىرى بارلىققا كەلگەن كونا بابىلۇن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 750 ـ يىللىرىدىكى ئاسسۇرىيە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 600 ـ يىللىرىدىكى يېڭى بابىلۇن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 540 ـ يىللىرىدىكى پىرسىيە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 ـ يىللىرىدىكى گىرىتسىيەلەردۇر.<br>• يەنە بىر دۆلەت يۇھاناننىڭ ۋاقتىدىمۇ تېخى مەۋجۇد بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى |

| | |
|---|---|
| ئۇنىڭ ئەڭ يوقىرى ھۆكۈمرانى مەسىھ رەقىبىدۇر (دانىئال 7:8، 24) .<br>● ۋەھىلەر 17:10، 11 دا كۆرستىلگەن سەككىز مەخلۇق بولسا سەككىز چوڭ دۆلەتنىڭ سىموۋۇلىدۇر. | 100-يىللىرى بارلىققا كەلگەن رىم ئىمپىرىيىسىدۇر.<br>● يەنە بىر دۆلەت تېخى بارلىققا كەلمىگەن. ئۇ بولسىمۇ مىلادى 7-ئەسىردە پەيدا بولغان ئىسلام ئىمپىرىيىسىدۇر.<br>● سەككىزىنچى دۆلەت، يەنى قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى-ئاپەتتە مەيدانغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبىنىڭ دۆلتى، يوقۇرقى يەتتىنچى دۆلەتنىڭ ئىچىدىن بارلىققا كىلىدۇ. |
| كالىندار ۋە قانۇننى ئۆزگەرتىدۇ. (دانىئال 7:15) | ئىسلام كالىندارى (ھىجرىيە) دە:<br>● يېڭى ئاي چىققان كۈنى شۇ ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قېلىپ بىكىتىلىدۇ. (قۇرئان 10:5)<br>● بىر يىلغا مەلۇم كۈن ياكى ئاينى قوشۇش ئارقىلىق، ئاي كالىندارى بىلەن قوياش كالىندارى ئوتتورسىدىكى پەرقنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ.<br>● مىلادى 622-يىلى مۇھەممەتنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ بارغان (ھىجرەت قىلغان) ۋاقتىنى ئىسلام كالىندارىنىڭ (ھىجرىيەنىڭ) باشلانغان يىلى قىلىپ بىكىتىدۇ. |
| ئۇ توساتتىن ئوت بىلەن بابىلۇننى (پاھىشە ئايالنى) پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋىتىدۇ. (ۋەھىلەر 17:16، 17 ، 18:8) | ● ھازىر نۇرغۇن ئىسلام ئەسەبىلىرى ئامرىكىنى ئەخلاقى بۇزۇلغان، شەيتان دەپ قارايدۇ.<br>● ئىسلام ئەسەبىلىرى شىھىت بولۇشتىن قورقمايدۇ، كۈچىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىدۇ، ئامرىكىغا جىھات ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۇنى پۈتۈنلەي گۇمران قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. بارلىق ئامرىكىلىقلارنى مەيلى ئەسكەر ياكى پۇقرا بولسۇن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قېرىلار ۋە باللاردىن تارتىپ پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ.<br>● ئۇلار ئاتوم بومبىسىنىڭ تېخنىكىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى شەيتان دەپ قارىغان دۆلەتنى يوقاتماقچى بولىۋاتىدۇ. |

| | |
|---|---|
| • ئوغۇل توققان ئايالغا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ. (ۋەھىيلەر 12)<br>• «ئوغۇل تۇققان ئايال» ئىسرائىللارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئەيسا مەسىھ ئىسرائىللاردىن تۇغۇلغان. | • ئىسلام دىنىنىڭ نۇرغۇن تەلىملىرى يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشنى تەرغىپ قىلىدۇ.<br>• ئەمىلىيەتتىمۇ دۇنيادا يەھۇدىيلارغا ئەڭ ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلار مۇسۇلمانلاردۇر. |
| • دۇنيانى بىر مەزگىل بويسۇندۇرۇپ ئىدارە قىلىدۇ. (دانىيال 7:23،25 ، ۋەھىيلەر 13:5ـ7) | • ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكىدە، پۈتۈن دۇنيانى ئىسلام دىنى باشقۇرۇشى كېرەك، ھەممە ئادەم ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. زامان ئاخىرىدا مۇسۇلمانلار دۇنيانى بويسۇندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. |
| • ئۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ، خۇدانىڭ يولىدا چىڭ تۇرغان، مەخلۇققا ئىبادەت قىلمىغان، پېشانىسىدە ۋە قولىدا مەخلۇقنىڭ بەلگىسى بولمىغان مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنىڭ كاللىسى ئالىدۇ. (ۋەھىيلەر 20:4)<br>• مەسىھ ئېتىقادچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى خۇدا ئۈچۈن ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ. (يۇھاننا 16:2) | • قۇرئاندا، ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ دىلىغا ۋەھىمە سېلىڭلار، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، بارماقلىرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار، دەپ تەلىم بېرىدۇ. (قۇرئان 8:12)<br>• مۇسۇلمانلار ئىسلامغا قارشى تۇرغان كاپىرلار جۈملىدىن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش مەجبۇرىيىتىمىز بار دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 3:139ـ142 ، 169ـ172 ، 4:74،95 ، 9:20ـ22, 111 ، 61:4, 11ـ13) |

تۆۋەندىكى يەنە بىر خىل تەھلىلمۇ، قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى چوڭ بالايى-ئاپەتتە ئوتتۇرغا چىقىدىغان مەسىھ رەقىبىنىڭ ئىسلامىزىمچىلار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

| مۇقەددەس كىتاپتا | ئىسلام دىنىدا |
|---|---|
| مەسىھ رەقىبى قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىدا مەيدانغا چىقىدىغان كۈچلۈك سىياسىي، ھەربىي ۋە دىنىي داھىدۇر. | مۇسۇلمانلار ساقلاۋاتقان مەھدى بولسا قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىدا دۇنياغا كېلىدىغان كۈچلۈك سىياسىي، ھەربىي ۋە دىنىي داھىدۇر. |

| | |
|---|---|
| قىيامەتتە كىلىدىغان ساختا پەيغەمبەر ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس بولۇپ، مەسىھ رەقىبىنىڭ ياردەمچىسىدۇر. | قىيامەتتە كىلىدىغان ئىسلامچە «ئەيسا پەيغەمبەر» ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس بولۇپ، مەھدىنىڭ ياردەمچىسىدۇر. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر بىرلىشىپ زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن ئىنسانلارنى بويسۇندۇرۇپ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، يەر يۈزىدە نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» زور قوشۇن تەشكىللەپ، پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرماقچى بولىدۇ. |
| ساختا پەيغەمبەر قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بۆرىدۇر. | ئىسلامچە «ئەيسا» گەرچە ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىسلامغا بويسۇنمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بىكىتىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» يېڭى دۇنيا تەرتىپىنى بىكىتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر پۈتۈن دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ دىنى قانۇنىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. | مەھدى بىلەن ئىسلامچە «ئەيسا» پۈتۈن دۇنياغا ئىسلام شەرىئىتىنى بىكىتىپ بېرىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بۇرۇن ئىشلىتىۋاتقان كالىندارنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. | مەھدى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغاندىن كيىن، دۇنيادا كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان مىلادىيە كالىندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىسلامنىڭ ھىجرىيە كالىندارىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. شەنبە-يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمىنى جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى بىلەن ساختا پەيغەمبەر ھەر ئىككىلىسى كۈچلۈك دىنى داھىلار بولۇپ، دۇنياۋى بىر دىننى تىكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» ئىسلام دىنىنى دۇنيادىكى بىردىنبىر دىن قىلىپ تىكلەيدۇ. |

| | |
|---|---|
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر ئۆزلىرى تىكلىگەن دۇنياۋى دىنغا بويسۇنمىغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» ئىسلام دىنىغا بويسۇنمىغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەرنىڭ دۇنياۋى دىنغا قارشى تۇرغانلارنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى كاللا كېسىشتۇر. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا»نىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرغانلارنى ئۆلتۈرۈشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇلى كاللا كېسىش بولۇپ، بۇ ئىسلام ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر پۈتۈن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» پۈتۈن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، يەھۇدىيلا تاش ۋە دەرەخلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈنىۋالىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر يېرۇسالېمغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللىۋالماقچى بولىدۇ. | مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» يېرۇسالېمغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى يېرۇسالېمدىكى يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس ئىبادەتخانىسىدا ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئورنىنى تىكلەيدۇ. | مەھدى يېرۇسالېم شەھرىدە ئىسلام خەلىپىلىكىنى قايتا تىكلەيدۇ. |
| ساختا پەيغەمبەر ھەرخىل مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئادەملەرنى ئالداپ، ئۇلارنى مەسىھ رەقىبىنى قوللاشقا ئېزىقتۇرىدۇ. | ئىسلامچە «ئەيسا» كەلگەندىن كېيىن ھەرخىل مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەھدىمۇ ھاۋارايى ۋە ئاشلىقنى تىزگىنلەيدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر ياغىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىدۇ. (ئىنجىل ۋەھىيلەردە شۇنداق دېيىلگەن) | مەھدى ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىدۇ. |
| مەسىھ رەقىبى ئىسرائىللار بىلەن 7 يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزەيدۇ. | مەھدى بىر يەھۇدى بىلەن 7 يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى تۈزەيدۇ. |

| | |
|---|---|
| يەھۇدىلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى يەنى ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ، ئىسرائىلىيەدىكى يەھۇدىلارنى قوغدايدۇ. مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەر باشچىلىقىدىكى كۆپ دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ھوجۇمىنى توسايدۇ. | ئىسلامچە «ئەيسا»غا قارشى چىققۇچى دەججال پەيدا بولىدۇ. ئۇ نۇرغۇن يەھۇدىلارنى تەشكىللەپ كۈچلۈك قوشۇن قۇرىدۇ. ئۆزىنى ئەيسا مەسىھ دەپ ئاتاپ مەھدى ۋە ئىسلامچە «ئەيسا» غا قارشى تۇرىدۇ. |
| ئەيسا مەسىھكە قارشى بولغان قارا روھ مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق تەلىمىنى ئىنكار قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈچ بىرلىك، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى، ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆلۈپ، ئۈچىنچى كۈنى تىرىلگەنلىكى قاتارلىقلار. | ئىسلام دىنى تەلىم بېرىش ۋە روھىيەت جەھەتتە مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق تەلىملىرىگە قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئۈچ بىرلىك، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ تەنگە ئايلىنىشى، ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستتىكى قۇربانلىقى قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. |
| ئەيسا مەسىھ ۋە ئەلچى پاۋلۇس زامان ئاخىرىدا نۇرغۇن ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرغا چىقىپ، مەسىھلەرنى ئېزىقتۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەش كېرەكلىكىنى ئالدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. | ئىسلام دىنى يەر يۈزىدىكى بىردىنبىر ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىققا تايىنىپ كۆتىرىلگەن دۇنياۋى دىن بولۇپ، ئىسلامىيەتتە ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك ۋە يالغانچىلىق ۋاستىسىدىن پايدىلانسا بولىدۇ دەيدىغان تەلىم بار. |
| ئىنجىلدا كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى مەسىھكە قارشى ئىمپىرىيىنى تەشكىل قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دەل ھازىرقى ئىسلام ئەللىرىدۇر. | بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەھدىگە سادىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى ۋە ئەڭ چوڭ ئىمامى دەپ قارىلىدۇ. |
| ئىنجىلدا كۆرسىتىلىشىچە، رىم ئىمپىرىيىسىدىن كېيىن يەنە بىر چوڭ ئىمپىرىيە بارلىققا كېلىپ يوقايدۇ. ئەڭ ئاخىرقى مەسىھكە قارشى ئىمپىرىيە ئەنە شۇ ئىمپىرىيىنىڭ ئىچىدىن قايتىدىن گۈللەنگەن بىر ئىمپىرىيىدۇر. | رىم (ۋىزانتىل) ئىمپىرىيىسىدىن كېيىن، باش كۆتۈرگەن ئىمپىرىيە ئىسلام ئىمپىرىيىسىدۇر. |
| مەسىھ رەقىبى مەيدانغا چىققاندا، يەر يۈزىدە ئۇنى كۈتىۋالىدىغان ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغان قۇرۇلما ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. | ئىسلام نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ دىن بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭ نوپۇسى مۇشۇنداق شىددەت بىلەن كۆپىيىۋەرسە، كەلگۈسىدە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىن |

| | |
|---|---|
| بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئىسلامىيەت مەھدىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. | |

● ئۇندىن باشقا، خۇدا ئالدىن بىشارەت قىلىپ مۇنداق دىگەن: ئىسمائىلنىڭ قولى ھەممە ئادەمگە ھوجۇم قىلىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ قولىمۇ ئىسمائىلغا ھوجۇم قىلىدۇ (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 16:11،12)؛ ۋاھالەنكى مۇسۇلمانلار ئىسمائىلنى ئۆزلىرىنىڭ روھى ئەجدادى دەپ قارايدۇ.

## مەسىھىيلەردە بولۇشقا تېگىشلىك تەييارلىق

● پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇداغا تايىنىش كېرەك. (پەند-نەسىھەت 3:5)

● بابىلۇندىن (گۇناھقا پاتقان شەھەر ياكى دۆلەتتىن) چىقىۋېلىش (ۋەھىلەر 18:4)، چىقىپ كېتىش كېرەك (ئىبرانىلار 11:8)

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى بىرگە يىغىلىپ دۇئا قىلىشى، روھىيەت جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۆزىنىڭ كىرستىنى يۈدىشى، نۆۋىتى كەلگەندە ھەتتا مەسىھ ئېتىقاتى، قالدۇق ئىسرائىللار ۋە ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشى كېرەك (يۇھاننا 15:20 ، 16:1،2 ، ماركوس 8:35 ، ۋەھىلەر 12:10). ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خۇداغا بولغان مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدۇ.

● كىرىست - قۇدرەتنىڭ مەنبىئى، خۇش خەۋەرنىڭ مەركىزىدۇر. ئەمما ئۇ ھالاكەتكە يۈزلەنگەنلەرنىڭ نەزىرىدە ئەخمىقانىلىقتۇر. (كورىنتلىقلارI 2:5-1:18)

● ئەيسا مەسىھنىڭ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاققۇزغان قۇربانلىق قېنىنى دەپسەندە قىلماسلىقىمىز، بىزنى يېتەكلەۋاتقان خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا يۈز كېلەلىشىمىز كېرەك. (ئىبرانىلار 10:29)

● ھاياتىمىزنى يېڭىلىشىمىز، خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، مېھىر-مۇھەببەتلىك ياشىشىمىز كېرەك. (يۇھاننا 14-8:3، كورىنتلىقلارII 5:14،15)

● ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ كىرستىنى يۈدۈپ ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەنلەرلا ئۇنىڭ ھەقىقى شاگىرتلىرى بولالايدۇ. (لۇقا 25-9:23)

● ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئۆز جېنىنى ئايىماسلىق، خۇدانىڭ ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇپ، ئەيسا مەسىھكە سادىق بولۇش كېرەك. (ۋەھىلەر 12:11 ، 14:12)

● خۇدانى سۆيۈش ئەيسا مەسىھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. (يۇھاننا 13:33)

● خۇدا باشتا بىزنى سۆيگەچكە، ئاندىن بىز ئۇنى سۆيەلىدۇق. (يۇھانناI 4:19)

● ھەم خۇدانى ھەم دۇنيانى دوست تۇتىمىز دەپ ئىككى قېيىققا تەڭ دەسسىمەسلىك كېرەك (ياقۇپ 8:4)، مال-دۇنيانىڭ قۇلى بولماسلىق كېرەك (مەتتا 24-6:19)، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئىشلارغا بېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك (يۇھاننا I 17-2:15)

● خۇدانىڭ ئەمىرلىرىگە بويسۇنۇش كېرەك (مەتتا 20-5:17، يۇھاننا 15:9،10 ، يۇھاننا I 6-2:3، 5:2،3)، زامان ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئەمىرلىرىگە بويسۇنغان ئادەملەر غەلىبە قىلالايدۇ (ۋەھىيلەر 12:17 ، 13-14:11)

● ئېتىقاتچى قېرىنداشلىرىنى سۆيۈش (يۇھاننا 13:34،35)، يۇھاننا I 23-4:14)، جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاجىز ئادەملەرنى سۆيۈش (مەتتا 46-25:31، لۇقا 14-14:12)، تېخى قۇتقۇزۇلمىغان ئادەملەرنى سۆيۈش (مەتتا 20-28:17)، ھەتتا دۈشمەنلىرىنىمۇ سۆيۈش كېرەك (مەتتا 48-5:43).

17 ـ قىسىم

# مۇسۇلمانلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

# مۇسۇلمان دوستلارنىڭ ئېتىقات توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمىز

● ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ كېيىن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغان دوستلارنىڭ، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىش گۇۋاھلىقىنى كۆپچىلىككە ھەمبەھىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

● مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرى ۋە بىز كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن، مۇسۇلمان دوستلارنىڭ ئېتىقات توغرىسىدا قايتىدىن تەپسىلى ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئىسلامنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسى

● قۇرئان خاتا ھالدا، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈچ بىرلىك تەلىمىنى ئاللا، ئەيسا ۋە مەريەمدىن ئىبارەت ئۈچ ئىلاھقا چوقۇنۇش دەپ قارىغان. بۇ مەسىھ ئېتىقاتىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان خاتا قاراشتۇر.

● مۇھەممەت ئىنجىلدىكى « ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلىدۇر» دىگەن سۆزنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەنگەن بولۇپ، مەسىھيلەر ئەيسانى ئاللانىڭ جىسمانى جەھەتتە مەريەم بىلەن بىرلىشىپ تاپقان بالىسى دەيدۇ- دەپ ئويلاپ قالغان. بۇمۇ ئىنجىلنىڭ روھىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان كۇپۇر گەپتۇر.

● قۇرئاندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرنىلا «مەسى ئەيسا» دەپ ئاتىغان. ئەمما «مەسى» دىگەن سۆزنىڭ زادى نىمە مەنىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرمىگەن. ئېھتىمال مۇھەممەتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

## ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزگىچىلىكى

● ھەتتا قۇرئان ئارقىلىق قارىغاندىمۇ، ئەيسا مەسىھنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقى ۋە ئۇلۇغلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ خۇدانىڭ كالامى (سۆزى)، خۇدادىن كەلگەن روھ، غايىپتىن تۆرەلگەن (دادىسىز ھالەتتە پاك قىز مەريەمدىن تۇغۇلغان)، ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ياراتقان، ئۇنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىقتا يۈز ئابرويى بار، خۇداغا يېقىن، خۇدا ئۇنى ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ قىيامەتتە ئىنسانلارنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ ئالدىن بىشارىتىدۇر ...

ئۇنداقتا، قۇرئاندىكى «مەسى ئەيسا» پەقەت ئادەتتىكى بىر پەيغەمبەرمۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇ باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمايدۇ؟ قۇرئان نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۇنچە چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ؟

● قۇرئاندىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندىمۇ، ئەيسا مەسىھ بىردىنبىر گۇناھسىز پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر (شۇنداقلا بارلىق ئادەملەر) گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان. مۇھەممەتمۇ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باققان بولۇپ، شۇڭا خۇدانىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا مۇھتاج بولىدۇ. پەقەت ئەيسا پەيغەمبەرلا ھاياتىدا ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بىردىنبىر پەيغەمبەردۇر، بۇنى قۇرئانمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھتەك مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر توغرىسىدا قۇرئاندا ناھايىتى ئاز ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىشتۇر. ئەگەر بىز ئىنجىلنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقساق، ئەيسا مەسىھنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھېچقانداق بىر ئادەمگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئەيسا مەسىھنىڭ خۇدا توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرى باشقا ھەرقانداق بىر دىنىنىڭ پېشۋالىرى قىلغان تەلىملەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرىشى ۋە تەرغىپ قىلىشى باشقا ھەرقانداق دىنىنىڭ باشلامچىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە جەمىيەتكە بەرگەن تەنقىدى ھەرقانداق بىر كىشىدىن كەسكىندۇر. ئۇنىڭ ئادەملەرگە قويغان تەلىپى ھەرقانداق بىر دىنى ئۇستازدىنمۇ ئۈزۈل-كېسىلدۇر.

● ئەيسا مەسىھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىشى، بۇ دۇنيادا قىلغان ئىش-ئىزلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا ئەھدە (تەۋرات) نىڭ قۇتقۇزغۇچى مەسىھ توغرىسىدا ئالدىن بەرگەن بىشارەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇپ، بۇ بىشارەتلەر ئەيسا مەسىھتىن نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن بېرىلگەنىدى.

## ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىشى ۋە تىرىلىشى

● ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىنتايىن قورقۇپ كېتىدۇ، ئىرادىسىنىمۇ يوقىتىدۇ. ئۇلار ئۆز يۇرت-ماكانىغا قايتىپ جېنىنى باقماقچى بولىدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ تىرىلگەن كېيىن، ئۇلار جاسارەتكە تولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن بۇ خۇش خەۋەرنى جاھانغا تارقىتىدۇ. ساتقۇن يەھۇدادىن باشقا، قېپقالغان 11 شاگىرتنىڭ ئىچىدىكى ئون شاگىرت ئەيسا مەسىھنىڭ تىرىلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش يولىدا ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. شاگىرت يۇھاننامۇ پاتمۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ، ھەمدە ئىنجىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پارىسى «ۋەھىلەر» نى يېزىپ قالدۇرىدۇ.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى 300 يىلىدا، يۈزمىڭلىغان مەسىھ ئېتىقاتچىسى شېھىت بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆلتۈرىلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئەڭ دەسلەپكى جامائەتلەردىن تارتىپ تاكى

هازىرقى مەسىھ جامائەتلىرىگە قەدەر، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە ئۆلۈمدىن تىرىلىشى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ يادرولۇق قىسمى بولۇپ كەلگەن.

• مۇھەممەتتىن بۇرۇنقى 600 يىل جەريانىدا، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىدىن سىرت يەنە نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كىرستتقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدەك تارىخى پاكىتنى بىلەتتى. بۇ توغرىلىق نۇرغۇن تارىخچىلار ئاز بولمىغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

• قۇرئاندىكى ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئاسمانغا كۆتىرىلىشى توغرىسىدىكى بايانلار تولىمۇ مۇجمەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە 600 يىلدىن كېيىن يېزىلغان.

• ئەگەر بىز خۇدا ئەيسا مەسىھنى كىرستتقا مىخلاشتىن بۇرۇنلا ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، كىرستكە مىخلانغىنى ئەيسا مەسىھ ئەمەس دىگەن گەپكە ئىشەنسەك، ئۇنداقتا، خۇدا كۆز بويامچىلىقتا تايىنىپ ئەيسا پەيغەمبەرنى قوغداپ قالغان دىگەن گەپكىمۇ ئىشىنىشكە توغرا كىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، خۇدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ شاگىرتلىرىنىمۇ ئالدىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇلار خۇداغا ئالدىنىپ كىتىپ، ئەيسا مەسىھنى ئۆلدى ۋە تىرىلدى دەپ ئىشىنىپ، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن هاياتىنىمۇ بىھۇدە نابۇت قىلغان بولىدۇ. كېيىنكى 600 يىل جەريانىدىمۇ بارلىق مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى خۇداغا ئالدىنىپ خاتا ئەقىدىگە ئەگىشىپ ماڭغان، تاكى مۇھەممەت كەلگەندىن كېيىن ئاندىن «راس ۋەقەلىك» ئاشكارلانغان بولىدۇ. بو تولىمۇ بىمەنىلىك ۋە خۇداغا قىلىنغان هاقارەت ئەمەسمۇ؟

## ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان بەزى سۆزلىرى

• ـ ئەي جاپاكەش ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار، مىنىڭ يېنىمغا كىلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي. مۇلايىم ۋە كەمتەرمەن. شۇڭا مىنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىپ، مەندىن ئۆگىنىڭلار. شۇنداق قىلغاندا كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ. مىنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا بولۇش ئاسان، تەلىپىم ئېغىر ئەمەس. (مەتتا 30ـ11:28)

• ـ بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن ئىبراھىم توغۇلماستىنلا بار ئىدىم. (يۇھاننا 8:58)

• ـ مەن يول، هەقىقەت ۋە هاياتلىقتۇرمەن. مىنىڭسىز هېچكىم خۇدا ئاتامنىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. (يۇھاننا 14:6)

• باش ۋە ئاخىر ئۆزۈمدۇرمەن، ئەزەلدىن هازىرغىچە ۋە مەڭگۈ بار بولىدىغان، هەممىگە قادىر بولغۇچىمەن. (ۋەھىلەر 1:8)

• شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغىمۇ مىهىر ـ مۇھەببەت

كۆرستىڭلار، زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار. (مەتتا 5:44)

**نېمە ئۈچۈن خۇدانىڭ سۆزى ئىنسان بولۇپ كېلىدۇ:**

● خۇدا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ قىلالمايدىغان ئىش يوق. ئەجىبا، خۇدا ئۆزى ياراتقان ئىنسانلار ئارىسىغا بىر ئادىمزاتنىڭ سىياقىدا كېلەلمەسمۇ؟

● خۇدانىڭ ئۆزى ئادىمزات سىياقىدا ئىنسانلار ئارىسىغا كېلىپ ياشاپ باققان، شۇڭا بىز: «خۇدا ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى چۈشەنمەيدۇ» دېيەلمەيمىز.

● ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار بىلەن خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توساقنى ئېلىپ تاشلىغان.

**قۇرئاندىكى ئىنجىلغا ئائىت خاتىرىلەر**

● قۇرئان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەتتا ئىنجىلنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

● قۇرئاندا ئىنجىلنى خۇدادىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاپ، خۇدانىڭ روشەن دەللىلى، ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى، تەربىيىلىگۈچى، خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى، توغرا يول، ئۇنى قوبۇل قىلىشتا ئارىسالدى بولماڭلار، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭلار، شۇنداق بولغاندا خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىگە ئېرىشەلەيسىلەر دېيىلگەن.

● قۇرئان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللەيدۇ.

● مۇھەممەت تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلارغا ئىشىنىدۇ.

● قۇرئاندا ئەيسا مەسىھنى تەۋراتنىڭ ھەقلىقىنى دەلىللەيدۇ دېيىلگەن.

● قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا، تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەھلى كىتاپلارغا (يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەرگە) نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتاپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىڭلار دېيىلگەن.

● قۇرئاندا مۇھەممەت يەھۇدىلاردىن، قولىدىكى تەۋراتنى ياخشى ئوقۇشنى، ئۇنى يادىدا چىڭ تۇتىشنى، ئۇنىڭغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

● قۇرئاندا مەسىھىيلەرنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئەمەل قىلىشنى، ئىنجىلنى ئېنىق ئىزاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

● مۇھەممەت كىشىلەرگە، ئەگەر قۇرئاندىن گۇمانلانساڭلار، بېرىپ ئىنجىل ئوقۇيدىغان مەسىھىيلەردىن سوراپ بېقىڭلار؛ ئەگەر بەرگەن تەلىمنى

چۈشەنمىسەڭلار، ئۇنى چۈشەنگەنلەردىن (مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىيلار) دىن سوراپ بېقىڭلار؛ چۈنكى خۇدا ئۇلارنى مۇقەددەس كىتاپ ۋە روشەن دەلىللەر بىلەن ئەۋەتكەن.

● قۇرئاننىڭ ئۆزىدىنمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى، خۇدا مۇقەددەس كىتابلىرىنى قوغدايدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

● قۇرئاننىڭ ھېچقانداق بىرەر ئايىتىدە، تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلارنى ئوقۇماڭلار دىيىلمىگەن.

## ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىۋىتىلىشى مۇمكىنمۇ؟

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمى (تەۋرات) ئەيسا مەسىھ دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنلا پۈتۈپ بولغان. 1947-يىلى قارا دېڭىز بويىدىكى قۇمران ئۆڭكۈرىدىن مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمىغا تەۋە نۇرغۇن قەدىمقى قولىيازمىلار تېپىلغان بولۇپ، يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 100-225 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ قولىيازمىلار خەلقارادا «ئۆلۈك دېڭىز قولىيازمىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى مۇقەددەس كىتاپنىڭ كونا ئەھدە قىسمى (تەۋرات) بىلەن ئوخشاش بولۇپ، تەۋراتنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە پولاتتەك ئىسپات بولالايدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىدا مىلادىيدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردە ياشىغان يەشايا پەيغەمبەرنىڭ كىتابى مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا كەلگۈسىدە كېلىدىغان ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا نۇرغۇن ئالدىن بىشارەتلەر بېرىلگەن.

● ئۇنىڭدىن سىرت، ئىنجىلنىڭ دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەن قەدىمقى قولىيازمىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەممەتتىن بۇرۇنلا بارلىققا كېلىپ بولغان. ئۇلارنىڭ مەزمۇنىمۇ ھازىرقى ئىنجىل بىلەن ئوخشاش. بۇ تارىخى ماتېرىياللار سىرتقا ئۇچۇق-ئاشكارا بولۇپ، خالىغانچە دەلىللەش، تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ.

● ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىنجىلغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى قۇبۇل قىلاتتى.

● مۇھەممەتتىن تاكى ھازىرغا قەدەر، بىرمۇ ئادەم ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقى بىرەر ئىنجىلنى ئوتتۇرغا چىقىرالىغىنى يوق. مۇسۇلمانلار ئىنجىلنىڭ قانداقلارچە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىمۇ ئىپتىپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن، كىملەرنىڭ، قاچان (مۇھەممەتتىن بۇرۇنمۇ ياكى كېيىنمۇ)، قەيەردە (قايسى دۆلەت، قايسى شەھەردە)، نىمە سەۋەپتىن، قانداق ئۇسۇلدا، قايسى جايلىرىنى، نىمىگە ئۆزگەرتىۋەتكەن؟ مۇشۇنداق چوڭ بىر ئىشتا نىمىشقا ھېچقانداق تارىخى ئىز قالمىغان؟ مۇسۇلمانلار بۇ سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمەيدۇ، ھەتتا بىرەر ئارخىلوگىيىلىك ئىسپاتمۇ تېپىپ بېرەلمەيدۇ.

● مۇقەددەس كىتاپنىڭ 40 تەك يازغۇچىسى بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان رايوندا ياشىغان، بىر-بىرسىنىمۇ تونىمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپ 66 پارىدىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۇنجىسى تەۋرات (ئالەمنىڭ يارىتىلىش)، ئوتتۇردىسكى زەبۇر، ئاخىرقىسى ئىنجىل (ۋەھىلەر) دۇر. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ يازمىلىرىمۇ بار. بۇلارنىڭ يېزىلىشىغا جەمئى 1500 يىلدەك ۋاقىت كەتكەن. گەرچە شۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان رايونلاردىكى، ئۆزئارا تونۇشمايدىغان ئادەملەر يازغان بولسىمۇ، ئەمما مۇقەددەس كىتاپ باشتىن ئاخىر ئىزچىللىققا ۋە بىرلىككە ئىگە، شۇنداقلا تېمىسى ۋە مەزمۇنى ماسلاشقان بولۇپ، خۇددى بىرلا ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە پىلانى بويىچە يېزىلغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ تولىمۇ سىرلىق بىر ئەھۋال. ئەمىلىيەتتە مۇقەددەس كىتاپنىڭ ھەقىقى ئاپتورى خۇدانىڭ ئۆزىدۇر.

● مۇقەددەس كىتاپتا ئەڭ چوڭ بىر تېما بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ياراتقۇچى خۇدانىڭ ئۆزى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇتقۇزۇش پىلانىدۇر. مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر بىلەن يازغۇچىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرنىشى زىچ باغلىنىشقا ئىگە؛ ھەرقايسى قىسىملار ئېنىق ئايرىلغان؛ تارىخى ئارقا كۆرنىش، ۋاقىت ۋە تىزىلىش جەھەتلەردە تەرتىپلىك؛ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى لوگىكىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولىشى، كىيىنكى ھالىتى، قۇتقۇزىلىشى، زامان ئاخىرىدا بولىدىغان ئىشلار ۋە دۇنيانىڭ ئاخىرلىششى قاتارلىقلار قەدەم-باسقۇچ بىلەن تونۇشتۇرۇلغان.

● مۇقەددەس كىتاپتا نۇرغۇن ئالدىن بىشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ (بولۇپمۇ ئەيسا مەسىھ ۋە ئىسرائىللار توغرىسىدا)، ئىنتايىن تەپسىلى ۋە ئېنىق سۆزلەنگەن. ئۇ بىشارەتلەر بىرمۇ-بىر ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانىنىڭ قولىدىن كىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ قۇدرىتىدۇر. مۇقەددەس كىتاپتا 2000 يىل بۇرۇنلا، يەھۇدىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز يۇرتى ئىسرائىلىيەگە قايتىپ كىلىدىغانلىقى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان. 1948-يىلى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىلار ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كىلىپ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرىدۇ. ئىنجىلدا يەنە ساختا پەيغەمبەرنىڭ كىلىپ ئىنسانلارنى ئېزىقتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ ئالدىن بىشارەت بېرىلگەن.

## قۇرئان توغرىسىدا

● مۇھەممەت تۇنجى قېتىم قۇرئان ئايىتىنى قۇبۇل قىلغاندا ۋە كىيىن خېلى بىر مەزگىلگىچە، ئۆزىنى جىن-شەيتان قىيناپ ئازاپلاۋاتقاندەك ھىس قىلغان.

● خەلىپە ئوسمانىنىڭ دەۋرىدە، قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوخشىمىغان قوليازما نۇسخىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. (بۇخارى ھەدىسلىرى 6:61:510)

• هازىرغا قەدەر، مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئەڭ قەدىمقى قولىيازما نۇسخىلىرىنى جەمىيەتكە ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىپ باقمىدى. ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىغا پۇرسەت بەرمىدى.

• مۇسۇلمانلار خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانلارغا ۋەھىي بولۇپ چۈشكەنلىكىگە ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى توپلاپ كىتاپ قىلغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنداقتا، نېمىشقا خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىپ ئادەملەر ئارىسىغا كەلگەنلىكىگە ئىشىنەلمەيدۇ.

• مۇھەممەتكە پەقەت قۇرئانلا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، قۇرئانغىمۇ پەقەت مۇھەممەتلا گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ.

• ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۆزى ئەرشتىكى ئىلاھى تاختىغا يېزىلىپ مەڭگۈلۈك قوغدىلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ «مەنسۇخ» بولىشى (يېڭى چۈشكەن ئايەتنىڭ كونا ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىشى) قانداق گەپ؟

• قۇرئان ئىنجىلنى دەلىللەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولۇپ، ئۇ ھېچقاچان ئىنجىلنىڭ ھەقلىقى ۋە نوپۇزىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس. ئەمما ئىنجىلدا قۇرئانغا ماس كەلمەيدىغان ھەتتا زىت كېلىدىغان مەزمۇنلار بار. قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن ئېتىقات ۋە بەزى تارىخى خاتىرىلەر ئىنجىلدىكى ئېتىقات ۋە خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ.

• تارىخ ۋە ئارخىلوگىيىلىك تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇرئاندا نۇرغۇن ئېغىر خاتالىقلار بار.

**مۇھەممەت توغرىسىدا**

• مۇھەممەت ئەيسا مەسىھتەك مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىپ باقمىغان، قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇ توغرىلىق ئالدىن بىشارەتمۇ يوق. ئەمما ئەيسا مەسىھ توغرىلىق نۇرغۇن بىشارەتلەر بار.

• مۇھەممەتنىڭ تارقاتقان تەلىمى بىلەن بۇرۇن نازىل بولغان ئىنجىلنىڭ تەلىمى ماس كەلمەيدۇ.

• مۇھەممەت باشقىلارغا، ئىنجىلدا مەن توغرىلىق سۆزلەنگەن دەيدۇ، ئەمما ئىنجىلدا ئۇ تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان.

• قۇرئاندا مۇھەممەت پەقەت ئەرەپلەرنىڭ پەيغەمبىرى، ھەر بىر مىللەتنىڭ بىر يىتەكچىسى بار دېيىلگەن. ئۇندىن باشقا يەنە، خۇدا ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرگە شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا كىتاپ چۈشۈرۈپ بېرىلىدۇ دېيىلگەن.

## مۇھەممەتنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى

● مۇھەممەت خۇدادىن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلەيدۇ.

● قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىسلام تارىخىغا قارىساق، ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى بىلەلەيمىز. ئۇ مەككىنىڭ سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ. ئىسلامنى زوراۋانلىقتا تايىنىپ تارقىتىدۇ، باشقىلارنى ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلايدۇ، ئىشەنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ. ئۇ مەدىنىدە ئۆزىنى ئوڭشۇۋالغاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن شەخسى ئاداۋىتى بار بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگۈزىۋىتىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى مەسخىرە قىلغان شائىرلارمۇ بار ئىدى. مۇھەممەتنىڭ قولىدا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قېنى ئاققان بولۇپ، ھەتتا تەسلىم بولغان نەچچە يۈز يەھۇدى ئەسىرنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ مۇسۇلمانلارغا تەلىم بېرىپ، يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى بۇلاپ ئۆزۈڭلەرگە خوتۇن قىلىڭلار، ئايال قۇللار ئارقىلىق جىنسى ھىسسىياتىڭلارنى قاندۇرساڭلار بولىدۇ دەپ ئۆگىتىدۇ. بۇ ئايال قۇللارنىڭ ئەرلىرى ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىنى مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

● ئۇ باشقا مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ پەقەت تۆت خوتۇن ئېلىشىغا يول قويىدۇ، ئەمما ئۆزى بولسا ئوننەچچە خوتۇن ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالى زەينەپ ۋە يەتتە ياشلىق نارىسىدە قىز ئائىشەلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ يەنە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى توقال ۋە قۇل قىلىدۇ.

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. ئۇلار قېشىڭلارغا كەلگەندە، قوي تېرىسىغا ئورىنىۋالغان بولىدۇ، ئەمما ئىچى بولسا يىرتقۇچ چىلبۆرىدۇر. ئۇلارنىڭ بەرگەن مېۋىسىگە قاراپ تونۇۋالالايسىلەر. يامان دەرەخ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ». بىز مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىدىن بۇنى كۆرىۋالالايمىز.

## ئىسلامنىڭ جەننىتى توغرىسىدا

● جەننەتكە كىرگەن ئەرلەرنى كۈتىدىغان چىرايلىق قىزلار بار.

● ئەگەر ئاياللارمۇ جەننەتكە كىرەلىسە، ئۇنداقتا قۇرئاندا نىمشقا ئاياللارغا بېرىلىدىغان ئىلتىپات سۆزلەنمەيدۇ.

● ئىسلام دىنىدا ھاراق ھارام دېيىلگەن بولۇپ، ئىچىش چەكلىنىدۇ. ئەمما ئىسلامنىڭ جەننىتىدە ھاراق ئىچىشكە بولىدۇ. يەر يۈزىدە ھارام بولغان نەرسە ئەجەپ جەننەتتە ھالال بولۇپ قاپتۇ، يەر يۈزىدە خاتا دېيىلگەن ئىش ئەجەپ جەننەتتە توغرا بوپقاپتۇ ھە؟

## ئەر ۋە ئايالالار توغرىسىدا

• قۇرئاندا، ئەرلەر ئاياللاردىن تېخىمۇ ئىسىل، ئاياللار ئەقىل ۋە ئېتىقات جەھەتتە ئەرلەرگە يېتەلمەيدۇ، ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ئاياللاردىن بىر دەرىجە يۇقىرىدۇر، دېيىلگەن.

• ئەرلەر ئاياللىرىنى ئۇرسا بولىدۇ. ئاياللار خۇددى ئېتىزلىقتا ئوخشاش بولۇپ، ئەرلەر ئۇلارغا خالىغانچە ئۇرۇق تېرىسا بولىدۇ.

## ئىسلامنىڭ ھۆكۈمرانلىقى

• مۇھەممەت باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ، شۇ سەۋەپتىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنلىرى، ئەڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرى ۋە باشقا ساھابىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق ۋە مال-دۇنيا تالىشىپ زىددىيەت پەيدا بولغان. تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرى، ئاتالمىش «ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرى» ۋە كېيىنكى ئىسلام تارىخىدا، مۇسۇلمانلار نۇرغۇن قېتىم باشقا خەلقلەرگە ئۇرۇش قوزغىغان، قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان. ئۇلار ئۆز ئىچىدىنمۇ مەزھەپ ئۇرۇشى قىلىپ، نۇرغۇن قان تۆككەن.

• مۇھەممەت ئىسلامدىن يېنىۋالغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار دەپ بۇيرىغان. شۇ سەۋەپتىن ئاتاقتا مۇسۇلمان بولۇپ قالغان نۇرغۇن ئادەملەر، گەرچە چىن قەلبىدىن ئىسلامغا ئىشەنمىسىمۇ، ئەمما تاشقى شەكىل جەھەتتىن بولسىمۇ، يالغاندىن ئىسلامغا ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىشقا مەجبۇردۇر.

## جىھاد ئۇرۇشى

• قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا، مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئاكتىپلىق بىلەن جىھاد ئۇرۇشىغا قاتنىشىش كېرەك، دەپ تەلىم بېرىلىدۇ.

• ئىسلامدا (قۇرئان ۋە ھەدىستە)، ئەگەر مۇسۇلمانلار جىھاد ئۇرۇشىدا شېھىت بولسا، ئاللا ئۇلارنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئۇدۇل جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ جىنسى ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ئاجايىپ گۈزەل ھۆر پەرى قىزلار بار، دەپ تەلىم بېرىلىدۇ.

• ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئېلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈرتكىلىك كۈچتۇر.

• ئىسلامنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى، مەۋجۇد بولىشى، تەرەققى قىلىشى، ھەمدە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، زوراۋانلىق قىلالىشىدا، جىھاد ئۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق تەلىمىدىن كېلىپ

چىققان. شۇڭا ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ تىنچلىق دىنى ئەمەستۇر.

## ئاساسلىق ئېتىقات

• قۇرئاندا، ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرگە، مەسىلەن قۇتقۇزۇلۇش ۋە گۇناھنى يۇيۇش قاتارلىقلارغا ئېنىق جاۋاپ بېرىلمىگەن.

• ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ، پەقەت بىر قىسىم ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىقلا، ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇۋېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. گۇناھكار ئادەم خۇدانىڭ ھوزۇرىغا (جەننەتكە) ھەرگىز كىرەلمەيدۇ، چۈنكى خۇدا پاكتۇر.

• ئويلاپ باقىلى، ئەگەر بىز بۈگۈن ئۆلۈپ كەتسەك، نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلەمدۇق؟ جەننەتكىمۇ ياكى دوزاققىمۇ؟ قىيامەتتىكى سوراقتا بىزنى نىمە ساقلاۋاتقاندۇ؟ ئاشۇ ئاخىرقى سوراقتا، بىز قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىز بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىزنى يۇيالارمىزمۇ؟

• ھەتتا مۇھەممەتمۇ، ئاخىرقى سوراقتا ئۆزىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

## مەسىھ ئېتىقاتىدا

• خۇدا ئەسلىدىنلا ئىنسانلارنى سۆيىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدۇر. شۇڭا خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئىشلارنى قىلىش ھاجەتسىز.

• ئەگەر مۇسۇلمانلار خۇدانى ھەقىقى ھۆرمەتلىسە، ھەمدە چىن قەلبىدىن ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن خۇداغا دۇئا قىلسا، خۇدا قوبۇل قىلىدۇ.

○ ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مىنىڭ نامىمدا مەيلى نىمىلا تىلەڭلار، مەن ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. بۇ ئارقىلىق خۇدا ئاتامغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمەن. ئەگەر مىنىڭ نامىم بىلەن تىلىسەڭلار، ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن». (يۇھاننا 14، 13:13)

○ مۇسۇلمانلار خۇداغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلسا بولىدۇ: «ئى خۇدا، سەن ئاسمان-زىمىننىڭ ياراتقۇچىسى، پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىگىسىسەن. ئىبراھىم، ياقۇپ، ئىسھاق ۋە مۇسا پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇداسىسەن. سەن باشلىغۇچى ۋە ئاخىرلاشتۇرغۇچى، بىردىنبىر ھەقىقەت مەنبىئى، مۇقەددەس كىتاپلارنىڭ ئىگىسىدۇرسەن. مەن سىنىڭ ھەقىقىتىڭنى ئىزدەيمەن، ھاياتىمدا ئىرادەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، سىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭگە ئىنتىزارمەن. ئى خۇدا، ئەگەر سەن مىنى ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىل دىسەڭ، ماڭا بۇنى ئېيتقىن، قەلبىمنى ئاچقىن. رەببىم، ھەقىقىتىڭنى ماڭا ئايان قىلغىن، توغرا يول زادى

ئەيسا مەسىھمۇ ياكى مۇھەممەتمۇ؟ مەن ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ، بىر ئۆمۈر سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا رازى. بۇ دۇئانى ھەقىقەتنىڭ نامى بىلەن قىلىمەن، ئامىن.»

○ ئەگەر ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلماقچى بولسىڭىز، مۇنداق دەپ دۇئا قىلسىڭىز بولىدۇ: «مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. خۇدانىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىگە مۇھتاجمەن. مەن تووۋا قىلىپ، گۇناھتىن قۇتۇلۇشنى خالايمەن. مەن ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن كىرستتا قۇربانلىق بەرگىنىگە ۋە تىرىلگىنىگە ئىشىنىمەن. مەن ئەيسا مەسىھنى قەلبىمگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىمەن. ئۇنىڭ مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھاياتىمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە ئىگىسى بولۇشنى خالايمەن. بۇ دۇئانى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇقەددەس نامى بىلەن قىلىمەن، ئامىن.»

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيسا مەسىھكە يۈزلىنىشى

● ئىسلام دىنى شىمالى ئافرىقىنىڭ غەربى قىرلىرىدىن تارتىپ تاكى شەرقى ئاسىيادىكى ھىندۇنىزىيەگىچە تارقالغان بولۇپ، 49 دۆلەت، 1 مىليارد 600 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزىگە خاس تىل، مەدىنىيەت ۋە تارىخقا ئىگە بولغان 9 چوڭ رايوندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار غەربى ئافرىقا، شىمالى ئافرىقا، شەرقى ئافرىقا، ئەرەپ رايونى، پارىس رايونى، تۈرك رايونى، جەنۇبى ئاسىيانىڭ غەربى ۋە شەرقى رايونى، شەرقى جەنۇبى ئاسىيا قاتارلىقلاردۇر.

● مۇھەممەت جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ ئىسلام دىنىنى ئەرەپ رايونىغا تارقىتىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى ۋە كېيىنكى مۇسۇلمانلار داۋاملىق دىنى ئۇرۇش قوزغاپ، شىمالى ئافرىقا، غەربى ئاسىيا، ئىران، ھىندىستاننىڭ شىمالى، ئوتتورا ئاسىيا قاتارلىق رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. بۇ رايونلاردىكى مىليونلىغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياشايدۇ. تارىختا ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، باشقا رايونلارغا كۆچۈپ كەتكەن، ياكى بېسىمغا چىدىماي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان. بىراق شۇنداقتىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلار ئۆزىنىڭ ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، 19-ئەسىردىن بۇرۇن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلىكىدىن كەڭ كۆلەمدە مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ باقمىغانىدى.

● مىلادى 19-ئەسىردىكى غەرپ مۇستەملىكچىلىكى ۋە دىن تارقىتىش ئەۋج ئالغان دەۋردە، گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقى ھىندىستان (ھازىرقى ھىندۇنىزىيە) ۋە

كابىلىيە (ھازىرقى ئالجىرىيەنىڭ بەبەر رايونى) قاتارلىق ئىككى رايوندىكى ئالاھىدە ئەھۋالنى ھېساپقا ئالمىغاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ توپ-توپى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشى كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ھىندونېزىيەنىڭ ياۋا ئارىلىدىكى يەرلىك خەلقتىن بولغان خۇش خەۋەر تارقاتقۇچى «رابىن ئاباس سادراچ سۇراپراناتا» (1835-1924) ياۋا تىلىغا يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىلنى قولدا تۇتۇۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە دىنى ئۇستازلىرى بىلەن كۆچلۈك مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنى تەشكىللەپ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە جامائەتلەرنى قورىدۇ. 1924-يىلى سادراچ ئالەمدىن ئۆتكەندە، ياۋا ئارىلىدا بىر ئىككى تۈمەن ئەتراپىدا يەرلىك ئېتىقاتچى بولۇپ بولغانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا «ياۋا ئارىلىدىكى مەسىھ ئەلچىسى-سادراچ» دەپ نام بېرىدۇ.

• 1965-يىلى 10-ئايدا، ھىندونېزىيەدىكى كوممونىزىمچىلارنىڭ سىياسى ئۆزگىرىشى مەغلۇپ بولىدۇ. يېڭى ھۆكۈمەت بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھىندونېزىيە پۇقرالىرى چوقۇم بەش چوڭ دىنىنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى تاللاپ ئېتىقات قېلىشى كىرەك دەپ جاكارلايدۇ. بۇ بەش چوڭ دىن ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپى ۋە پىروتاستىن مەزھىپى، ھىندى دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىقلار ئىدى. نەتىجىدە 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى مۇسۇلمان بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ.

• 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيانىڭ 8 يېرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ كەڭ-كۆلەمدە ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش ھەركىتى يۈز بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئېراندا، بىرسى ئالجىرىيەدە، ئىككىسى بىنگالدا، ئۈچى ئوتتورا ئاسىيادا يۈز بېرىدۇ.

• 1979-يىلى ئېراندا ئىسلام ئىنقىلابى پارتلاپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئېرانلىقلار ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەتنى قۇتقۇزىدىغان «خاسىيەتلىك دورا» ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. 1980-يىللىرى شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ئىنجىلنى ئاڭلاشنى خالايدىغانلار بارغانسىرى كۆپىيىدۇ. گەرچە ئېران ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە زىيانكەشلىكى بولسىمۇ، ئەمما يەرلىك ئېرانلىقلار ئىچىدە ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلغانلار بارغانسىرى كۆپىيىدۇ.

• 1980-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1990-يىللىرى، ئالجىرىيەنىڭ ھەربى ھۆكۈمىتى بىلەن ئىسلامىزىمچىلار ئوتتورىسىدا ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ، يۈزمىڭدىن ئارتۇق پۇقرا ئۆلۈپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كابىلىيەدىكى بەبەرلەر ئىسلامدىن باشقا چىقىش يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. مىڭلىغان ئونمىڭلىغان ئادەملەر رادىئو پىروگىرامىسىدىن ياكى قانۇنسىز تارقىتىلغان «ئەيسانىڭ تەرجىمھالى» دىگەن

كىنونى كۆرۈش ئارقىلىق، ئەيسا مەسىھنى تونۇيدۇ ۋە يۇشۇرۇن ھالدا ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

● بىنگال دۆلىتى 1971-يىلى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشلىرى ۋە زىيانكەشلىكلىرى توختىماي، خەلققە نۇرغۇن ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئېلىپ كىلىدۇ. 1990-يىللىرى، خۇش خەۋەر بىنگالدا تىز سۈرئەتتە تارقايدۇ. نەچچە ئونمىڭلىغان مۇسۇلمانلار ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ چۆمۈلدۈرۈلىدۇ.

● 1990-يىللىرىنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىدۇ. سوۋېتنىڭ دىنسىزلىق تەربىيىسىدە ياشاۋاتقان ئوتتورا ئاسىيادىكى مىليونلىغان تۈركى خەلقلەر توساتتىنلا ئازاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئامرىكا، ياۋرۇپا، كورىيە ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان خۇش خەۋەر تارقاتقۇچىلار ئوتتورا ئاسىياغا كىلىپ، يەرلىك تۈركى خەلقلەرگە خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ئەزەربەيجان، ئۆزبىكىستان، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى يەرلىك خەلقلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى كۆپىيىپ، مەسىھي جامائەتلەرمۇ بارلىققا كىلىدۇ.

● 21-ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىنكى 20 يىلدا، 49 مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى 60 نەچچە جايدا خۇش خەۋەر كەڭ تارقىلىدۇ. كەم دىگەندە 17 دۆلەتتە بۇرۇنقى مۇسۇلمانلاردىن ئۆزگەرگەن مەسىھيلەر توپى شەكىللىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرسىدە كەم دىگەندە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چۆمۈلدۈرۈلىدۇ، يۈزدىن ئارتۇق گۇرۇپپا شەكىللىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى نەچچە ئونمىڭدىن ئېشىپ كىتىدۇ. نۆۋەتتە دۇنيادا ئىسلامدىن يېنىپ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى 2 مىليوندىن 7 مىليونغىچە بولىشى مۇمكىن.

● ئېتىقاتىنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ بېسىمى ۋە تۆلەيدىغان بەدىلى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئۇلار دەسلەپ باشلانغاندا، پەقەت نەچچىلا ئادەم يېغىلىپ دۇئا قىلىدۇ. كېيىن بارغانسىرى كۆپىيىپ خېلى چوڭ توپ بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمىيەتتە ئېقىمغا قارشى ئۆرلەيدۇ.

● بۇگۈنكى كۈندە، خۇدانىڭ مۇسۇلمانلارنى ھەقىقەتكە باشلاشتا ئىشلەتكەن ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىشەنچ، دۇئا، ھەر خىل تىللاردىكى ئىنجىل كىتاپ، مۇقەددەس روھنىڭ كۈچى، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ كەچۈرمىش گۇۋاھلىقلىرى، باشقا ئېتىقاتچىلاردىن ئۆگىنىش، مىدىيە-تاراتقۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىكىدىن ئىزدىنىشى، ئىسلامنىڭ زوراۋانلىقى ۋە ئۇرۇش-جىدەللىرى، قۇرئاندا قۇتقۇزۇلۇشنىڭ ئېنىق دەلىلى بولماسلىقى، ئېتىقات شەكلىنى يەرلىكلەشتۈرۈش قاتارلىقلار.